ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر

# ئۆلۈمدىن قايتقان مەھبۇس



ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari



يازغۇچى ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە دىندار زىيالىي باقى تۇردى ئائىلىسىنىڭ 8 ـ پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، كەچلىك گېزىتى تەھرىر مۇدىرى، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1991 ـ يىلى ياردەمچى ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئىلتەبىر ـ 1992 يىلى ئائىلىسى بىلەن تۈركىيىگە كېلىپ ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى مەدەنىيەت ۋە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ئاتا تۈرك كۈلتۈر مەركىزى تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى پروجېسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى. 2000 ـ يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ ۋاشىنگتوندا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا مۇھەررىر بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

ئالىي مۇھەررىر ئابدۇلھېكىم خەلقئارا قەلەمكەشلەر بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلار بىرلىكى ۋە تۈركىيە ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ئەسەرى ساھىپلىرى مەسلەك بىرلىكى ـ ILESAM نىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ 10 نەچچە كىتابى ۋە يۈزلىگەن شېئىر، ھېكايە ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئۈرۈمچى، ئىستانبۇللاردا نەشر قىلىندى.

تۈركىيە ۋە ئامېرىكا پۇقراسى بولغان ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر ھازىر ئايالى دىلبەر خانىم ۋە 3 پەرزەنتى، كۈيئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئامېرىكىدا ياشايدۇ.

ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر

# ئۆلۈمدىن قايتقان مەھبۇس

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا، بەتچىك، تەھرىر: مەمەتنىياز بۇلاق

2016 ـ يىلى 11 ـ ئاي

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

www.uyghurbahari.org

**Email:** info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى،
ئانىسى ۋە ھەدىسى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى
مەرھۇم قادىر ھاجىم ۋە
باللىرى بىلەن بىللە يىل
1995

رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى خەلچەم ئىسلام بىلەن بىللە 1993
- يىل





رابىيە خانىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكى ئەزالىرى بىلەن
بىللە 1985 - يىل

رابىيە خانىم يولدىشى
سىدىقھاجى روزى بىلەن





رابىيە خانىم يولدىشى
سىدىقھاجى روزى بىلەن



رابىيە خانىم ”رابىيە سودا سارىيى“ دىكى 5. قەۋەت ئىشخانىسىدا داڭلىق يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن



رابىيە خانىم 1985 - يىلى 12 - ئاي



رابىيە خانىم مەشھۇر تارىخ يازغۇچى
تۇرغۇن ئالماس بىلەن بىللە



رابىيە خانىم قازاقىستاندا
ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەرھۇم
شائىر ئابدىخالىق سەپەرى بىلەن
بىللە 1994 - يىلى ئالمۇتا



رابىيە خانىم يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر
بىلەن زوردىن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە
يىغىنىدا



رابىيە خانىم ۋە غۇلامىدىن پاختا، ئەدھەم
زاكىر بىلەن بىللە 2006 يىل



رابىيە خانىم ئوغلى قاھار
بىلەن بىللە 1990 - يىل



رابىيە خانىم داڭلىق ناخشىچى
رابىيە مەمەت بىلەن "رابىيە
قادىر سودا سارىي" 6 - قەۋەتتە
بىرلىكتە



رابىيە خانىم سىياسىي
كېڭەيش يىغىنىدا
1985 - يىل



رابىيە خانىم قازاقىستانلىق تىجارەتچى ئامانگۈل ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1994 - يىل



رابىيە خانىم غۇلجىلىق ئۆزبېك خانىم تۆرەم پاشا ۋە دوستلىرى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئۆيىدە 2006 - يىل



رابىيە خانىم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئايالى مايىنۇر قاسىم بىلەن بىللە 1985 - يىل



رابىيە خانىم مەرھۇم سىياسىي ئەرباب ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ كىيئوغلى ئابلىمىت ياقۇپ ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىسى زۇنۇن سابىرھاجى ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1995 - يىل




رابىيە خانىم داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندىم بىلەن بىللە



رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزى مەشھۇر يازغۇچى ئوسمانجان ساۋۇت ۋە ئايالى مەرھۇمە نۇرىبىيە خانىم بىلەن بىللە
22/04/1992



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى مەرھۇم دوستى شەرقى تۈركىستان گېزىتى باش تەھرىرى يۈسۈپجان ئەھمەدى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇربان ھېيتنى كۆتۈۋېلىش پائالىيىتىدە



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاننىڭ سابىق
رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ئەنگىلىيە پايتەختى لوندوندا
تىجارەت ئىشلىرى بىلەن 94 -يىل 4 -ئاي



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى سودا ساراي ئىشخانىسىدا



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق
سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە 97 - يىل



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق سەنئەتكار رەيھان ئابلىز بىلەن

ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىغا
جايلاشقان رابىيە قادىر سودا سارىيى 1992 - يىل





رابىيە خانىم
شەرقى تۈركىستاندا
دوستلىرى بىلەن
بىللە




رابىيە خانىمنىڭ "مىڭ ئانا شىركىتى"
قۇرۇش سەپەرۋەرلىكى يىغىنىدا سۆز قىلىۋاتقا
1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



رابىيە خانىم "مىك ئانا شىركىتى" قۇرۇش يىغىنىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە 1997 - يىلى 12 -ئاينىڭ 15 - كۈنى



رابىيە خانىم جۇڭگونىڭ سابىق رەئىسى جاڭزېمىن ۋە ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە



ئىككى ئۆسمۈر رابىيە خانىمغا سوۋغا تەقدىم قىلماقتا 01/06/1991

رابىيە خانىم سودا سارىيىدىكى تىجارەتچى ئاياللار بىلەن بىللە 96 - يىل





رابىيە خانىم نەۋرىسى بىلەن بىللە تۈرمىغا
كىرىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى

رابىيە خانىم ئۈرۈمچىدىكى خىتاينىڭ تۈرمىسىدا





رابىيە خانىمنىڭ پەرزەنتلىرى تۈرمىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى سۈرىتى ئۈرۈمچى



رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىرەلمىگەن باللارنىڭ رەسمىنى تارتىپ 2006
- يىلى ئامېرىكىغا يوللىغانلىق سەۋەبلىك 9 يىل
كېسىلگەن

رابىيە خانىم سەۋەبلىك تۈرمىگە
كىرگەن 4 ئوغلىنىڭ سۈرىتى





رابىيــە خانىمنــى تۈرمىدــن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا نامايىشقا كەلگەن قىز ئەقىدە 2002 - يىل

رابىيە خانىم تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنغان ھالىتى






رابىيــە خانىمنىڭ قىزلىرى ئانىسىنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن مۇراجەت ئېلان قىلماقتا



رابىيە خانىم ۋاشىنگتوندىكى ئائىلىسى بىلەن بىرگە 2006 - يىلى



رابىيە خانىم ۋاشىنگتوندىكى ئائىلىسىدە باللىرى بىلەن بىللە




رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى
روزى بىلەن شىۋىتسىيەنىڭ پايتەختى
14 /2005/11 جەنۋەدە



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى جورج بۇش بىلەن 26/ 2006/06

رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى سىدىق ھاجى روزى تۈرمىغا كىرىپ كەتكەن ئوغۇللىرى ئۈچۈن مۇراجەت سۆزلىمەكتە



رابىيە خانىم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جون مېكاين بىلەن بىللە 2008 - يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى خانىمى لورا بۇش ۋە روشەن ئابباس خانىملار بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ب د ت سابىق باش كاتىپى كوفى ئەننا بىلەن بىللە 2005 -يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايىس خانىم بىلەن بىللە



ئامېرىكا تاشقى مىنىستىرلىقى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى باشلىقى سۇزان خانىم خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان رابىيە خانىمدىن ھال سورىدى 2006/01/07

رابىيە خانىم يولدىشى سىدىقھاجى روزى بىلەن





رابىيە خانىم نيۇيوركتا ئېچىلغان ھەق - ھوقۇق يىغىنىدا

رابىيە خانىم ئامېرىكا قوشما شتاتى دۆلەت ئىشلار باش كاتىپى ئالبېرت خانىم بىلەن





رابىيە خانىم ياردەمچىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىم "دۇنيا ئىسلام ئىش بىرلىك تەشكىلاتى" باش كاتىپى ئەكمەلىتتىن ئىھسان ئوغلۇ بىلەن بىللە



رابىيە خانىم
ئامېرىكا قوشما
شتاتىنىڭ سابىق
پرېزىدېنتى جورج
بۇش بىلەن بىللە




رابىيە خانىم لەنتوس
كىشىلىك ھوقۇق
مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
يىغىنىدا سۆز قىلماقتا
2015/12/10



رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن
چىقىپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن
ۋاقتى 17 مارت 2005




**رابىيە خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە**




**رابىيە قادىر خانىم ئەلمۇنىر "ئۆمۈرلۈك نەتىجە" فوندىنىڭ مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. 2016 - يىلى 1 - ئاپرېل، ۋاشىنگتون**



**رابىيە قادىر خانىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى نامزاتلىرى بىلەن بىرگە**




رابىيە خانىم خەلقئارالىق دىنى ئەركىنلىك كومىتېتى باشلىقى ۋە كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىللە



رابىيە خانىم تىبەتنىڭ دىنى داھىسى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشمەكتە



رابىيە خانىم ياۋروپا پارلامېنتوسىدا سۆز قىلماقتا



**شۋئتساارىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدىكى ب د ت يىغىن زالىدا ئېچىلغان 2009 - يىل 5 - ئىيۇل ۋەقەسىدە غايىپ بولغانلار نامىلىق يىغىندىن خاتىرە رابىيە خانىم**




**رابىيە خانىم شۋئتساارىيەنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشتا سۆز قىلماقتا 2016/09/16**



**رابىيەخانىم فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قۇرۇلتايى ۋەكىللىرى بىلەن بىللە 14/07/2016**



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى
روزى ياپونىيە باش ۋەزىرى شىنزۇ
ئابى ئەپەندىم بىلەن بىللە 2007 -
يىلى 11 - ئاي




رابىيە خانىم ياپونىيە 4. نۆۋەتلىك
د ئۇ ق قۇرۇلتىيىدا ياپونىيە سابىق
ھاۋا ئارمىيە باش
قۇماندانى تاشىيۇ توماگويا
ئەپەندىمگە سوۋغا قىلماقتا
2012/05/12



رابىيە خانىم ياپونىيە پارلامىنتىدا 4.
نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
يىغىندا 2012/05/12



رابىيە خانىم ياپۇنىيەنىڭ توكيو
شەھرىدە نامايىشتىن كېيىن
مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى
ئاچماقتا 2016/05/14

رابىيە خانىم ياپونىيە
پارلامىنتىدا باش مىنىستىر
ياردەمچىسى ئىتو سى
ئېجى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك
مىنىستىرى ئىچىدە 40 تىن
ئارتۇق خەلق ۋەكىللىرىگە
سۆز قىلماقتا






رابىيە خانىم 4. نۆۋەتلىك د ئۇ ق يىغىنىدا قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىللە 2012/05/14




رابىيە خانىم ياپونىيە پايتەختى
توكيودا مۇخبىرلار كۆتۈۋېلىش
يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى بۆلۈم

ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

تەۋەككۈل سەپەر ........................................ 14
تاسادىپىي پېشكەللىك ........................................ 17
خاسىيەتلىك بوۋاق ........................................ 19
سەبىي بالىلىق ........................................ 22
ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر ........................................ 26
قادىرجاننىڭ شېرىكى ........................................ 31
كوچىدا قالغان ساھىپخان ........................................ 36
گۈلزارلىقتا ماكانلىشىش ........................................ 40
تىرىكچىلىك يولىدا ........................................ 43
ئىشچان قىز ........................................ 47
ئاپەتلىك يىللار ........................................ 52
سۈرگۈندىكى بالىلار ........................................ 57

ئىككىنچى بۆلۈم

ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت سۆيگۈسى

يېڭى ماكان ........................................ 65

قولى گۈل قىز .................................. 69
ئەلچى كەلدى .......................... 73
ئالتە بالىنىڭ، مەھەللىنىڭ ئانىسى .................. 80
ئادالەتسىز سوتنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمى .............. 85
پۇل تېپىش ئاسان ئەقىل بولسا ..................... 89
ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت ......................... 96
ماشا باتۇر ئوغلان كېرەك ..................... 103
ئۇ ماشا مەنسۇپ ...................... 108
بىر كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم ....................... 116
ۋەتەن ئازاد بولغاندا ........................ 122
قاچقۇن كېلىن ............................ 126
بەرىكەت ئەكەلگەن كېلىن ...................... 133
ئاتۇشنىڭ يولى يامان، توشۇيدۇ ئوتۇن، سامان ..... 138
ئۇرۇمچىگە ماكانلىشىش ...................... 143
دۆڭ كۆرۈكتىن خانتەڭرىگىچە ................... 150

## ئۈچىنچى بۆلۈم

## ھايات ئۈچۈن كۈرەش

تۇنجى قەدەم ................................ 158
رابىيەنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسى .................... 167
رابىيە قادىر سودا سارىيى ..................... 174
ئۇيغۇر بىناكارلىرى ......................... 183

غاز يېسەڭ ئۆردەكنىڭ پېيىدا بول ................ 188
بېيجىڭدىكى يەرمەنكە ........................ 197
خەلقئارالىق يىغىن سەھنىسىدە ................... 203
قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ يېڭى كارۋان بېشى ...... 210
ئۈرۈمچىدە بېل گەيتىسنى كۈتۈۋېلىش ............ 218
ئامېرىكىغا تۇنجى سەپەر ...................... 226
خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلەر ............ 236
چوڭ ئىشلارنىڭ مەخپىي پىلانى ............ 246
ئۇيغۇرنىڭ قاياشى ئۇيغۇر .................... 252
مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى ................ 262
خىتاي سىياسىي كېڭەش زالىدا ................. 268
ئاسماندا تور، يەردە قاپقان .................. 278
ئاھ، بالىلىرىم، مەن سىلەرگە قەرزدار ............ 282

## تۆتىنچى بۆلۈم

## زىندانىدىكى 2045 كۈن

سىرلىق تۇزاق ............................. 289
تۈرمىدىكى تۇنجى كېچە ........................ 297
بىرىنچى قېتىملىق سوراق ...................... 305
تەھدىت ۋە نالە ........................... 313
توققۇز كۈنلۈك ئاچلىق كۈرىشى ................ 320
ئەجەبا، ئاخىرقى ئۇچرىشىشمۇ؟ ................. 327

ئۆلۈمدىن قايتقان مەھبۇس ........................ 334
ئاچكۆز غالجىر ئىتلار ........................ 343
بىر تەخسە لەغمەن يەۋالسام... ................... 351
ياغلىق چەككەن گۇناھمۇ؟ ........................ 356
روشەنگۈلنىڭ ئىنتىقامى ........................ 361
قاراغۇ كامىرىدىكى شىرىن خىياللار ................ 368
96 ياشلىق سىياسىي مەھبۇس ...................... 379
گۈلنىسانىڭ گۇناھى ........................... 385
تۈرمىدىكى «ھايۋاناتلار باغچىسى» ................. 390
چاغاندىكى ئۈچ ئىلىش ......................... 396
يورۇق دۇنيادىكى ئۈمىد نۇرى .................... 400
خاتىمە ..................................... 407

## مۇقەددىمە

**2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈش مەزگىلى، ئۈرۈمچى.**

**_ داڭ، داڭ، داڭ، ـ تۇيۇقسىز قاتتىق ئۇرۇلغان تۇرمە ئىشىكىنىڭ ئاۋازى، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، ئىچىدە دۇئا قىلىۋاتقان رابىيە قادىرنى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىدىن قوپقۇچە، كامېرنىڭ ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلىپ، ئۇچىسىغا قاپقارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن بىر توپ كىشىنى باشلاپ كامېرىغا كىرگەن گۇندىپاي خوتۇن ۋارقىرىدى:**

**ـ مەھكۇم رابىيە، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى تېز يىغىشتۇرۇپ بىز بىلەن ماڭ!**

**_ رابىيە ئاچا ئامان بولۇڭ!**

**_ ئاللاھقا ئامانەت رابىيە خېنىم! _ مەھبۇس ئاياللار ۋارقىراشتى.**

**ئۇزۇن يىل ياتقان مەھبۇسلار تولىمۇ سەگەك كېلىدۇ، ئۇلار بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى تۇيغاندەك ياكى «خالايىق، گۇۋاھ بولۇڭلار، رابىيە قادىرنى ئەپكېتىۋاتىدۇ» دېمەكچى بولغاندەك، تاماقتىن كېيىن كامېرلىرىدا ياتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ھوشيار بولۇشقا چاقىردى.**

**تۇرمىدە بېرىلگەن بۇيرۇق شەرتسىز ۋە تېز بەجا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك، بولمىسا جىنايەتچىنىڭ ئىشى چاتاق. رابىيە قادىر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تېرىشتۇرىۋاتقاندا، قاراپ تۇرغان قارا كىيىملىك كىشىلەرنىڭ بىرىنىڭ پىچىرلىشىدىن كېيىن، گۇندىپاي خوتۇن يەنە ۋارقىرىدى:**

**_ مەھكۇم رابىيە، بولدى قىل، تېز بول، ئۆزۈڭ بۇياققا چىق!**

سوراقچىلارنىڭ ۋە گۇندىپايلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي سوراققا ياكى ئىچى پۇشۇپ قالسا مازاق قىلىپ گەپ سوراشقا ھەيدەپ چىقىشلىرىغا كۆنۈپ قالغان رابىيە كامېردىن چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ھەيران قالدى. قالغان ھەممە كامېرلارنىڭ ئالدىدا، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى. رابىيەنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قارا كىيىملىك، بەستلىك، يېشى چوڭ ساقچىلار بولسا، تۇرقىدىن بېيجىڭدىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇلار تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. تۈرمە ئىشخانىسى ئالدىدا بولسا، تېخىمۇ كۆپ ساقچىلار تۇرۇشاتتى. رابىيەنى تۈرمە ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەن گۇندىپاي ئۆرە تۇرغان ئېگىز بويلۇق ياشانغان، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

_ رابىيە قادىر، كىيىملىرىڭنى سېلىپ تېز يۆتكىۋال! بىز ساڭا يېڭى كىيىم ئېلىپ كەلدۇق. يولغا چىقىمىز، ـ دېدى چىرايىدىن ئەمەلدار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان ھېلىقى ئېگىز بويلۇق قوپال، ئەمما يۇمشاقراق تەلەپپۇزدا. رابىيە قادىر ئالتە يىلدىن بۇيان ئاتىلىۋاتقان ئىسمىنىڭ ئالدىدىكى مەھكۇم دېگەن سۆزنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى ـ دە، دېرىزە تەرەپتىكى ئىشكاپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇچىسىدىكى ئالدى ـ كەينىگە «جىنايەتچى» دېگەن خىتايچە خەت يېزىلغان كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۇلار بەرگەن قاراكۆك چاپان بىلەن شىمنى كىيىۋالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپلا، سىرتقا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. تۈرمە ئەتراپى ھېسابسىز ساقچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئون نەچچە ساقچى ئاپتوموبىلى ئوتىنىمۇ ئۆچۈرمەي جىددىي ھالەتتە تەييار تۇراتتى.

_ئېلىپ مېڭىڭلار! تېز بولۇڭلار! ـ كىمدۇر بىرى بۇيرۇق

تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى. ئىككى ساقچى رابىيەنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىغا تاقاق سالدى ۋە بىلىكىدىن تۇتۇپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. رابىيە نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يالغۇز ئېلىپ ماڭغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ پەقەت، تۇيۇقسىز ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان جىنايەتچىلەرنىلا شۇنداق جىددىي بىر شەكىلدە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ تۈرمە قورۇسىغا چىققاندا، ساقچى ئاپتوموبىلىغا چىقىرىلدى. ئەتراپىدا قوراللىق ساقچىلار ئولتۇرۇشتى. ئالدىدىكى ساقچى ئاپتوموبىلى ئەنسىز چىرقىراپ بەلگە بەردى، قالغان ئاپتوموبىللار تەڭلا قوزغالدى. تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، باشلىق سۈپەت بىرسىنىڭ بوم ئاۋازدا:

_ ھازىردىن باشلاپ تۈرمىدىن ھەرقانداق كىشىنىڭ تالاغا چىقىشىغا، تېلېفوندا ئالاقە قىلىشىغا رۇخسەت يوق. مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالسا، سىلەر ئىككىڭلار جاۋابكار بولىسىلەر. قولىڭىزدىكى مەركەزنىڭ يوليورۇقىدا بۇ نەرسىلەر ئېنىق يېزىلغان، ـ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

_ خوپ رەھبەر، بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەممىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. خاتىرجەم بولۇڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى تۈرمە باشلىقى. رابىيە بۇ سۆزلەردىن، ئۆزىنىڭ تۈرمىدىكى مەھبۇسلاردىنلا ئەمەس، بەلكى ساقچى، گۇندىپايلاردىنمۇ مەخپىي ھالدا بىر يەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى. تۈرمە ئىشىكى ئالدىدا ساقچىلار ئۇنىڭ قولىدىكى تاقاقنى ئېلىپ قالدى. يۈزلەرچە ساقچى ئاپتوموبىللاردا قاتارلىشىپ يولغا چىقتى. نەلەردىندۇر غارقىراپ يېتىپ كەلگەن تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇلارنى كۆزىتىپ ئاسماندا تەڭ ماڭدى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، ئاپتوموبىللار توختىدى.

ساقچىلار رابىيەنى يەرگە چۈشۈرۈپ ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى. رابىيە ئەتراپىغا نەزەر تاشلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. بۇ جاي ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئىدى. ھەممە يەرنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باسقان. ساقچىلار ئەتراپنى قورشاپ تۇراتتى. ئۇلار رابىيەنى كۈتۈۋېلىش بىناسىدىكى ھەيۋەتلىك بېزەلگەن بىر مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. مېھمانخانىدا ئون نەچچە نەپەر خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۆرە تۇرۇشاتتى. رابىيە سەپسېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئۆزى تونۇيدىغان يەرلىك ئەمەلدار ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بۇ ئەمەلدار خىتايلار رابىيەگە خۇددى قول ئاستىدىكى كاتىپلىرىغا قارىغاندەك دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى.

_ مۇشۇ جەينەكتەك ئۇيغۇر خوتۇن ـ ھە؟!ـ دەۋەتتى ئارىسىدىن بىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەينىدە تۇرغان 60 ياشلاردىكى بىر ئەمەلدارىغا ئىتائەتمەنلەرچە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشتى. كافىي رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان بۇ ئەمەلدار كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قولىدىكى تاماكىسىنى زەردە بىلەن شورىۋاتاتتى. تۇرقىدىن ناھايىتىمۇ چوڭ ئەمەلداردەك كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ كىشى، قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مىجىپ ـ مىجىپ دەسسىۋەتتى ـ دە، ئاستا مېڭىپ رابىيە قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى:

_ جىنايىتىڭنىڭ قانچىلىك ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئېرىڭنىڭ جۇڭگوغا تۆلەپ تۈگەتكۈسىز زىيان سالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ خەپ.... خەپ! سېنىڭ بۇنداق چوڭ بالا تېرىپ بېرىدىغىنىڭنى بىلگەن بولساق.... ھەي..... مەركەزنىڭ بۇيرۇقى...

باش ـ ئايىغى يوق تاپا ـ تەنىلەردىن رابىيە ھېچنېمىنى

چۈشەنمىدى. خىتاي باشلىق قولىنى شىلتىپ «ئەپچىقىڭلار» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى ـ دە، يەنە تاماكىسىنى تۈتاشتۇرۇشقا باشلىدى. ساقچىلار رابىيەنى يان تەرەپتىكى كىچىككىنە ئىشخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئىككى ئايال ساقچى ئۇنىڭ چاچلىرىنى، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەتتا سومكىلىرىدىن گىرىم قۇتىلىرىنى چىقىرىپ، رابىيەنىڭ يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىكلەرنى سۇرۇپ قويۇشتى.

_ چاپسان! ۋاقىت توشتى، مېڭىڭلار! ـ تاشقىرىدىن بۇيرۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ھەر كۈنى كېچە ـ كۈندۈزدە مىڭلىغان يولۇچىلار ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرىدىغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى بۈگۈن جىمجىت. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇچۇش ۋە قونۇشلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنغانلىقى، قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ساقچىلار رابىيەنى مەخسۇس تەييارلانغان ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا 20 ـ 30 دەك قوراللىق ساقچى ئۇنى قورشاپ ئولتۇرۇشتى. ئەتراپىدىكى ساقچىلار، رابىيە ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز ھالدا ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئەتراپ جىمجىت، ساقچىلار سۇرلۇك ئىدى.

ئايروپىلان قوزغالدى ۋە ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلىدى، لېكىن نەگە كېتىۋاتقانلىقى رابىيەگە نامەلۇم ئىدى.

رابىيە قادىرنى مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئۇچقاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ بېيجىڭ ئايرودرومىغا قوندى. رابىيە قادىر ئايروپىلان قوزغىلىپ تاكى

قونغۇچە بولغان ئاربلىقتا دەككە ـ دۈككە ۋە ئوخشىمىغان تەخمىنى پەرەزلەر ئىچىدە باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارغا غەرق بولدى.

بىر ئىنسانغا تىكىلىپ قاراشقا، كۈلۈمسىرەپ سالاملىشىشقا ۋە پاراڭلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان ئۇرۇمچى لىۇداۋان، باجاڭخۇ تۈرمىلىرىدە بەش يىل يەتتە ئاي ئالتە كۈن يېتىپ، ئىنسان مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم بولغان رابىيە، تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرى تۈرمە ئىشخانىسىدا ئۇرۇمچىدىكى باللىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. شۇ كۈنى ساقچىلار ئۇنىڭغا خىتايچە بولسىمۇ سۆزلەشكە، باللىرىنىڭ سوۋغاتلىرىنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان، ھەتتا باللىرىغا ئىسسىق چاي قۇيۇپ بەرگەن ئىدى. بۈگۈن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزدى. مانا ئەمدى بېيجىڭغا ئېلىپ كەلدى.

ـ ۋاي خۇدايىم! ئېرىم سىدىقھاجى بىلەن، ۋاشىنگتوندىكى بەش بالام بىلەن دىدارلىشىدىغان ئوخشىمامدىمەن!؟ ئاھ خۇدا! ساڭا شۈكرى قىلدىم، پەريادىمىز يەتكەن ئوخشايدۇ، ـ رابىيە شۇلارنى خىيال قىلىپ باشقىدىن روھلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشكەندە، ئەتراپىدىكى ساقچى ئاپتوموبىللىرى بىلەن قورشاپ تۇرغان قوراللىق ئەسكەر ـ ساقچىلارنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز يەنە ھودۇقتى. رابىيە بىلەن بىللە كەلگەن خىتاي ئەمەلدار پەسكە چۈشۈپ ئالدىغا چىققان خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن جىددىي ۋە سوغۇق كەيپىياتتا سالاملاشقاندىن كېيىن، رابىيەنى ساقچى ئاپتوموبىلىغا سېلىپ چەتتىكى بىر بىناغا ئېلىپ كەلدى. رابىيەنى باشلاپ مەخسۇس تەييارلانغان كەڭ، ئېگىز ئىشخانىغا كىرگەن ساقچىلار، يەنە بىر باشلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ رابىيەنى توختاتتى. بۇ يەردىكىلەر رابىيەنى باشقىچە ساختا ۋە سۇنئىي بىر خۇشال كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. ئۇنى كرېسلودا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا

خۇشپۇراقلىق قىزىق چاي تۇتتى. ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بىر نەپەر سالاپەتلىك ئەمەلدار رابىيىگە ئالدىرىماي، سوزۇپ ـ سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ بىز بۈگۈن، سىنى ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. سەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن. قانۇن بويىچە جازالانغان. بۇلتۇر جازانى بىر يىل قىسقارتقان ئىدۇق. بۇ يىل سىرتتا 18 ئاي مۇددەت ئىچىدە داۋالىنىشىڭغا رۇخسەت قىلدۇق. تۈرمىدە ياتقان ۋاقتىڭدا سىنى ئۇرمىدۇق، تىللىمىدۇق، خورلىمىدۇق. ئامېرىكىغا بارغاندا راست گەپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ يەردە يەنە بەش بالاڭ قالدى، شىركىتىڭدە مىليون يۈەنلىك سەرمايەڭ قالدى. سەن تىجارەتچى، پۇل تېپىشقا ماھىر، ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دېسەڭ مىلياردلاپ پۇل تېپىشىڭغا ياردەملىشىمىز. لېكىن، ئېرىڭنى دوراپ بۆلگۈنچىلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشساڭ، ئاقىۋىتىڭنى ئويدان ئويلاپ قويغىن. بۇ بىزنىڭ ساڭا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزىمىز!

ـ ناھايىتى ئاز ۋاقتىڭ قالدى، مەن سېنىڭ ئېنىق ئىپادەڭنى ئاڭلىماقچىمەن، جاۋاب بەرگىن! ـ ئەمەلدار يەنە سورىدى. رابىيە قادىر چوڭقۇر ھاياجان ۋە تاسادىپىي ھودۇقۇش ئىچىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ـ مېنىڭ ئەس يادىم جايىدا ئەمەس، گاڭگىراپلا قېلىۋاتىمەن، ـ دېدى رابىيە ئاستا ئەمما تەمكىن ئاۋازدا، ـ ھازىر ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، بەكلا ھودۇقۇپ قالدىم، سىلەرگە ئويلاپىراق، كېيىنرەك جاۋاب بېرەي قانداق؟ ـ رابىيە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

دەل شۇ پەيتتە، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىكىدىن بىر نەپەر ئامېرىكا دىپلوماتى، يەنە بىر نەپەر دوختۇر

ئايال بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇلار تولىمۇ مەغرۇر ھەمدە غالىپ كۆرۈنەتتى. خىتاي ئەمەلدارلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇيېۇر - تويېۇر بولۇپ كەتتى. ئامېرىكا دىپلوماتى رابىيە قادىرغا قاراپ ئۇدۇل قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە. رابىيە ھاياجان ئىلىكىدە تىترەپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلارغا قاراپ ئىنتىلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

_ مەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتى، بۇ خانىم بىزنىڭ دوختۇرىمىز، رابىيە خانىم مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، سىز ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭىز! سىزنى بۈگۈنلا ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىمىز. ھازىر رۇخسەت قىلسىڭىز، دوختۇرىمىز سالامەتلىكىڭىزنى تەكشۈرىدۇ، - دىپلومات غۇلچىنى كېرىپ رابىيە قادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. رابىيە ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. بىر سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىۋاتقان ئىنسانىي قىممىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئامېرىكا دىپلوماتىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى!

_ رەھمەت سىلەرگە ئامېرىكا، رەھمەت سىلەرگە ئامېرىكا خەلقى، رەھمەت سىلەرگە ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچى دۇنيا خەلقى! - رابىيە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئامېرىكىلىق دوختۇر خانىم رابىيەنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى، نەپەس يوللىرىنى ھەمدە باش قىسمى بەش ئەزاسىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ تەكشۈرۈپ چىقتى. قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قاراپ تۇرغان خىتاي دىپلوماتلىرى ۋە ساقچىلىرى، رابىيە قادىر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆز ياشلىرىنى تۆتالماي يىغلاۋاتقان ئامېرىكا دىپلوماتىنى كۆرۈپ ئاستا - ئاستا باشلىرىنى ساڭگىلىتىشتى.

_ توختاڭ ئەپەندىم، - دېدى بىر خىتاي ئەمەلدارى بۇ قىزغىن كەيپىياتنى بۇزۇپ، - رابىيەنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاقىت تېخى توشمىدى. سىلەر يەنە 15 مىنۇت ساقلىشىڭلار كېرەك! - خىتاي

ئەمەلدارى رابىيەنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۇنى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تۇپى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ بۇ ئوسال ھالىتىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئامېرىكا دىپلوماتى ھەر قانچە سۆزلىسىمۇ ئاقمىدى.

_ كەچۈرۈڭ رابىيە خانىم، سىزنى يەنە 15 مىنۇت مالال قىلىپ قويىدىغان بولدۇق. 5 يىلدىن ئارتۇق كۈتتىڭىز، ئەمدى ئاز تەخىر قىلىڭ، بۇلاردىن بىراقلا قۇتۇلىسىز، ـ دېدى ياش دىپلومات راۋان خىتاي تىلىدا. ئۇ، رابىيەنى تالىشىپ تارتىپ تۇرغان قولىنى قويۇۋېتىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرىغا مەسخىرە ئارىلاش كۈلكىسى بىلەن قاراپ قويۇپ كەينىگە داجىدى. بۇ چاغدا رابىيە خىتاي دىپلوماتلىرىغا قاراپ:

_ يېنىمدا كۆپرەك خىتاي پۇلى بار، ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولساڭلار، ئايرودرومدا رومالدەك بىر نەرسە ئېلىۋالغان بولسام،ـ دېدى.

_ ياق بولمايدۇ! بىزنىڭ كارىمىز يوق! ـ دەپ ۋارقىرىدى خېلىلا چوڭ مەنسەپتىكى بىر خىتاي ئەمەلدار قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئامېرىكىلىق ياش دىپلومات دەرھال يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ بىر تۇتام ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدىلا رابىيىگە تەڭلىدى:

_ خانىم بۇنى ئېلىڭ، خالىغانچە ئىشلىتىڭ، بۇ شەخسىي پۇلۇم، ـ ئۇ پۇلنى بىرىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

رابىيە خىجالەت ئارىلاش كۆزىگە ياش ئالدى ھەمدە رەت قىلغان خىتاي ئەمەلدارىغا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ بىر قاراپ قويدى.

15 مىنۇت ۋاقىت، ئەتراپ جىمجىت. خىتاي ئەمەلدارلىرى بۇ 15

مىنۇتنى غەنىيمەت بىلىپ رابىيىگە سۆزلىمەكتە:

_ جۇڭگو... قۇدرەتلىك... چوقۇم ھېساب ئالىمىز.... بۆلگۈنچىلەر... تېرروررچىلار... ياۋاش بول.... تۇرمىدە بەرگەن ۋەدەڭنى ئۇنتۇما... بولمىسا بالىلىرىڭ.... سەرمايەڭ....، _ خىتايلارنىڭ گەپلىرى رابىيەنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمايتتى. ئۇ پەقەت 15 مىنۇتنىڭ تېزرەك توشۇشىنىلا ئويلايتتى. ئۇنى تۇرۇپ قورقۇنچ باساتتى. بۇلار يېنىۋالسا ـ ھە؟

رابىيە قادىرغا 15 مىنۇت 15 يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈركى نورمال سوقۇش رىتىمىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ ھەر قېتىملىق يۈرەك سوقۇشىنى خۇددى گېرىنىۇېچ تام سائىتىنىڭ جاراڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ئوچۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى.

_ 3 مىنۇت قالدى، ـ ئاستا پىچىرلىدى ئارقىدىكى بىر خىتاي. ئۇلار رابىيە قادىرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزدى ھەمدە قاتمۇ ـ قات ئەسكەرلەر قورشاپ تۇرغان ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ پەلەمپىيى يېنىدا كۈتۈپ تۇرغان ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، رابىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار رابىيەنى ئارىغا ئېلىپ قوللىرىدىن، بىلەكلىرىدىن تۇتقىنىچە ئاۋايلاپ ئايروپىلان پەلەمپىيىگە قەدەم تاشلىدى. ئارقىسىدىن تەڭ چىققان خىتاي ساقچىلىرى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ئىمزا ئاتقۇزۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن، رابىيە قادىر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن مەخسۇس بەلگىلەنگەن رىچارد ئەپەندى قاتارلىق دىپلوماتلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئامېرىكا ھاۋا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن يولغا چىقتى.

2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت دەل بەش.

ئامېرىكىنىڭ پايتەختىگە يېقىن ۋىرجىنىيە شتاتىنىڭ ۋېنا مېترو ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى ئېگىز بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق سىدىقھاجى روزى ۋە ئۇنىڭ بەش پەرزەنتى ئاخشامدىن بېرى كىرپىك قاقمىدى. توغرىسى ئۇچ كۈندىن بۇيان، تۈزۈك تاماق يېمىدى، كۆزىنى يۇممىدى. ئۇلارنىڭ رەسمىي ئۇقتۇرۇشقىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئايروپىلاننىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا بەش سائەت بولدى.

بېيجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى:

ـ بىز ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق. يولغا چىقتۇق، ـ ئەلچىخانىدىكىلەرمۇ خىتاينىڭ ھەر بىر مىنۇتتا يېنۇۋېلىشىدىن، ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىرقى سىكۇنتلارغىچە خەۋەرلىشىپ تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئەمدى ئورنىغا چۈشكەن ئىدى.

ۋاشىنگتوندىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى:

ـ رابىيە قادىر يولغا چىقتى، سالامەتلىكى نورمال.

ئاقسارايىنىڭ، پارلامېنتنىڭ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تېلېفونلىرى جىرىڭلىدى:

ـ رابىيە قادىر يولغا چىقتى، ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

سىدىقھاجىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى:

ـ سىدىقھاجى ئەپەندى، ئايروپىلان قوزغالدى، رابىيە يولدا، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن تېلېفوننى سىزگە ئۇلاپ بېرىمىز.

كۆرۈشۈشكە تەييارلىنىڭ!

ئامېرىكىدىكى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېفونلىرى جاراڭلىدى. سەھەر سائەت بەشتە بامداتتىن كېيىن، ھەممە شۇكران نامىزىغا تۇتۇش قىلدى.

ۋاشىنگتوندىن دۇنياغا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ دولقۇنلىرىدا رابىيە قادىرنىڭ ھاياجانلىق تۇنجى ئاۋازى ياڭرىدى:

_ ئەسسالام قېرىنداشلىرىم! مەن ھۆرلۈككە چىقتىم، لېكىن مىللىتىم.....

# بىرىنچى بۆلۈم

# ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

## تەۋەككۇل سەپەر

رابىيە قادىرنىڭ دادىسى قادىرجان كەنجىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەسلىدە خوتەنلىك بولۇپ، تالاي يىللار ئىلگىرى ئىلىغا كېلىپ غۇلجا قارا دۆڭگە ماكانلاشقان. قادىرجان كەنجى غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندە، قەشقەر مەكتىلىك دولان قىزى تاجىنىساخان ساۋۇت بىلەن ئۆيلەنگەن. كىچىكىدىن تارتىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى، مال - ۋاران بېقىش، يۇڭ - تېرە تىجارىتى، تامچىلىق، ئاشچىلىق دېگەندەك ھۈنەر - كەسپلەرگە پىشقان زېرەك قادىرجان، جامائەت سورۇنلىرىدىكى پاراڭچىلارنىڭ ئېغىزىدىن نۇرغۇن تەۋەككۇلچىلەرنىڭ بايلىق كانى ئالتايغا بېرىپ ئالتۇن قېزىپ باي بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى تولا ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدى. ھەتتا يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئالتايغا كېتىپ بىر ياز ئىشلەپ ئورۇسنىڭ كونياك بوتۇلكىسىدا لىق بىر بوتۇلكا كېپەك ئالتۇن تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئالتايغا بېرىپ ئالتۇن كان ئېچىش ھەۋىسىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئائىلىسىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ ئالتايغا قاراپ يولغا چىقتى.

تەدبىرلىك قادىرجان ئالتايغا كېلىپ كىچىككىنە بىر نەچچە ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال بازارنى كۆزىتىپ، ئاشخانا ئېچىپ، مەززىلىك پولۇ، مانتا، لەغمەنلىرى بىلەن ئالتاي شەھىرىدە تۇنجى ئاشخانىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا ناۋايخانا ئېچىپ نانغا زار بوپكەتكەن كانچىلارنى ئىسسىق تونۇر نېنى بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى.

قادىرجان بۇ يەرگە كېلىپلا، ئالتۇن كان ئاچقان بايۋەچچىلەرنىڭ،

يۈزلىگەن ئىشلەمچى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ، بازارلىق ئۇچۇن تاغدىن چۈشكەن قازاق مالچىلارنىڭ، شۇنىڭدەك، شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ جىددىي ئېھتىياجى ئاش ـ نان، ساتىراشخانا، مۇنچا ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدە ئالتۇنىنىڭ دەل مۇشۇ كوچىدا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقىدى ـ دە تېز ھەرىكەتلىنىپ شەھەر مەركىزىدىن كەڭ يەر سېتىۋېلىپ، تىجارەت ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىر يۈرۈش مۇلازىمەت دۇكانلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى.

قادىرجان باشقۇرۇۋاتقان ئاپئاق خالات ۋە ماسكا تاقىغان 16 ساتىراش ئىشلەيدىغان ساتىراشخانا، 40 كىشىلىك ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئايرىم زامانىۋى پار مۇنچىسى، 10 نەچچە ئۇستەللىك ئۇيغۇر تائاملىرى ئاشخانىسى ھەممىدە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئەتىگەندە ئىسسىق نان بىلەن تەمىنلەيدىغان ناۋايخانىسى ئالتاي شەھىرى ئاھالىلىرىنى سۆيۈندۈردى. ھەممە كىشى خۇشاللىقىدىن:

_ ئالتايلىقلارنىڭ ئەمدى غېمى قالمىدى، يېتىمچىلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئىگىسى بار بولدى، ـ دېيىشسە، بەزىلىرى چاقچاق قىلىپ، ـ قىشۇ ـ ياز ئىشلەپ تاپقان ئالتۇنلىرىمىز قادىرجاننىڭ يانچۇقىغا ئۇدۇل تۆكۈلىدىغان بولدى، ـ دەپ كۈلۈشتى.

قادىرجان ۋە ئايالى تاجىنىساخان ئىشچان، مېھماندوست ۋە ئويۇنچى ئىدى. ئۇلار نەسىللىك ئالا كالىدىن ئالتىنى سېتىۋالدى. ئىككى ئاق ئات قوشۇلغان ھارۋا ھەممىدە ئېسىل يورغا ئاتتىن ئىككىنى سېتىۋالدى. كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بۆرە ئىتلاردىن بىر مۇنچىسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇلار ئەتىيازدا ئاتقا مىنىپ ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقاتتى. تونۇش ـ بىلىشلىرىنى يىغىپ

ئوۋدىن ئەكەلگەن ئولجىلىرى بىلەن نورۇز چېيى بېرەتتى. يازلىرى يايلاقلاردا قىمىز چېيىغا، كۈزلىرى ئوغلاق بەيگىلىرىگە، قىشتا كۆكۆللۈك مەشرەپلەرگە قاتنىشاتتى.

1940 ـ يىللاردىن باشلاپ، تىنچ ـ خاتىرجەم ۋە باياشات ياشاۋاتقان ئالتايدىكى خەلق ئەنسىزچىلىكلەر ئىچىدە قالدى.

بۈگۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەپ نام بېرىلگەن خەرىتىگە نەزەر تاشلىسىڭىز، شىمال تەرەپتە موڭغۇلىيە، رۇسىيە ۋە قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان، ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىچىككىنە گۈزەل شەھەر ئالتاي ـ سارسۈمبە كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. قەدىمىي تۇران، هون ئىمپېرىيىلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالتۇن ئېرىتكەن، مىس تاۋلىغان، تۆمۈر ياسىغانلىقى هەققىدە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە «ئالتاي تاغلىرىنىڭ 72 جىلغىسىدىن ئاق ئالتۇن هەمدە قارا ئالتۇن چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئالتاي شەھىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرتىش دەرياسىنىڭ تېگىدە ساپ سېرىق كېپەك ئالتۇنلار مۇشۇ كۈندىمۇ پارقىراپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ.

ئالتاينىڭ چەكسىز ئورمانلىرىدىكى قارىغاي، قېيىن ياغاچلىرى سۈپەت ۋە سورتى جەھەتتە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قورال ياساش ئۈچۈن قىممەتلىك خام ئەشيا بولۇپ كەلمەكتە. ئالتاينىڭ ئالىي نەسىللىك ئات ۋە قويلىرى، داڭلىق بېلىقلىرى، ياۋايى هايۋانلىرى شۇنىڭدەك، دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل مەنزىرىلىرى هەممە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس سودا سانائەتچىلىرى ئالتۇن، ياغاچ، تېرە توپلاش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەن بولسا، ئارقىدىنلا خىتاي ئامباللىرى بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ

يۇرۇپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيىلەر بىلەن ھەتتا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سوقۇشۇپ ئەنسىزچىلىكلەرنى پەيدا قىلىپ تۇردى. 1943 ـ يىلى خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئالتاي رايونىنى رەسمىي ئىدارە قىلىش نىيىتىدە، ئالتاي خەلقىدىن ئات بېجى يىغىش ۋە قورال يىغىۋېلىش بۇيرۇقلىرىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. يەرلىك خەلق ئوسمان باتۇرنىڭ باشچىلىقىدا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى قوغلىۋېتىپ، پۈتۈن ئالتاي رايونىنى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىۋەتتى. غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1945 ـ يىلى ئالتايغا مۇنتىزىم ھەربىي قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ ھاكىمىيەت قۇردى. چەت ئەللەرنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشكەن ئالتايدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ۋە تاتار خەلقلىرى خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلار ئالتايدىكى ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ ۋە بىنالارغا ئېسىلغان 12 يۇلتۇزلۇق خىتاي دۆلەت بايرىقىنى چۆرۈۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ئېسىپ تەنتەنە قىلىشتى. لېكىن بۇ خۇشاللىقلارمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى.

## تاسادىپىي پېشكەللىك

1948 ـ يىلى ئەتىيازدا قادىرجان چوڭراق بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىپ، ئوتتۇزغا يېقىن ئىشلەمچى بالىلارنى ئايلىق مائاش بىلەن كېلىشىپ، تاققا ئېلىپ چىقىپ، ئالتۇن كان ئېچىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار تاكى كۈزگىچە قازغان بولسىمۇ قېرىشقاندەك، كۆزلىگەن مۆلچەرلەر خاتا چىقىپ ئالتۇن تاپالمىدى. قادىرجان ئوتتۇزدەك كىشىگە بىكارغا مائاش تارقىتىپ پۇل تۇشۇتالمىدى. «بىتەلەيگە سۇ

كەلسە ئاللاكۈدىن يار كەتتى» دېگەندەك ھەر يەردىن كېلىۋاتقان مىش - مىش گەپلەر ھەمدە ئەنسىز خەۋەرلەر ئىشلەمچىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. ئىش تاشلايدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتاي شەھىرى ئىچىدە ھېلى بۇ تەرەپنىڭ، ھېلى ئۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سوقۇشۇپ خەلقنى توزىتىۋەتكەچكە، ئاھالىلەر ئەتراپقا قېچىپ، خېرىدارلار ئازلاپ، دۇكانلارنىڭ كىرىمى يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

قادىرجان ئاچقان كاندا ئىشلەۋاتقان ياشلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي رايوندىن كەلگەن ئۇيغۇر دېھقان باللىرى بولغاچقا، ئائىلىلىرىدىن ئەنسىرەپ يۇرتىغا قايتىش قارارىغا كېلىپ، قادىرجانغا بېسىم ئىشلىتىپ ئىسيان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار:

_ قادىرجان ئاكا، بىر يىل يېزىچە ئىشلىدۇق، ھېچنېمە تاپالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرلەرگىمۇ يېقىندا گومىنداڭ خىتاي ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىدىكەن. ئالدىنقى ھەپتىدە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى گومىنداڭنى قوللاپ بەيتىككە كەپتۇدەك، ئىشەنمىسىڭىز سوراپ بېقىڭ. بىز يۇرتقا كەتمىسەك بولمايدۇ. قانداق بولمىسۇن، قالغان ئىش ھەققىمىزنى قولىمىزغا بېرىڭ، - دېدى.

قادىرجان ۋارقىراپ باقتى، چۈشەندۈرۈپ باقتى، يالۋۇرۇپ باقتى، پەقەتلا ئاقمىدى. ئىشلەمچى باللار قادىرجاننى ۋە ئېغىر ئاياق بولۇپ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي ئايالى تاجىنىساخاننى دۇكان - ئۆيلىرىنى سېتىشقا زورلاپ شەھەرگە مەجبۇرىي ھەيدەپ ماڭدى. ھەممە كىشى چېدىر، كەپىلەرنى چۇۋۇپ ئاتلارغا ئارتىپ يولغا چىقتى.

ئالتاي شەھىرىگە 5 ـ 6 چاقىرىم يول قالغاندا تاڭ ئاتتى. ھەممەيلەن توختاپ، بامدات نامىزىغا تۇتۇش قىلدى. نامازدىن كېيىن، ئىمامەتچىلىك قىلغان قادىرجان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئاللاھقا نىدا قىلدى:

_ ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، بۇنچە خورلۇق تارتقىلى، ئۆزۈڭ قۇتقۇزغۇچىسەن، ئاقكۆڭۈل بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ئامىن....

تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلىدى. چاقماق چاقتى. يىراق ـ يىراقلاردىن گۈلدۈرلىگەن ئەكس سادالار ياڭراشقا باشلىدى. قادىرجاننىڭ ئىككىنچى قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋارقىرىدى:

_ دادا. دادا، ئاپام بوشاندى!

## خاسىيەتلىك بوۋاق

1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئالتاي شەھىرىدىن بەش ـ ئالتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ باغرىدا بىر ئۇيغۇر قىزى دۇنياغا كەلدى.

يوقسۇزلۇق خىجالىتى ئىچىدە ئىنسانىي غۇرۇرى خورلىنىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىۋاتقان قادىرجان دۇنياغا كۆز ئاچقان قىزىنىڭ خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇدى. يول بويى تولغاق ئازابىدىن ۋە تۇغۇت ۋەھىمىسىدىن قىينىلىپ چىرايىدا قان قالمىغان تاجىنىساخان، ۋاقىتسىز بىر چاغ ھەمدە قۇلايسىز بىر يەردە يەڭگىپ قالغىنى ئۈچۈن خىجىلچىلىق ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقىنىدا، ئاشپەز ئايالنىڭ قولىدىكى ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان پەرزەنتىنى كۆرۈپ يىغىسىنى توختىتىپ كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى.

تاجىنساخاننىڭ بوشانغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىشلەمچىلەر دەسلەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان بولسا، بوۋاقنىڭ زىل يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، يۈرەك باغرىلىرى يۇمشاپ كەتتى. ئۇلار ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ، مۇبارەك بولسۇن قادىرجان ئۇستام، دەپ توۋلاشتى. قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ياشلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار گويا ئۆزلىرىنىڭ ئانىسى ياكى خوتۇنى يەڭگىگەندەك شادلىققا چۆمدى. ئىشلەمچى باللار بۇ ھالدا يولغا چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ چۇۋۇۋەتكەن چېدىرلىرىنى قايتا تىكىشكە باشلىدى. ئوتۇن تېرىپ كېلىپ گۈلخان ياقتى. چايغا ـ تاماققا تۇتۇش قىلدى.

بوۋاق خۇددى خاتىرجەملىكنىڭ ئەلچىسىدەك بارچە كۆڭۈللەردىكى غەم ـ قايغۇ، غەشلىكلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى. بوۋاق خۇددى باياشاتچىلىقلارنىڭ بېشارىتىدەك ھەممە كىشىنى ئەتىگەنلىك ناشتىغا يۈگۈرتىۋەتتى. بوۋاق خۇددى بىر ئامەتنىڭ ئىشارىتىدەك كۈتۈلمىگەن يەردە، تاسادىپىي پەيتتە، ئەمما بامدات نامىزىدىن كېيىن دۇئا بىلەن دۇنياغا كەلدى!

بوۋاقنىڭ خاسىيىتى چايدىن كېيىن مەلۇم بولدى. ياشلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن ھەرىكەتكە كېلىپ گۆش، سەۋزە، ياڭيۇ ۋە پىيازلار بىلەن ئوخشىتىپ قورداق قىلدى. سۈتلۈك چاي تەييارلىدى. كۆپچىلىك چىملىقتا بىر داستىخان ئەتراپىدا چۆرىدىشىپ ناشتا قىلىشتى. ھەممىسى تۈنۈگۈندىن بېرى يول ماڭغان ھارغىنلىقىنى، نەچچە كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋە ھەتتا ئەتراپىنى قاپلىغان ۋەزىيەت ۋەھىمىلىرىنى ئۇنتۇپ، خۇشخۇي چاقچاقلاشتى. ناشتىدىن كېيىن قادىرجان ئۇزۇن شۈكرى ـ دۇئا قىلدى ھەمدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تۇغۇتلۇق ئايالى ئۇچۇن تىكىلگەن چېدىرنىڭ

ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئايالنى يەنە بىر مەزگىل دەم ئالغۇزۇپ ئاندىن يولغا چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇ سەھەردە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، يورۇق چۈشكەندىن كېيىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بالا ھەمراھى ۋە بىر پارچە ئۈيۈل قاننىڭ چىملىق ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، دەرھال چېدىرنىڭ يېنىدا تۇرغان گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ قان ۋە بالا ھەمراھىنى كۆمۈۋەتمەكچى بولۇپ، گۈرجەكنى دەسسەپ چىمغا پاتۇردى. يەرگە بىر غېرىچ كىرگەن گۈرجەكتىكى چىملىق توپىنى يانغا ئاغدۇرغان قادىرجان، بىردىنلا ئۈشتۈمتۈت ۋارقىرىۋەتتى:

_ ئاللاھىم شۈكرى ساڭا، بۇ نېمە كارامەت!

يەردە بىر گۈرجەك كېپەك ئالتۇن سىيرىلىپ چىمغا تۆكۈلدى. كولانغان جايدا ساپسېرىق كېپەك ئالتۇن پارقىراپ تۇراتتى.

پەۋقۇلئاددە تەلەيلىك كىشىلەرگە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بۇ ئامەت قادىرجانغا يولۇققان ئىدى. ئىشچىلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. چېدىر، كەپىلەر قايتىدىن تىكىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئورنىدىن قوزغالماي بىر نەچچە كۈن بېسىپ ئىشلەپ، زامانلاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان بىر دۆۋە كېپەك ئالتۇننى كولاپ، تازىلاپ، پاك ـ پاكىز يىغىۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان شۇ جايدىن قادىرجان 86 سەر كېپەك ئالتۇن يىغىۋېلىپ، پۈتۈن قەرزلىرىدىن بىر يولى قۇتۇلغانىكەن.

قادىرجان بۇ خاسىيەتلىك قىزىغا شۇ قېتىمقى تەلىيىنى ئۇدۇم قىلىپ رابىيەم دەپ ئىسىم قويىدى. رابىيەنىڭ بۆشۈك تويىغا مۇبارەكلەپ كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەر بىرى قىرىق سۈيىگە بىر چىمدىمدىن كېپەك ئالتۇن چاچتى. قادىرجان رابىيەنىڭ خاسىيىتى

ئۈچۈن مەھەللە مەسچىتىدە مەۋلۇت ئۆتكۈزدى. رابىيەنىڭ بېشىدىن قۇيۇلىدىغان مەۋلۇت سۈيىگىمۇ ياشلار بىر چىمدىمدىن كېپەك ئالتۇن سەپتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ خاسىيەتلىك بوۋاق ئالتۇن ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، ئالتۇن سۈيىدە يۇيۇلدى.

## سەبىي بالىلىق

قادىرجان رابىيە تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاساسەن ئالتاي شەھەر ئىچىدىكى ئائىلە ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ يۈكسەلدۈردى. ئازادە ۋە پاكىز ساتىراشخانا يېنىغا رۇس دوختۇرىنى تەكلىپ قىلىپ چىش تارتىدىغان دوختۇرخانا ئاچتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردىلا نەسىللىك كالىلارنى ساغدۇرۇپ سۈت ـ قايماقلىرىنى ئاشخانىغا ئىشلىتەتتى. ئاشقانلىرىنى قولۇم ـ قوشنىلارغا كىرگۈزۈپ بېرەتتى. كىملەرنىڭدۇر ئاشخانىغا كېرەكلىك كۆكتاتلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى. قويلارنى سويغۇزاتتى. ناۋايخانىغا كېرەكلىك ئۇننى تارتىپ كېلىش ئۈچۈن تۈگمەنگە ئادەم ئەۋەتەتتى. سەل ـ پەل قولى بوشىغاندا، كەڭتاشا قىلىپ سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق رۇس پاسونى دېرىزىلىك ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغقا چىقاتتى ـ دە، سانى قىرىققا يېتىپ قالغان داڭدار ئاپشاركىلىرىنى ئوينىتاتتى.

ئۇ بەزى كۈنلىرى سەھەردىلا ئاپشاركىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپ، كەچتە ئاران قايتىپ كېلەتتى. قادىرجان ھەر قېتىم ھەمراھلىرى بىلەن ئوۋدىن قايتقاندا، تاجىنىساخان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى. ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەردىكى ئۇستىلار ۋە ئىشچىلارمۇ ئولىشىپ كېلىپ ئوۋنىڭ ئولجىلىرىنى تاماشا قىلاتتى. قادىرجان بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ جەرەن،

ئالا قۆيرۇق، تۆت ـ بەش تۆلكە، بىر مۇنچە قىرغاۋۇل، ئولالارنى ئاتقا ئارتىپ كېلەتتى. ئادەت بويىچە ئۇۋدىن قايتقان كۈنى كەچتە ئۆيگە مېهمان چاقىرىلاتتى. ھەممە قوشنىلار ئۇۋدىن كەلگەن گۆشلەرگە ئېغىز تېگەتتى.

قادىرجان بەزى جۇمە كۈنلىرى نامازدىن كېيىن خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ يايلاققا ئېلىپ كېتەتتى. بالىلار پايانسىز كەڭ دالالاردا قوزىلارنى قوغلاپ ئويناپتتى. ھەممىسى پاقلان گۆشى يەپ، قىمىز ئىچەتتى. ئەمدىلا ئايىغى چىققان رابىيە بىر ـ ئىككى يۇتۇم قىمىز ئىچىپ قۇلاقلىرىغىچە قىپقىزىل قىزىرىپ كېتەتتى ۋە مالچى قازاقنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئىتنىڭ ئالدىغا قورقمايلا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى تارتىپ ئويناپ كېتەتتى.

تاجىنىساخان قىش كۈنلىرى ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن كەمچەت ياقىلىق ئۇزۇن پەلتۇسىنى كىيىپ، بالىلىرىغا ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاياق ھەمدە رۇسىنىڭ بوبرۇك پەلتۇلىرىنى كىيدۈرۈپ، ئاپشاركا ئىتلارنى چانىغا قېتىپ كەڭ دالاغا ئېلىپ چىقىپ، چانىدا تېيىلىپ ئويناپتتى. بالىلارنىڭ ئاياغلىرىغا رۇسلار ياسىغان ئەپچىل كىچىك چاڭغىلارنى تېڭىپ بېرىپ، قاردا تېيىلدۇرۇپ ئوينىتاتتى.

ياز كۈنلىرىدە بولسا، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان ئېقىنىدا بالىلىرىنى سۇغا چۆمۈلدۈرەتتى. رابىيە بېلىگە كېلىدىغان سۇزۇك ئېقىن سۇنى چاچرىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كېپەك ئالتۇن ئارىلاش قۇملارنى سىقىملاپ ئېلىپ يەنە سۇغا چېچىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بەزىدە ئېقىن سۇدا لەيلەپ كەلگەن بىلىكىدەك چوڭ بېلىقلارنى تۇتۇۋېلىپ، بېلىق سىلكىنگەندە تەڭ دومىلاپ قويۇۋەتمەي مەھكەم تۇتۇۋالاتتى.

ئەتىياز پەسلىدە ئالتاينىڭ ئىككى يېنىدىكى تاغ باغرى ئاجايىپ

گۈزەل مەنزىرىنى پەيدا قىلاتتى. يېشىل ۋادىلاردا ياۋا مودەنگۈل، لەيلى قازاق، ياۋا ئالما چېچىكى قاتارلىق رەڭدار گۈل ـ چېچەكلەر بىراقلا ئېچىلىپ كېتەتتى. كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل زېمىن، رەڭدار گۈللەر قوشۇلۇپ تەبىئەتنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل رەڭدار گىلىمىنى هاسىل قىلاتتى.

كىچىككىنە رابىيە بىر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ تاغ باغرىدىكى رەڭمۇ ـ رەڭ چېچەكلەرنى كۆرستىپ، شۇ يەرگە بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قىيالماي چايدىن كېيىن، ئاچىلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنى كەڭ دالاغا ئېلىپ چىقتى. قىزلار بەس ـ بەس بىلەن مودەنگۈللەرنى ئۈزۈپ چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى ياساپ ئوينىدى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز گۈل ـ گىياهلارنىڭ، قورايلارنىڭ ئارىسىدا بەزىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوقاپ كېتەتتى. پەقەت گۈل شاخلىرىنىڭ شىلدىرلاپ مىدىرلىشىدىنلا بالىلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تاجىنىساخان بىللە چىققان قوشنىسى هەيۋىخان بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ، بەش ـ ئون مىنۇت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ بالىلارنىڭ بەكلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئۇلارنى چاقىرىۋالماقچى بولۇپ توۋلىدى. بىر چاغدا تاجىنىساخاننىڭ ئىككى بالىسى بىلەن هەيۋىخاننىڭ ئىككى بالىسى يېتىپ كەلدى. ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقان رابىيە بولسا كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار هەممىسى ئەنسىرەپ توۋلاشتى. ئەتراپقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. رابىيە هېچ يەردە يوق ئىدى.

ئارىدا نەتىجىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ۋاقىت تاجىنىساخاننى بەكلا هودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلارنى تاغ باغرىغا ئېلىپ

كەلگەن هارۋىكەش بىر ئاۋاز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يول بويىدا هارۋا يېنىدا ئولتۇراتتى. تاجىنىساخان هارۋىكەشكە:

_ رابىيەنى تاپالمىدۇق، چاپسان كەلسىلە، ـ دەپ ۋارقىرىدى. هارۋىكەش ئاۋازنى ئاڭلاپلا يېنىدا قولىقىنى دىڭ قىلىپ ئەتراپقا قاراپ تۇرغان ئاپشاركا ئىتىنى ئىشارەت بىلەن هەيدىدى ۋە ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ بۇ ياققا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئاپشاركا ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بىر دەمدىلا تاجىنىساخاننىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ئىت ئۈنىڭ ئەنسىز چىرايىدىن ۋە رابىيە.. رابىيە، دەپ توۋلىغان ئاۋازىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك، قالغان باللارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ تاغ باغرىنى بويلاپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىرەر چاقىرىم ئۇزاقلىقتىكى يەردە توختاپ ئاسمانغا قاراپ هاۋشىشقا باشلىدى. هەممە شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئەسلىدە، ئاچىلىرىنىڭ كەينىدىن توختىماي يۈگۈرۈپ هېرىپ قالغان رابىيە شۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇ خۇددى ئۆيدە مۆكۈشمەك ئويناپ هېچكىم تاپالمايدىغان يەرلەرگە مۆكۈۋېلىپ، چىقماي ئاچىلىرىنى قورقۇتقاندەك، بۇ يەردىمۇ دەسلەپ ئاچىلىرىنى قورقۇتماقچى بولۇپ جىم يېتىۋالدى. كېيىن ئۆزىمۇ سەزمەي تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپ قالغان ئىدى. تاجىنىساخان يېتىپ كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالغاندىلا، ئۇ ئويغىنىپ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، نېمە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي هەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

_ يۈرۈڭلار، ئەمدى كېتەيلى، باللار چارچاپ قالدى، ـ دېدى تاجىنىساخان باللىرىنى يولغا هەيدەپ.

_ توختاڭ ئاپا، دادامغا ئاتاپ تەرگەن گۈللىرىمنى ئېلىۋالاي، ـ دېدى كىچىككىنە رابىيە ئاپىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ گۈللۈك ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، تەييارلىغان بىر قۇچاق مودەن گۈلنى كۆتۈرۈپ

چىقىپ، ـ بىچارە دادام بىزنى باقمەن دەپ جىق ئىشلەپ بەك ھېرىپ كەتتى.

ئۆيگە قايتقاندا، رابىيە دادىسىغا بىر قۇچاق مودەن گۈلنى بەردى. دادىسى ئۇنىڭ گۈلزارلىقتا دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، رابىيە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تاغ باغرىدىكى ئاشۇ گۈلزارلىقنى كۆرسىتىپ، بارىمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان ۋە پات ـ پات بېرىپ ئويناپ كېلىدىغان بولدى.

## ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر

ئالتاي شەھىرى ئاھالىلىرى ئاساسەن، ئالتۇن، مىس، جەۋھەر كانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بولغان ئۇيغۇر، رۇس، ئۆزبېك بايلار، ئەتراپتىكى مالچى قازاق چارۋىچىلار ۋە چېگرالاردا تۇرىدىغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە، كانلاردا ئىشلەيدىغان، كېپەك ئالتۇن چايقايدىغان ئىشلەمچى ئۇيغۇر باللاردىن ئىبارەت.

قادىرجان گەرچە نەچچە دۆلەتتە داڭقى چىققان نامدار بايلاردىن بولمىسىمۇ، چۆرگىلىتىۋاتقان ئىشلىرى ۋە ئىشلىتىۋاتقان ئىشچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنىڭدەك مەسچىت سېلىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش دېگەندەك ساۋابلىق ئىشلاردا باشلامچى بولۇپ پۇل، ئىشچى چىقىرىپ كۆپ ھەسسە قوشقانلىقى بىلەن، شەھەر جامائىتىنىڭ ئىچىدە تېزلا يۈز تېپىپ، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان ئىدى.

1949 ـ يىلى كۈزدە ئالتايدىكى ئاتاقلىق ئالتۇن، ياقۇت كان خوجايىنى، چارۋىدار. يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ كاتتىسى مۇنەۋۋەر

باينىڭ ئۆيىدە چاي بولدى. موللا ئىسلام شاخزۇك مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كېلىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. مۇنەۋۋەر باي پۈتۈن ئالتايدىكى ئۇيغۇر كاتتىلىرىنى، ئالىم ـ ئۆلىمالار، ئەمەلدارلار، ھەربىي باشلىقلار، چوڭ بايلارنىڭ ھەممىسىنى كەڭ ـ ئازادە مېھمانخانىسىغا داستىخان سېلىپ كۈتمەكتە ئىدى. قادىرجانمۇ ۋاقتىدا كېلىپ مېھمانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. مېھماندارچىلىق مەشرەپ شەكلىدە داۋام قىلماقتا ئىدى.

دەسلەپ ھالۋا، رىشالە ۋە ئەتكەن چاي بىلەن ئىسسىق گۆش نان تارتىلدى. ئارقىدىن يۇمشاق پاقلان گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپ كىردى. نەغمىچىلەر دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكىلاردا تەڭكەش قىلىپ مۇقام پەدىلىرىدىن، ئىلى ناخشىلىرىدىن توۋلاشتى. ئارقىدىن قىمىز ئىچكەچ پاراڭغا چۈشكەن مويسىپىتلار ئالتاينىڭ يېقىنقى نەچچە يىللىق پاراكەندىچىلىكلىرى ھەققىدە قاراشلىرىنى بايان قىلىشتى.

_ ئاغىنىلەر، جاھان تىنچىغان ئوخشايدۇ دەپ يەنە تاماشىمىزنى باشلاۋاتىمىز. بىلىپ قويۇڭلار، قارا بۇلۇتلارنىڭ شەپىسى ئەمدى كېلىۋاتىدۇ. نېمە كۈنلەرنى كۆرىمىز، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ـ دەپ ئاستا سۆز باشلىدى مۇنەۋۋەر باينىڭ ئاكىسى ھاپىز باي ئولتۇرغانلارغا سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، ـ ھەممە ئادەم ئوسماندىن ئەنسىرەيدۇ. مەن ئوسماندىن ھېچ خەۋپسىرىمەيمەن. ئويلاپ بېقىڭلار، ئوسمان مۇشۇ ئالتايلىق. ئۇ گومىنداڭ بۇلاڭچىلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى. باتۇر بولۇپ تونۇلدى. 45 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىردە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسى ئالتاينى ئازاد قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندى ئالتايغا كەلگەندە، مەن ئۆيۈمدە چاي بەردىم. تۆرەم چايدا «ئالتاينىڭ باتۇرى ئوسمان، ئالتايدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ ۋالىسى ئوسمان بولىدۇ»

دېدى. دېگەندەك بىرەر ئايدىن كېيىن ئوسمان قايتىپ كەلدى. ۋالىيلىق قىلدى. لېكىن ـ زە......

_ توختاڭ ئاكا، ـ دېدى مۇنەۋۋەر باي ئاكىسىدەك سىياسەتچى بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىنى يوشۇرماي، ـ سىز ھەر دائىم ئوسماننى ماختايسىز. ئويلاپ بېقىڭ، قاچان ئوسمان شەھەرگە كىرىدۇ، بۇلاڭچىلىق باشلىنىدۇ. قاچان ئوسمان شەھەردىن چىقىدۇ، بۇلاڭچىلىق باشلىنىدۇ. يىللاپ يىغقان يىلقىلىرىمىز، سىيىر ـ كالىلىرىمىز، قويلىرىمىز ئۇياقتا ئۆتۈپ ئوسمانغا، بۇياقتا ئۆتۈپ ھۆكۈمەتكە يەم بولىدۇ. بەكمۇ ماختاپ كەتمەڭ ئوسماننى، ھەممىمىز بىلىمىز، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشقان ئوسمان 46 ـ يىلى قىشتا بىر ئۆرۈلۈپلا گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىۋالدىغۇ؟ گومىنداڭنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ بىر ئاي پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدىغۇ؟ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز ئاكا، بۇلتۇر يازدا ئوسمان باتۇر لاتىپ، مۆمىنباي قاتارلىق بىرەر يۈز پالۋانلىرى بىلەن بىللە، گومىنداڭنىڭ قوماندانى سۇڭ شىلەننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىمكوغا چۈشكۈن قىپتۇ. بۇغرا، جانىمخان، سالىس، خادىۋاڭلار 10 نەچچە كۈنگىچە زىياپەت بېرىپ «ياشىسۇن ئوسمان» دېگەن سادالار ئىچىدە ئۇنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. ئوسمان شۇ قېتىم ئوغلى شىردىماننى خىتاينىڭ نەنجىڭدىكى قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتىپتۇ. ئەلەنۋاڭدىن ئاڭلىشىمىزچە، ئوسمان ئۈرۈمچىدە ئامېرىكىنىڭ باش كونسۇلى باكستون ھەمدە مۇئاۋىنى ماكنان بىلەن كۆرۈشۈپ، ياپونغا ئاتقان ئاتوم بومبىسىدىن بېرىشنى سوراپتۇدەك. ياشلارنى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇدەك.

_ مۇشۇ ۋاپاسىز ئورۇستىنغۇ، ئامېرىكا دېگىنى مىڭ ياخشى جۇمۇ، تارىخنى ئەسلەپ باقىلى ئاغىنىلەر، ـ دېدى ئۈرۈمچى بىلەن

ئالتاي ئارىسىدا كېيەك ئالتۇن سودىسى قىلىدىغان ئابدۇلمىجىت باي سۆزگە ئارىلىشىپ، ـ مەن ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمدا، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن كاتتا زىيالىي قۇربان قۇداي بىلەن دوست بولۇپ كۆپ سىرداشتىم. جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. بىر پۈتۈن تۈركىستاننى چاررۇسىيە بېسىۋېلىپ بۆلۈپ، پارچىلاپ ئىككى قىلىپ قويىدى. بىز شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان بولۇپ قالدۇق. ستالىنمۇ قالغىنىنى بۆلۈپ 7ـ 8پارچە قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى قاراڭلار ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىزنىمۇ ساتىدۇ بۇ ئورۇسلار، قاراپ تۇرۇڭلار.

_ توغرا دەيسەن، ـ دېدى هاپىز باي ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ـ مانا شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتى، ئارمىيىسى ئورۇسنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئالتايدىمۇ ئورۇسلار زورلۇق قىلغىلى تۇردى. تۆرەمنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، سۆزىنى ئاڭلاپ قايىل بولغان ئوسمان، شۇ ئورۇسلارنىڭ دەستىدىن ئالتاينى تاشلاپ تاققا چىقىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

_ سېرىق ئىت، قارا ئىت، هەممىسى غالجىر ئىت، ـ دەپتۇدەك ئۇرۇمچىدىكى داموللا ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، ئۆيىدە ئەخمەت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، ـ دېدى بىر يۈك ـ تېرە سودىگىرى ئارىدا سۆز قىستۇرۇپ.

مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلدى. مۇلازىمەتچى ياشلار كۆپكۆك رەڭلىك ئورۇس تاۋاقلىرىدا تاي گۆشىدە قىلىنغان نارىن ئاشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مېهمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. هەممە كىشى ئەدەپ بىلەن هاپىز باينىڭ تائامغا ئېغىز تېگىشىنى كۈتۈپ تەكەللۇپ قىلىشتى. هاپىز باي خوش ـ خوش دەپ مولامغا تەكەللۇپ قىلدى. مېهمانلار لەززەتلىك نارىندىن كېيىن، يېڭى دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچكەچ، يەنە پاراڭغا چۈشتى.

_ قاۋاننىڭ يوغىنى ئەمدى كېلىۋاتىدۇ، خالايىق،_ دېدى پېتىربورگتا دۇكان ئاچقان سېلىم باي سۇرلۇك ھەم قىزىقارلىق قىلىپ سۆز باشلاپ، ـ ئالدىنقى ھەپتىدە ستالىننىڭ پراۋداسىدا بىر خەۋەر ئوقۇپ قالدىم، ستالىننىڭ خىتايدىكى شاگىرتى ماۋزېدۇڭ دېگىنى لەنجۇنى ئىشغال قىلغان پېتى دېخۇي دېگەن قوماندانىغا، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، ئارمىيىمىز ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلسۇن! ـ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

_ ھەي، كامۇنۇس ـ كەمنۇمۇس دېمىدىممۇ!؟ ستالىن ھەممىنى ساتىدۇ.

_ تاشكەنت، بېشكەك، ئالماتالاردىكى قېرىنداشلىرىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرگەن بولسا، ئەمدى بىزنىڭمۇ شۇلاردەك كۆرىدىغىنىمىز بار ئوخشايدۇ.

_ بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى يالاڭتۆشلەرنى يۆلەيمىش، باينىڭ مېلىنى، يېرىنى بۇلايمىش دەيدۇ راستمىدۇ؟

_ گومىنداڭ دېگىنىمۇ، گۇڭچەنداڭ دېگىنىمۇ بەرىبىر بىر خىتاي. يەيمەن، ئىچىمەن، بۇلايمەن، تالايمەن دەپ كەلمىسە، نېمە بار خەقنىڭ يۇرتىدا.

_ ستالىن بۇلىغاندا بۇ يەرگە قاچقانتۇق، ئەمدى بۇ خەق كەلسە نەگىمۇ قاچارمىز، ـ دېدى بىر ئۆزبېك باي زورىغا كۈلۈپ.

_ سەن بىلەن بىزغۇ، ئىدىشقا قاچىلاپ كۆمۈپ قويۇپ قاچارمىز، خۇدا بۇيرۇغان يەرلەرگە. ماۋۇ قادىرجان دۇكانلىرى بىلەن 40 ئاپشاركىسىنى نەگىمۇ يىغىشتۇرار، مېنىڭ بېشىم قېتىۋاتىدۇ، ـ كىمدۇر بىرىنىڭ چاقچىقى بىلەن قادىرجانمۇ ئۆزىچىلا ئەنسىرەپ قالدى. نەغمىلەر، بەزمىلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. نېمىشقىدۇر

ئۈنىڭ ئىچىدىن قورقۇنچلۇق ۋە ۋەھىمىلىك بىر تۈيغۇ تېشىغا تېپىشكە باشلىدى. غەم يېمەس يۈرت ئاقساقاللىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بۇ مەرىكە قادىرجان ئۈچۈن كۆڭۈللۈك باشلانغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئەنسىزچىلىك بىلەن ئاخىرلاشتى.

## قادىرجاننىڭ شېرىكى

1950 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىگىچە، ئەنسىز خەۋەرلەر بىلەن خاتىرجەم كۈنلەر ئارىلىشىپ ئۆتتۈۋەردى. ئەل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى رۇسلار بىلەن دوست، ختاي كوممۇنىستلىرىمۇ ستالىن بىلەن يېقىن، ھەر ھالدا قىرغىنچىلىق بولماس دېگەن قىياسلار ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. چۈنكى ئۈرۈمچىگە كەلگەن ختاي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جىن غۇلجىغا بارغىنىدا، چوڭ يىغىلىشتا خەلقى ئالەم ئالدىدا:

_ بىز گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاپ بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە قايتىپ كېتىمىز، ـ دەپتۇدەك، ئۇنىڭ سۆزى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىتلىرىگىمۇ بېسىلغانمىش.

قادىرجاننىڭ ئاي ـ كۈنلىرى ئوخشاشلا ئۆتتۈۋەردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كوممۇنىست ختاينىڭ ئەسكەرلىرى ئالتايغىمۇ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پراشكىلىق شەپكە، پاگونلۇق پەلتۇ، گەلەپى شىم ۋە قارا ئۆتۈك كىيگەن، قاپقارا بۇرۇتلۇق، ھەيۋەتلىك ئەسكەرلىرى، ئالتاي ئاھالىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كوچا ئېغىزىدا ئۇلارنى كۈتتۈۋالدى.

ئۈستى برىزېنت بىلەن يېپىلغان 10 نەچچە ئورۇس ئاپتوموبىلىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ، بېشىدىكى

قۇلقى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان لاتا قۇلاقچىسى، ئۆڭۈپ رېڭى قالمىغان سارغۇچ پاختىلىق چاپانلىرى، شۇنىڭدەك پاچاقلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان پايتىملىرى قوشۇلۇپ، ئۇلارنى گومىنداڭ چېرىكلىرىدىنمۇ ئەبگار كۆرسىتەتتى. جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېر ـ سولداتلىرى مىيىقىدا كۈلۈشۈپ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىشاتتى.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ تەيىنلەنگەن خىتايلارمۇ، ئەسكەرلىرىمۇ ھەقىقەتەن ياۋاش كۆرۈنەتتى. ئۇلار كوچىلارغا ئاز چىقاتتى، ئاھالىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا، بىكاردىنلا ھىجىيىپ يول بوشىتاتتى، باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتاتتى. كېيىنچە كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئىدارە قورۇلىرىدا، مەكتەپ مەيدانلىرىدا قار تازىلاۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتى. ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغاندا بولسا، خىتاي ئەسكەرلىرى كوللېكتىپ ھالدا يول ياساشقا باشلىدى.

قادىرجان بىر كۈنى چايدا ئولتۇرۇپ خوتۇنى تاجىنىساخانغا قاراپ:

_ كەلمەستە ئەجەبمۇ قورقۇتقان ئىدى، بۇ نېمىلەرنىڭ ھەيۋىسى، قارىغاندا بەكلا ئاۋارىغۇ بۇلار؟ ئانچە قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك، ـ دېدى.

_ بىزنىڭ مۇئەللىم، كۆتەك ھارۋىدا ئالدىرىماي توشقان ئالىدىغان خىتايلار كەلدى، دەيدۇ دادا، ھەر ھالدا دىققەت قىلايلى، ـ دېدى قادىرجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان چوڭ قىزى گەپكە ئارىلىشىپ.

رابىيە 4 ياشقا كىرگەن يىلى، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى ئازلاپ، خىتاي ئەسكەرلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئىدارىلەردىمۇ كونا ھەربىيچە كىيىم كىيىۋالغان، يېڭىغا تاپانچا ئېسىۋالغان خىتاي ئەمەلدارلىرى جىقلاپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە، «گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ئەمەلدارى»، «گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى»، «ئامېرىكا جاسۇسلىرى بىلەن كۆرۈشكەن»، «قان قەرزى بار زومىگەر»،

«ئەكسىيەتچى چارۋىدار»، «ئوسمان باندىتنىڭ قۇيرۇقچىسى» دېگەندەك ھەرخىل بەتنامىلار بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرى، بايلار، دىندار ئۆلىمالار قولغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارغا ھاي دەيدىغان ئادەم چىقمىدى. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خىتاي ئەسكەرلىرى قوماندانى ۋاڭ جىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوسمان باتۇرنى ئۈرۈمچىدە ئېتىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرىدىن قۇربان قوداي، چىڭگىز داموللامدەك بىر مۇنچە كىشىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىيلەر ئالتايدا 5 ـ 10 كۈندە بىر دېگۈدەك خەلقنى كىچىك مەيدانغا يىغىپ، بىرسىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ توۋلاپ، تاغ باغرىغا ئاپىرىپ ئېتىپ تاشلايتتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، خىتايلار بۇ ھۆكۈملىرىنى ئوقۇغاندا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ئەمەلدارلىرى، ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرى يېنىدا ئۆڭۈپ، تاتىرىپ قاراپ تۇراتتى. ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ئاي يولتۇزلۇق كاكار، پاگونلىرىمۇ خىتايلارنىڭكىگە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ئىدى.

قورقۇنچ، ۋەھىمە ئەمدى باشلاندى.

ئەنە شۇنداق ۋەھىمە قاپلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قادىرجاننىڭ ئىشخانىسىغا ئەسكەرچە كىيىنگەن بىر خىتاي كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سودا ـ سانائەت باشقارما باشلىقى جاڭنىڭ ئۇنى چاقىرتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. قادىرجاننى سۈر بېسىشقا باشلىدى. بىر مۇنچە كىشىلەر ئەنە شۇنداق شەكىلدە چاقىرتىلىپ يوقاپ كەتكەن، تۈرمىلەرگە سولانغان ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

قادىرجان ئىچىدە ئايەتلكۇرسىنى ئوقۇپ، سودا ـ سانائەت

باشقارمىسى دېگەن تاختا ئېسىلغان ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇدۇلىغا قويۇلغان شىرە ئالدىدا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، گېزىت ئوقۇۋاتقان بىر خىتايىنى كۆردى. بىر پۈتىنى ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا تىزلاپ قويۇۋېلىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ قويۇپ پاچىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان بۇ خىتاي، ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم دۇكان تەرەپكە كىملەرنىدۇر باشلاپ بارغان، قادىرجان بىلەن تونۇشقان كىشى ئىدى. شۇڭا قادىرجان بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتمىدى.

_ لەي، لەي كا جىڭلى، ـ دېدى ئۇ خىتاي ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە قادىرجانغا دەرھال قەغەزنى تەڭلەپ، _ تاماكا چېكىڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ.

قادىرجان چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغان بۇ خىتاينىڭ كۆلكىسىگە پەرۋا قىلماي ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە ئويلىنىپ قالدى. ئەجەبا، بۇ قادىرجان دېيەلمەي كا جىڭلى دېدىمۇ نېمە؟ ياق، جىڭلى دېگىنى ھۆكۈمەت شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېتىغۇ دەيمەن؟ ئاپلا، بۇلارنىڭ ئەمدى مېنىڭ دۇكانلىرىمغا كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە.

ئەمەلدار خىتاي قادىرجانغا خىتايچە بىلمەيمەن دېگىنىگە قويماي، سەن بىلىسەن، چۈشىنىسەن دەپ، ئىچىدە بولسا بىلسەڭ ـ بىلمىسەڭ بەربىر دېگەندەك نەزەر بىلەن يالغان كۈلۈپ تۇرۇپ، پارتىيىسىنىڭ، ئارمىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى، خىتاينىڭ، تىبەتنىڭ ۋە بۇ يەرنىڭ ۋەزىيەتلىرىنى ئۇزاق چۈشەندۈردى. زومىگەرلەرنى باستۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش دېگەندەك پوپوزا گەپلەرنىمۇ بىر مۇنچە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا دەپتىرىنى ئاچتى ۋە سىنچىلاپ بىر قۇر قارىۋېتىپ:

_ قادىرجان، سېنىڭ ئىشلەۋاتقان 27 ئادىمىڭ، 4 ئېغىز

دۇكىنىڭ، تۈگمىنىڭ ۋە يايلاقتىكى ئوتلاق يېرىڭ بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئالتاي شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شىركەتنىڭ خاراكتېرى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى شىركەت بولىدۇ. ئالتاي سودا - سانائەت ئىدارىسى پارتكومى سېنى جىڭلى قىلىپ تەيىنلىدى، سېنى تەبرىكلەيمەن، - دېدى مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قولىنى سوزۇپ. قادىرجان زورىغا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - يۇ، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇشۇ خىل شەكىلدە تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن بەك ھەيرانمۇ قالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمەت ھېسابىدا قاراپ تۇرغان بۇ خىتاي، «قادىرجان، سەن قولغا ئېلىندىڭ!» دەپلا ئۇنى سولىتىۋېتىپ، ھەممە نەرسىنى تارتىۋالسىمۇ ھېچنېمە دېيەلمەيتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مۇنچىدا پۇل يىغىدىغان ئىشقا بىر خىتاي تەتەي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتراپتىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ خوتۇنى بولغان بۇ تەتەي، گەرچە خەت بىلمىسىمۇ، ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن تالونلىرىنىڭ بوش يېرىگە پۇلنىڭ سانىنى جىجىلاپ يېزىشنى بىلەتتى. قادىرجان گەپ قىلمىغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا يەنە بىر تەتەي كەلدى. ئۇمۇ تاماق پۇلىنى يىغاتتى. ناۋايخانىنىڭ كۈندىلىك كىرىمىنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ئۇقتۇرۇلدى. كۈندىلىك تاپاۋەتنى تەتەيلەر ئۇدۇل بانكىغا ئېلىپ كېتەتتى. قادىرجان بىر ھېسابتا ھەر كۈنى كاسسىنى سانايدىغان مۈشكۈل ئىشتىن قۇتۇلغاندەك بولدى. بىر ئايدىن كېيىن تەتەيلەر قادىر جىڭلىغا ئايلىق مائاشنى ئەكىرىپ تاپشۇرۇپ، قول قويغۇزۇپ چىقىپ كەتتى. قادىرجان قولىدىكى 87 يۈەن پۇلغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ

تۇرۇپ قالدى. بۇ بىر ئايلىق مائاش ئۇنىڭ دۇكانلىرىدىن بىر كۈندە كىرىدىغان پۇلنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى. «مېنىڭ ئىدى سېنىڭ بولدى، سورىۋېدىم دورا بولدى» دېگەن گەپ مۇشۇ ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى قادىرجان ئىچىدە.

شۇنداق قىلىپ قادىرجان خوتۇنى، ئالتە بالىسى ۋە 40 ئىتىدىن باشقا بارلىق تەئەللۇقاتىغا گۇڭشەنداڭ ئاتلىق بىر شىرىك تېپىۋالدى!

## كوچىدا قالغان ساھىبخانا

قادىرجان ھۆكۈمەت بىلەن شېرىك بولۇپ، قادىر جىڭلى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەر ئايدا ھۆكۈمەت بېرىدىغان 80 نەچچە يۈەن مائاش ۋە ئۈچ ئايدا بىر قېتىم، دۇكانلارنىڭ ئىجارە پىرسەنتى دەپ بېرىلىدىغان 50 نەچچە يۈەن پۇلغا تايىنىپ، ئالتە بالىسىنى بېقىپ، ئوقۇتۇپ كۆن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنى ئاز دەپ، ئىككى ئاق ئات قوشۇلغان ھارۋا ھەتتا تۈگمەنلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ شېرىكلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىدىغىنى، ئۆزى قۇرۇپ، ئۆزى راۋاجلاندۇرغان، پۈتۈن ئالتاي شەھىرىنى ئىسسىق نان بىلەن تەمىنلەۋاتقان ناۋايخانىسىدىن پۇل تۆلەپ نان ئالىدىغان بولۇپ قالغىنى بولدى. ئۆزىنىڭ گەزمال دۇكىنىدا ئۆزى پىركازچىك بولۇپ قالغان بەشكېرەملىك سوپاخۇن پۇل تۆلەپ بەش نانني ئېلىپ كېتىۋاتقان قادىرجانغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

_ قادىرجان، گۇڭشەنداڭ ياراشقان ئوخشىمامدۇ سىلىگە، ـ دەپ پىچىرلاپ چاقچاق قىلدى.

_ ھە سوپاخۇن سىلىدىن ئايلانسۇن گۇڭشەنداڭ دېگەن، دۇكاندا

لىق گەز مال تۆرۆپ ياماق ئىشتانغا چۇشۇپ قاپلىغۇ؟! _ دېدى قادىرجانمۇ بوش كەلمەي. ئىككىسى ئۆزلىرىچە كۇلۇشۇپ پۇخادىن چىقىۋېلىشتى.

رابىيەنىڭ دادىسى بېقىۋالغان يېتىم بالا جۇماق، ئاچىلىرى زۆھرە، ھەجەرلەر مەكتەپتە ئوقۇۋېتتى، ئۇنىڭ سىڭىل، ئۇكىلىرى ئاررزۇگۇل، سەمەت، خەلچەملەر بولسا رابىيە بىلەن بىللە ئوينايتتى. شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

1954 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا قادىرجان ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى، كاسسىر خىتاي ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل تامغىلىق بىر پارچە ئۇقتۇرۇشنى ئەكىرىپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى. ئۇقتۇرۇشتا دېيىلىشىچە، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن ئالتاي شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى دوقمۇشقا جايلاشقان، قادىرجاننىڭ 5 ـ 6 ئېغىز ئۆيى ھەمدە 4 ئېغىز دۇكىنى چېقىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمەت بانكا سالماقچى ئىكەن. قادىرجان ئۆي بىساتلىرىنى بىر ئاي ئىچىدە ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىكەن.

قادىرجاننىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. 20 ـ 30 يىلدىن بېرى ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسى ۋە ئۆزى جاپالىق ئىشلەپ ئاستا ـ ئاستا بىنا قىلغان ئىگىلىك ۋەيران بولماقتا، ئالتۇن قوزۇق قومۇرۇلماقتا ئىدى.

_ ياق! كۆچمەيمەن. قورۇ ـ جايلىرىمنى ھېچكىمگە تۇتقۇزمايمەن، ھۆكۈمەت بانكىسىنى نەگە سالسا سېلىۋالسۇن، ـ قادىرجاننىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى ۋە كەسكىن قىلىپ جاۋاب بەردى. ئۇ «نېمە بالاغا قالدىم، بۇ گۇڭشەنداڭغا، ئالدىغاننى ئېلىپ بولۇپ ئەمدى ياتىدىغان ئۆيگىمۇ كۆزى چۈشكىنىنى قاراڭلار بۇ يۈزى يوق ئىنساپسىزلارنىڭ» دەپ غودۇڭشىدى ئىچىدە. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە

ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتاي شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشقان گومىنداڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىختۇەن دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇنىڭدا:

_ ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ جايدا قۇرۇلۇش باشلايمىز. ۋاقتىدا كۆچۈپ كەتمىگەنلەر قانۇن بويىچە مەجبۇري كۆچۈرۈلىدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر جازالىنىدۇ، - دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى. يېقىن ئۆتىدىغانلار مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى، ھەقىقەتەن ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايتتى. تېخى ئىككى ئاي ئىلگىرىلا، ھەربىيلەر تالاشقان قورۇ - جايلىرىنى بەرگىلى ئۇنىمىغان كۆكتاتچى تۇڭگان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قارشى چىقتى دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ سولاقتا ياتتى. قادىرجان بىرەر تونۇش باشلىق يۈز - خاتىرەمنى قىلىپ ماقۇل دەپ قالار دېگەن ئۈمىدتە، ئۈچ كۈنگىچە ئۆزى بىلىدىغان باشلىقلارنىڭ ھەممىسىگە دەرد - ھالىنى ئېيتىپ چىقتى. لېكىن ئاقمىدى. بۇ يەردىكى ھوقۇقنىڭ ئەڭ چوڭى شۆبە ھەربىي رايون قوماندانى ۋاڭ سىلىڭ دېگەننىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇ خىتايدىكى چېغىدا، ئىككى قولىدا قىڭغىراق كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەن داڭلىق قارا قورساق ھەربىي ئىكەن. بانكا سالىدىغان جاينى ئۇ بەلگىلىگەنمىش. ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم بۆلەلمەيدىكەن. قارشى چىققان ئادەم ئۆلىدىكەن.

قادىرجان بۇ خىتاينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ھەربىيلىكتىن چېكىنىپ ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان قۇربانجان پولكوۋنىك دېگەن ئاغىنىسىگە، ئۈرۈمچىدىكى چوڭ خىتايغا ئەرز قىلايمىكىن دەپ ئېيتىۋېدى، ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

_ سۇ بېشىدىن لاي دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. بۇلارنىڭ چوڭى گېنېرال ۋاڭ جىن دېگىنى يەنئەندىكى، گەنسۇدىكى ۋاقتىدا ئادەم

ئۆلتۈرۈپ، ئەپيۇن سېتىپ داڭ چىقارغان قاراقچىلارنىڭ باشلىقى. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» دېگەن باھانە بىلەن، ھەر قايسى شەھەر، يېزىلاردا 300 مىڭدەك يۇرت ئاقساقاللىرىنى، داڭدار بايلارنى، تونۇلغان زىيالىيلارنى ئۆلتۈرۈپ بولدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەرز كۆتۈرۈپ بارغىنىڭ، سېيت نوچىنىڭ ئىشىدەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بەلگىلەنگەن كۈنى ئەتىگەندە، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى دېگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تراكتورلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، گەپ قىلىپمۇ قويماستىن، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىنى ئۇسۇپ تېشىۋەتتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ سالاسى، تاجىنىساخان ۋە باللارنىڭ يىغا ـ زارى نەتىجىسىدە قادىرجان تىركىشىشتىن ۋاز كېچىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى، ئائىلە بىساتلىرىنى تالاغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ چۈش ۋاقتىغىچە پۈتۈن ئۆيلەر چېقىپ تاشلاندى. قادىرجان خوتۇن ـ باللىرى بىلەن سەككىز جان، ئاكىسى خوتۇن باللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆي ـ ماكانسىز قالدى! ئۇنىڭ قولىدا بولسا، كىملەردۇر تۇتقۇزۇپ قويغان، ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن 500 يۈەن پۇلنىڭ چېكى تۇراتتى. شېرىك دەپ نام قويغان 4 ئېغىز دۇكان ۋە يەر ـ زېمىن ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ بولۇپ چىقتى.

ـ ئېلىشە نومۇس قىلمايدىغان يالغانچىلار! ھەممىنى ئېلىشە،ـ قادىرجان ئاچچىقىدا قولىدىكى 500 يۈەنلىك چەكنى يىرتىپ تاشلاپ يەرگە ئاتتى. ئۇ غەزەپلەنگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى.

ئۇزۇن يىللىق قوشنىسى خەلچىخان كۆپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كوچىدا قالغان مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ قورۇسىغا توشۇتتى

ھەمدە ئۆزلىرىنى مېھمانخانا ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاش ـ تامىقىدىن خەۋەر ئالدى.

ئالتاي شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇش قەغىزىدە، قادىرجانغا شەھەر ئەتراپىدىكى تاغ باغرىدىن خالىغانچە بوش جاي تاللاپ، ئۆي سېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىدى.

_ ئەمدى نەگىمۇ بارارمىز؟ ـ دېدى بېشى قاتقان قادىرجان.

_ دادا، دادا، بىز دائىم ساقا گۈلدەستە تېرىپ ئوينايدىغان گۈلزارلىققا كېتەيلى، ـ دېدى ئالتە ياشلىق ئوماق قىزى رابىيە دادىسىغا يالۋۇرۇپ. ئۆيدىكىلەر ھەممىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەسلەپ كۈلۈپ قويدى. ئارقىدىنلا بۇ ئەقىللىق قىزنىڭ سۆزىنى ئويلىنىشقا باشلىدى. نېمىشقا بولمىسۇن، ئۇ يەرلەرمۇ بوشقۇ؟

## گۈلزارلىققا ماكانلىشىش

پۈتۈن ئالتاي شەھىرىنى بىر تىياتىرخانىغا ئوخشاتساق، خۇددى ئۇنىڭ سەھنىسىدەك قىشمۇ ـ ياز گۈل ـ گىياھلار بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان گۈلزارلىق تاغ باغرى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى جاي ئىدى. بۇ جايدىن قارىغاندا شەھەرنىڭ ھەممە مەنزىرىسى، كوچىلىرى، ئۆيلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ھازىرغىچە ھېچكىم بۇ يەرگە ئۆي سېلىش خىيالىنى قىلىپ باقمىغان ئىدى.

قادىرجان مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىر نەچچەيلەننى، تامچى ئۇستىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى باشلاپ، گۈلزارلىقنى كۆرگىلى كەلدى ـ يۇ، بىر قاراپلا ئۆي سېلىش قارارىنى بەردى. ئۇ:

_ رەھمەت ئەقىللىق قىزىم، سېنىڭ گۈلزارلىقىڭغا كۆچۈپ كېلىمىز، ـ دېدى ـ دە رابىيەنى كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە سۆيدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ يېڭى ئۆي قۇرۇلۇشى باشلاندى.

قادىرجان تاغ باغرىدىن 10 مو يەرنى پىلانلاپ توسىدى. قورۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۆزىگە بەش ئېغىز، ئاكىسىغا بەش ئېغىز ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، قوش دېرىزە، تام مەشلىك رۇس پاسونى ئۆي ياساش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، قارا قوچقارنى بوغۇزلاپ قان قىلدى ۋە زىراخەتمىدىن كېيىن <<بىسمىللاھ>> دەپ تانا تارتتى. قورۇقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كەڭرى كەتكەن گۈللۈك ياسىدى. ئەڭ تۆۋىنىگە بولسا، ياڭيۇ ۋە باشقا كۆكتاتلارنى تېرىيدىغان ئېتىز ـ چۆنەكلىرىنى قىرلىدى. گۈللۈك بىلەن كۆكتاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ ئېرىق ياساپ، تاغ باغرىدىكى ساينى بويلاپ ئېقىپ چۈشكەن شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى كېسىپ ئېرىققا باشلىدى. ئېرىقنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى چۈشۈرگىسىگە تۈگمەن ئورۇنلاشتۇردى. 10 مولۇق قورۇقنىڭ چۆرىسىنى بويلاپ ئالدى ـ كەينىگە ۋە ئىككى يېنىغا رەت ـ رەت تېرەك كۆچىتى تىكتى.

قۇرۇلۇش نۇرغۇن چىقىم بىلەن ئۆرە بولدى. بار بىساتىدىن، كىرىم كىرىدىغان دۇكانلىرىدىن ئايرىلغان قادىرجان، ئايالىنىڭ ياخشى كۈننىڭ يامىنىغا دەپ ساقلاپ قويغان كېپەك ئالتۇنلىرىنى ھۆكۈمەت بانكىسىغا ئەرزان باھادا سېتىپ، ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى، ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋالدى. مەدىكارلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، يىل ئاخىرىدا قادىرجاننىڭ گۈلزارلىقتىكى ھەيۋەتلىك «داچىسى» پۈتۈپ، ئالتاي جامائىتى ۋە مەشرەپ ئەھلى ئۆي چېيىغا داخىل بولدى.

_ بەك ئۇزاققا چىقىۋالدىڭىز قادىرجان، ئاخشىمى ـ ئەتىسى پاراڭلىشىپ كېلەيلى دېسەك، خېلى ماڭغىدەكمىز، ـ دېدى مەسچىت ئاقساقىلى مويسىپىت ئالىم ھاجىم قادىرجانغا قاراپ. قادىرجان

مەمنۇنلۇق بىلەن:

_ شۇنداق بىر ئاز يىراق بوپقالدى، جاھان مۇشۇنداقلا بولسا، بەلكىم ئەتە ـ ئۆگۈن ھەرقايسىلىرىمۇ شەھەرنى شەرمەندىلەرگە تاشلاپ بېرىپ، بۇياققا يېنىپ كېلىشەلا، شۇ تويمايدىغانلارنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن دېدىم، ئاكا، قانداق؟ ـ دەپ جاۋاب بەردى.

_ شۇنى دېمەمسىز، بۇرۇنلاردا چوڭلار ئەجەل بىلەن كېتىدىغان، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن بىرسى ئۆلۈمگە، بىرسى ھەپسىگە كېتىۋاتىدۇ. ئازلاپ كەتتى كونىلار، بىر ـ ئىككىدىن يوقاپ كېتىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە 5 ـ 6 يىل ئاۋۋال كەلگەن خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ ئەرلىرىمۇ تۇغۇۋاتامدۇ نېمە، ئەجەبمۇ كۆپىيىپ كەتتى بۇ نېمىلەر، ئاستا ـ ئاستا بىزلەرنىمۇ شەھەردىن سىقىپ چىقىرىدىغاندەك قىلىدۇ، ـ دەپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى مەھەللىدىكىلەر.

يىل ئۆرۈلۈپ ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ، تاغ باغرىدىكى ياپيېشىل چىملىق ۋە رەڭگارەڭ مودەن گۈللەر، لەيلى قازاقلار، مامكاپ گۈللىرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان، كۆك رەڭدە چىرايلىق سىرلانغان بۇ قورۇ جاي ئالتاي شەھىرىگە داڭ كەتتى. ھەممە كىشى خۇرسەن بولۇشۇپ، بۇ ئەتراپلارغا كۆچۈپ چىقىشقا ھەۋەسلەندى. قادىرجاننىڭ ئۆيىنى باھارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى ئىچىدە كۆرگەن ھېلىقى ۋاڭ قوماندان:

_ ئەييا، خۇاڭفۇ (شاھ ئوردىسى)، چاپسان دۇربۇننى ئەپچىق، _ دەپ سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ، ـ كۆرۈشتۇڭمۇ لەۋۋالار، ئۆيىنى تارتىۋالساق، ئۇنىڭدىن ئېسىل قىلىپ ياسىۋالغىنىنى، سەن ھۇرۇنلار تېخىچە پاسكىنا چوشقىدەك گەمىدىن

چىقماي يېتىشسەن. بۇ ئەمگەكچان خەققە تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك، ـ دېگەنىمىش.

قادىرجاننىڭ قورۇقى ئەتراپىغا تىكىلگەن تېرەكلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا، گۈللۈك ئىچىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن باغ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. قادىرجان ئېتىزغا ياڭيۇ، سەۋزە دېگەندەك كۆزلۈك ۋە لازا، پەمىدۇر، پۇرچاق دېگەندەك ئەتىيازلىق كۆكتاتلارنى تېرىۋەتتى. چوڭ ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ تۈگمەننى پىرقىرىتىپ ئېتىزلىقنىڭ چېتىنى بويلاپ شەھەرگە ئېقىپ كىرىپ كېتەتتى.

قادىرجان ۋە تاجىنىساخان كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئىشلەيتتى. ئەمدى ئۆيدە خىزمەتچى يوق. نان يېقىش، كالا سېغىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئاش ـ تاماق قىلىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تاجىنىساخانغا قالغان ئىدى. ئېغىر ئاياق ئانىسىنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رابىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قولىدىن كېلىشىچە ئانىسىغا ھەمكارلىششقا تىرىشاتتى. ئۇ ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدى.

## تىرىكچىلىك يولىدا

قادىرجان يىللارچە مېھنەت قىلىپ بەرپا قىلغان چىرايلىق ھويلىسىنىڭ پېشايۋىنىغا سېلىنغان ئانار گۈللۈك قىزىل گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. قورۇ ـ جاي ئىشلىرى، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق دېگەنگە ئوخشاش تىرىكچىلىك يوللىرى ئەمدى يولىغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى. بالىلارنىڭ ئالدى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. رابىيمۇ مانا بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. مەھەللىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپ بولمىغاچقا، ئۇ قازاق دوستلىرى بىلەن

بىللە، قازاقچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. قادىرجان ئالتە بالىسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزلىرىغا:

_ ياخشى ئوقۇڭلار باللىرىم، مەن سىلەرنى ئۈرۈمچى، تاشكەنت ھەتتا موسكۋالارغىچە ئاپىرىپ ئوقۇتىمەن، ـ دەيتتى ھەر دائىم. يەنە كېلىپ ۋاپادار قادىرجان ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بېقىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ئەتىگەندە پېشايۋاندا گىلەم ئۈستىگە كەڭ داستىخان سېلىندى. داستىخانغا كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ماي ئارىلاشتۇرۇپ، سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ تونۇردا پىشۇرغان يوغان قىپقىزىل نانلار، ھەسەل، خام قايماق، سېرىق مايلار، يېشىل ئۈزۈم، ياڭاق، بادام، ئۆرۈك مېغىزلىرى ھەمدە قارىقات، گىلاس، غۇنچە ئۈزۈم مۇراببالىرى تىزىلدى. تەكشى توغرالغان يوپ ـ يۇمىلاق قېزا گۆشلىرى داستىخاننىڭ تۆت بۇرجىكىگە قويۇلدى. تاجىنىساخان پېشايۋاننىڭ بىر بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان ساماۋەردىن چۆگۈنگە قايناقسۇنى ئېلىپ ئاچچىق تەم چىقىرىپ چاي دەملىدى ـ دە، يېنىدىكى كورىغا سۈت بىلەن تۇزنى تەڭشەپ ئەتكەن چاي راسلىدى. قادىرجان ئالدى بىلەن ئاكىسىنى، يەڭگىسىنى چايغا چاقىردى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان باللار چۇرقىرىشىپ ئۆي ـ ئۆيدىن چىقىپ داستىخانغا، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. باللارنىڭ بەزىلىرى گەردۈن چىنىدىكى قايماق چايغا ناننى تۇگۈرۈپ يېسە، بەزىلىرى نانغا ھەسەل، ماي سۈركەپ يەپ چاينى ئوتلايتتى. چوڭلار ناننى چىنىدىكى چايغا چىلاپ، چىلان رەڭلىك ياغاچ قوشۇقلاردا ئېلىپ يەيتتى. ئۈزۈن سوزۇلىدىغان ئەتىگەنلىك ناشتا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ يېقىملىق يىغىلىشى ھېسابلىناتتى. ئائىلە تۈزۈمى بويىچە ھېچكىم

ناشتىغا كېچىكمەيتتى. ناشتىدا كىچىكلەر چوڭلار ئالدىدا پەقەت ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. ناشتىدىن كېيىن چوڭلار دۇئا قىلاتتى، ئاندىن ھەممە ئۆز ئىشىغا ئالدىرايتتى. قادىرجاننىڭ ئاكىسى كىچىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ گۈللۈككە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار تاكى ھېرىپ قالغۇچە ئوت ئوتايتتى، توپا يۆلەيتتى، ھارام شاخلارنى پۇتايتتى. ئېرىق چۆنەكلىرىنى ئېچىپ گۈللەرنى سۇغىراتتى. باللارنىڭ چوڭلىرى مەكتەپكە ئالدىرىشاتتى. قادىرجان چايدىن ئاۋۋال ئېغىلدىكى سىيىر - كاللارنى موزايدىن، ساغلىق قويلارنى قوزىسىدىن ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پادىلىرىغا قوشۇۋەتكەندىن كېيىن، ئارقانلاپ قويغان جايدىن ئاتلارنى يېشىپ، تۆگمەننىڭ ئايىغىدىكى ئېقىن سۇدا سۇغىراتتى. ئاندىن ئېگەر - جابدۇقلىرىنى توقۇپ، مىنىشكە تەييارلاپ قاڭتۇرۇپ قوياتتى. ئادەتتە ئاكىسىنىڭ ئېتىنىمۇ تەييارلايتتى. چايدىن كېيىن بىر دەمدىلا پېشىنگە ئەزان ئېيتىلاتتى. ئاكىسى مەسچىتكە نامازغا ئاتلىق باراتتى. قادىرجاننىڭ يەڭگىسى بىلەن تاجىنىساخان داستىخاندا ئەڭ ئاخىرىدا قالدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار قايماق چاينىڭ ئاخىرقى شامىسىنى چاينىغاچ داستىخاننى يىغىشتۇراتتى ھەمدە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپلا تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. بىرى ئېتىزغا كۆكتات تەرگىلى كىرىپ كەتسە، بىرى ئەلگەكتە ئۇن تاسقاپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلايتتى. قادىرجان ئىش - ئوقتىنى يولىغا سېلىپ قويۇپ، يازدا قىمىز - ئۆلەڭدە، قىشتا مەشرەپ - مۇقامدا، كۈزدە تويدا - ئوغلاقتا، ئەتىيازدا ئوۋدا - شىكاردا ئويناپ ئۆگىنىپ قالغان كۈندىلىك ھاياتىنى ئەسلەيتتى، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى دەپ، كۈندە 8 سائەت قاراپ ئولتۇرىدىغان، قەپەستەك ئىشخانىغا سولىنىپ قالىدىغان زېرىكىشلىك ئىشقا كۆنەلمەي ئىچى تىت - تىت

بولاتتى. كېيىنكى يىللاردا، ئۇ تىرىكچىلىك بىلەن ھەپىلىشىپ ھەتتا كۆپ گەپمۇ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھالال مېھنەتتىن ئالىدىغان ھۇزۇرى باشقىچە ئىدى. بولۇپمۇ تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەپ، پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەر ئاققاندا، دەم ئېلىش ئۈچۈن قورۇنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرغان ۋاقتى ھاياتىدىكى ئەڭ زوق بېغىشلايدىغان پەيتلىرى ئىدى. تاجىنىساخاننىڭ پەتنۇسقا سېلىپ چوڭ چىنىدە ئېلىپ چىققان مۇزدەك دوغاپ ياكى قېتىقلىرىلا، ئۇنىڭ دىققەت نەزىرىنى ھەمدە خىيال كەچمىشلىرىنى بۇزۇۋېتەتتى.

_ قارىغىنا خوتۇن، ئەگەر بۇ دۇنيادا راھەت بار دېسە، مانا مۇشۇ ئادەمزات ئارىلاشمىغان ساپ تەبىئەتتە لەززەت، ھۇزۇر، زوق، گۈزەللىك، پاكلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ جۇمۇ، بىردەم جىممىدە تۇرۇپ، ماڭا ئوخشاش بىر ئاڭلاپ باققىنە، سادىغاڭ كېتەي،

ـ قادىرجان بۇگۈن تاجىنىساخاننى ئالايىتەن يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن، يېقىملىق تەبىئىي ئاۋازلاردىن بىللە بەھر ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئاسمان كۆپكۆك، يەر ياپيېشىل، يىراقتىكى تاغلار قاپقارا ئۇغۇ جاڭگال.....

پېشايۋان لىم ياغاچلىرى، دېرىزە راملىرى، دەرۋازا ـ ئىشكلىرى نەقىشلەنگەن، سۇس كۆك رەڭلىك قاتار ـ قاتار ئۆيلەر، ئىشك ئالدىدا ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ يەرلىك ۋە ئورۇس گۈللىرى، قورۇنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان تەكشى ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر، ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان چەكسىز ـ پايانسىز تاغ گۈللىرى.... ھەممىسى قوشۇلۇپ گويا رېڭى تەڭشەلگەن يىپەك گىلەمدەك كۆركەم مەنزىرە......

يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان شارقىراتمىنىڭ گۇم ـ گۇم قىلىپ

چىقىرىۋاتقان تەكشى ئاۋازى، قورۇنى كېسىپ ئۆتكەن ئېرىقتىكى مۇزدەك سۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ يېنىك شىلدىرلىشى، پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ رىتىمسىز چىرىلدىشى، بۇلبۇل، كاككۇك، تورغايلارنىڭ چاقىلداپ سايرىشى، كالىلارنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ مۆرىشى، قويلارنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ئۇزاقلاردىن ھاۋشىغان ئاۋازى، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ مەيىن شامالدا شىلدىرلىشى...... ئاھ گۈزەل تەبىئەت! مۇڭلۇق مۇقام، ئىنسان يۈرىكىنى ياشارتىدىغان تەبىئەتنىڭ خورى.... مانا بۇ قادىرجاننىڭ، ئىشچان ئايالىنىڭ، ئوماق باللىرىنىڭ يۇرتى گۈزەل ئالتايدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ھايات خاتىرىسى ئىدى.

بەزىدە مەكتەپتىن قايتقان رابىيە، يۈگۈرگىنىچە كېلىپ دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنى دوراپ بارماق قولىنى ئاغزىغا تىك تۇتۇپ، »جىم« دەيتتى ۋە ئەتراپتىكى يېقىملىق تەبىئەت مۇزىكىسىنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى ھالال مېھنەت قويندا، گۈزەل تەبىئەت سەھنىسىدە ھەمدە يېقىملىق تەبىئىي خور مۇزىكىسىنىڭ شاۋقۇنلىرىدا تاۋلانماقتا ئىدى.

## ئىشچان قىز

رابىيە 9 ياشقا كىرگەن يىلى يەنى 1957 ـ يىلى ئۇنىڭ دادىسى قادىر جىڭلى، ئىشلەۋاتقان يېمەكلىك شىركىتىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش سىياسىي ئۆگىنىشكە مەجبۇرىي قاتناشتى. قادىرجان بۇنى تۈرمىگە ئوخشىتاي دېسە، ئەتىگەندە ـ كەچتە ئىختىيارىي تاماقنا چىققىلى بولىدۇ. يەكشەنبە كۈنى يەنە ئۆيگە بېرىپ كەلگىلى رۇخسەت قىلىدۇ. تۈرمە

ئەمەسمىكىن دېسە، ئاخشاملىرى جىددىي ئۆگىنىش داۋامىدا، تۇرۇپلا بىرسىنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ:

_ سەن شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسىدە ئەسكەر بولۇپ نەچچە خىتاي ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈڭ؟

_ كومپارتىيە كەلگەندە ئوسمان باندىتلارغا نېمە دەپ خەۋەر يەتكۈزدۈڭ؟

_ بىزنىڭ ئارمىيىمىزگە قارشى نېمە سۆزلەرنى قىلدىڭ؟ نېمىلەرنى ئويلىدىڭ؟ ـ دېگەندەك سوئاللار بىلەن سوراقلا تارتىپ، يوقالسۇن دەپ شوئار توۋلاپ كۈرەش قىلىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنى شۇ كۈرەش داۋامىدىلا ساقچىلار قولىغا تاقاق سېلىپ تۇتۇپ كېتىپ تۈرمىگە سولىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھېچكىم ئۆيۈمدە ئىشىم بار، كېتىمەن دېيەلمەيدۇ. ئەكسىچە ھەممىسى قاچان ماڭا نۆۋەت كېلەركىن دەپ يۈرىكى پوك ـ پوك تىترەپ ئولتۇرىدۇ.

قادىر جىڭلى بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا دەردى ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ:

_ نېمە كۈن بولدى بىزگە، ئارام خۇدا بىر كۈن يوق. «ئەلىخان تۆرەمنى كۆرگەنىدىم، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتۈرگەنىدىم، ئوسمان باتۇرنىڭ پالۋانلىرىغا بەش قوي بەرگەنىدىم» دەپ قويغانلارنىڭ ھەممىسى ھازىر چوڭ دۈشمەن بولۇپ قالدى. مەن بولسام ئۆمرۈم بويى مېھنەت قىلدىم. ئىشلەپ بالا ـ چاقامنى باقىمەن دەپ قىلمىغان ھۈنىرىم قالمىدى. ئەمدى مېنىمۇ مەسىلەڭنى ئېنىقلايمىز، ئاۋۋال ئۆزۈڭ تاپشۇر دەپ قىستاۋاتىدۇ. ئاللاھىم، ئالدىڭدا بىلىپ ـ بىلمەي نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، باللىرىمغا مۇنچە ئازاب بولغۇدەك؟!_ دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

ـ ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرى ساڭا قالدى خوتۇن، چىشىڭنى

چىشلە، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ـ دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ۋە ئېرىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققۇاتقان ھەسرەتنى چۈشىنىپ تاجىنىساخانىمۇ يىغلاپ كەتتى. باياتىدىن بېرى دادىسىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ ئوينىۋاتقان رابىيە بولۇۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەمدە دادىسى، ئاپىسىغا قاراپ تەڭلا يىغلاپ كەتتى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى تازا ئېنىق ئاڭقىرالمىسىمۇ «ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قالدى» دېگەن سۆزلەرنىلا چۈشىنەلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىغا قاراپ:

ـ ـ جېنىم دادا، خاتىرجەم ئىشلەۋەرگىن، ئاپامنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى مەن تەڭ قىلىمەن، ـ دېدى ئېسەدەپ تۇرۇپ.

شۇ كۈندىن باشلاپ رابىيەدە، ئاپىسىغا تەڭ قارىشىپ بېرىدىغان ئادەت يېتىلدى. رابىيە سەھەردە ئاپىسى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپىسى سىر ساققاندا، موزاينى تۇتۇپ بېرەتتى. سۈت سېغىپ بولغاندىن كېيىن، موزاينى قوزۇققا باغلىۋېتىپ كالىلارنى پادىغا ھەيدەپ قوشۇۋېتەتتى. ھويلا ئارامنى سۇ سېپىپ سۈپۈرەتتى. چاي تەييار بولۇش ئالدىدا قوي، قوزىلارنى، موزايلارنى ھەيدەپ چىقىپ كەڭ دالاغا قويۇۋېتەتتى. مەكتەپتىن كېلىپلا، قىر ئېشىپ ئىزدەپ يۈرۈپ، قوي پادىسىنى تېپىپ قويلىرىنى ھەيدەپ كېلەتتى. موزايلارنى قوزۇققا باغلىۋېتىپ، كەچتە پادىدىن يانىدىغان كالىلارنى قوتانغا سولايتتى. ئۇ ئاپىسىدىن كۆكتاتلىققا كىرىپ سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، ئوت ئوتاش، ھارام شاخ پۇتاشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ يەنە ئاپىسىنىڭ پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ چوڭ ئاپىسى بىلەن بىللە پاراڭلاشقاچ، شۇۋاقنى چىرايلىق ئۆرۈپ سۈپۈرگە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دوراپ يۈرۈپ، سۈپۈرگە ياساشنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ئىدى. رابىيە شۇنىڭ بىلەن، كۈندە بىر ـ ئىككى سۈپۈرگە ياساپ قولۇم ـ

قوشنىلارغا تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. كېيىن يەنە ئۇ، تاغدىكى ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغان مودەنگۈللەردىن گۈلدەستىلەرنى تەييارلاپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى. ھەممە ئۆيدە رابىيە تىزغان مودەنگۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بولدى. قوشنىلار رابىيەدىن سۆيۈنۈپ:

_ بۇ ئىشچان قىز رابىيە بۇۋى، ھەممىمىزنىڭ ئۆز قىزىمىزدەك كۆيۈمچان بالا بولدى، ـ دەپ ماختايدىغان بولدى.

رابىيە ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئورمانغا كىرىپ ئوتۇن، ئارچا ياغىچى، تېۋىلغا توشۇپ كېلەتتى. بەزىدە قوي بېقىپ قايتقۇچە ئۆزى بىر دۆۋە ئوتۇننى مورىسىگە ئارتىپ ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىدىن ئۇزۇن ۋە يوغان تېۋىلغا شاخلىرىنى مەھكەم چىگىپ ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى مورىسىدىن ئارتىپ قولىدا چىڭ تۇتۇپ، ئېڭىشىپ كىرىپ كەلگىنىدە، ئالدىغا ئانىسى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

_ قېنى سەن قىزىم، ئوتۇننىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قاپسەنغۇ؟ ـ دەپ مورىسىدىن ئوتۇننى چۈشۈرۈۋالاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، رابىيە سۈپۈرگە، مودەنگۈل ئەكىرىپ بېرىدىغان يالغۇز موماي ھەيۋىخاننىڭ تاغ باغرىدىن بىر باغلام ئوتۇننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مورىسىدىكى ئوتۇننى ئالدى ـ دە ئۇنىڭغا:

_ موما، بۇندىن كېيىن سىز ئوتۇنغا بارماڭ، ھەممىنى مەن ئەكېلىپ بېرىمەن، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ھەيۋىخان مومايىنىڭ چەللىسى ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇرىغان ئارچا ياغاچلىرى، تېۋىلغا شاخلىرى ۋە قورايلار بىلەن توشۇپ كەتتى. بىر كۈنى ھەيۋىخان

موماينىڭ هويلىسىنى سۈپۈرۈۋاتقان رابىيەنى كۆرگەن ئاچىسى خاپا بولۇپ، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىرىپ ئاچچىقلاپ تۇرۇپ:

_ نېمە قىلىۋاتىسەن سىڭلىم، ھەممە ئادەمگە سۈپۈرگە، گۇل تارقىتىپ، ئوتۇن تېرىپ بېرىدىغان، خەقنىڭ غالچىسىمۇسەن؟ ئەمدى قورۇلىرىنى سۈپۈرگىلى تۇرۇپسەن، سەت ئەمەسمۇ بىزگە؟ ـ دېدى.

_ قانداق قىلىمەن ئاچا،ـ دېدى رابىيە ئاچىسىغا يالۋۇرۇپ، ـ شۇ بىچارىلەرنى كۆرسەم چىدىمايمەن، ھەممىسىنى ئۆزۈمنىڭ دادامدەك، ئاپامدەك ياخشى كۆرىمەن، بىر ئاز بولسىمۇ جاپاسىنى يېنىكلەتكىم كېلىدۇ.

رابىيە مەكتەپتىمۇ شۇنداق تىرىشچان ھەم ئىشچان ئىدى. ئۇ دەرسلىرىدە ھەممىسىدىن ئەلاچى بولۇپلا قالماستىن، مەكتەپتىكى تەنتەربىيە، ناخشا ئېيتىش پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۇستا ئىدى. مەكتەپ باغچىسى رابىيە تېرىغان ۋە كۆچۈرۈپ كەلگەن ھەر خىل گۇللەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. مەكتەپتە مۇئەللىملەر، مەھەللىدە چوڭلار ھەممىسى ئۇنى ياخشى توناتتى. چوڭلار ئۇنىڭغا زوقلىنىپ:

_ بۇ خاسىيەتلىك بوۋاق ئەمدى ئىشچان قىزغا ئايلاندى، كىچىككىنە تۇرۇپ ھەممە كىشىنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولدى. چوڭ بولسا قانداقمۇ جەسۇر قىز بولار؟ ـ دېيىشەتتى.

قادىرجان ئىشتىن ھارغىن يېنىپ كېلىپ، ھېرىپ كەتكىنىدىن ئاران ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلىغىنىدا، رابىيە ھامان يېنىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، دەرھال دادىسىنىڭ دولىسىنى، پۇتلىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ قوياتتى.

_ دادا، چوڭ بولسام سىزنىمۇ، ئاپامنىمۇ ھېچ ئىش قىلغۇزمايمەن. ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن، بولسا تېخى

مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم باقىمەن، ـ دەيتتى بالىلارچە. دادىسى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆكەتتى...

## ئاپەتلىك يىللار

1960 ـ يىلى قىشتا شۇنداق جۇدۇن بولدىكى، ياغقان قېلىن قار دەستىدىن ھېچكىم ئۆيىدىن قىمىرلىيالمىدى. مەكتەپلەر تاقالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئىشلىيەلمىدى. پەقەت ئۆيدە يەپ ياتماقتىن باشقا چارە قالمىدى. سوغۇق ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ يەم ـ خەشەكلەر يېتىشمەي مال ـ چارۋىلار ئاچ قالدى. قىشچە چىلبۆرىلەرمۇ شەھەرگە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ قويلارنى تەڭ يېيىشىپ بەردى. قىشچە قاتتىق سوغۇققا چىدىمىغان بوغاز سىر، ساغلىقلار موزاي ـ قوزىلىرىنى تاشلىۋەتتى. ‹ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك› دېگەندەك ھۆكۈمەت ئۇن، گۈرۈچ بولامدۇ، گۆش، ياغ بولامدۇ ئىشقىلىپ يېگۈدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى كۆز پەسلىدىلا ئاپەت بولغان خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كەتكەن ئىدى. دۇكان، ئاشخانىلار قۇرۇقلىنىپ، مەشكە ياققۇدەك ئوتۇن تاپالماي تاقىلىپ قىلىۋاتاتتى. ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى، ھۆكۈمەت پولات ـ تۆمۈر تاۋلاپ، ئەنگىلىيىدىن ئېشىپ كېتىش شوئارى بىلەن، كۆيگۈدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېقىپ كۆيدۈرۈپ، ئېرىگىدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېرىتىپ تاغ جىلغىلىرىنى داشقال، شاخارغا توشقۇزۇۋەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ شەھەر، يېزا ـ قىشلاق ھەممە يەردە يېگۈدەك نەرسە قالمىدى. خەلق ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

ئەتىيازدىن كېيىن ھاۋا بىر ئاز ئىللىشقا باشلىغاندا، رابىيە قولىغا كىچىك گۈرجەكنى ئېلىپ، ئالدىنقى يىلى بىختۇەن دېگەن

ئەسكەرلەر ياڭيۇ تېرىغان كەڭ دالاغا بېرىپ يەرنى كولاپ باقتى. گۈرجەك چۈشكەنلا يەردىن بىرەر تالدىن ئۇششاق ياڭيۇ چىقاتتى. بەزىدە خېلى يوغان ياڭيۇلارمۇ چىقىپ قالاتتى. ئۇ بىرەر سائەت كولاپلا يوغان بىر سېۋەتنى، ئۈششۈك تەككەن ياڭيۇغا تولدۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۆيدە ھەممىسى چۇقۇرىشىپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. رابىيە ئەتىسى مەھەللىدىكى قىز - ئوغۇل ئون نەچچە بالىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا ياڭيۇ كولاشنى ئۆگەتتى. دېمىسىمۇ بۇلتۇر كۈزدە بىختۇەن دېگەن ئەسكەرلەر ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەرنى كولاپلا يوغانلىرىنى ئېلىپ، قالغىنىنى تاشلاپ، سائىتىگە قاراپ ۋاقىت توشتى دەپ، ئىشتىن قېچىپ تۈگىدى دەپ كېتىپ قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى كۈندىن كېيىن، قارنى ئاچ، يەيدىغىنى يوق بىر مۇنچە ئۇيغۇر، قازاق خەلقى گۈرجەك، تاغارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دالاغا چىقىپ ياڭيۇ تېرىشكە باشلىدى. ھەممە كىشى بۇ ئەقىلنى تاپقان رابىيەنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشتى. ئاقساقاللار رابىيەنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، دۇئالار قىلىشتى.

رابىيە بىر كۈنى ھەيۋىخان مومايغا ئوتۇن ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن تاغ قاپتىلىدىكى دالىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئېدىرلىققا چىقتى. ئۇ ئوتۇننى يۈدۈپ كېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز پۇتلىشىپ يىقىلدى. تاغ ئېدىرلىرىدىكى قار تېخى تەلتۆكۈس ئېرىمىگەن بولۇپ، رابىيەنىڭ پۇتىغا قار ئاستىدىكى بىر باغلام بۇغداي چۈنچىسى پۇتلاشقان ئىدى. بۇلتۇر يەنە شۇ بىختۇەن دېگەن ئەسكەرلەر مۇشۇ ئېدىرلىقتا بىنەم ئېچىپ بۇغداي تېرىغان ئىدى. ياز ئاخىرىدا بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار بۇغدايلىرىنىمۇ چالا - بۇلا ئورۇپلا قالغىنىنى تاشلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىختۇەن ئەسكەرلىرى ئايلىق مائاش ئېلىپ ئىشلىگەچكە، قوڭغۇراق چېلىنسىلا ئىشنى تاشلاپ

قاچاتتی. ئۇلار ئۇچۇن هوسۇل مۇهىم ئەمەس، سائەتنىڭ چاپسانراق توشۇشى مۇهىم ئىدى. شۇڭلاشقا بۇغداي باشاقلىرى ھەتتا باغلام ـ باغلام  چۈنچىلىرىمۇ تاشلانغان يېرىدە قارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئىدى. رابىيە قولىغا چىققان بىر باغلام بۇغداي چۈنچىسىنى تۇتۇپ بىر هازا ئويلىنىپ قالدى. ئۇ:

_ توختاپ تۇر، ـ دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە، ـ ياخشىۇنىغۇ يەپ تۈگەتتۇق. بۇغداي يوق تۈگمەنمۇ توختاپ قالغان ئىدى. خۇدايىم بۇ داننى بىزگە نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ. مەھەللىدىكىلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەي، ئاچ قالغان بىچارىلەر بىر نەچچە كۈنلۈك بولسىمۇ بۇغداي بىلەن ئۇن تارتىپ لەخمەن ئېتىپ يەۋالسۇن.

بۇلتۇر كۈزدىمۇ رابىيەنىڭ ئاپىسى ئۇنى ۋە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى باشلاپ چىقىپ باشاق تېرىپ نەچچە تاغار بۇغداي يىغىۋالغان ئىدى.

رابىيە شۇ خىياللار بىلەن قايتىپ كېلىپ، مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغدى ۋە خۇددى مەكتەپتىكىدەك مەسلىھەتلىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

_ ھەممە ئۆيدە يەيدىغان نەرسە يوق، ئاچ قېلىۋاتىمىز، بۈگۈن ھەممىڭلار بىردىن خالتا ئېلىپ كەينىمدىن مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى ياخشى يەيدىغان نەرسە بار يەرگە باشلاپ بارىمەن.

_ رابىيە قىز،  يەنە ياخشىۇ كولامدۇق، نەدىكەن ئۇ ياخشىۇ؟ ـ دېدى بالىلار قىزىقىپ.

_ ياق ياخشىۇ ئەمەس، ئەمدى باشاق تىرىيمىز، ھەممە ئادەم كۈزدە باشاق تەرسە، بىز ئەتىيازدا باشاق تىرىيمىز. ھېلىقى بىختۇەن دېگەن ھۆرۈنلار تاشلاپ كەتكەن چوڭ ئېدىرلىقتىكى بىنەمگە بارىمىز،

- دېدى رابىيە.

بۇ يەرگىمۇ دەسلەپكى كۈنى باللار كېلىشتى. ئەتىسى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر قوزغىلىپ باشاق تىرىشقا چىقتى. باشاق تىرىشقا چىققان چوڭلار بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

تاغ ئېدىرلىقلىرى ئارىسىدىكى بۇ پايانسىز تەكشى يەر، ئەسلىدە ئالتاي شەھىرىگە ئەڭ يېقىن ھەم يايلاق ھەم قىشلاق بولالايدىغان ياخشى ئوتلاق ئىدى. شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر - ئىككىدىن مېنىش ئېتى بولۇپ، 300 - 400ئات مانا مۇشۇ ئوتلاقتا چۆپ يەيتتى. كىشىلەر ئاتلىرىنى ئىككى پۈتىدىن ئارقانلاپ ئىشىك ئالدىدىلا قويۇۋېتەتتى. ئاتلار ئۆدۈل مۇشۇ يەرگە كېلىپ كېچىچە ئوتلايتتى. ئەتىسى كىشىلەر ئۆدۈل بۇ يەرگە كېلىپ ئاتلىرىنىڭ ئايغىنى يېشىپ، ياۋداق مىنىپ ئېلىپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى پادىغا قوشۇلغان كالىلارمۇ يىراققا بارماي مۇشۇ يەردە ئوتلايتتى.

ئىككى يىل ئاۋۋال، بىختۇەن دېگەن ھېلىقى مىلتىقى يوق ئەسكەرلەر (كىشىلەرئارىسىدا، بۇلار گومىنداڭنىڭ ئەسىر چۈشكەن چېرىكلىرى بولغاچقا، گۇڭسەنداڭلار ئۇلارغا ئىشەنمەي مىلتىق بەرمەپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ خىتايلىرى بولغاچقا يەرلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرىنى كۆپ كۆرستىش مەقسىتىدە ئۇلارغا ئەسكەرچە ئىشتان - چاپان بەرگەنمىش، دېگەن سۆزلەر تارقالغان ئىدى) 10 - 15 تراكتورنى ۋارقىرىتىپ كېلىپ، ھېچكىمدىن سورىمايلا بۇ چىرايلىق ئوتلاقنى ئاغدۇرۇپ، بىنەم ئېچىپ ئۇرۇق چېچىۋەتتى. شەھەرگە ئەڭ يېقىن جايدىكى سۈيى ئەلۋەك، چۆپى قويۇق بۇ بىر پارچە ئوتلاقتىن ئايرىلىپ قالغان خەلق، بوز يەر ئاچقان ئەسكەرلەرنى يۈز مىڭنى قارغىغان ئىدى.

شۇ يىلى قىشتا، چارۋىچىلار نارازى بولۇپ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتقان ۋاڭ شۇجى دېگەن باشلىق ئەسلىدە ئاشۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، كېيىن ئەملى ئۆسۈپ ئالتايغا پارتكوم سېكرېتارى بولغان ئىدى. ئۇ، يېرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ ئەرز سۇنۇپ كىرگەن ۋەكىللەرگە:

_ ئالتايدا نېمە تولا ـ يەر تولا، نېمىنى تالىشىسىلەر؟ ئەسكەرلەر بوز يەر ئاچسا، خەلقنى بېقىش ئۈچۈن ئاچىدۇ. خەلق كوممۇناسىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا قارشى چىقىپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ خىيالىڭلاردا بۇ ئوتلاقلار بىزنىڭ دېمەكچىمۇسىلەر، بىلىپ قويۇڭلار، ئارمىيىمىز ھازىر چېگرانىڭ ھەممە يېرىگە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ بولدى. ئۇلار دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. بۇ چەكسىز زېمىنلار جۇڭگونىڭ زېمىنى. قارشى چىققۇچى ئەكسىلئىنقىلابچىلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يانجىپ تاشلىنىدۇ! ـ دېگەندەك تاپا ـ تەنىلەرنى ھەمدە پوپوزا گەپلەرنى قىلىپ، ۋەكىللەرنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، ھەر بىر قىشلاقنىڭ داڭدار بايلىرىدىن، ئوقۇغان ياشلىرىدىن 20 ـ 30 كىشى تۇيۇقسىز قولغا ئېلىندى. شۇ چاغلاردا چىقىدىغان يەرلىك گېزىتلەردە «چەت ئەل ئىشپىيونلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئالتاي شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان بىر ئوچۇم بۇزۇق كىشىلەر تار ـ مار قىلىندى» دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىندى. شۇ ئىشتىن كېيىن، بۇ بىر پارچە بىنەم يەرلا ئەمەس، 5 ـ 6 جايدا شەخسى ياكى كوللېكتىپ ئالتۇن كولاۋاتقان كانلاردىكى يەرلىك كىشىلەرمۇ تاسادىپىي قولغا ئېلىنىپ كېتىپ، كانچىلار تارقاپ كەتتى. ئالتۇن كانلىرى شۇ پېتى بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

كىچىككىنە قۇلاق موللىسى رابىيە، چوڭلارنىڭ يۇقىرىقىدەك شىكايەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى. ئۆيدە بولسا دادىسى دائىم يېقىن ئۆتىدىغان ئاغىنىلىرى بىلەن خۇددى شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىپ، ئالتايغا كەلگەن ئەسكەرلەرنى، بىخۇتۇن دېگەنلەرنى، يولسىز خىتاي باشلىقلارنى ئەيىبلەپ توختىماي قايناپ كېتىشەتتى. رابىيەنىڭ گۆدەك قەلبىگە خاتىرجەم ھاياتىمىزنى، باياشات تۇرمۇشىمىزنى مۇشۇلار كېلىپ بۇزۇپتۇ ـ دە، ـ دېگەن ئويلار ئاستا ـ ئاستا سىڭىشكە باشلىدى.

## سۇرگۇندىكى باللار

ئاچارچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالتاي شەھىرىدە تۈزۈكرەك ماگىزىن، ئاشخانا قالمىدى. چۈنكى ماگىزىننى ئاچىدىغان مال يوق، ئاشخانىنى ئاچىدىغان ئۇن، گۈرۈچ، ياغ يوق ئىدى.

ئۈرۈمچىدىن قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا ياغاچ، ئات، قوي، مەدەن، ئالتۇن توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ شوپۇرلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغاچقا، شوپۇر يىگىتلەر ھەممە يۇرتنىڭ خەۋەرلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈپ ئۇلگۈرەتتى. ھۆكۈمەت پۈتۈن يېگۇدەك ـ ئىچكىدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى خىتاي شەھەرلىرىدە قاتتىق ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان خەقلەرگە توشۇپ كەتكەنىمىش، ئايروپىلان ۋە يۈك ئاپتوموبىللىرىدا توشۇپ ئۇلگۈرتەلمىگەچكە، ئۈرۈمچىگىچە تۆمۈر يول ياساپ پويىز بىلەن ئۇياققا مال ـ دۇنيا، بۇ ياققا سەرگەردان كۆچمەنلەرنى يۆتكەۋاتقانىمىش. ئەجدىھادەك ئۇزۇن پويىزدا ھەر قېتىمدا 3 ـ 4 مىڭ

خىتاي بىراقلا كېلەرمىش. يالغۇز باي ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىلا 60 ـ 70 مىڭ ئۇيغۇر دېھقان يەيدىغان ھېچنېمە يوق، سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت بېرىلمىگەن ھالدا، ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئۇرۇقلۇق ئۇچۇن، ئۇرۇش تەييارلىقى ئۇچۇن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن دەپ زاپاس يىغىپ قويغان بۇغداي، قوناقلار بار تۇرۇقلۇق كوچىلاردا سۆرىلىپ ـ سۆرىلىپ ئاچتىن ئۆلگەنمىش.

ئۇرۇمچىدە ئاھالىلەرگە نورمىلىق دېگەن سىياسەت يۈرگۈزۈلگەنمىش، ھەر كىشى ئۇچۇن ئايدا 14 جىڭ قوناق، پۇرچاق، دادۇر قاتارلىق قارا ئۇن، 5 سەر ماي، يېرىم جىڭ گۆش، يېرىم توقاچ سوپۇن، 3 قېتىم ئاشخانىغا كىرىش بېلىتى، يىلدا بىر يېرىم مېتىر رەخت قاتارلىقلار ئۇچۇن بېلەتلەر تارقىتىلغانمىش. ئۇرۇمچىدە بىر ئايلىق مائاشقا ئاران ئىككى كىلو پېچىنە سېتىۋالغىلى بولارمىش، تېخى نورمىلىق تەمىنلەش بېلىتى بىلەن ئاشلىق بېلىتى بولسا، بۇ مىش ـ مىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، ئۆزىمۇ ئالتايغا يېتىپ كەلدى. كىشىلەر نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىر تۇتام بېلەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت ھەممە شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلەرنى خوتەنگە توپلاپ، ھىندىستاندىن زېمىن دەۋاسى قىلىپ چېگرادا سوقۇشۇۋاتقانمىش.

ھەممىدىن ۋەھىمىلىك خەۋەر غۇلجىدىن كەلدى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىق دەستىدىن جېنىدىن جاق تويغان كىشىلەر ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان. مەكتەپ بالىلىرى مەكتەپتىن قايتىپ نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقاندا، ھۆكۈمەت، ھەربىي رايون بىنالىرىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن تۇيۇقسىزلا شىددەتلىك يامغۇردەك ئوق ئېتىلىپ، بىر

مۇنچە كىشى ۋە كىچىك باللار ئۆلگەن. بۇ ۋەقە چۆچەك، بورتالالارغىچە كېڭەيگەن. ئارقىدىنلا كىملەردۇر يەرلىك خەلققە:

_ ھۆكۈمەت يېقىندا ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدىكەن، نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلەر كېلىۋاتقۇدەك، دەرھال چېگرادىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان رىسپوبلىكىسىغا قاچايلى، چېگرالار ئېچىۋېتىلدى، ـ دېگەن خەۋەرلەرنى تارقاتقان. خەقلەر قارىسا راست دېگەندەك رۇس پاسپورتى ئېلىپ قويغانلار مېڭىشقا باشلىغان. پاسپورتى يوقلارمۇ چېگراغا بارسا ھېچكىم توسمىغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرەر ئاي ئىچىدە، چېگرا پونكىتلىرىدىكى چېۋىننىمۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ئەسكەرلەر نەلەرگىدۇر يوقاپ كەتكەن. ھۆكۈمەت ئۆزى ئاپتوبۇس بەلگىلەپ غۇلجا خەلقىنى قورغاس چېگراسىغا توشۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ ئىلى، چۆچەك، بورتالا قاتارلىق جايلاردىن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بىر نەچچە يۈز مىڭ يەرلىك خەلق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت بۇ كىشىلەرنىڭ يۇرتلىرىغا خىتايدا ئاچ قالغان ھەربىيلىرىنى، ئاھالىلىرىنى ھەمدە تۇرمىلەردىكى قاتىل ـ جىنايەتچىلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانمىش. ھۆكۈمەت ھۆججەت چۇشۇرۇپ، بۇ يەرگە ئاساسى خەۋپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدۇ. چېگرا رايونلاردا يەرلىك ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشىسا ئىشەنچلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنى يۆتكەش كېرەك، دېگەنىمىش. بۇ خىل مىش ـ مىشلەرنىڭ 90 پىرسەنتى راست چىقىشقا باشلىدى.

مانا ئەمدى ئۆچىرەت ئالتايغا كەلدى.

1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئالتايدا چېگرا رايون ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش، تۆۋەنگە قىسقارتىش دېگەن تېمىدا تەشۋىقات يىغىنلىرى ئېچىلىپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش

ئىشلىرى جىددىي باشلاندى. ھەر زامان ئاپەتنىڭ بېشىغا، ھۆكۈمەتنىڭ شامىلىغا ئاۋۋال توغرا كېلىپ قالىدىغان قادىرجانغا بۇ شۇم خەۋەرنى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى كومپارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى دېگەن ئۇزۇن مەنسەپ بىلەن ئاتىلىپ، بۇ شىركەتتە ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغان ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان جاڭ فامىلىلىك خىتاي يەتكۈزدى:

ـ جىددىي ئۇقتۇرۇش بولغاچقا ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەلدىم، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى، دەرھال ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا بارماي تەييارلىق قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ، ـ جاڭ سېكرېتار شۆبە ھەربىي رايوندىكى تونۇشلىرىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتوسېكلىتىگە ئولتۇرۇپ، يەنە تېخى ئىككى خىتاي ئەسكىرىنى يېنىغا ئېلىپ، ھەيۋە بىلەن گۈركىرەپ كېلىپ، قەغەزنى بېرىپلا يەنە غارقىراپ كېتىپ قالدى.

موتسىكلىتنىڭ سۈرلۈك ئاۋازىنى ئاڭلاپ باللارنىڭ، چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلەردىن ئالدىراپ ئىشىك ئالدىغا چىققان ئىدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا قولىدىكى بىر ۋاراق خىتايچە خەت يېزىلغان قەغەزنى تۇتقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان قادىرجاننى كۆردى. مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بىر ـ ئىككىلەپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى.

ئۇقتۇرۇشتا، كومپارتىيىنىڭ پارلاق سىياستى نەتىجىسىدە، ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن، ماۋجۇشىنىڭ «مەمۇرىي ئورگانلار ئىخچام بولۇش» يوليورۇقىغا ئاساسەن.... قادىر جىڭلى كۈچا ناھىيىلىك يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە تەقسىم قىلىندى. 15 كۈن ئىچىدە شۇ جايغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى

كېرەك. ئائىلىسىنى شۇ تەرەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ـ دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان ئىدى.

قادىرجاننىڭ ھەپتىدىن بېرى يۈرىكى بىر پالاكەتنى تۇيۇپلا تۇراتتى. چۈنكى ئالتايدىكى ھەر بىر يەرلىك كىشى بۇ يەرگە ئارتۇق كەپقالغاندەك پاتماي، چەتكە قېقىلىپلا تۇراتتى. غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلغانلار 10 يىلدىن بېرى، بىردىن ـ ئىككىدىن تۇتۇلۇپ تۈرمىلەرگە كىرىپ كەتتى. ئالتاي كېرەيلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن، پالۋانلىرىدىن، ئوقۇغان ئۆلىما ـ زىيالىيلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنىپ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ھەپسخانىلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئىدى. ياپيېشىل تاغلاردا سۈت ـ قىمىز، ئايران ئىچىپ ئادەتلەنگەن قازاق ئاقساقاللىرى قۇم، بوران ئۇچۇپ تۇرغان دەشتى ـ چۆلدە قۇرۇق قوناق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ بىر ـ بىرلەپ ئاغرىپ ئۆلمەكتە، جەستى چۆللەردە ئىگىسىز قالماقتا ئىدى. ئەمدى بولسا قېپقالغان ئىككى توك ـ توك ئۇيغۇر بىلەن قازاقنى سۈرگۈن قىلىش جازاسىغا بۇيرۇماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا.

قادىرجان يېنىدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان خوتۇن، بالىلىرىغا، نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى ئېنىق ئاڭقىرالمىغان قوشنىلىرىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىچى ـ ئىچىدىن يىغا قاپلىۋالدى. ئۇ يۈرىكى سىقىلىپ ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك جىددىيلەشتى:

ئاھ خۇدايىم!_ دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ بىر چاغدا قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ، ـ بۇ دۇنيا ئەجەبمۇ تار كەلدى بىزگە، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىمىزغا پاتمىدۇق، قاچانغىچە تارتىمىز بۇ غېرىب ـ مۇساپىرچىلىقنى، ئاھ خۇدا... ئاھ خۇدا.... قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى، جېنىم بالىلىرىم، سىلەرنى

ماكانىڭلاردا خاتىرجەم باقالمىدىم، خەپ، خەپ... كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى.....

قادىرجان قوشنىلارنىڭ تەسەللىسى بىلەن، يىغا ـ زارە قىلىۋاتقان بالىلىرىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىردى. ئەمما خۇددى بىر مۇسىبەت بولغاندەك، خوتۇن ـ بالىلىرى قوشۇلۇپ ھەممىسى يەنە ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا تەسەللى ئۈچۈن، خوشلىشىش ئۈچۈن كىرگەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شۇم خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ئۈمۈمەن ئالتاي شەھىرىدە يەرلىك ھېچكىم قالماپتۇ. پۈتۈن ئالتاينى ئازاد قىلىشقا قوماندانلىق قىلغان ھەربىي باشلىق، داڭدار بايۋەچچە، يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاقساقىلى موللا ئىسلام شاڭزۇڭ، تاتار ئايالى پەرىدە خانىمنى ۋە ئالتە بالىسىنى ئېلىپ نەگىدۇر كەتكەنىمىش. نى ـ نى نوپۇزلۇق ئۇيغۇر ئەمەلدارلار، ھەر ئابرۇيلۇق مويسىپىت قازاقلار، بايلار، چارۋىدارلار، كونا مۇئەللىم ـ ئەپەندىلەر ئۈمۈمەن خەلقنىڭ ئاغزىدا نامى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خوتەنگە، قەشقەرگە، تارىمغا، چەرچەنگە دېگەندەك ھەر يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ھەممە كىشى يىغا ـ زارە بىلەن ماتەم تۇتقاندەك ئۆز ـ ئارا خوشلاشماقتا، بىر ـ بىرىگە رازىلىق بېرىشمەكتە ئىدى.

كۈن، سائىتى توشقاندا قادىرجاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۈستى يېپىلغان كوزۇپلۇق يۈك ئاپتوموبىلى توختىدى. ئۆينىڭ بىساتلىرىدىن پاتقانلىرى ئاپتوموبىلغا قاچىلاندى. تاجىنىساخان، رابىيە باشلىق 4 بالىسىنى ئېلىپ ئاپتوموبىلغا چىقتى. قىزلارنىڭ چوڭى ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ ئاقسۇ كوناشەھەردە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا ئۈرۈمچىدە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى.

قادىرجان ھۆكۇمەت ئادەملىرىگە، شىركەتتىكى ھېسابات ئىشلىرىمنى بوغۇپ ئارقىسىدىن بارىمەن دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، جېنىم چىقسىمۇ قارىغايلىقتا قالىمەن. ئاپشاركىلىرىم بىلەن بىللە ياشايمەن، تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتسىمۇ گۇزەل ئالتاي دىيارىدا جان بېرىمەن، دەپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

رابىيە ئانىسى ۋە ئاچا - سىڭىللىرى بىلەن بىللە يىغا - زارە ئىچىدە يولغا چىقتى.

# ئیککینچی بۆلۈم

# ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت سۆیگۈسی

# يېڭى ماكان

تاجىنىساخان، رابىيە ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئۇكىسىنى ئېلىپ ماڭغان يۈك ئاپتوموبىلى ئالتايدىن يىغا ـ زارە بىلەن قوزغىلىپ، ئېگىز ـ پەس يوللاردا چالداقشىپ يۈرۈپ، تاغ باغرىنى بويلاپ ئالتايدىن جۇڭغار ۋادىسىغا، ئۇ يەردىن ماناس ئاندىن ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە 4 ـ 5 كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاندىن توقسۇن، ئاغى بۇلاق چۆللۈكلىرىدىن ئۆتۈپ، 12ـ كۈنىدە ئاران ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. تاجىنىساخان، قادىرجان بولمىغاچقا ئۇ تەقسىم قىلىنغان كۆچا ناھىيىسىگە ئەمەس، ئۈرۈمچىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ئاقسۇ كوناشەھەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان چوڭ قىزى زۆھرەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارنى زۆھرە ئېرى قېيۇم بىلەن بىللە كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۆزلىرى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان قورۇدىكى بوش ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئاپتوموبىلدىن يۈك تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ چالا ـ بۇلا يۇيۇنۇپلا داستىخانغا كەلدى. قورۇ ئىگىسى ئايال سەپەر ئېشى ـ سۇيۇقئاش ئەتكەن ئىدى.

رابىيە قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، بۇ يەردىكى ھەر بىر نەرسىنى ئالتايدىكى ئۆيىدىكى نەرسىلەرگە سېلىشتۇرۇپ زەن سېلىشقا باشلىدى. ئالتايدىكى تاغ، ئورمان، يېشىل ئوتلاقلار بۇ يەردە يوق، ھەممە ئەتراپ قاقشال، چۆلدەرەپ قالغان. گۈل ـ گىياھلارغا پۈركىنىپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا ئەمدى سۇۋالمىغان سوقما تامدىن ياسالغان ھەممە يەردىن توپا توزۇپ تۇرىدىغان قورۇ، تاختاي ئۈستىگە سېلىنغان قىپقىزىل گىلەملەر ئورنىغا، توپىلىق كاڭ ئۈستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن يىرتىق كىگىز سېلىنغان. داستىخان ئورنىغا

رەڭگى ئېنىق ئەمەس بىر پارچە سۇپرا ئېچىلغان.

ئۇلارنىڭ ئالدىغا گەردۇن چىنىدە ئەمەس، يوغان غېدىر ئاپقۇرلاردا سۇيۇقئاش كەلدى، ئىچى قۇرۇپ ئېچىرقاپ كەتكەن باللار ياغاچ قوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپلا، ئالدىراپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. رابىيە ئاپقۇرنىڭ ئىچىنى قوشۇق بىلەن خېلى ئاختۇرۇپمۇ قىزىلچا كۆكى، چامغۇر كۆكىدىن باشقا يېگۇدەك بىر نېمە تاپالمىدى. ئۇ قاچىسىغا بەش ـ ئون قوشۇق سالغاندا بىرەر قېتىم بىرەر تال خېمىر چۆپى چىقىپ قالاتتى، باللارنىڭ قورسقى تويمىدى. ئۆي ئىگىسى بۇنى سەزدى ۋە ئۆزرە ئېيتىپ:

_ ھەي...... تەقدىرى قىسمەت، يول ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن باللىرىم. تازا قىينالغانسىلەر، يېرىم ئاچ، يېرىم توق، سەپەر دېگەن ئادەمنى نەچچە يىللىق ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئالتاي دېگەن جەننەتتەك گۈزەل ماكان دەپ ئاڭلايدىغان چوڭلاردىن، رىزقىڭلار كۆتۈرۈلۈپتىكەن، نېسىپ بولماپتۇ ئۇ يەردە ياشاش، بۇ يەرلەرغۇ 10 يىللار ئاۋۋال بۈك باراقسان باغ، گۈللەرگە تولغان چىرايلىق يۇرت بولىدىغان. نەدىنمۇ كەلدى بۇ قارىۋاشلار، بەرىكەت ئۇچقىلى تۇردى. كوممۇنا دەپ ئۆيدىكى ھەممىنى ئېلىپ تۈگەتتى. مانا ئەمدى يەيدىغانمۇ يوق، تۈگلۈككە قاراپ ئولتۇرىدىغان ئىش بولدى. سىلەرنى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ قوشنىمىزدىن بىر سىقىم ئۇن قەرز ئېلىپ، ئۆيدىكى كۆكتاتلار بىلەن ئىلەشتۇرۇپ بۇ ئاشنى تەييارلىدۇق. باللار تويمىغان بولساڭلار زاغرا يەڭلار، ـ دېدى ـ دە، ئويۇقتىكى تەڭنىدىن يوغان ساپسېرىق بىر ناننى ئېلىپ بىر نەچچە پارچە قىلىپ ئوشتۇپ، باللارنىڭ ئالدىغا بىرەر پارچىدىن قويۇپ قويدى. رابىيە قاتتىق زاغرىدىن بىر چىشلىمنى ناھايىتى تەستە چىشلەپ پارچىلاپ ئاغزىغا سالدى ـ يۇ، چاينىيالماي ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈپ قوۋۇزىدا

پىرقىرىتىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ قوناق نان بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ يولغا دەپ ماي ۋە سۇت بىلەن يۇغۇرۇپ يېقىۋالغان توقاچلىرى ئارغى بۇلاققا كەلگەندە تۈگەپ كەتكەنىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئاچلىق، قەھەتچىلىك ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بۇ يەردە قورساق غېمى ئەڭ چوڭ غەم ئىدى. زۆھرە ۋە قېيۇمنىڭ مائاشى بىر ئايغا يەتمەيتتى. چۈنكى كىچىك باللار ئۇچۇن قاراڭغۇ بازاردىن ئۇن، ياغ ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. مەكتەپتىن ئۇلارغا بەرگەن ئاشلىق بېلىتى، تاماق يېيىش نومۇرى بىلەن 5 ـ 6 سوم پۇلغا ئاشخانىدىن بىر كىشىلىك تاماق سېتىۋېلىپ، توغرىسى بىر قاچا پۇرچاق قورۇمىسى بىلەن تۆت دانە هورنان سېتىۋېلىپ، ئۇنى يېمەي ئۆيگە ئەكېلىپ، 9 ـ 10 كىشى بۆلۈپ يېيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق يېگەن هالەتتىمۇ بىر ئايلىق مائاش ئون نەچچە قېتىمدىلا تۈگەيتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەھەللە كومىتېتى دېگەنلەر تاجىنىساخاننىڭ قولىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېزىغا تەقسىم قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنى ئاڭلاپ زۆھرە مەكتەپ تەشكىلىگە «ئاپام يالغۇز، ئەمگەك كۈچى يوق، باللار كىچىك، ھەممىسىنى ئۆزۈم باقىمەن» دەپ يۈرۈپ ناھىيىدە ئېلىپ قالدى.

تاجىنىساخان دەسلەپ، قىلچە ئىككىلەنمەي قۇلىقىدىكى بىر جۈپ هالقىسىنى چىقىرىپ بازاردا يوشۇرۇن زەرگەرچىلىك قىلىۋاتقان ئۇستامغا ئەرزان باھادا ساتتى. بۇ كۈنلەردە بۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتقانلار شۇ هامان قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىناتتى. يەنە كېلىپ بازاردا سېتىۋالغۇدەك ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، ھېچبولمىغاندا نانمۇ يوق ئىدى. رابىيە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇكىسىنى

يېتىلەپ بازار قۇشخانىسىنىڭ كاللا، پاچاق ساتىدىغان دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا 150 ـ 200 ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۆچىرەتتە تۇراتتى. دۇكان ئېچىلغاندا رەت بىلەن كاللا، پاچاق ۋە شورپىسىنى سېتىپ ئالاتتى. قۇشخانىدا ھەر كۈنى سويۇلغان بىر نەچچە قوينىڭ گۆشى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا، ھەربىيلەرگە، يەنە كىملەرگىدۇر تارقىتىپ بېرىلەتتى. قالغان كاللا، پاچاق كېچىچە داشقازاندا قايناپ پىشقاندىن كېيىن، ئەتىگەندە ئۆچىرەتتە تۇرغان خېرىدارلارغا سېتىلاتتى. رابىيە جاۋۇردىكى ئىككى كىشىلىك كاللا، پاچاق ۋە شورپىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلەتتى. ھەممىسى ئەتىگەندە كاللا، پاچاق گۆشلىرىنى ئاز ـ ئازدىن تەقسىملەپ يەپ، شورپىسىغا كەچتە كۆكتاتلارنى قوشۇپ، قوناق ئۇن چېلىپ ئۇماچ ئېتىپ ئىچەتتى. بۇ خىل تىرىكچىلىك ئۇزۇن داۋام قىلدى. قوشنىلار بۇلتۇر ئاچارچىلىقتا ئەتراپتىكى يۇرتلاردا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاچ قېلىپ ئۆلگەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۈكرى قىلىشنى تاپىلىدى. تاجىنىساخانىنىڭ ھالقىلىرى، ئۈزۈكلىرى، بىلەزۈكلىرى تۈگىدى. زەرگەر ئۇستام سىناقتىن ئۆتۈپ ئىشەنچلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇ، تىقىپ قويغان كېپەك ئالتۇنلىرىنى ئازراقتىن سېتىپ، پۇلىغا ئۇن، نان، كاللا، پاچاق دېگەندەك يەيدىغان بىر نېمىلەرنى سېتىۋېلىپ قىشنى ئاران چىقىرىۋالدى.

رابىيە ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن، ئۇكىسىنى يېتىلەپ مەكتەپكە ماڭاتتى. ئۇكىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئوتتۇرا مەكتەپكە باراتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئالتايدا قازاق تىلىدا ئوقۇغان بولسا، ئەمدى ئاقسۇ ئونسۇدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا باشلىدى.

# قولى گۇل قىز

رابىيە ئالتايدىكى چېغىدا دادىسىغا، ئاپىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئەتىياز كىرىشى بىلەن ئۇ قورۇ ـ جاي ئىگىسىدىن ئىشىك ئالدىدىكى ئاق قالغان بىر مۇنچە بوش يەرلەرگە گۇل، كۆكتات تېرىشقا رۇخسەت سورىدى.

ـ ھۆكۈمەت بىر نېمە دېمىسىلا، تېرىۋەرسىلە قىزىم، سۇ ئەكىرىش بىر ئاز تەس بولارمىكىن؟ ـ دېدى مۇلايىم ئايال مەسلىھەت بېرىپ.

رابىيە ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى بوش جايدىكى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، قوراي يىلتىزلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ چىقتى. مەھەللە بېشىدىن كېلىدىغان تېنىپ كەتكەن ئېرىقنى ئېچىپ، سۇ باشلاشقا تەييار قىلىپ قويدى. ئاندىن بازاردىن پېدىگەن، مۇچ، پەمىدۇر، تەرخەمەك، ئۇزۇن ـ قىسقا پۇرچاق، كاۋا ئۇرۇقلىرىنى ئەكېلىپ تېرىۋەتتى. ئەتراپىغا چۆرىدەپ ھەر خىل گۇللەرنى تېرىدى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. كۆپ ئۆتمەي ئىشىك ئالدى كۆكىرىپ گۇللەر ئېچىلىشقا، كۆكتاتلار چۇشۇشكە باشلىدى. رابىيەنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلاردەك چىڭ تۇتۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلگەن قوشنىلارمۇ ئۆزىنىڭ قورۇسى ئالدىدا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، دەسلەپ بىر ـ ئىككىدىن بۇ گۇلزارلىق ئالدىغا كېلىپ ئولىشىۋېلىپ گۇللەرنى تاماشا قىلىدىغان، كېيىن بولسا ئۇلارمۇ گۇل، كۆكتات تېرىيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى بۇ مەھەللە يولىنىڭ ئىككى قاسنىقى، دەرۋازىلارنىڭ ئالدى ھەمدە قورۇلارنىڭ ئىچى گۇلزارلىققا ئايلاندى.

رابىيەلەر ئولتۇرۇۋاتقان قورۇنىڭ بۇلۇڭىدا تاھارەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ گەندىسىنى تازىلاش ھەم ئىغىر ھەم پاسكىنا ئىش ئىدى. رابىيە بۇ ئىشنى يىرگەنمەي ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ سەھەردە باشقىلار ئورنىدىن تۇرماستا ئەسكى داسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تاھارەتخانىنىڭ سالاسۇنىدىن گەندىنى تارتىپ چىقىرىپ، توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، داسقا سېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى كۆكتات ئېتىزىغا ئېلىپ بېرىپ، ھەر تۈپ كۆكتاتنىڭ تۈۋىنى كولاپ قىغنى كۆمۈپ ئوغۇتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ تېرىغان كۆكتاتلىرى بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئارقا ـ ئارقىدىن پىشىشقا باشلىدى. ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئاش ـ تاماق ئۈچۈن بازاردىن كۆكتات سېتىۋالمايدىغان بولدى. رابىيە ھەتتا ئەتراپتىكى كەمبەغەل، قېرى ـ چۆرىلەرگىمۇ كۆكتاتلارنى ئاپىرىپ بەردى. ئوخشاپ كەتكەن پەمىدۇر، كۆكمۇچ، تەرخەمەكلەرنى كوچىدىن ئۆتكەنلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان بولدى. ئۆيگە ئاز ـ تولا كىرىم كىرىشكە باشلىدى. ئاپىسى بۇ پۇلغا يېمەك، سوپۇن، كىرسىن دېگەندەك كۈندىلىك كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ خاتىرجەم بولدى.

رابىيە گۈللەر ئارىسىغا بىر غۇلاچ كەلگۈدەك يەرگە ئالتايدىن ئېلىپ كەلگەن ئوسما ئۇرۇقىنى چېچىپ قويغان ئىدى. ئوسمىلار بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسۈپ شۇنداق ئوخشاپ كەتتى. ئۇ مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، ھەر كۈنى ئۇلارغا ئوسما قويۇپ قويدى. بۇلارنى كۆرۈپ مەھەللىدىكى چوكانلارمۇ ئوسمىلارنى تالىشىپ ئېلىپ كېتىپ قويىدىغان بولۇشتى. رابىيە ئەتىگەندە گۈللۈك، كۆكتاتلىقتىن چىقىپ قورۇ ئىچىگە ۋە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يولغا سۇ چېچىپ ئاندىن پاكىز سۈپۈرەتتى. ئۇنىڭ سۈپۈرگىسىمۇ شىۋاق، چىغ، قورايلارنىڭ شاخلىرىدىن ئۆزى توقۇپ ياسىۋالغان

سۇپۇرگە ئىدى. كېيىن قولۇم ــ قوشنىلارنىڭ قىزلىرىمۇ دوراپ ئىشىك ئالدىنى سۇ چېچىپ سۇپۇرىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن مەھەللە گۈللۈك باغقا ئايلاندى. كوچىلار توپا توزۇمايدىغان بولدى.

مەھەللىنىڭ چېتىدە بىر ئائىلە تاز كىشىلەر بولۇپ، بېشى قاسماق ئۈچ بالىنىڭ دادىسىمۇ، ئاپىسىمۇ تاز ئىدى. بۇلارنىڭ پاسكىنىچىلىقىدىن يىرگەنگەن كىشىلەر، ئۇلار بىلەن ئاساسەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشمايتتى. ھەممە خەق بالىلىرىنى توسۇپ ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغىلى قويمايتتى. رابىيەنىڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇلارغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ دائىم چىرايلىق گۈللەردىن ئۈزۈپ، كۆكتاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ ئەھۋاللىشاتتى. رابىيە بۇ بىچارە كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ دەردى ـ قايغۇسى شۇ تاز كېسىلى ئىكەنلىكىنى ۋە داۋالىتىش ئۈچۈن پۇلى بولمىغاچقا كېسەل بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

رابىيە بىر يەكشەنبە كۈنى بازاردىكى تۆت كوچىغا ئۇسمىلىرىنى كىچىك ـ كىچىك باغلام قىلىپ سېۋەتكە سېلىپ تىزىپ ساتقىلى ئېلىپ چىقتى. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئارىسىدىن ھەر قانداق ئايال ياكى قىز ئۇسمىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كېتەتتى ـ دە، دەرھال سېتىۋالاتتى. رابىيە ئۇسما سېتىپ ئولتۇرۇپ، يېنىدىكى دورا ـ دەرمان سېتىۋاتقان سەكسەن خالتا دورىگەرنىڭ بىر ئايالغا تاز بالىسىنى داۋالاش ئۈچۈن دورا ياساپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، رابىيە بوۋايغا يالۋۇردى:

ـ جېنىم چوڭ دادا، مېنىڭمۇ ئۇكىلىرىم تاز بولۇپ قالغان ئىدى. ماڭىمۇ دورا ياساپ بەرگەن بولسىڭىز، قانچە پۇل كەتسە، ئۇسما، كۆكتات سېتىپ تاپقىنىمنى بېرىمەن. مانا بۇ بۇگۈنكى پۇلۇم.

ـ بولىدۇ قىزىم، مەن ياساپ بېرەي، ئەمما ئىككى تەلىپىم بار،

بىرى، مېنىڭ دورا ياساپ بەرگەنلىكىمنى ھۆكۈمەت ئادەملىرى ياكى ئەترەتتىكى ئاكتىپلار كۆرۈپ قالمىسۇن. بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدىم. ئىككىنچىسى، دورىلارنى ياساش ئۈچۈن پۇل ئۆكسۈپ قالسا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، - دېدى بوۋاي ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ.

شۇنداق قىلىپ رابىيە ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئۇسما، كۆكتات ۋە يوغان كاۋىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ساتىدىغان، پۇلىنى بولسا دورىگەر بوۋايغا بېرىپ، قوش مۇشتەك قاپاققا قاچىلانغان سېرىق لايدەك قاتتىق ھەم ئاچچىق پۇرايدىغان دورىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ بازاردىن قايتىپ ئۇدۇل ھېلىقى تاز باللارنىڭ ئۆيىگە باراتتى. باللارنىڭ تۇماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، دورىگەر بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە، باللارنىڭ بېشىنى پاكىز يۇيۇپ ۋە قۇرۇتۇپ، سارمايدەك قويۇق دورىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چېپىپ چىقاتتى. ئۇلارغا يەنە كېلەر يەكشەنبە كۈنىگىچە ھەر كۈنى بېشىنى ئىككى قېتىم يۇيۇشنى، ئارقىدىن دورىنى سۈركەشنى تاپىلايتتى. ئىككى - ئۈچ قېتىمدىن كېيىنلا، پەرقلىق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقنى بايقىغان ئاتا - ئانىسىمۇ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ باللىرى بىلەن تەڭ داۋالىنىشقا باشلىدى.

ئارىدىن 3 - 4 ئاي ئۆتۈپ باللارنىڭ بېشىدىكى جاراھەتلەر تەلتۆكۈس ساقىيىپ، ئورنىغا قاپقارا يۇمران چاچ ئۈنۈپ چىقتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىمۇ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. رابىيەنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن بۇ ئائىلە كىشىلىرى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا توختىماي رەھمەت ئېيتتى.

مەھەللىدىكى ئۆزگىرىشلەر، تازلار ئائىلىسىنىڭ بېشىنىڭ ساقىيىشى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنى خۇرسەن قىلدى. مەسچىت

ئالدىدا ناماز ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان مويسىپىت بوۋايلار، ئۈچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا كەمچەت تۇمىقىنى كىيىپ، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان، توققۇز تال ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچىنى ئويىنىتىپ مەكتەپتىن قايتقان رابىيە ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ:

_ ئەسسالام چوڭ دادىلار، تىنچ تۇردۇڭلارمۇ؟ ـ دەپ سالام بېرىپ يەر تۆۋىنىگە قاراپ ئۆتكىنىدە:

_ بەللى، بۇ گۈزەل قىزىمىزدا بىر خاسىيەت بار جۇمۇ، ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردىن گۈل ئۈنىدۇ، پۇل ئۈنىدۇ، ئۇنىڭ قولى تەگكەن ئىشتىن بەرىكەت ياغىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ بەرگەن قولى گۈل قىز بۇ، ـ دەپ ماختىشىپ كېتەتتى.

## ئەلچى كەلدى

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. رابىيە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى 15 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئالتاينىڭ سالقىن تاغ ھاۋاسىدا توسۇن ئاتتەك ئەركىن ئويناپ كۆلۈپ ئۆسكەن رابىيە، باللىقىدىن تارتىپ ياخشى ئوزۇقلىنىپ بېقىلغان بولغاچقا ھەمدە ئۆزىمۇ توختىماي ئىشلەپ، ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا، ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش زىلۋا بوي تارتقان ئىدى. ئۇنىڭ ھەر دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قاپقارا يۇمىلاق قوي كۆزى، ئېلىپتەك تۈز كېلىشكەن بۇرنى، ھېچبىر گىرىمسىزلا قىپقىزىل لالىدەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مەڭزى ۋە لەۋلىرى ئۇنى تولىمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى. تىنىم تاپمايدىغان شوخ ھەرىكەتلىرى، قاپقارا ئۇزۇن توققۇز تال ئۆرۈلگەن سۇمبۇلدەك چاچلىرى مەھەللە يىگىتلىرىنى

ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى بولسا، بويىغا يېتىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا سەزمىگەندەك بالىلارچە ئوماق، سەكرەپ ئويناپ يۈرەتتى.

رابىيەنىڭ ئاچىسى زۆھرە ئەر - ئايال ئىككىسى ئىشلەپ تۇرۇپمۇ بالىلىرىنى باقالماي كۆپ قىيىنىلىپ كەتتى. بەزىدە قېيىۋم بىلەن ئىككىسى، ئاناڭنى، ئۇكىلىرىڭنى باقتىڭ دېگەندەك باھانىلەر بىلەنمۇ جېدەللىشىپ قالاتتى. زۆھرە ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ئالدىدا دائىم جېدەل - ماجىرا قىلىشۋېرىشتىن نومۇس قىلدىمۇ، ياكى ئېرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىدىمۇ ۋە ياكى بىر ئاز تىرىكچىلىك قىلغىلى بولىدىغان، ئۆي ئىجارىسى تۆلىمەيدىغان بىر يەرگە بېرىشنى ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ تەشكىلىنىڭ تەقسىماتى دېگەندەك باھانە بىلەن يىراق يەردىكى يېزا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەتتى. قورۇدا تاجىنىساخان تۆت بالىسى بىلەن قالدى. زۆھرە ھەر ھالدا داۋاملىق كېلىپ ئانىسى، ئۇكىلىرىنى پۇل ۋە يېمەكلەر بىلەن يوقلاپ تۇردى.

شۇ كۈنلەردە، قورۇ ئىگىسى پاتمىخان ئاچىنىڭ ئاقسۇ شەھەرلىك بانكىدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئابدۇرېھىم ئىسىملىك چوڭ ئوغلى تاجىنىساخانغا رابىيەنى سوراپ ئەلچى كىرگۈزدى. ئابدۇرېھىم ھەر ئايدا ئىككى - ئۈچ قېتىم بۇ قورۇغا ئاپىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ رابىيىگە كۆزى چۈشكەن ئىدى. يەنە كېلىپ، شەھەردە ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتقان يىگىتكە ھەر كىم خۇشاللىق بىلەن قىزىنى بېرىشكە رازى بولاتتى. ئابدۇرېھىممۇ شۇنداق تەمەننا بىلەن چوقۇم رابىيىگە ئۆيلىنىش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

_ باشلىرىغا بەخت قۇشى قوندى، قوشنام، يىگىت يالتىيىپ قالماستا تېزرەك ماقۇل دەپ توينى باشلىۋېتەيلى، - دېدى

تاجىنساخانىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ بىرسى. تاجىنساخان ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى سىپايىلىك بىلەن رەت قىلدى:

_ ھەر قايسىلىرىغا رەھمەت، بالامنىڭ دادىسى ئالتايدىن تېخى كەلمىدى. دادىسىدىن بىسوراق قىز چىقىرالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىشىلا، چوڭ قىزىم زۆھرە ئۇرۇمچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان. ئىككىنچىسى ھەجەرمۇ تېببىي ئىنستىتۇتنى تۈگىتىپ دوختۇر بولدى. ئەمدى قىزىم رابىيەگۈلنىمۇ ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە ياتلىق قىلالمايمىز. كەچۈرۈشىلا.

ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ، تىك ـ تىڭلاپ باقىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى تاجىنساخاننى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇنى ئاز دەپ بۇ يىل جۇتچىلىق ئېغىر بولدى. بىر مۇنچە جايدا كەلكۈن كېلىپ زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتتى. تاجىنساخاندەك بازار ئىچىدە ئولتۇرىدىغان يا تېرىلغۇ يېرى يوق، يا ئىش ـ ئوقەتى يوق كىشىلەرگە جان باقماق بەكلا تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھېچبىر ئامال قالمىدى. تاجىنساخان ئاخىرى باللىرىنى يىغىپ، خىيالىغا كەلگەن ئويىنى مەسلىھەتكە سالدى:

_ باللىرىم، بۇ يەردە نەچچە يىل چىشىمىزنى چىشلەپ ياشاپ باقتۇق. ئاناڭلارنىڭ تىقىپ قويغان بىساتلىرىمۇ تۈگىدى. ئەمدى چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى. نىمە كۆرسەك مەيلى، داداڭلارنىڭ قېشىغا ـ ئالتايغا كېتەيلى، دەپ ئويلاۋاتىمەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باللار چۇقۇرىشىپ كەتتى. رابىيە دادىسىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. ئالتايدىكى باياشات تۇرمۇش، كەڭتاشا ئوتلاق، ئازادە ئۆيلەر... ئەمگەكچان، تەدبىرلىك دادىسى ئېسىگە كېلىپ ھەممىسى كۆز يېشى قىلىشتى.

ئەتىسى تاجىنىساخان بىلەن رابىيە ئۆي بىساتلىرىنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇقلىرىنى سېتىپ يول راسخوتى راسلىدى. رابىيە ئاچىسى زۆھرەنى چاقىرتىپ خوشلىشىپ، سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن ئونسۇدىن ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ بىر دەڭگە چۈشتى. قېرىشقاندەك، بىر نەچچە ئايدىن بېرى قۇۋۋىتى بار تۈزۈك يېمەك يېمىگەن تاجىنىساخان، يول تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئاچ ـ توق قېلىپ، ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويغان ئىدى. يول ئۈستىدە تۇيۇقسىز قورسىقى ئاغرىپ زاداىلا قويۇۋەتمىدى. ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە كېلىپ دەڭگە چۈشكەندە بولسا، مىجەزى بۇزۇلۇپ يېرىم جان بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە رابىيە ئېشەك هارۋىسىنى چاقىرىپ كېلىپ ئانىسىنى دوختۇرغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ باردى.

ئانىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە يېتىپ قالغاندىن كېيىن، رابىيە بىر تەرەپتىن دەڭگە يۈگۈرۈپ ئۈكىلىرىغا قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىغا قاتراپ ئانىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە كۈن ئىچىدە، دوختۇرلار تاجىنىساخانىنىڭ هاياتىنى خەۋپتىن ساقلاپ قالدى، ئەمما ئالتايغا بارغىچە يەتكۈدەك يول كىراسى ئۈچۈن تەييارلانغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ئالدى. رابىيە هالسىزلانغان ئانىسى دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن، زۆھرە ئاچىسىنى چاقىرتىپ كەلدى. زۆھرە كېلىپ ئانىسىنى يوقلاپ 30 سوم پۇل بېرىپ، بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن خىزمىتى ۋە بالىلىرىنىڭ غېمى بىلەن يەنە كەينىگە ياندى. مانا ئەمدى ئۇلار ئالتايغا بېرىش تۈگۈل، ئونسۇغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈنمۇ بىر تىيىن يوق، دەڭچىگە قەرزدار بولۇشقا باشلىدى. كۈندىلىك قورساقنىڭ دەردىمۇ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە رابىيە ئۆزىنى چوڭ كىشىلەردەك هېس قىلىشقا باشلىدى.

_ قانداق بولمىسۇن ئامال تېپىپ ئانامنى، ئۆكىلىرىمنى باقىمەن!
ـ دېدى ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئەلچىلىرى قايتۇرۇلغان ئابدۇرېھىم بىر كۈنى ئىشخانىسىدا بىرسىنىڭ:

_ پاھ ـ پاھ، كۆردۈڭلارمۇ؟ ھۆسنى پەرىزاتتەك بىر قىز پەيدا بولۇپ قاپتۇ شەھىرىمىزگە، بۇ ئىقلىمدىن بۇنداق قىز چىقمايدۇ. ئەمەتچوڭنىڭ دېڭىدە يېتىپ دوختۇرخانىدىكى ئانىسىنى بېقىۋاتىمىش، ـ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جىغ قىلىپ، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ، بۇ تەۋەدە رابىيەدىن باشقا بىر گۈزەلنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇرېھىم دوختۇرخانىغا كېلىپ رابىيەنىڭ ئانىسىنى يوقلىدى. دەڭگىمۇ يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ياردەم كۆرسىتىپ تۇردى. تاجىنىساخان يوقسۇزچىلىق ۋە تەڭ قىسچىلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان كۈنلەردە، ئابدۇرېھىم يەنە ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچىلەر ئۇنسۇدىكىدەك مەھەللە جامائىتىدىن ئەمەس، ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. بانكىدا چوڭ ئەمەلدار ھېسابلىنىدىغان ئەللىك ياشلاردىكى يوغان قورساق ئادەم ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

_ تاجىنىساخان، ئۆزلىرىمۇ ئاغرىپ ساقىيىپلا، تۆت بالا بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك ئوڭاي ئەمەس، ئوغلىمىز ئابدۇرېھىمجان رابىيەگۈلنى ئەمرىگە ئېلىپ، ھەممىلىرىنى باقىمەن دەپ نىيەت قىلىۋاتىدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان كۈيئوغۇلنى رەت قىلمىسىلا.

ئارقىدىنلا يەنە بىر كىشى مەدداھلاردەك سۆزلەشكە باشلىدى:

_ ئاچا، ئابدۇرېھىمجانغا ئاقسۇ تەۋەسىدە قىز كەم ئەمەس. مانا مەن دېگەن قىزلارمۇ ئالدىدا خوش دەپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتسام،

ئاغىنىمىز بۇلتۇردىن بېرى رابىيىگۇلغا ئاشىق. باشقا ھېچكىمگە قارار كۆزى يوق. بىچارىنى مەجنۇن قىلىپ قويمايلى...

_ ئاھ خۇدا، بىزگە رەھمى قىلغىن ـ تاجىنىساخان ئەلچىلەرگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۆكسۈپ يىغلاپ ئىدا قىلىشقا باشلىدى، ـ بۇ دۇنياغا ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقىلىلا تۆرەلدۇقمۇ؟ شۇ نارەسىدە قىزىمنىڭ پېشانىسىگە نېمىلەر پۈتۈلگەندۇ... نەگە كەتتى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىز؟ شۇم پەلەك قىسمىتىمىزنى ھەجەپمۇ تەتۈر چۆرگىلەتتى...

_ سەۋر قىلسىلا تاجىنىساخان.

_ ھەي، بولدى قىلسىلا، ئەلچىلەر ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.

تاجىنىساخان تەسەللى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېسەدەپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

_ جېنىم ئاپا! ـ رابىيە سىرتتا تۇرۇپ ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇمۇ ئانىسى بىلەن تەڭ يىغلاپ تۇرۇپ، ـ ئانا، ئەلچىلەرگە ماقۇل دېگىن. مەن نېمە بولسام مەيلى، سېنى، ئۇكىلىرىمنى بېقىشقا رازى بولسىلا، مەن ئۆزۈمنى پىدا قىلالايمەن!!! ـ دېدى.

_ ياق قىزىم، ياق! سەن بىلمەستىن ماقۇل دېمە! سەن تېخى كىچىك، مەن سېنى ئوقۇتىمەن قىزىم، مەن سېنى ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكۈچە ئوقۇتىمەن قىزىم، بىر ئامال قىلىپ داداڭنىڭ يېنىغا بېرىۋالايلى، ئاھ خۇدايىم، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ـ تاجىنىساخان قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ تۈكۈلۈپ كەتتى. رابىيە ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

_ ئانا قايغۇرما، بىزنى ئىسسىق ئۆيلىرىمىزدىن ئايرىغان، گۈزەل ماكانىمىزدىن ئايرىغان، ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلغان ھۆكۈمەت. خۇدايىم شۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! سىلەرنى بېقىش ئۈچۈن جېنىم پىدا ئانا، مېنى ئالدىغانلار چىقسا ساتقىن ئانا! ئۆيلىنىمەن دېسە بەرگىن ئانا، پەقەت سەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمەن ئانا! ـ دېدى ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ئەمدى ئەلچىلەرگە ئارتۇق سۆز قالمىدى. ئەتىسى ئابدۇرېھىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى دەڭگە كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. نان، قەن ـ كېزەكلەرنى ئەكېلىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ رابىيەنى يېنىۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، شۇ كۈنىلا قىزىل خەت ئېلىشقا، ئەتىسى نىكاھ قىلىشقا مەجبۇرلىدى. خۇددى قارىغۇنى قاراڭغۇدا قىستىغاندەك، ئاي ـ ئايلاپ داۋاملىشىدىغان چوڭ ـ كىچىك چايلار، مەسلىھەتلەر، توي تەييارلىقلىرى دېگەنلەر بىر چەتتە قالدى. تويلۇق دېگەنلەردىنمۇ ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى. رابىيە ئۇلار نېمە دېسە ماقۇل دەۋەردى. تاجىنىساخان بولسا ھازىدارەدەك يىغىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. ئابدۇرېھىمجاننىڭ تۇغقانلىرى تاجىنىساخان بىلەن باللىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتتى. ئابدۇرېھىم رابىيەنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ توي خېتى بېرىدىغان ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى. قىزىل خەت كېسىدىغان كادىر «17 ياشقا كىردىمۇ؟ » دەپ سوراپ قويغاندىن باشقا گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ ئابدۇرېھىم بىلەن ئاۋۋال پۇتۇشۇپ قويغاندەك، رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈپ قىزىل قەغەزنى ئۇلارغا تەڭلىدى. ئەتىسى ئابدۇرېھىم رابىيەنى كىچىك بالىنى يېتەكلىگەندەك يېتىلەپ يۇرۇپ نىكاھ قىلدۇردى. ئاندىن ئىدارىسىگە ئىككى كىلو كەمپۈت ئېلىپ بېرىپ، ھەممىسىگە «مۇبارەك بولسۇن» دېگۈزۈپ توي قىلىۋالدى. رابىيەنىڭ

تويغا ئانىسى، ئاچىسى، ئۇكىلىرىمۇ قاتناشمىدى. شۇنداق قىلىپ تېخى تۇنۇگۈن ئارغامچا تاقلاپ، ئويناپ يۈرگەن رابىيە 15 يېشىدىلا ئائىلە ھاياتىنى باشلىدى. بۇ چاغ 1964 ـ يىلى ئىدى.

## ئالتە بالىنىڭ، مەھەللىنىڭ ئانىسى

1966 ـ يىلى ماي ئايلىرى ئىدى. رابىيە ئانا بولۇپ بالىسىنى ئەركىلىتىپ بېقىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھەممە يەردە تەتۈر قۇيۇنلار چىقىپ، نە ھۆكۈمەتنىڭ، نە شەھەرنىڭ ئىگىسى قالمىدى. ئوقۇغۇچىلار، كىشىلەر تەلۋىدەك بىر ـ بىرىنى تىللىشىپ، كىملەرنىدۇر قارا يىپ، دۈشمەن دەپ كوچىلاردا سازايى قىلىپ، ھەممە كىشىنى دەككە ـ دۈككىگە سالدى. ئىدارىلەر، مەكتەپلەر تاقالدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئالتايدا قادىرجاننى ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي قېچىپ يۈرگەن ئۇنسۇر دەپ سولاپ قويىدى. 15كۈن بولغاندا كونا تونۇشلار سالا قىلىپ يۈرۈپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ئاقسۇغا قاچۇرۇۋەتتى. قادىرجان كېلىپ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، خىزمىتى تەقسىم قىلىنغان كۇچا ناھىيىسىگە ئۇلارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

رابىيە ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئۆيىدە پىداكار قۇلدەك سەمىمىي ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئەر ـ خوتۇن دېگەندەك ياشلىق تۇيغۇلىرىنى ئەسلا ھېس قىلالمىدى. ئۇ ئابدۇرېھىمجان ئېرىمۇ، ئاكىسىمۇ، تاغىسىمۇ ئىشقىلىپ ھېچ پەرق قىلالماس ھالدا سەمىمىيلىك بىلەن ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

شەھەردە ھەممە كىشىگە يەپ ياتماقتىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

پەقەت ئابدۇرېھىمجان ئىشلەۋاتقان بانكىلا بەزىدە ئورگانلارنىڭ مائاشى كەلسە تارقىتىپ قوياتتى. ئادەملەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار بولغان ۋاڭ ئىنماۋنى يوقىتىش تەرەپدارلىرى بىلەن قوغدىغۇچىلار، ماۋجۇشىنى جان تىكىپ قوغدايمىز دەپ شوئار توۋلاپ، بىر ـ بىرىنى پاش قىلىپ چوڭ خەتلىك تام گېزىتلىرى چىقارغان بولسا، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئۆز ئارا تاش ئېتىشىپ جېدەل باشلىدى. ئىككى تەرەپ ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقلىرى بويىچە، قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش پەتىۋالىرىنى چىقىرىپ، ئوتتۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ھەربىيلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قوراللىنىپ ئېتىشىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا جېنى تاتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ تالاغا چىقمىدى. يىللار ئەنە شۇنداق ئەنسىزچىلىكلەر ئىچىدە ئۆتتى. رابىيە ئۆيىدىن چىقمايدىغان ئېرى بىلەن بىللە باشقا ئىش يوق، بالا تۇغۇپ، بالا بېقىشۋەردى. ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئەتتى، كىر ـ قاتلىرىنى يۇدى، تىللىسا گەپ ياندۇرمىدى، ئۇرسا قول ياندۇرمىدى.

ئارىدا جاھان بىر ئاز تىنچىۋىدى، ھەربىيلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بانكا ئىش باشلىدى، ئابدۇرېھىمجان ئونسۇ ناھىيىلىك بانكىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئەمىلى ئۆسۈپ، ئۇلار ئونسۇغا كۆچۈپ كەتتى. يېڭى مەھەللىدە ھەممە كىشى بانكا باشلىقى دەپ ئابدۇرېھىمجانغا خۇشامەت قىلسا، باشلىقنىڭ ئايالى دەپ رابىيەنى ھۆرمەت قىلاتتى. رابىيە قاقاس چۆلدەك بۇ قورۇغا كۆچۈپ كىرىپلا ئىشنى ھويلا ـ ئارام تېرىقچىلىقىدىن باشلىدى. ئىشىك ئالدىدىكى بوش يەرلەرگە گۈل تېرىدى. ئارقىدىكى ئاق يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ كۆكتات تېرىدى. مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، بىكار

يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆچەت تىكتى. مائاشى يەتمەي قىينىلىپ قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاياللىرىغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى قوي، ئۆچكە، كالا بېقىشقا، توخۇ، ئۆردەك، توشقان بېقىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەيلا، مەھەللە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەندى. باشقۇرغۇدەك تۇزۇك باشلىق يوق، ھەممە ئىشنىڭ سورايدىغان سورىقى يوق بۇ كۇنلەردە، مەھەللىدە رابىيە ئۆزى تەبىئىي ھالدا باشلىق بولۇپ قالدى. ھەممىسى دەردى بولسا رابىيە بىلەن مۇڭداشتى. قىيىنچىلىقى بارلار رابىيەدىن مەسلىھەت سوراپ ئىشنى ھەل قىلدى. ئۇرۇشۇپ قالغانلارمۇ رابىيەنى ئىزدەپ ھالىنى ئېيتتى. رابىيە ئادىللىق بىلەن جېدەل ئارىدى. ئۇ ئاياللارنى تەشكىللەپ ئائىلىدە رېشلىيە ئىشلەش، پوپايكا توقۇش، پايپاق تىكىش، ئاياق تىكىشتەك ئىشلارنى ئۆگەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار تىككەن كىچىك باللارنىڭ ئاياغلىرى ئاجايىپ بازار تاپتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان ھەرىكەتنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى تېخى بېسىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىشلەر جان بېقىش ئېھتىياجى ئۈچۈن مىدىرلاشقا باشلىغان ئىدى. ھۆكۈمەت تەمىنلەيدىغان ماگىزىن، دۇكانلاردا مال بولمىغاچقا، ھەممە ئادەم قەھەتچىلىك ئىچىدە تېپىرلاشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا رابىيە ۋە ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ قاراڭغۇ بازار دەپ ئاتالغان كوچىلارغا ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن قايماق، سۈت ـ قېتىقلىرى، كۆكتاتلىرى، پايپاق، ئاياق، روماللىرى، كەشتىلىك، رېشلىيەلىك پەردە، يوتقان، كۆرپە تېشى دېگەندەك ماللىرى ناھايىتى ئىتتىك سېتىلاتتى. مەھەللىدىكىلەر ھەممىسى پۇل تېپىپ، باللىرىنى ياخشىراق بېقىپ، قورسىقىنى تويغۇزغىنى ئۈچۈن خۇرسەن بولۇپ رابىيەگە رەھمەت ئېيتىشاتتى. پەقەت ئابدۇرېھىمجانلا رابىيەنى توسالماي ئاۋارە ئىدى.

يىللار شۇنداق ئۆتتۇۋەردى، رابىيەنىڭ بالىسى ئالتىگە يەتتى. ئۇ ئالدى مەكتەپكە كىرگەن، كەينى قۇچاقتا ئېمىۋاتقان ئالتە بالىنى بېقىپ، يەنە مەھەللىدىكىلەرنى يېتەكلەپ جان بېقىش يولىدا ئىزدىنىپ يۈرۈپ، 13يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

1977 ـ يىلى ئابدۇرېھىمجان ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يىغىنغا كەتكەن ئىدى. شۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ ئاياق تىككۈچىلىرى جاھان تىنچىدى، بازارلار ئىزىغا چۈشتى، ھۆكۈمەتمۇ ئادىل بوپقالغاندۇ دېيىشىپ، ئوغرىلىقچە ساتىدىغان ماللىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى. بىر كۈنى يېڭىلا تەشكىللەنگەن بازار باشقۇرۇش ئىدارىسى خادىملىرى، كۆتۈلمىگەندە، بىر دۇكانغا ئىچ كىيىم ۋە بالىلار ئاياغلىرىنى توپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىككى ئايالنى تۇتۇۋالدى. مالىلارنى بولسا مۇسادىرە قىلدى. ئارىدا رابىيە قادىر بۇ ئىككى ئايالنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش خىيالىدا، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ ھەممە مال مېنىڭ دەپ مەيدىسىگە ئۇردى ھەمدە باشلىقلارغا چۈشەندۈرسەم قويۇۋېتەر دەپ ئويلىدى. بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان خىتاي بولسا، بۇ ئىشنى چوڭايتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش شايكىسى تارتىپ چىقىرىلدى. مەھەللىگە ساقچىلار، باجگىرلار، بازار باشقۇرغۇچىلار ھەمدە ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىپ توپلاندى. ئۇلار پۈتۈن خەلقنى يىغىپ، يىغىن ئېچىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان رابىيە قادىرنى تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلدى. ئۇنى خەلقنى بېيىش يولىغا باشلىغانلىق جىنايىتىنى تاپشۇرۇشقا زورلىدى. «يوقالسۇن قاراڭغۇ بازارچى رابىيە قادىر» دەپ شوئار توۋلاپ خەلقنىمۇ ئەگىشىپ توۋلاشقا زورلىدى. لېكىن ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇلىرىنى ئاشكارا

ئىپادىلەۋاتقان خەلق رابىيەنى قانداق قىلىپ ھىمايە قىلىشقا قۇربى يەتمەي ئازابلىنىۋاتاتتى. رابىيە ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ، باشلىق بىلەن پۇقرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەتنىڭ يېشىلمەس تۈگۈندەك قاتتىق، تېگى يوق ھاڭدەك چوڭقۇر ۋە يا سەن تۇر، يا مەن تۇراي دېگەندەك كەسكىن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى.

مايمۇن ئۆلتۈرۈپ يولۋاس قورقۇتىمىز دەپ خەلقنى باشقۇرىدىغانلار، ئەتىسى رابىيەنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، بوينىغا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىدا مودا بولۇپ قالغان »قاراڭغۇ بازارچى رابىيە« دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىنى ئېسىپ، بېشىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاپىتالىزم قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، قولىغا بىر تاياق بىلەن ئەسكى جاڭنى تۇتقۇزۇپ:

_ مەن خەلقنى كاپىتالىزمغا باشلىغان دۈشمەن، مەن قاراڭغۇ بازارچى رابىيە، يوقالسۇن رابىيە قادىر، ـ دەپ توۋلاپ تۇرۇپ جاڭ چالغۇزۇپ ناھىيە كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى. بۇ ۋاقىت دەل ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاقسۇدىكى يىغىننى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ئۇ ئايالى رابىيەنىڭ كوچىدا جاڭ چېلىپ سازايى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزى بىلەن كۆردى ھەمدە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۆيىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ ۋىلايەتتىكى يىغىن جەريانىدا، باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ ناھىيىگە ھاكىم بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك گىدىيىپ، مەغرۇر كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سازايى ئىشىدىن كېيىن نومۇس قىلىپ ئۆلەي دېدى. كەچ كىرگەندە مەھەللە ئاكتىپلىرى رابىيەنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇشتى. ئابدۇرېھىمجان يىغا _زارە بىلەن ئۆيىنى بېشىغا كىيگەن ئالتە بالىنىڭ ئالدىدىلا رابىيىگە ۋارقىرىدى:

_ نەگىلا بارساڭ گادايلارنىڭ بېشىنى سىلايمەن دەپ بالا تېرىپلا يۈرىسەن، مانا ئەمدى تويدۇڭمۇ؟ ماڭا نېمە نومۇس بۇ، مەن دېگەن رەھبىرى كادىر تۇرسام، سېنىڭدەك قاراڭغۇ بازارچى بىلەن قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ ئۆي تۇتىمەن؟ يوقال كۆزۈمدىن، دەرھال يوقال! ئۈچ تالاق!

رابىيەنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ نېمىلەر دەۋاتقىنى كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇ پەقەت بىر كۈن ئاچ تاشلىنىپ قالغان بالىلىرىنىڭ غېمىدە ئاۋارە ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى قوشنىلار بالىلارغا ئوغرىلىقچە تاماق، چاي بېرىپ تۇرۇپتۇ.

رابىيە تىل ـ ئاھانەت، تاياقلار ئىچىدە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك سوتنىڭ ئاجرىشىش ھەققىدىكى چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

## ئادالەتسىز سوتنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمى

رابىيە سوت دېسە، ھىندىستاننىڭ سەرگەردان كىنوسىدىكى ھەشەمەتلىك بىنادىكى سۈرلۈك سوتخانا، ھەيۋەتلىك قاسقان شەپكىلىرىنى كىيىشىپ، كۆز ئەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تاقاپ، قاتار ئولتۇرغان سوتچىلار، ئىككى تەرەپتە رەتلىك ئولتۇرۇشقان ئادۋوكات ۋە ئەرز قىلغۇچى، ئەيىبلىگۈچىلەر، جىنايەتچىنى يالاپ كىرىدىغان قوراللىق ساقچىلار ۋە سوتنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان يۈزلەرچە ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئىدى.

ئۇ بۈگۈن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان، ئون يىللار ئىلگىرى مەكتەپ بىناسى بولۇپ، ھۆكۈمەت تارتىۋېلىپ سوتچىلارغا بەرگەن بىر قەۋەتلىك، 4 ـ 5 ئېغىز ئۆيى بار،

تاملىرى ئاقارتىلمىغان كونا ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، بىر نەپەر ساقچى ئۇنى دىرىزە ئەينەكلىرى سۇنۇق، راملىرى، پارتىلىرى سىرلانمىغان، تام ـ تورۇسلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەن بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە 4 نەپەر كىشى ئولتۇراتتى. ئۆڭكۈپ كەتكەن كۆك چاپاننى كيگەن، قاسقىنى مايلىشىپ كەتكەن كونا شەپكىسىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تاشلاپ قويغان، قىپقىزىل كۆزى ئىششىپ كەتكەن بىرسى سوتچى قىياپىتىدە ئوتتۇرىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاخشام ئۆلگۈچە هاراق ئىچكەنلىكى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. گېزىت قەغىزىنى پىنەك قىلىپ يۆگەپ موخوركا تولدۇرۇپ تۇتاشتۇرۇۋاتقان يەنە بىرى ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدا قەلەم، قەغىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايال سوتچىنىڭ ياردەمچىلىرىدەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئابدۇرېھىمجان تاماكىسىنى پۇشقۇرتۇپ چېكىپ بەخىرامان ئولتۇراتتى.

سوتچى رابىيىگە سول تەرەپتىكى بوش ئورۇندۇقنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتتى.

_ خوش، ئىشىمىزنى باشلاۋېرەيلى، ئاشخانىغا ئۇزۇپ تاشلاپ سۇيۇقئاش بۇيرۇتۇپ قويغان ئىدىم، ـ دەپ كۈلدى سوتچى سائىتىگە ۋە پۇلىنى سەن تۆلەيسەن دېگەندەك ئابدۇرېھىمجانغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ شۇنداق قىلىپ ئاجرىشىدىغان بولدۇڭلار؟

_ شۇنداق، مەن بۇ خوتۇن بىلەن ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان بىلەن پەقەتلا ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم، خۇددى ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغاندەك. كۆڭۈلسىز ياشىدىم، شۇڭا ئاجرىشىمەن، ـ دېدى ئابدۇرېھىمجان قىسقا قىلىپ.

_ ھە، سېنىڭ نېمە پىكرىڭ بار؟

_ مەن 13 يىلدىن بېرى ئالتە بالامنى دەپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى

قىلدىم. ئەمدى ئاجرىشىمەن دېسە ئىختىيارى، لېكىن ئۇ بالىلىرىمغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. بالىلىرىمنىڭ بىرسىنىمۇ بەرمەيمەن. بالىلىرىمنى ئۆگەي ئانىغا تاشلاپ بەرمەيمەن. ئەگەر بالىلىرىمنى بەرمىسە قەتئىي ئاجراشمايمەن، ـ دېدى رابىيە.

سوتچى قاپىقىنى سوزۇپ يەر ئاستىدىن رابىيىگە قاراپ قويۇپ، ئاسمانغا تىكىلىپ بىپەرۋا سۆزلەشكە باشلىدى:

_ ھەي خوتۇن، يا ماكانىڭ، يا خىزمىتىڭ بولمىسا، يا پۇلۇڭ بولمىسا، يا ئىش تاپقۇدەك مەدەنىيەت سەۋىيەڭ بولمىسا، خەنسۇچىمۇ بىلمىسەڭ، ئالتە بالىنى قانداق باقىسەن، سۆزلەپ باقە؟

_ بالىلارنى كوچىدا ئاچ قويىدۇ ـ بۇ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىمەن دەپ، ـ ئابدۇرېھىمجان سۆز قىستۇردى. رابىيە تۆھمەت ۋە كەمسىتىشلەردىن جاسارەتلىنىپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

_ مەن قويۇپ بەر دېمىدىم. سەن ئاجرىشىمەن دېدىڭ. سەن مېنى يىللاپ كەينىمدە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ ئاشىق بولۇپ ئالغان ئىدىڭ. 13 يىلدىن بېرى مېنى خارلىدىڭ. ئۇردۇڭ، تىللىدىڭ. قەپەسكە سولىغانداك ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئەركىنلىكىمنى بوغماقچى بولدۇڭ. مەن ساڭا پۇلسىز، ئىمكانسىز قالغىنىمدا ئانامنى، ئۇكىلىرىمنى دەپ تەگدىم. بىلىپ قوي، بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدا بۇرۇنقى 15 ياشلىق ساددا، ئۆسمۈر رابىيە ئەمەس، ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ئالتە پەرزەنتىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تاپالايدىغان، قەيسەر ئىرادىلىك رابىيە تۇرىدۇ. سەن ئوقۇغان قانۇننى مەنمۇ ئوقۇدۇم. ئەمدى مېنى بوزەك قىلالمايسەن!

_ نېمەڭگە چوڭ سۆزلەيسەن؟ ـ ئابدۇرېھىمجان ئۆكۈپ كەتتى. رابىيە سوتچىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

_ بىلىمەن سوتچى غوجام، ھەر قايسىلىرى بىر داستىخانىنىڭ ھەقەمسايىلىرى، ھەممىلىرى ئەمەلدار، پۇلى بار، يولى بار كىشىلەر، مەن 13 يىلدىن بېرى، ئابدۇربېھىم شەكىلىگىلا ئىشكاپقا تىزىپ قويغان، ئەمما ئۆزى بىر قېتىممۇ ئوقۇپ قويمىغان يۈزلەرچە كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم. سىياسەت، تارىخ، ئەدەبىيات تېمىلىرىدىكى كىتابلارنى، رومانلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتىم. بىلىم ئالدىم، قەلبىم يورۇدى. كۆڭلۈم كېڭەيدى، تەپەككۇرۇم چوڭقۇرلىدى. تەييارتاپ خۇشامەتچىلەر شەھەر سورايدىغان بۇ جەمئىيەت مېنىڭ قابىلىيىتىمگە، ئىقتىدارىمغا يول بەرمىدى. لېكىن شۇنى دەپ قوياي، ئابدۇربېھىم سەن كۆرۈپ تۇر، مەن پۇل تاپىمەن! يۈز ـ ئابرۇي تاپىمەن! ھوقۇق تاپىمەن! مىلياردلاپ پۇل تېپىپ، ساڭا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ئاخىرقى سۆزۈم بىر، ئالته بالىنى بەرمىسەڭ ئاجراشمايمەن! سەن چالا ئۆگەنگەن نىكاھ قانۇنىنى مەن خېلى پىششىق ئۆگەنگەنمەن.

سوتچى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ياردەمچىسى ھاياجانلىنىپ رابىيىگە ھېسداشلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى. كاتىپ ئايال بولسا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، كىنولاردىكىدەك تەسىرلىك بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ مىشىلداپ يىغلىماقتا ئىدى. ھاياتىدا ئالدىدا تىترەپ تۇرغان تالاي خوتۇنلارنى قورقۇتۇپ، تىللاپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆگىنىپ قالغان سوتچى، ئەمدى ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئاخىرى ئابدۇربېھىمجانغا قارىدى:

_ قانداق قىلىسەن ئاداش، خوتۇنۇڭ چىڭ يەردىن تۇسۇۋالدى، ـ دېدى سوتچى. ئابدۇربېھىمجان زۇۋان سۈرمىدى، چۈنكى ئۇ رابىيەنى سۆز بىلەن يېڭەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

_ بوپتۇ ئالسۇن باللارنى، قېنى كۆرۈپ باقاي، كوچىدا قالغاندا

بەربىر يەنە ئۆزۈم ئەكىرىۋالىمەن، ـ دېدى ئابدۇرېھىمجان يالغان خاتىرجەم قىياپەتتە.

_ سوتچى غوجام، ھۆكۈمنى چىقىرىپ بولۇپ، ئىككى تەرەپ قول قويۇپ بولۇپ، مۆھۈر بېسىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمنامىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ماڭا بېرەرلا قانۇن بويىچە. تېخى رازى بولمىسام يەنە يۇقىرىلاپ ئەرز سۇنامدىم، ھازىر بىلمەيمەن،ـ دېدى رابىيە زەردە بىلەن.

رابىيەنىڭ ھەممە تەلەپ ۋە شەرتلىرى پۈتۈككە يېزىلدى. ئۇ قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قول قويدى ھەمدە بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ، سوتتىن مەردانە قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇرېھىمجان بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، رابىيە بىلەن توختىماي جېدەللىشىپ يۈرۈپ بالىلىرىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋالغان ئىدى. رابىيە سوت ھۆكۈمىدىن كېيىن، ئۆي بىساتلىرىنى بېسىقتۇرۇپ ماكانلىشىۋالغۇچە، بالىلىرىنىڭ قېينانىسىنىڭ قېشىدا ئۈچ ئاي مۆھلەت بىلەن تۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

## پۇل تېپىش ئاسان، ئەقىل بولسا

«ئۇيغۇرلار ئاقسۆڭەك خەلق. غۇرۇر بىلەن ياشاشنى، بايۋەچچىدەك يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ قىلىپ چېلىپ ئوينايدۇ. ئەلمىساقتىن بېرى توققۇزى تەل بولغاچقا، نېسىۋىسىدىن ئارتۇق بايلىق تېپىشنى ئويلىمايدۇ. موزدۇزلۇق، ساتىراشلىق، كىر يۇيۇش دېگەندەك ئىشلارنى پەس كۆرىدۇ. ئەمما، بانكا، زېمىن، سۇ، تۇپراق دېگەندەك پۇل چىقىدىغان يەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت تارتىۋېلىپ، خەلقنى نامرات قىلىپ قويغان بۈگۈنكىدەك ئەھۋالدا،

پۇلنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خەلق پەس كۆرۈۋاتقان مۇلازىمەت كەسىپلىرىدە ئەمەسمۇ؟ پۇلنى جىق تاپسەن، ساۋابنى ئالسەن، ئەلنى رازى قىلسەن، نېمىشقا بۇ ئىشلارنى قىلساق بولمىغۇدەك؟ ئالتايدىمۇ دادام شۇنداق قىلغان ئىدىغۇ؟» رابىيە يول بويى شۇلارنى خىيال قىلىپ، سوتتىن چىققان پىتى ئۇدۇل ئۆيىگە ئەمەس، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە ئۇچ كۈنلۈك مۆھلەتكە 30 سوم قەرز پۇل سوراپ ئالدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپ بىر دانە كارىشنۇاي رومال سېتىۋېلىپ يۈزىنى ياپتى. بىر دانە كىر يۇيىدىغان چوڭ داس ھەمدە ياغاچ تاختا سېتىۋالدى. ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىدىن كۆپ يىراقلاپ مېڭىپ، باشقا بىر مەھەللىدىكى يالغۇز موماينىڭ قورۇسىدىن بىر ئېغىز ئۆينى 10 سومغا ئىجارىگە ئالدى. ئىسمىنى بۇخەلىچخانغا ئۆزگەرتتى.

ئابدۇرېھىم رابىيەنى كۈچاغا ـ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەتتى دەپ ئويلىدى. رابىيە بىر قانچە كۈنگىچە يېڭى مەھەللە ئەتراپىدىكى كادىرلارنىڭ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىپ يۇيۇشنى باشلىۋەتتى. بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ پەرەنجە ئىچىدە تۇرۇپ، كىر يۇيۇشقا جاسارەت قىلىپ ئىشكى ئالدىغا كەلگىنىدىن ھەر قانداق ئىنسان تەسىرلىنەتتى. چۈنكى ئۇيغۇرلاردىن كىر يۇيىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان كىشنى، يەنە كېلىپ ئايال كىشىنى ھەر كىم تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. رابىيە ئەسلىدە پەرەنجىگىمۇ ئۇرالمىغان بولاتتى. ئۇ قىلغان ئىشىدىن ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىشنى خالىمايتتى. ئەكسىچە ھالال مېھنىتىدىن پەخىرلىنەتتى. بىراق ئۇ، باللىرىنىڭ مەكتەپتە «كىرچى خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ كەمسىتىلىشىدىن، گۆدەك قەلبىنىڭ ئازار يەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈزىنى توسۇۋالغان ئىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە، كىر قات يۇغۇزىدىغانلار رەسمىي ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا باشلىدى. رابىيە كۆڭلەك، ئىشتان، چاپانلارنىڭ ھەر بىرىنى

50 تىيىنغا، يوتقان، كۆرپە، پاختىلىق كىيىملەرنى بىر سومغا يۇدى. ئۇ كىيىملەرنى ئىگىسىگە پاك ـ پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، دەزمال سېلىپ، قىر چىقىرىپ، چىرايلىق قاتلاپ بېرەتتى. يىرتىقلىرى بولسا ياماپ، تۈگمىلىرىنى قاداپ قوياتتى. شۇڭا ھەممە كىشى مەمنۇن بولۇپلا قالماي، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى باشلاپ كېلەتتى. رابىيە دەسلەپكى كۈنلەردە، كۈنىگە 100 قۇر كىيىم يۇدى، 10 نەچچە يوتقان ـ كۆرپە تېشىنى يۇدى. شۇنداق قىلىپ كۈنىگە 50 سومدىن 70 سومغىچە پۇل تاپتى. 70 سوم بۇ كۈنلەردە، ئابدۇرېھىمدەك ئەمەلدارلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ، بىر ئاي غالچىلىق قىلىپ ئالىدىغان مائاشى بىلەن باراۋەر ئىدى. رابىيە بىر ئايدىن كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئازادە ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ باللىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئائىلىگە بالا باققۇچى خىزمەتچى ئالدى. ئۇ ئۈچ ئاي ئىچىدىلا بالىسىنى بېقىپ، يەپ ـ ئىچىپ يەنە 4500 سوم ئىقتىساد قىلالىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى مانا مەن دېگەن بايۋەچچىنىڭ ياكى باشلىقنىڭ يېنىدىن بۇنچىلىك پۇل چىقمايتتى. ئۇ باللىرىغا بازار ئىچىدە بىر ئاشخانىدا كاسسىرلىق قىلىۋاتىمەن دەپ قوياتتى ۋە ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش مەقسىتىدە، كۈندە دېگۈدەك ئۇلارغا بازاردىن پولۇ، مانتا، سامسا دېگەندەك تائاملارنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

رابىيە ھەر كۈنى بامدات بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشنى باشلىسا، قاراڭغۇ چۈشكىچە توختىماي ئىشلەيتتى. ئۇ داسنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كىرلارنى قولى بىلەن ياغاچ تاختىغا سۈركەيتتى. بەزىدە ئۇنىڭ قوللىرى قاپىرىپ ھەتتا قاناپ كېتەتتى، بۇ چاغدا ئۇ قولىنى لاتا بىلەن مەھكەم تېڭىۋېلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى. كۈچەپ ئىتتىرىۋېرىپ ئىككى تىزى شۇنداق قىزىرىپ

كېتەتتىكى، كۆڭلەك ياكى ئىشتان تەگسە ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەكلىرى، پۇتلىرى، بېلى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇنى ئۇخلاتمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كاڭدا قاتار يېتىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوماق باللىرىنى ئويلىغىنىدا سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ۋاپاسىز مەنسەپپەرەس ئابدۇرېھىمدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق پۇل تېپىپ، باللىرىنى ياخشى يېگۈزۈپ، ئوبدان كىيدۈرۈپ، مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇتۇۋاتقانلىقىدىن ۋە ئانىسى، ئۇكىلىرىغىمۇ چوڭ ياردەم قىلىۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن بولاتتى ـ دە، ئاغرىقلىرىنىمۇ تۇيماي قالاتتى.

رابىيە بۇنچىۋالا كۆپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ «غازنى يېسەڭ، ئۆردەكنىڭ پېيىدا بول» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، يەنىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ ۋاقىت كۆپ كېتىدىغان جاپالىق بۇ ئىشنى تاشلىۋېتەي دېسە، ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان خېرىدارلىرىغا كۆزى قىيمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئائىلىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار، ئەمما ئىش تاپالماي قىيىنلىپ قالغان ئىككى چوكاننى كىر يۇيۇش ئۆيىگە مائاشلىق ئىشچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

كۇچانىڭ، شايارنىڭ قوزا كۆرپىسى ئەزەلدىن ھەر يەرگە داڭلىق ئىدى. خېلى نوپۇزلۇق كىشىلەرمۇ كۇچا، شايار قوزا كۆرپىسىدىن، سەنسەن تېرىسىدىن، جۇۋا، ھەتتا قۇلاقچا تىككۈزۈپ كىيىۋالاتتى. نەچچە مىليون ئۇيغۇر ياشايدىغان خوتەن دىيارىدا ھەممە كىشى دېگۈدەك سالۋار تۇماق تىككۈزۈپ كىيەتتى. بۇلارنى ئادەتتە تۇماقچىلار تىكىپ 30 ـ 40 سومدىن ساتاتتى. رابىيە بىر كۈنى تەۋەككۈل قىلىپ، ئىككى چوڭ سومكىغا شۇ چاغدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، ھۆكۈمەت دۇكانلىرىمۇ يۆتكەپ

ئەكېلىپ ساتالمايدىغان، ئەمما كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان تاغاق، يىڭنە ـ يىپ، ئىچ كىيىم، ياغلىق، كەمپۇت دېگەندەك نەرسىلەرنى قاچىلاپ، شايارنىڭ يېزىلىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. رابىيە يول بويى ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ دېھقانلار بىلەن هال ـ ئەھۋال سوراشتى، كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئۇلارغا ئەرزان باهادا سېتىپ بەردى. ئاشلاپ قويغان تېرىلىرىگە تېگىشتى، هېچنېمىسى يوقلارغا بىكارغا بەردى. دېھقانلار ئۇنىڭدا يوق نەرسىلەرنى سوراپ قالسا، خاتىرىلىۋېلىپ كېلەر قېتىمدا چوقۇم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى تولىمۇ مېھماندوست ئىدى. هەر قانداق ئۆيدىكىلەر ئاۋۋال رابىيىگە بىر قاچا قېتىق بىلەن بىر نان ئېلىپ چىقىپ ئۇنى مېھمان قىلاتتى. بىر ئايال قېرىندىشىنىڭ يېزا ئارىلاپ تىجارەت قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارايتتى. رابىيە قوزا تېرىلىرىنى 3 ـ 5 سومدىن سېتىۋالدى. بەزىدە 10 سومغا 3 دانە سېتىۋالدى. سەنسەن تېرىلەرنى قىممەترەك سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق سەپىرىدىلا 560نەچچە قوزا تېرىسى، 30 غا يېقىن سەنسەن تېرە يىغىۋالدى. تېرىلەر بەكمۇ كونا ۋە پاسكىنا ئىدى. ئۇ تېرىلەرنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپ، تۇماق بازىرىغا چىقىپ ئۇچۇر ئىگىلىدى. بىر تۇماقچى ئۇنىڭغا تۇكى يىتىۋالغان كونا تېرىلەرنى زەي يەرگە 24 سائەت كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن يۇيۇپ تازىلىسا، تېرىسى يۇمشاپ، تۈكى تىك بولۇپ پارقىرايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. رابىيە يەنە بىر تۇماقچىدىن تېرىلەرنىڭ قاغىلىق ۋە خوتەنلەردە ياخشى پۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى.

رابىيە تېرىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، يۈك ئاپتوموبىلىغا بېسىپ قاغىلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇ بازارغا چىقماي تۇرۇپلا خېرىدارلار

مېھمانخانىغا يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. تېرىلەرنى سودىگەرلەر، تۇماقچىلار ۋە دەللاللار 30 سومدىن باھالاپ بۆلۈشۈپ سېتىۋېلىشتى. رابىيە 15 مىڭ سوم پۇلنى نەق ساناپ خالتىسىغا سالدى ـ دە، دەرھال ئۆيىگە قايتماي، قاغىلىقنىڭ بازىرىنى ئارىلىدى. گىلەم بازىرىغا كەلگەندە، سىرتتىن كەلگەن ئىككى نەپەر سودىگەرنىڭ ياخشى توقۇلغان كونا نۇسخىلىق گىلەمدىن 10 ـ 15 نى سودىلىشىپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قۇمۇلدىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدى. رابىيە شۇ كۈنىلا 80 سوم، 100 سومدىن جەمئىي 160 پارچە گىلەم سېتىۋالدى ـ دە، ئەتىسىلا قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، گىلەم بازىرىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى، توي قىلىش ئۈچۈن گىلەم ئىزدەپ كەلگەن خېرىدارلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ گىلەملىرىنى يەرلىك بىر سودىگەرگە بىرىنى 260 سومدىن باھالاپ توپ سېتىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كىر يۇيۇپ توپلىغان تۆت يېرىم مىڭ سوم پۇلى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نەچچە دومىلاپ 36 مىڭ سوم بولۇپ قالدى. شۇ چاغلاردا پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، خىتاي بايۋەچچىلىرى ئىچىدىمۇ 30 ـ 40 مىڭ سوملۇق بىرەر باي تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى. رابىيە بولسا ھەرگىزمۇ ئۆزىنى باي بولۇپ تىقىلىپ كەتكەندەك ئەمەس، بەلكى سوت ئالدىدىكى «مىلياردلاپ پۇل تېپىپ، ئەقىل دېگەننىڭ، ئىقتىدار دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئىشنى ئەمدى باشلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ تېخىمۇ ئاددىي كىيىنەتتى، راھەت ـ پاراغەت قوغلاشمايتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلەر ئارىسىدا تولىمۇ كەمتەر ۋە مۇلايىم ئىدى.

رابىيە ئۇرۇمچىگە كېلىپ شايار، كۇچا، ئونسۇدىكى ئۇيغۇر

دېھقانلىرى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھېلىلە ياغلىق، چېنە ـ قاچا، دۇكانلاردىن ھېچ تاپقىلى بولمايدىغان باغىرداق، كۇسەرگە ئوخشاش ماللارنى سېتىۋېلىپ دەرھال يېزىلارنى ئارىلاپ تېرە يىغىشقا باشلىدى. رابىيە دېھقانلارنىڭ ئىككى سومدىن ساتمىز دەپ يىغىپ قويغان تېرىلىرىنى 10 سومدىن سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يېزىلاردا ئىككى سومدىن تېرە يىغىپ رابىيىگە 10 سومدىن ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزىلىرى يىراق يېزىلارنى ھەپتىلەپ ئايلىنىپ يۈرۈپ 100لەپ تېرە يىغىپ ئەكېلىپ رابىيىگە ئۆتكۈزۈپ بىر مۇنچە پۇل تېپىپ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

_ ئوبدان خېنىم، 5 ـ 10 يىلدىن بېرى ھۆكۈمەتكە قوتۇر ئېشەكتەك ئىشلەپمۇ قولىمىز مۇنچىلىك پۇل كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. سىلىنىڭ بەرىكەتلىك تىجارىتى ھەممىمىزنى خوش قىلدى، خۇدايىم سىلىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولسۇن، رەھمەت سىلىگە، ـ دەيتتى.

بىر يىلدىن كېيىن رابىيەنىڭ سەرمايىسى 200 مىڭ سومغا يەتتى. رابىيە ئاقسۇدىن قورۇ سېتىۋېلىپ باللىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۆيگە خىزمەتچى ياللاپ، باللىرىنى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئائىلە ھاياتى ئەمدى تەرتىپكە چۈشتى.

قايغۇ ـ ئەلەملەر خۇشاللىققا، يوقسۇزلۇق باياشاتچىلىققا ئالماشقاندا كىشىنىڭ روھي كەيپىياتىمۇ، چېھرىمۇ تەڭ ئۆزگىرىپ بارىدىكەن، 29 ياشلىق رابىيە باشقىدىن زىلۋالىشىپ، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

# ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت

باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش رابىيەنىڭ تۇغما خۇيى بولسا، ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنى، ئۆلىمالىرىنى ۋە زىيالىيلىرىنى ھۆرمەتلەش ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان مىراس ئەخلاق ئىدى. رابىيە توختىماي كىتاب ئوقۇش داۋامىدا، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان شەرتلەر ئىچىدە مىللەت قەھرىمانلىرىنىڭ تۆھپىسىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا شۇ مىللەتنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئاپراسىياپ، ئوغۇزخان، باتۇر تەڭرىقۇت، ئاتىللا، تۇمىدقاغان، قۇتلۇق قاغان، ساتۇق بۇغرا قاغان، پان تېكىن، سەئىدقاغان، نۇزۇگۇم، ئىپارخان، سابىت داموللا، غېنى باتۇر دېگەندەك ئۇيغۇر باھادىرلىرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە، مىللەتنى قۇللۇق ـ ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇن ئالغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى.

رابىيە پۈل تېپىپ قولى ئۇزارغانسېرى، ئۇنىڭ قولىقىمۇ ئۇزىراشقا باشلىغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ، ئاقسۇ بازىرىغا ئوتۇن ساتقىلى كەلگەن يىراق يۇرت كىشىلىرىدىن، تارىمنىڭ ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىدا زۇنۇن قادىر ئىسىملىك بىر يازغۇچىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. رابىيە كىچىكىدىنلا زۇنۇن قادىرنىڭ غۇنچەم دىرامىسى ۋە چىنىقىش ھېكايىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆڭلىدىكى ھۆرمەتلىك كىشىلەر قاتارىغا تىزىپ قويغان ئىدى. ئۇ زۇنۇن قادىرنىڭ ئاقسۇدىكى پاجىئەلىك ھايات ھېكايىسىنى ئاڭلاپ

ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

دۆربىلجىندە تۇغۇلغان زۇنۇن قادىرى كىچىك چېغىدىلا غۇلجىغا كېلىپ ئوقۇپ چوڭ بولدى. ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ 1940 - يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، رېژىسسور، ئارتىس بولۇپ ئىشلىدى. 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ھەربىي مۇخبىر بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچى چېرىكلىرىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە ئىشلىدى. كېيىن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» ناملىق ئورگان ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1957 - يىلى خىتاي باشقۇرۇشىدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىياتچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان ھەمدە خىتاي دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شۇ يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كادىر، ئوفىتسېرلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ جازالاپ ئۆچىنى ئېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى زۇنۇن قادىرنى يەرلىك مىللەتچى دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ جازالىغان. 1962- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە خاتىرجەم بولالماي، زۇنۇن قادىرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىغا ئالداپ ئاپىرىپ يالغان دېلو ياساپ، ئۇنى چەت ئەلگە قاچماقچى بولغان «سوۋېتقا باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە سولىغان. تۈرمىدىكى جازا مۇددىتى توشقاندا ئۇنى يەنە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ھەمدە خەلقىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، يىراق تەكلىماكاندىكى خىتاي جىنايەتچىلىرى - بىختۇەن قورشاپ تۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىپ مەجبۇرىي ئىشلەتكەن.

رابىيە زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇششاق بالىلىرى بىلەن بىللە، ناھايىتى

قىيىن كۈنلەردە ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بىر كۈنى سەھەردە تاڭ يورۇماستىنلا، ئېشەك هارۋىسىغا ئۇن، ماي قاتارلىق نەرسىلەرنى بېسىپ، زۇنۇن قادىرنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا قاراپ يولغا چىقتى. رابىيە ئېشەك هارۋىسىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي مېڭىپ هەمدە يول بويى سوراپ يۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە زۇنۇن قادىرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كەلدى.

ئەتراپى گىياھ ئۈنمەس پايانسىز قاقاس چۆل، ئارقىسى دۆۋە - دۆۋە قۇملۇق، جۇت بېسىپ تۇرىدىغان بۇ مەھەللىدە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ياشايتتى. زۇنۇن قادىرنىڭ ئۆيى - توغرىسىنى ئېيتقاندا گەمىسى خۇددى قۇم ئاستىدا قالغاندەك ۋەيرانە قىياپەتتە ئىدى. ئۆينىڭ سوقما تاملىرى پۇچۇلۇپ هەتتا چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ئۆگزىدىكى قومۇشلار ساڭگىلاپ قالغان، پەنجىرىلەردە ئەينەكمۇ يوق. رابىيە ياغاچلىرى ئاراچ - ئاراچ بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

_ زۇنۇن ئاكا، مېھمان كەلدى، - دەپ توۋلىدى. ئۆي ئىچىدىن بىر هازاغىچە ئۈن چىقمىدى. زۇنۇن قادىر بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ <<ئەكسىلئىنقىلابچى>> غا چېتىلىپ قىلىشتىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە هېچكىم كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆي ئىچىدە بۇ ئاۋازغا ئىشەنمەي هودۇقۇپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. رابىيە خىيالىدا بەستلىك، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، سالاپەتلىك هەمدە دادىسىدەك چوڭ سۈپەت بىر كىشىنىڭ ئىشىكتىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. زۇنۇن قادىرى ئىشىكتىن مۆكچىيىپ چىققاندا، رابىيە هېچ ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئايلاپ ئېلىنمىغان چاچ - ساقاللىرى كېلەڭسىز ئۆسۈپ كەتكەن، شامالدا كۆيۈپ قارىداپ

كەتكەن، ئورۇقلاپ مۈكچىيىپ قالغان بۇ كىشىنىڭ بېشىدا پاختىسى تىتىلىپ كەتكەن كۆك رەختتىن تىكىلگەن خىتايچە قۇلاقچا، ئۈچىسىدا ئۆڭۈپ ئاقىرىپ، كىرلىشىپ قارىداشقا باشلىغان كۆك خىتايچە چاپان، پاختىسى توزۇپ تۈرغان، نەچچە يېرى يىرتىلغان تۇرمە ئىشتىنى، پۇتىدا شوينا يىپ بىلەن ئوراپ چىگىۋالغان پاختىلىق ياماق ئاياق، مۆلدۈرلەپ ھەيرانلىق ۋە ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇرغان بىر جۈپ قوي كۆزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئادەم بەئەينى گەنسۇدىن ھېلىلا مېڭىپ چىققان خىتاي كەلگۈندىلىرىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

قېنى ئۇ رابىيە كۆرگەن زۇنۇن قادىرى؟! قېنى ئۇ كېلىشكەن بەدىنىگە ياراشقان كاستۇم، گالستۇك، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئىللىق ئۇيغۇر چېھرى، قېنى ئۇ ئوت يېنىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلەر؟!..... رابىيە ئۆزى كىتابتا رەسىمىنى كۆرگەن زۇنۇن قادىرى بىلەن ئالدىغا چىققان بۇ كىشىنى سېلىشتۇرۇپ ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

_ ئەسسالامۇئەلەيكۇم زۇنۇن ئاكا، مەن رابىيە، سىلىنى ئاقسۇدىن يوقلاپ كەلدىم. توۋا خۇدايىم، نېمە قىلىۋەتكەن، بۇ رەھىمسىز خىتايلار.... ـ رابىيە يىغىسىنى باسالماي ئۆكسۈمەكتە. «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى » دېگەن ھەقىقەتەن راست گەپ ئىكەن ـ دە، خىتايلار بۇ مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ يوق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىمۇ تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتچىلىرىدىن ئېشىپ قالغان ئەسكى كىيىملىرىنى تاشلاپ بەرگەن.

ئۆيدىن زىلەيخان ئاچا چىقتى، ئۇ زۇنۇن قادىرغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان رابىيەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەي ئېتىلىپ كېلىپ، قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ تەڭ يىغلاپ كەتتى. بۇ كۆيۈمچان

ئانا ئۇچۇن رابىيەنىڭ كىملىكى مۇھىم ئەمەس، يىللار، ئايلار بىر ئۇيغۇر بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشەلمىگەن بىچارە ئانا ئۇچۇن «يوقلاپ كەلدىم» دېگەن بىر ئېغىز سۆز «ھەرەمگە ئاپىرىمەن» دېگەندەك قىممەتلىك مەنە بېرەتتى. شۇڭا ئۇ ھازىدار كىشىدەك ھۆڭرەپ هارغۇچە يىغلىۋالدى.

يىغا ئىنسان ئۇچۇن مۇسىبەتنىڭ بەلگىسىدەك بىلىنىدۇ. ئەمما كىشىنىڭ يۈرەك باغرىدىن چىڭقىپ چىققان تۇيۇقسىز يىغا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت، غەم - ئەندىشە، غەزەپ - نەپرەت، ئاچچىق پىغانلىرىنى بىر يولىلا يۇيۇۋېتەلەيدۇ. ئادەمنى يېنىك قىلىپ قويىدۇ. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن باللار يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار تونۇشۇپ ئەھۋاللاشتى. رابىيە هارۋىدىن ئۈن، گۈرۈچ، ماي، يېمەكلەرنى چۈشۈرگىنىدە بايرام بولغاندەك يايراپ كەتكەن، نان، توقاچ، مېۋىلەرنى كۆرۈپ تەلمۈرۈپ كەتكەن باللارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ قانچىلىك تەس كۈندە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

رابىيە ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، زىلەيخان ئاچا بىلەن تونۇش بولۇپ چىقتى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇلار تەكلىماكان چۆلىگە پالانغان تەقدىرداشلار، شۇنداقلا ئالتاي، چۆچەك، غۇلجىلاردا بىللە ياشىغانلار ئىدى. بۇ غېرىب ماكاندا بولسا سالام دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزى تۇغقاندىن چارە يېقىن بىلىنەتتى. دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۇيغۇرىدىن بىخەۋەر قالغان زۇنۇن قادىرى كۆز ياشلىرى ئىچىدە يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى، دۇنيادا ئۆزىنى ئۇنتۇمىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنى يەنە يىغا باساتتى. ئۇلار كېچىچە مۇڭداشتى. زىلەيخان ئاچىنىڭ ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قاسساپ قوشنىسى قاراڭغۇ چۈشكەندە،

ئوغرىلىقچە ئۆپكە ـ ھېسسىپ كىرگۈزۈپ بەردى. ئۇلار كېچىچە خۇشال ھالدا ئۆپكە ـ ھېسسىپ قۇيۇپ، يېرىم كېچىدە جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولىشىپ ئولتۇرۇپ مەزە قىلىشتى. بىچارە بالىلار قاپقارا غېدىر چىنىلەرنى تەڭلەپ تەلمۈرۈپ تۇرغىنىدا ئانىسى زىلەيخان ئاچا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ:

ـ كۆردىڭىزمۇ سىڭلىم، گۆش ـ ماي، سۈت ـ قايماق، ھەسەل ـ سارماي يەپ چوڭ بولىدىغان بالىلارنى نېمە كۈنلەرگە قويدى بۇ خىتايلار...ـ دېدى رابىيىگە.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋارقىرىغان ئاۋازلاردىن چۆچۈپ ئويغانغان رابىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى.

ـ ھوي ئەكسىلئىنقىلابچى، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، چاپسان بۇياققا چىق!

زۇنۇن قادىرى بۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا، كىيىملىرىنى كىيىپ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال چىقىپ تەييار بولدى.

ـ نېمە بولدى؟ بۇ سەھەردە ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ بۇلار؟ ـ دەپ سورىدى رابىيە چۆچۈپ تۇرغان زىلەيخان ئاچىدىن.

ـ نېمە بولماقچى، مەجبۇرىي ئەمگەككە ئېلىپ ماڭدى، بىچارە زۇنۇن ئەمدى كەچ كىرگىچە زەيكەشلىكتە قومۇش ئورۇيدۇ. چۈشلەردە مەن بىر قېتىم تاماق ئاپىرىپ بېرىمەن. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران قايتىدۇ، ـ دېدى زىلەيخان ئاچا ئۇھسىنىپ تۇرۇپ.

رابىيە شۇ قېتىم تەسلىكتە خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇردى. بەزىدە يول ئۈستى توغرا كەلگەن دېھقانلاردىن ئۇن، ماي

دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى.

ئارىدا بىر قېتىم «ئەكسىلئىنقىلابچى» نىڭ دەردىنى رابىيەمۇ تىتىپ باقتى. ئۇ زۇنۇن قادىرنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىنقىلابچىلار ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، زۇنۇن قادىرغا بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى قەغەز قالپاقنى كىيگۈزدى، كەينىگە ئاق لاتىدا «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن خىتايچە خەتنى يېزىپ ئېسىپ قويدى، قولىغا ئەسكى داس بىلەن بىر تاياقنى تۇتقۇزۇپ «مەن قارا يىپ»، «مەن دۈشمەن» دەپ توۋلىتىپ سازايى قىلىشقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتىكارچى بىرى:

_ توختاڭلار يولداشلار، بۇ سىنىپىي دۈشمەننىڭ خوتۇنىنى، ماۋۇ تۇغقىنىم دېگەن قۇيرۇقچىسىنىمۇ بىللە ھەيدەپ ماڭايلى! ـ دەپ ۋارقىرىدى. قالغانلىرى بىردەمدىلا زىلەيخان ئاچا بىلەن رابىيەنىمۇ ھەيدەپ چىقىپ زۇنۇن قادىرنىڭ كەينىگە تۇرغۇزۇپ قويدى ھەمدە ئۇلارنى تاكى ئاخشامغىچە يىراق ـ يىراقلاردىكى مەھەللىلەرگە ئاپىرىپ سازايى قىلدى.

شۇ يىللاردا، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېگەن شاپائەتكە ئېرىشكەن بىچارە دېھقانلار ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ ئىنقىلاب قىلىمىز دەپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تاشلىۋېتىپ، باشقىلارنى سازايى قىلىپ ئويناپ يۈرۈپ، يىل ئاخىرىدا دارامەت دېگەن ھېساباتتا قەرزگە بوغۇلۇپ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. پومېشچىك، باي دېھقان ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەنلەر مەجبۇرىي ئىشلەپ يۈرۈپ، يەنىلا مېھنەتنىڭ ھالاۋىتىنى ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ كۆرۈپ تۇردى. چۈنكى يىل ئاخىرىدىكى ھېساباتتا ئۇلارنىڭ نومۇر دەپتىرىدە تولۇق نومۇر بولاتتى.

رابىيە، زۇنۇن قادىرى ئائىلىسى بىلەن شۇندىن باشلاپ ئۇرۇق ـ

تۇغقان بولۇپ ئارىلىشىپ ئۆتتى.

## ماڭا باتۇر ئوغلان كېرەك

ئاقسۇدىكى كىشىلەر رابىيەنىڭ تىجارەتتىكى يولىغا قىزىقتىمۇ، بەرىكەتلىك قولىغا قىزىقتىمۇ، بانكىدىكى پۇلىغا قىزىقتىمۇ ياكى زىلۋا كېلىشكەن بويىغا قىزىقتىمۇ ئىشقىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن لايىقلار چىقىشقا باشلىدى. رابىيە ئەر كىشىدەك جاسارەت بىلەن بېلىنى باغلاپ تىجارەتكە، يەنە كېلىپ سەييارە تىجارەتكە قەدەم تاشلىغىنىدا، ئۇيغۇرلاردىن تېخى بىرەر نوچىمۇ ئۆز ئايالىغا بۇ يولدا ئىشىكتىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئاياللار ئومۇمەن ئۆيدىن چىقماي بالا بېقىشى، ئاش - تاماق ئېتىشى، ئېرىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى. رابىيە بۇ قەپەستىن چىققاندىن كېيىن ھايات مۇساپىسىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يېڭى چىققان ئەڭ يارىشىملىق مودا كىيىملەرنى كىيىۋالاتتى. چاچلىرىنى ئۆرىمەستىنلا ئۆزۈن قويۇۋېتەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ، نېمىشقىدۇر ئۇخلاش ئالدىدا ياكى سەپەرگە كېتىۋېتىپ، ئوقۇغان رومانلىرىدىكى مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى، ئاشىقلارنىڭ قىزىقارلىق سەرگۈزەشتلىرىنى ھەتتا يادلاپ ئالغان لىرىك سۆيگۈ شېئىرلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى.

_ تووۋا، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە، - مەنمۇ ئۆزۈم سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن بىرەرسىگە ئېرىشمەستىن 13 يىلنى - ياشلىق باھارىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ھە؟! ئەمدىچۇ؟

توغرىسى رابىيەنى سۆيگۈ - مۇھەببەت يولىغا، توختىماي كېلىۋاتقان تەلەپ قويغۇچىلار، ئەلچىلەر باشلاپ كىرىۋاتاتتى. كەلگەنلەرنىڭ بىرىمۇ ئۆنىڭغا يارىمايتتى. ئۇ قايسى شەھەرگە بارسا،

شۇ شەھەرنىڭ بويتاق نوچىلىرى ساقال تاشلاپ ئادەم قويۇپ باقاتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشەتتى. بەزىلەر تېخى رابىيەنىڭ ئالتە بالىسى بار دەپ، شاپ بۇرۇتلۇق قېرى ئادەملەرنىمۇ لايىق تېپىپ سايە قىلىشاتتى.

گۈزەل قىزنىڭ كەينىدىن غەيۋەت، كۈندەشلىك تۈگىمەيدىغانلىقى ئېنىق. پۈتۈن ئاقسۇنىڭ، شايار، كۇچا، ئونسۇنىڭ قىز ـ چوكانلىرى ھەم ئەرلىرى رابىيەگە گۈلپەرى دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. رابىيەنىڭ سودىلىشىدىغان كىشىلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بولسا رابىيەدىن ئېرىنى كۈنلەپ دومسىيىشىپ كېتەتتى. بەزىلىرى ئېرى بىلەن بىكاردىنلا ئۇرۇشۇپ كېتەتتى. ھەتتا بىرى ئېرىگە «ئۆيدىكى بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۇل خوتۇنغا ئەپچىقىپ بېرىۋەتتىڭمۇ؟» دەپ ۋارقىراپ ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. رابىيە بۇ ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ لايىق بىرسىنى تېپىپ توي قىلىشى كېرەكلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى.

_ سىز زادى كىمگە تەگمەكچى؟

_ قانداق كىشىگە ماقۇل دەيدىغانسىز گۈلپەرى؟

رابىيە خىياللار ئارىسىدىن ئەقىل ئىزدەپ، ئۆزى تەگمەكچى بولغان يىگىتنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆيگۈ رىشتىگە بىر ـ بىرلەپ تىزىشقا باشلىدى:

چىرايلىق، كېلىشكەن، بويى مەندىن ئېگىز بولسۇن، ئالىي مەلۇماتلىق بولسۇن.

ۋەتەن، مىللەت غېمىدە تۇرمىگە كىرىپ چىققان، لېكىن ۋىجدانىنى ساتمىغان بولسۇن.

ھەقنى سۆزلەيدىغان ناتىق، ھەقنى يازىدىغان يازغۇچى بولسۇن. خۇشامەت قىلمايدىغان بولسۇن.

ئاتا ـ ئانا، خوتۇنىغا ۋاپادار، لېكىن ۋاپاسىز خوتۇنىدىن ئاجراشقان بولسۇن.

يېشى مەندىن چوڭراق، ماڭا بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغان بولسۇن، مەنمۇ بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرگەن بولسۇن. مال ـ دۇنيالىرىمغا نەزەر تاشلىمايدىغان بولسۇن.....

رابىيە خىيالىغا كەلگەنلىرىنى قەغەزگە يېزىپ چىقتى ھەمدە كۆزىگە كىرىۋالغان دوستىغا كۆرسەتتى.

رابىيەنىڭ شەرتلىرى بىر ھەپتە ئىچىدىلا قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ شەھەرگە ۋە باشقا يۇرتلارغىمۇ تارقىلىپ كەتتى. بىلمىگەنلەر رابىيەنى پۇلنى تولا تاپىمەن دەپ ئىلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دېيىشتى. ئەمما ماراپ يۈرگەنلەر ۋە تاما قىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى جىمىقىشتى.

شۇ كۈنلەردە، رابىيەنىڭ دوستى بۈھەجەر ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە:

_ توۋا رابىيە، شەرتلىرىڭنى ئوقۇدۇم، سەن بىرسىنى بىلىپ دەۋاتامسەن ياكى شۇنداق توغرا كېلىپ قالدىمۇ؟ بۇ شەرتلىرىڭ مەن بىلىدىغان بىرلا كىشىگە خاس بولۇپ چىقىۋاتىدىغۇ؟ مەن ئۈرۈمچىدىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن يىلى ساڭا، ئۈرۈمچىدىكى بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان سىدىق دېگەن بىر ساۋاقدىشىمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئىدىم. ئېسىڭدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ھە.. ھە.. تازا ئېسىمدە يوق، ئەمما ئەقىللىق، ناتىق، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن

قۇرۇلغان يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭ. شۇ چاغدا مەن سېنى، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىرسىنى ماختاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم. ھە نېمە بوپتۇ ئۇ سىدىق دېگىنىڭ؟ ـ دەپ ياندۇرۇپ سورىدى رابىيە.

_ سىدىقھاجى روزى شۇ چاغلاردا مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ سەر خىلى ئىدى. ئۇ ياشلىقىدىلا پۈتۈن مىللەتنىڭ غېمىنى يېگەن باتۇر ئوغلانلاردىن ئىدى. ئۇلار قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» دېگەن مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ۋەتەنننىڭ ھەممە يېرىگە تارقاپ كېتىپ، قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغاندا پاش بولۇپ قىلىپ، رەھبەرلىرى قاتارىدا سىدىقمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇنى قىزلارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئايالى بار ئىدى. بىچارە تۈرمىدە 10 يىلدەك ياتتىغۇ دەيمەن، كېيىن خەۋىرىنى ئالالمىدىم، سېنىڭ شەرتلىرىڭ ئۇنىڭغا بەكلا توغرا كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن، ـ دېدى بۇھەجەر ئۇنىڭغا. رابىيە ھاياجان بىلەن ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قارىدى:

_ خۇدا ماڭا ئاشۇ سىدىقھاجى روزى دېگىنىڭنى نېسىپ قىلغان ئوخشىمامدۇ، توۋا راستىنلا دېگىنىمدەك چىقتى. توۋا يۈرىكىم ئۆزىچىلا دۈپۈلدەپ كېتىۋاتىدا، خوتۇنى بىلەن ئاجراشقاندىمۇ؟ تۈرمىدىن چىققاندىمۇ؟

_ ھەي، باشقىلار بىر كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم دېسە، سەن بىر ئاڭلاپلا ئاشىق بولدۇڭمۇ نېمە؟ ئالدىرىما تېخى، ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ خوتۇنى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بولسىچۇ؟

_ جېنىم ئاداش، بالدۇرراق سۈرۈشتۈرۈپ باقايلىچۇ؟

_ توختا... ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ئوسمانجان ساۋۇت دەيدىغان بىر شائىر ئاغىنىسى بار، شۇ بىلىدۇ

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇشمەن. سوراپ باقايلى.

_ ئەتىلا بارايلى ئۇرۇمچىگە ئاداش، كىچىككىنىپ قالماي يەنە، ـ رابىيە ئۇنى ئالدىراتتى.

ئوسمانجان ساۋۇت ساۋاقدىشى بۇھەجەر باشلاپ كىرگەن رابىيەگە بىر ھازا زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاغىنىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدى. سىدىقھاجى تۈرمىدىن چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئايالى ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدىلا سىرتتىدىن ئەرز قىلىپ ئاجرىشىپ، باشقا ئەرگە تېگىۋاپتۇ. سىدىقھاجى ھازىر ئاتۇشقا ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يومىشچىك بولغاچقا، بەكلا نامرات ياشايدىكەن.

_ ئاغىنەم سىدىقھاجى شۇ چاغلاردا پۈتۈن ياشلارنىڭ يولباشچىسى ئىدى، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى، ئۇلار بىر قېتىم ئۇرۇمچىدىكى ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ (ھازىرقى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ) چوڭ مەيدانىدا ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ خىتايچىلىق سىياستىدىن شىكايەت قىلىش يىغىنى ئاچماقچى بولغىنىدا، خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى باش مىنىستىرى جۇ ئىنلەي بېيجىڭدىن ئۆزى تېلېفون ئېچىپ، يىغىن ئاچمىساڭلار دەپ يالۋۇرغان ئىدى، ـ دەپ قوشۇپ قويدى ئوسمانجان، ئۇ يەنە چاقچاق قىلىپ:

_ ئاغىنەمگە سىزدەك گۈزەل پەرىزاتنىڭ كۆزى چۈشكەن بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن تەلەيلىككەن جۇمۇ، ھەي چاپسان بولۇڭلار، يەنە.... ـ دېدى رابىيەگە.

_ ھە، يەنە نېمە بولدى؟ ـ رابىيە ئەنسىز قىياپەتتە سورىدى.

_ ئاغىنەمنىڭ يۇرتىدا بويتاق يىگىت بىلەن تۇل خوتۇنغا كۆن يوق، بىر كۈنمۇ ئارام بەرمەي تېپىشتۇرۇپ قويىدۇ دەۋاتاتتى، سىلەر بارغىچە توي قىلىۋالمىسۇن دەيمىنا، ـ ئوسمانجان كۈلدى.

_ پوچتىخانىغا بېرىپ ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون قىلساقچۇ؟ ـ رابىيە ئالدىرىدى.

_ سىدىقھاجىنىڭ ئۆيى سەھرايى قىيامەتتە، ئاتۇش شەھەر ئىچىدە بولسىغۇ، تېلېفوندا سۆزلۈشتۇرۇپ باقاتتۇق. يېزىلارغا يەنە 30 يىلدىن كېيىنمۇ تېلېفون سىمى تارتىلامدۇ ـ يوق بىلگىلى بولمايدۇ.

_ ئەمىسە مەن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىشقا كەتتىم، ـ رابىيە ئەمدى رەسمىي ئالدىراشقا باشلىدى ۋە خوشلاشقىلى تەمشەلدى.

ئوسمانجان بىلەن ئايالى ئۆيىگە كەلگەن بۇ مېھمانلارنىڭ سۆزىگە ۋە ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ كۈلۈشتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوسمانجان خوتۇنىغا شۇنداق دېدى:

_ گەپ ـ سۆزىدىن، تۇرقىدىن قارىغاندا، بۇ ئايال بەك بايۋەچچىدەك قىلىدۇ. قىلىقلىرىغا قارىسام، بىر بولسا، مەجنۇنغا ئاشىق بولغان لەيلىدەك بىسەرەمجان كۆرۈنىدۇ، بىر بولسا... ھەي... ئىككى تاسقام بارمىكىن دەيمەن.....

## ئۇ ماڭا مەنسۇپ

رابىيە ئولتۇرغان ئايروپىلان چۈشتىن كېيىن قەشقەر ئايرودرومىغا قوندى. ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئاپتوبۇس بىلەن شەھەر ئىچىدىكى چىنىباغ مېھمانخانىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. مېھمانخانا كۈتكۈچىسى ئۇنى ئىككى كارىۋاتلىق ئاياللار ياتىقىغا باشلاپ ئەكىرىپ قويدى. ياتاقتا كېلىشكەن بىر قىز ئەينەككە قاراپ چېچىنى

تاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ رابىيەنى كۆرۈپ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە رابىيىگە سالام بەردى:

_ سالامۇئەلەيكۇم، كىلىڭ، كىلىڭ، قارىغاندا ئىككىمىز بۈگۈن بىر كىچە ھەمراھ ئوخشايمىز.

رابىيە كۈلۈمسىرەپ سالامىلىشىپ سومكىسىنى قويدى ۋە ئۆزىگە تەۋە كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بۇ قىزغا سەپ سېلىپ قارىدى. بايىقى سۆزىدىن ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. بىراق ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئادەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مېھمانخانىلاردا ياتاقتا يېتىشى ناھايىتى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. ئۇلار كۆپىنچە شەھەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئۆيىدە قوناتتى. ئومۇمەن خېلى چوڭ بىر ئىشنىڭ پېيىدا بولمىسا، مېھمانخانىنىڭ ياتاق، تاماق پۇللىرىغا ئادەتتىكى خەلق چىدىمايتتى.

_ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ ـ دەپ سورىدى رابىيە ئۇ قىزدىن، ـ بىرەر خىزمەت بىلەن كەلدىڭىزمۇ نېمە؟

_ شۇنداق، ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، شەخسى ئىشىم بىلەن تەۋەككۇل قىلىپ كەلدىم. قەشقەردە يېقىنراق تونۇشۇممۇ يوق، شۇڭا بۇ يەردە ياتتىم. ئەتە ئاتۇشقا ماڭىمەن.

_ مانا قاراڭ، سىڭلىم دەيمۇ سىزنى، دوستۇم دەيمۇ بىلەلمىدىم، مەنمۇ ئەتە ئاتۇشقا بارىمەن. سەپىرىمىز بىر ئىكەن. مېنىڭ ئىسمىم رابىيە، تىجارەت قىلىمەن، يېشىم 30 غا يېقىنلاشتى، 6 بالام بار، بۇ قېتىم باشقا بىر... ھە... مۇھەببەت سودىسى بىلەن يولغا چىقىشىم، ـ رابىيە چاقچاق ئارىلاش ئوچۇق چىراي بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

_ مېنىڭ ئىسمىم رازىيە، سىزنى ئاچا دېسەم بولغۇدەك، مەن ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق ئۆلىما رەمزە قارىنىڭ قىزى بولىمەن. مەنمۇ يېقىن بىر تونۇشۇمنى ئىزدەپ ئاتۇشقا كېتىۋاتىمەن.

_ توختاڭ سىڭلىم، ـ رابىيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مېھمانخانا خىزمەتچىسىنى چاقىردى:

_ ھەي ئۇكام ماڭا قارىغىنا، ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى ئاشخانىدىن بىزگە ئىككى تەخسە گۆشلۈك لەڭمەن، بىر چەينەك چاي ئەكىرىۋەتكىنا، ـ دەپ ئۈچ سوم پۇلنى تەڭلىدى ۋە قوشۇپ قويدى، ـ قالغىنىنى ئۆزۈڭ خەجلە.

_ رابىيە ئاچا سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئۆزۈم ئېلىپ يەيتتىم، بايا ئاشخانىغا كىرەي دېسەم، ساپلا ئەر كىشىلەر ئولتۇرۇپتۇ، خىجىل بولۇپ كىرەلمىگەن ئىدىم، رەھمەت سىزگە، ـ دېدى رازىيە تەكەللۇپ بىلەن.

_ ۋاي بولدى، مەن دېگەن تىجارەت قىلىپ يۈرۈپ پىشىپ كەتكەن. ئاشقان پۇلنى بەرسە ھەرقاندىقى يۈگۈرەيدۇ، بۇيرۇغان ئىشقا، ھە راست سىڭلىم بايا گېپىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، نەدە خىزمەت قىلىسىز؟

_ مېنىڭ خىزمىتىم يوق، ھازىرچە دادام، ئاپاملار بىلەن بىللە ياشاۋاتىمەن،ـ رازىيە ئېغىر بىر تىنىپ توختاپ قالدى.

_ ئۈرۈمچىدە سىزدەك قىزلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىپ بولىدۇ، رازىيە، كۆزىڭىزدىن ئۇزۇن يىل دەرد تارتقان ھارغىنلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تارتىنماڭ سىڭلىم، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەرنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، نەچچە كېچىلەپ تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ. بۈگۈن تازا بىر مۇڭدىشىپ پاراڭ سېلىشىۋالىدىغان بولدۇق. مېنىڭ ھازىر غېمىم تۈگىدى، پۇل تاپتىم، باي بولدۇم، ئەردىن باشقا

دەردىم قالمىدى، ئۇ نامەردتىن 6 بالا بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن.

رابىيە بېشىدىن ئۆتكەن هايات كەچمىشلىرىنى، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى، شۇنىڭدەك مۇھەببەت كوچىسىدىكى تەلەيسىزلىكلىرىنى سۆزلەپ يېرىم كېچە بولدى. رازىيە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تولا يىغلاپ ياستۇقىنى هۆل قىلىۋەتتى، رابىيە ئۆزىمۇ نەچچە قېتىم كۆز يېشى قىلدى. ئەمدى نۆۋەت رازىيىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ سۆزىنى ئاستا باشلىدى:

_ هاياتىڭىزدا پەقەت ئاخىرقى بىر ئارزۇيىڭىز قاپتۇ، ئۇمۇ هەل بولسا سىز تولىمۇ تەلەيلىك ئايال ئىكەنسىز، توققۇزى تەل دېگەن مانا مۇشۇ. مەن ئاتا ـ ئانامدىن باشقا ھەممىدىن مەھرۇم قالغان بىچارىمەن. خىزمىتىم يوق، ئائىلەم يوق، ئېرىم، بالام، پۇلۇم يوق، ھەتتا ئەتراپىمدا يېقىن دوستلىرىممۇ يوق.

ئوبدان بىلىسىز رابىيە ئاچا، بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ دەرسلەر توختىدى. بىر مۇنچە چوڭ ـ كىچىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ چوڭلارنى دوراپ ئىسيانچى، قوغدىغۇچى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش، ئۇرۇش ـ جېدەلگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ پەيتتە مۇنەۋۋەر ئاقساقاللىرىمىز، ئەينى چاغلاردا رۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، كېيىن خىتايغا تارتقۇزۇپ قويغان پېشقەدەملىرىمىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى نىشان قىلغان يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرغان ئىكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ باش شتابى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىكەن. مېنىڭ دادام ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئىشلەپ، يېزىپ، ئوقۇپ، سۆزلەپ ئۆتكەن ئادەم. بىر يىللىرى ھۆكۈمەت دادامنى

ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى دەپ تۈرمىگە سولاپ جازالىغان ئىدى. دادام بىزنى كىچىكىمىزدىن باشلاپلا مىللەتچى قىلىپ تەربىيىلىگەن ئىدى. شۇ چاغلاردا ئاكامىمۇ شۇ تەشكىلاتنىڭ بىر رايوندىكى مەسئۇلى بولسا كېرەك، دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭمۇ بىر مۇنچىسى شۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولسا كېرەك، تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىدە زەنجىرسىمان ئالاقە شەكلى تەكىتلەنگەن بولۇپ، بىر ئەزانىڭ پەقەت تونۇشتۇرغۇچى بىلەن ئۆزى تونۇشتۇرغان ئىككى كىشىدىن باشقىسىنى سۈرۈشتۈرۈشى مەنئى قىلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار 50تىيىن بەدەل پۇلى تاپشۇراتتى، ئەزالار بۇرۇن 1933 ـ يىلى ۋە 1944 ـ يىللىرى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بايرىقى بولغان ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايراق ئالدىدا «ۋەتەن، مىللەت ئازادلىقى ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە كۈرەش قىلىمەن. مىللىتىمگە مەڭگۇ سادىق بولىمەن» دەپ قەسەم ئىچەتتى ۋە ئەزالىق ئىلتىماسىغا بارمىقىدىن قان چىقىرىپ قول قوياتتى.

مەخپىيەتلىك شۇنداق قاتتىق تەكىتلىنەتتىكى، بىر تەشكىلاتنىڭ ئىچىدىكى ئىككى دوست بىر ـ بىرىمىز بىلەن تەشكىلى مەسىلىلەردە پاراڭلىشالمايتتۇق. ئاكام ئېھتىيات يۈزىدىن بىر قانچە قېتىم مېنى چوڭ كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئىشلەتتى. ئۆز تەشكىلىم تەرىپىدىنمۇ بىر نەچچە قېتىم مەخپىي ئىشلارغا بۇيرۇلدۇم. خېلى ـ خېلى چوڭ نوپۇزلۇق، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆيغۇرلارنىڭمۇ بۇ ئىشنىڭ بېشىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق، ۋەكىللىرىمىز بىر قانچە نۆۋەت چېگرادىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۈرۈمچىدىكى بىر گۇرۇپپا مەخپىيەتلىكى پاش بولۇپ قالغاندا، سوۋېت تەرەپكە ـ قازاقىستانغا

مەخپىي يوسۇندا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ھە راست، مەخپىي دەپ تۇرۇپ ھەممىنى سۆزلەپ كەتتى بۇ قىز دەپ ئويلاپ قالماڭ يەنە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ بولدى، پەقەت خەلقىمىزلا بۇ ئىشلارنى بىلىش تۈگۈل، قىلغان ئىشلىرىمىزنى ئاڭلىسا بىزدىن ئۈركۈپ، جىن چاپلىشىۋالىدىغاندەك قورقۇپ كېتىشىدۇ.

1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەتتە چوڭ شەھىرىدە بىرلا ۋاقىتتا چوڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، ھەربىيلەر، ساقچىلار ۋە بىڭتۈەن ئەسكەرلىرى 30 نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ـ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار نەزەربەند قىلىنىپ ھەممىسى ھەربىي لاگېرلارغا سولاندى. شۇ قېتىمقى چوڭ تۇتقۇندا بىر قىسىم كىشىلىرىمىز نازارەت ئاستىدا ياشاشقا قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، كۆپ ساندىكىلىرى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف دوختۇرخانىدا يوشۇرۇن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. 1970 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (ئىلى، چۆچەك قوزغىلىڭىنىڭ 8 يىللىقى كۈنى) خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، ئابدۇرېھىم باقى، ئەمەت ئاخۇن، ئىمىن ئىكرام، ھوشۇر قارى، ئىمىن ئىيسا، مۇھەممەد ئىمىنباي، ياش قەھرىمان دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق نۇرغۇن يېتەكچىلىرىمىزنى ئېتىپ تاشلىدى.

قەشقەردە مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقتىن، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولغان ئاخۇنوپ، مىجىت، خەيرۇللا، ئوسمانجان، مۇھەممەد ئىمىن، خەيرىنىسا قاتارلىق سەپداشلىرىمىز بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئېتىشىپ تۇرۇپ قۇربان بولدى. ھۆكۈمەت قەشقەردە ئەخمەتجان مۇنىر، مىجىت ساقى، روزى ھېكىم، مۇھەممەد

ئىمىن قاتارلىقلارنى، غۇلجىدا ئابابەكرى زاھىر، مۆمىن قارى، ئابدۇجاپپار، سابىر، ئىسمائىل ئابدۇغېنى، خوجاخمەت، دۆڭمەمەت قادىر، ھەنىپە، يۈسۈپ مۇسا قاتارلىقلارنى سوراقسىز ئېتىپ تاشلىدى. ھۆكۈمەت شۇ چاغدا ھەتتا ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىغا ۋە پولك دەرىجىلىك ھەربىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم ئېتىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى!

شۇ قېتىملىق تۇتقۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ نى - نى مۇنەۋۋەر، ئوت يۈرەك ياشلىرى ئاشكارا - يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى، تۈرمىگە تاشلاندى، ھەپىسىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى ياكى 10 نەچچە يىللاپ تۈرمىدە يېتىپ جەڭگىۋار روھى، ياشلىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىندى.

مەن شۇ كۈنىدىكى قانلىق باستۇرۇشتا قولغا ئېلىندىم. شۇ چاغدا مەن 17 ياش ئىدىم. تۈرمىدە ئاپامدەك ياشانغان ئاياللارنىمۇ، 14 ياشقىمۇ كىرمىگەن كىچىك قىزلارنىمۇ كۆردۈم. ئۇزۇن يىللارغىچە ياشلىق غۇرۇرۇمنىڭ كۈچى بىلەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ يېتىپ كەتتىم. كېيىن بىلسەك، تەشكىلاتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا بىر مۇنچە ساتقىن ئۇيغۇر جاسۇسلار سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىكەن. شۇلار بىلىپ قالغان ئەزالىرىمىز ۋە قىيىن - قىستاققا چىدىماي باشقىلار پاش قىلىپ قويغان سەپداشلىرىمىز 8- 10يىل يېتىپ كەتتۇق. ياشلىقىمىزدىكى ئارزۇ - ئارمانلار، قۇتلۇق تىلەكلەر ۋە ئوتلۇق سۆيگۈلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى سوپۇن كۆپۈكىگە ئوخشاش يوق بولۇپ كەتتى.

تۈرمىدىن چىقسام ئۆزۈمنىڭ بەدىنىمدىن باشقا ھېچنەرسەم قالماپتۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، پۈتۈن ياشلارغا يولباشچى بولغان، 8 يىل بىر تۈرمىدە يېتىپ كۆرۈپ باقمىغان بىر يىگىتنى غايىبانە ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم، تۈرمىدە ئۇزۇن يىل ئۇنىڭ سىماسىغا

ئاشىق بولۇپ كۆنلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى مانا، ئۇنىڭ ئالدىغا نەچچە يىللاپ يانغان يۈرىكىمنى يىدا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، - رازىيە ئۇزۇن سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ نەپەس ئالدى.

_ سىڭلىم نېمە دەۋاتىسىز؟ - رابىيە جىددىيلىشىپ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ، رازىيىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىپ سورىدى، - سىز كىمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىسىز؟ سىدىقهاجى روزىنىمۇ؟!

_ نېمە؟ سىزمۇ؟.... توۋا ئىككىمىز تەڭلا بىر ئادەمگە ئاشىق بولۇپ كەپتۇق جۇمۇ، ماۋۇ تەقدىر - قىسمەتنى كۆرۈڭلار! - بۇلار ئىككىسى ئۇن - تۈنسىز قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، رابىيە يىغلاپ تۇرۇپ رازىيىگە ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىپ قارىدى- دە تەمكىنلىك بىلەن:

_ جېنىم سىڭلىم، بىز بۇ قىساسلىرىمىزنى ئېلىشىمىز كېرەك، ئۇيغۇر خەلقى سىدىقهاجىغا ۋە ماڭا موھتاج، سىدىقهاجىمۇ مەندەك بىرسىگە موھتاج. مەن سىلەر قاملاشتۇرالمىغان شۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمدى باشلىماقچىمەن. مەن چوقۇم سىلەرنىڭ ئارزۇلىرىڭلارنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. مەندە يېتەرلىك ئىرادە بار، ئەقىل بار، ئىقتىساد بار، - دېدى خىيالچان كۆزلىرىنى ئۇزاقلارغا تىكىپ تۇرۇپ.

ئىككىسى تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپ، ئاچا - سىڭىل بولۇشتى، ئەلۋەتتە سىڭلىسى ئاچىسىغا يول بوشىتىدۇ. رابىيە ئۇنى قايىل قىلدى ۋە ئەتىسىلا رازىيىنى ئۇرۇمچىگە ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ يولغا سېلىپ قويدى - دە، ئۆزى ئاپتوبۇس بىلەن ئاتۇشقا قاراپ ئالدىراپ يولغا چىقتى.

## بىر كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم

ئاپتوبۇس رابىيەنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ كىچىككىنە بازىرىدىكى يولۇچىلار قاتناش بېكىتى ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ سىدىقھاجىنىڭ ئۆيى بار يېزىنى سورىۋېدى، كىشىلەر ئەينىكا دەپ يېقىنلا بىر يەرنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ يول بويى توختىماي سوراپ پىيادە مېڭىپ يۈرۈپ، ئەينىكا دېگەن يېزىغا يېرىم سائەتتە ئاران يېتىپ كەلدى. ئاتۇشتا تاكسى، كىرا ئاپتوبۇسى دېگەندەك ماتورلۇق ماشىنىلار كۆرۈنمەيتتى، كىشىلەر ۋېلىسىپىت، ئېشەك هارۋىلىرىدا قاتنايتتى. رابىيە يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ يولدا كېتىۋاتقان بىر بالىنى چاقىرىپ سورىدى:

_ ئۇكام، ماڭا قارىغا، سىدىقنىڭ ئۆيى قاياقتا؟

_ قايسى سىدىقنى دەيلا، ياخشى سىدىقنىمۇ، يامان سىدىقنىمۇ؟ ياخشى سىدىقكام چوڭ ئەترەتنىڭ سېكرېتارى، يامان سىدىق ھەپسىدىن چىققان ئەكسىلئىنقىلابچى، ئۇ هازىر جاڭگالدا ئىشلەۋاتىدۇ.

_ مېنى ئاشۇ جاڭگالغا باشلاپ بارامسەن ئۇكام، مە، ماۋۇ 5 سومغا كەم ـ كۈسىلىرىڭنى ئېلىۋال، ـ دېدى رابىيە ئۇ بالىغا، بالا پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ئالدى ـ كەينىگە ئۆرۈپ قاراپ بېقىپ، بىردىنلا يايراپ كەتتى.

_ يۈرسىلە، جېنىم ئاچا بىردەمدىلا ئاپىرىمەن، ھەي، ساقلىسىلىغۇ ئۆيگە بېرىپ ئېشەك هارۋىسىنى قوشۇپ كېلەتتىم.

_ بوله، پىيادە ماڭىلى، چاپسان بول، ھە راست ئۇنىڭ ئۆيى نەدىرەك؟ ئۆزى توي قىلغانمۇ؟ ـ رابىيە ئالدىراپ سورىدى.

_ سىدىقهاجىكامنىڭ دادىسى مەھەللىمىزنىڭ پومېشچىكى، ئۆيى ئاشۇ جاڭگالدا، ئەسلىدىغۇ هازىرقى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشخانىسى شۇلارنىڭ ئۆيىكەندۇق، هۆكۈمەت تارتىۋالغانمىش، مەھەللىدە هېچكىمنى ئۇلار بىلەن گەپلىشىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ، سىلى تۇغقىنى ئوخشىمامدۇ؟ سىدىقهاجىكام توي قىلمىدى، ئەكسىلئىنقىلابچى تۇرسا خەق قىز بېرەمدۇ، بىلمەملا؟ ـ دېدى بالا ئاستا پىچىرلاپ، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ، 5سومنى ئالغاندىن كېيىن ئۇ سىدىق يامانىنى سىدىقهاجىكام دەپ سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى.

ئۇ بالا سىدىقهاجىنى يىراقتىن كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆيىگە يۈگۈردى. تۆت تەرەپ قاقاس چۆل، دەل ـ دەرەخ، سۇ دېگەندىن ئەسەر يوق، يىراقتا داپتەك يوغان كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرگە ئۇرۇپ بوز يەر ئېچىۋاتقان سىدىقهاجى ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايال كىشىنى كۆرۈپ، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

يىراقتىن چۆچەكلەردىكى پەرىزاتتەك زىلۋا بەدەن، غۇنچە بوي، بېلىدىن تۆۋىنىگە ساڭگىلاپ تۇرغان قاپقارا سۇمبۇل چېچى يېنىك تەۋرىنىپ، سىلكىنىپ تۇرغان بىر گۈزەل ساھىبجامال ئۇنىڭغا قاراپ ئۇدۇل كېلىۋاتاتتى.

_ ئاھ خۇدا، ماڭا نېمە كارامەتلەرنى كۆرسىتىۋاتىسەن؟ بۇ ئوڭۇممۇ، يا چۈشۈممۇ؟ بۇ ساھىبجامال قىز ئىنسانمۇ، يا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتمۇ؟ توۋا، توۋا، ئەتىگەندە كۆرگەن چۈشۈم توغرا چىقىۋاتامدۇ نېمە؟ ـ سىدىقهاجى بىر ئويلاپ، بىر هاڭۋېقىپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ قالغان قىزغا سەپسالدى.

_ ئەسسالامۇئەلەيكۇم سىدىقهاجى ئەپەندى، ياخشىمۇسىز؟ ـ سىدىقهاجى خۇدىنى يىغىپ بولغۇچە، قاپقارا ئىككى كۆز ئۇنىڭغا

تىكىلدى. ئۇ جاۋابەن ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دېدىمۇ، سالام پەرىشتە دېدىمۇ ياكى كېلىك پەرىشتەم دەۋەتتىمۇ، نېمە دېگىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. يۈرىكى بولسا ھېچ سەزمىگەن بىر چاڭقاق تەشنالىق بىلەن دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

_ مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، يىراقتىن كەلدىم.- رابىيە شۇ سۆزلەرنى جاسارەت بىلەن ئېغزىدىن چىقاردىيۇ، ئەقلى لال بولۇپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىمۇ باشقا بىر سەزگۈ تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بەستى كېلىشكەن، ئۆڭۈپ كەتكەن كۆيىنىكىدىن مەردانە كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇرغان، يېڭنى تۈرۈۋالغان بىلەكلىرىدىن كۈچ - غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھېقىقى ئۇيغۇر يىگىتى تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ بۈركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن كۈچلۈك بىر غەزەپ ئۇچقۇنى، پۈتمەس بىر مۇھەببەت يالقۇنى چاقناپ تۇراتتى. تالاي ئەركەكلەر بىلەن سودا مۇئامىلە قىلىپ پىشىپ كەتكەن رابىيە، ھېچبىر زامان بۇگۈنكىدەك ئوڭايسىزلانمىغان، تەمتىرىمىگەن ئىدى.

_ ئۆيگە باشلاي، - دېيەلىدى سىدىقھاجى بىر ئازدىن كېيىن، ئارقا تەرەپتىكى خېلى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كەپىنى ئىما قىلىپ.

_ ئاۋۇ يەردىكى ئۈجمىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ بىر ئاز ئەھۋاللىشايلىمىكىن، سىدىقھاجى روزى ئەپەندى.- رابىيە خۇددى مەن سىزنى ياخشى بىلىمەن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇرغىلاپ قوشۇپ قويدى، - دوستىڭىز ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم!

رابىيە سومكىغا قولىنى ئۇزاتتى.

_ ئوسمانجان؟! - سىدىقھاجىنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، ئۇ خەتنى ئاستا قولىغا ئالدى - دە، رابىيەنىمۇ ئۇنتۇپ، كونۋېرتنى ئالدىراپ

ئېچىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. سىدىقھاجىنىڭ كۆزلىرى خەت ئۈستىدە يۈگۈرمەكتە، ياش تامچىلىرى كۆزىدىن مەڭزىگە سارقىپ چۈشمەكتە ئىدى.

_ رەھمەت سىزگە سىڭلىم، ماڭا بىباھا سالام ئېلىپ كەپسىز، سىزدەك بىر گۈزەل پەرىزاتتەك قىز شۇنچە ئۇزاق يەردىن مېنىڭدەك مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلابچىنى يوقلاپ كەپسىز، شۇ تاپتا بېشىم ئاسمانغا يەتتى، سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

_ ئېغىر كۈنلەردە دەردىڭىزگە دەرمان بولاي دەپ كەلدىم، ـ دېدى رابىيە سۆزىنى باشلاپ، ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىغىنە، ئەمما قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى، ئارىلىقتا سىدىقھاجىنىڭ نام ـ شۆھرىتى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

_ شۇنداق سىڭلىم، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ ئادالەتسىز دۇنيانىڭ ئۆزى بىر قەپەس، ۋەتەن دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقتۇق، ھەقىقەت ئىزدەپ سۆزلىدۇق، مۇكاپاتى 10 يىللىق سوراقسىز تۈرمە بولدى! كۆردىڭىزمۇ، مەن تۈرمىدىن چىقتىم دەپتىمەن، ئەسلى زىندان مانا بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ؟! مېنىڭ مىليونلىغان خەلقىم مانا مۇشۇ زۇلمەت ئىچىدە ئىڭراپ ياشاۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان، غېمىنى يېگەن يولباشچىلىرىنىڭ بېشىغا دەسسەپ ياشاۋاتىدۇ! ئىبراھىم تۇردى دەيدىغان ئاتاقلىق مىللەتچى بىر شائىرىمىز بار ئىدى. خەلق ئىشلار نازارىتىدە نازىر ۋاقتىدا، تۇرپان خەلقىگە سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇلنى تالىشىپ يۈرۈپ ھەل قىلىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆزى نازارەت ئاستىدا ئۆزگەرتىشكە تۇرپانغا پالىنىپتۇ. خەلق ئۇنى خورلاپ، كۈرەش قىلىپ جىنايىتىڭنى

تاپشۇر دەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاچچىقىدا «مېنىڭ جىنايىتىم، سەنلەر سۇسىز قالغاندا سۇ، ئاچ قالغاندا ئاش بەرگىنىم» دەپتىكەن، ـ سىدىقھاجى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ ۋەتەن، مىللەتنى ھۆرىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللىقاچان نىيەت قىلغانمەن، مەن دېگىنىمنى قايتماس ئىرادەم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدىغان ئايالمەن. ماڭا پەقەت سىزگە ئوخشاش بىر سەپداش كەم. مەن سىزنى ئارزۇلاپ كەلدىم، راستىمنى ئېيتسام، مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ مەردانە ئىكەنسىز. ئەمما مەن تەشنا بولغان سۆزنى، سىز ئاغزىڭىزدىن چىقىرالمىدىڭىز، مەن سىزنىڭ، مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن! ـ دېدى رابىيە كۆڭلىدىكى نەق گەپنى بىر يولىلا ئوتتۇرىغا تاشلاپ.

سىدىقھاجى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە، يەرگە قادالغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، چىشىنى چىشلەپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئويغا پاتتى، ئارقىدىن ئاسمانغا قاراپ چوڭقۇر بىر تىندى ۋە رابىيەگە تىكىلىپ قارىيالماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۆزلىدى:

ـ رەھمەت سىڭلىم، مەن ئۇيغۇرنىڭ قايغۇسىغا ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ تۇگەپ كەتمىگەنلىكىدىن سۆيۈندۈم، ئەمما، بىر ئايال زاتىنىڭ ئەرگە تېگىمەن دەپ كەلگىنىنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىدىم. مەن بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. سىز دېگەندەك جۈرئەت قىلالمايمەن.

رابىيە يېلىندى، يالۋۇردى، تىنماي سۆزلىدى، لېكىن سىدىقھاجى نېمە ئۈچۈندۇر، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا خىجىل بولدىمۇ، ئۆزى تارتىنۋاتقان بۇ قارغىش كۇنلەرگە يەنە بىرسىنى شېرىك قىلىشنى راۋا

كۆرمىدىمۇ، ئىشقىلىپ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنىڭ ئەكسىچە، رابىيەنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەمما ئۇ، ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا، يۈرىكىنىڭ سىزىمىغا زىت ھالدا ۋە ئويلىغانلىرىنىڭ تەتۈرسىچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئۆزى سىزىپ تۇردى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، رابىيەنىڭ غۇرۇر تۇيغۇسى سەزگۈرلىشىشكە، ئاچچىقىدا گەپلىرى قېيىداش تەرىپىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ جىددىي قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى:

_ ھالىڭىزغا قاراڭ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ مەيدىڭىزگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈمىدلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالماستىن تۈرمىدە ياتتىڭىز، چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ بەتتەر غۇربەتچىلىكتە ياشاۋاتىسىز، شېرىن ئارزۇلىرىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مېنىڭدەك بىرسىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىسىز، مېنىڭ نېرىم كەم؟ گۈزەل رۇخسارىم، قەيسەر ئىرادەم، ئەقىل ـ پاراستىم سىزگە يارىمىدىما؟! مەن بىلىمەن، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئاشىق بولدىڭىز، بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز، ياق دېسىڭىز مەيلى، قاراپ تۇرۇڭ، مىللىتىمنى ھەتتا سىزدەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئاسارەتتىن ئۆزۈم قۇتۇلدۇرمىسام، مېنىڭ ئېتىم رابىيە بولماي كەتسۇن! مەن ئۇيغۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلاپ قويۇپ كېتىمەن، بازاردىن بەك كۆپ نەرسە ئېلىۋاپتىمەن، ئېغىردىن ئارتۇق كۆتۈرۈپ يۈرمەي. خەير ـ خوش سىدىقھاجى روزى ئەپەندىم! ـ رابىيە كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى.

سىدىقھاجى ئىككى ـ ئۈچ سائەت ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى، ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، بىر كۈن چېكىدىغان ئاچچىق موخۇركىسىنىڭ

ھەممىسىنى چېكىپ بولدى. قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى. قاتتىق خۇمار تەشنالىقىدا ئۆيىگە بالدۇر قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

_ ئوغلۇم، بۈگۈن ئۆيگە گۈزەل بىر قىز كەلدى، ئوسمانجان ئاغىنەڭنىڭ سالىمىنى ئەپكەپتۇ، قارا داستىخاندىكى نېمەتلەرگە، تېخى نەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ بار، بىر مۇنچە پۇلمۇ تۇرىدۇ، سېنى چاقىراي دېسەم، ياق كېيىن كۆرۈشەرمىز، دەپ كېتىپ قالدى. كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، مانا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ، ـ دېدى ئاپىسى سىدىقھاجىغا ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا.

_ شۇنداق ئاپا، كۆردۈم، ھەممىنى كۆردۈم،ـ دېدى سىدىقھاجى يەرگە قاراپ.

## ۋەتەن ئازاد بولغاندا...

كۈندۈزى ئانىسى ئۈچۈن ئەترەتتىن بەلگىلەپ بەرگەن مەجبۇرىي بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىنى قىلىپ، كەچتە ئۆيدە توختىماي كىتاب ئوقۇيدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان سىدىقھاجىنىڭ ھاياتى شۇ كۈندىكى گۈزەل قىزنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن تامامەن ئۆزگەردى.

ئالدى بىلەن ئۈچ كۈن چېكىدىغان موخوركا بىر كۈن يەتمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىشقا پەقەتلا قولى بارمىدى. شۇ كۈنى قاتتىق چاقماق چېقىپ، چېقىنى گويا ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بولۇپ قالدى. رابىيەنىڭ كەسكىن ۋە ئۆتكۈر سۆزلىرى، تەلمۈرۈپ تۇرغان مەغرۇر كۆزلىرى، ھەر بىر ھەرىكىتىدە دولقۇنلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى خۇددى توختىماي قويۇلغان ئېكران رەسىمدەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمىدى. ئۇ بەزى كۈنلىرى ئۆزىنىڭ لەۋلىرىنى ئۆزى كاچاتلاپ كېتەتتى.

_ ھەي مېنىڭ بىتەلەي ئاغزىم، يۈرىكىم ھەئە دەپ تۇرسا، سەن ھەجەپ ياق دەپ تەتۈرلۈك قىلدىڭ ھە!؟ ئىسىت، ئىسىت، ئاللاھ نېسىپ قىلغان مەشۇقۇم ئىدى ئۇ،ـ سىدىقھاجى ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى كەچتە، تەمبۇرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

مەھەللىدىكىلەر ھەر كېچىدە، تاڭ ئاتقىچە تەمبۇر بىلەن تەڭ ياڭرىغان «نەدىسەن رابىيە» دېگەن مۇڭلۇق ناخشىنى ئاڭلايدىغان بولدى:

نەدىدۇر شېرىن سۆز، زۇلپى چاچلىقىم،
ئايرىلدىم، سېغىندىم كۆزگە تولدى ياش.
نەدىــدۇر مەن كۆرگەن لالىرەڭ لەۋلەر،
نەدىــدۇر بەختىمگە پارلىغان قۇياش؟

تۇمانــغا كۆمۈلگەن قاغىلىنىڭ تېغى،
ســايلىرى شىۋاقلىق غېرىب ماكانــى،
زېمىنغا يېشىمدىن ئۈنچىلەر چاچتىم،
نەدىدۇر رابىيەنىڭ تۇتقــان جاھانــى؟

مەھەللىدە چۆچەك تارقالدى، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپتەك، سىدىق يامانلى ئەكېتىمەن دېسە، كەتمەپتىدەك، شۇندىن بېرى ئۆزى ئاسمانغا قاراپ غەزەل توۋلايدىغان بوپقاپتەك.....

رابىيەنى باشلاپ كېلىپ بەش سوم پۇل ئالغان بالا ھەممىگە گۇۋاھ بولۇپ، كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ يۈردى.

سىدىقھاجى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ،

نەچچە دەپتەرنى مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا، توغرىسى سۆيگۈ، ئاشىق، مەجنۇن، مەشرەپ تېمىلىرىدىكى شېئىرلارغا توشقۇزۇۋەتتى.

ئۇ چىدىمىدى، ئاخىرى يولغا چىقتى.

ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ رابىيەنى ئىزدەپ تاپتى. سىدىقهاجى مانا ئەمدى ئەركەكلەرگە خاس سۆيگۈ ئىزهارىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ رابىيە بىلەن كۆرۈشۈپ ئوقۇغان ئوتلۇق مىسرالىرى رابىيىگە ئاجايىپ تەسىر قىلدى:

پەسلى گۈلشەن زىنىنتى پەرقى تۇرۇقلۇق قىزغىنىپ،

هۆسنىدىن رەڭلەر تالاشقان نەۋباهارىم نەدىدۇر،

ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ئوتلۇق قەسەملەر بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشىدىغان بولدى، ئەمما ئەمدى رابىيە ئاخىرقى شەرتىنى جاكارلىدى:

ـ مەن هاياتىمدا تۇنجى قېتىم بىر يىگىتنى ياخشى كۆردۈم، مۇرادىمغا يەتتىم، مۇشۇ شەرەپ بىلەن، مۇشۇ مۇبارەك نامىڭىز بىلەن، سەمىمىي سۆيگۈ ـ مۇهەببىتىڭىز بىلەن يالغۇز ياشاشنى خالايمەن. چۈنكى مەن سولاپ قويسا قەپەسنى چاقىدىغان، ئۆيگە سولىسا تاملارنى ئۆرۈۋېتىدىغان، باغلاپ قويسا زەنجىرنى ئۆرۈۋېتىدىغان ئەرك قىزىمەن! هېچكىم مېنى شەخسى مۈلكى ياكى قۇلى سۈپىتىدە ئۆيگە سولاپ قويالمايدۇ. مەن ئەركىن ياشايمەن، هۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن پۇل تاپىمەن. پۇل بىلەن يەنە يۈز تاپىمەن. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بويىسۇنماس قەيسەر ئىرادىسىنى دۇنياغا جاكارلايمەن. مانا بۇ مېنىڭ

تويي قىلىش شەرتىم!

سىدىقھاجى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى:

_ مەنمۇ ھاياتىمدا پەقەت سىزنى ياخشى كۆردۇم، ساپ سۆيگۈمىز ئۇچۇن ھەتتا ئۆلۈشكىمۇ رازىمەن.

_ ياق، ئۆلۈپمۇ يۈرمەيلى، سىز ماڭا ياردەمچى بولۇڭ، مېنى ھىمايە قىلىڭ، مېنى قوللاڭ، ئىككىمىز بىرلىكتە بىر - بىرىمىزنى يۆلەيلى، - دېدى رابىيە سىدىقھاجىغا.

_ قېنى رابىيگۈل يولىڭىز ئوچۇق، كەينىڭىزدە سۆيگىنىڭىز بار، قەيەسنى قانداق چاقالايسىز، تامنى قانداق ئۆرەلەيسىز، زەنجىرنى قانداق ئۈزەلەيسىز، مەن كۆرۈپ باقاي، - دېدى سىدىقھاجى.

ئۇلار تويي تەييارلىقىنى پۈختىلاپ ئاتۇشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى كۈنى يوقلاپ كەلگەن گۈزەل قىزنى باشلاپ كىرگەن ئوغلىنى كۆرۈپ، سىدىقھاجىنىڭ ئانىسى بەكلا سۆيۈندى.

ئەتىسى سىدىقھاجى بىلەن رابىيە تويي خېتى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا باردى. ئۇلار تويي خېتىنى ئېلىپ تالاغا چىققاندىن كېيىن، سىدىقھاجى ئەرلەرگە خاس مەيۈس بىر ھالەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

_ نېمىدېگەن كاج تەلەي بۇ؟ ئاھ، نېمىدېگەن رەھىمسىز قىسمەت بۇ؟ يۈرىكىمدىن سۆيگەن بۇ پەرىگە بۇگۈن چىرايلىق بىر دوپپىمۇ كىيگۈزەلمىدىم، يانچۇقۇمدا بىر تىيىن پۇلۇم يوق. قاچان تەڭشىلىدۇ بۇ دۇنيا! - دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

_ مەندە بار پۇل، سىز ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، - دېدى رابىيە سىدىقھاجىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇ تاكى بۇگۈنكى كۈنگىچە، ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ سوم پۇلى بارلىقىنى سىدىقھاجىغا ئېيتمىغان

ئىدى. ئۇنى مال ـ دۇنياغا قىزىقىپ ياخشى كۆرگەن بولمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ پۇلىنىڭ كۆپلۈكىنى يوشۇرغان ئىدى. شۇنىڭدەك، يەنە ئۆزىچە سىدىقهاجىنى سىناۋاتاتتى.

1978 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۇلار يىراق ـ يېقىندىكىلەرگە توي قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پومېشچىكنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا قورقۇپ ھېچكىم كەلمىدى. توي كۈنى سىدىقهاجى ئۆزى دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتتى. ئانىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

توي كۈنى سىدىقهاجىنىڭ نىمىشقىدۇر ئۆزى خۇشال، ئەمما كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى نۇرغۇن دوستلىرىنى ئەسلىدى. ھېسابسىز سەپداشلىرىنى ئەسلىدى. يىللاپ بىللە ياتقان تۇرمىداشلىرىنى ئەسلىدى.

ـ كەچۈرۈڭ رابىيگۈل، مەن سىزگە چوڭ توي قىلىپ بېرەلمىدىم. پېشانەمگە يېزىلغانلارنىڭ تەتۈرلۈكىنى كۆردىڭىز، ـ دېدى سىدىقهاجى رابىيىگە.

ـ ياق، بۇ توي ھازىرچە سىزدە قەرز ـ ئامانەت بولۇپ تۇرۇپ تۇرسۇن. ۋەتەن ئازاد بولغان كۈنى ماڭا باشقىدىن توي قىلىپ بېرىسىز، ـ دېدى رابىيە خۇشال ھالدا سىدىقهاجىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ.

## قاچقۇن كېلىن

ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسىدىكى مىيە كەنتى ئەسلىدە سىدىقهاجىنىڭ ئەجدادلىرى بولغان مۇھەممەد شاھلارنىڭ تەۋەررۈك زېمىنى ئىدى. سىدىقهاجىنى يۇرت جامائىتى مۇھەممەد شاھنىڭ

يەتتىنچى نەۋرىسى دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بەك كۆپ بولۇپ، پەقەت سىدىقهاجىنىڭ دادىسىلا پۈتۈن زېمىنلارنىڭ مىراسخورى سۈپىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زومىگەر پومېشچىك دېگەن سىنىپىي تەركىبگە ئايرىلدى. ئۇ خىتاينىڭ باستۇرۇشلىرىدا قولغا ئېلىنىپ، 1955 ـ يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولدى. كەنتتە ئۇنىڭ ئائىسىغا سىنىپىي دۈشمەنلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. مەھەللىدىكى بۇ ئائىلىگە قاراشلىق تېرىلغۇ يەرلەر، بىنەم، ئوتلاقلار، ئۆستەڭ، تۈگمەنلەر، دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى سىدىقهاجى 8 ـ 9 ياش ۋاقتىدىلا، بۇ يېزىغا كەلگەن كوممۇنىست خىتاي باشلىقلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئائىسى 1961 ـ يىلى خەلق كوممۇناسىنىڭ دۈشمەنلىرى، 1964 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئېنقىلاش ھەرىكىتىنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان 4 خىل ئۇنسۇر، 1966 ـ يىلى قارايىپ، 5 خىل ئۇنسۇر دېگەندەك قالپاقلار بىلەن كۈرەش قىلىناتتى، سازايى قىلىناتتى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىناتتى. ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلىشقا، باردى ـ كەلدى قىلىشقا يول قويۇلمايتتى.

1978 ـ يىلى خىتاينىڭ ماۋ زېدۇڭ دېگەندەك جېدەلخور ئەمەلدارلىرى ئۆلۈپ، كوممۇنىستلارنىڭ بېيجىڭدىكى 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھۆكۈمەتمۇ سىنىپىي تەركىب مەسىلىسىنى ئانچە چىڭ تەكىتلەپ كەتمىگەچكە، خەلق سىياسەتلەر بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاشقا باشلىدى. سىدىقهاجىمۇ تۈرمىدىن چىقىپ يۇرتىغا كېلىشىگە ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ ئائىسىغا قوشۇۋېتىلگەن ئىدى. ئەمدى بولسا تويدىن كېيىن، ئاخشاملىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ ئىككىدىن

يوشۇرۇنچە كېلىپ يوقلاپ كېتىشتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەھەللىدىكى سۆز - چۆچەكلەر ھەممە كىشىنى بۇ تاسادىپىي توي بولغان، «ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەن» ئۆيگە جەلپ قىلاتتى. يوقسۇزلۇق، نامراتچىلىق ئىچىدە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىۋاتقان، خۇددى نازارەتتىكى مەھكۇمدەك ياشاۋاتقان سىدىقھاجىغا ئۆزى كېلىپ تەگكەن بۇ گۈزەل قىزچاق راست پەرىشتىمىدۇ، ئىنسان قىزىمىدۇ، دەپ ھەيران بولۇپ كۆرگىلى كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى ھەسەت قىلىپ، توۋا بۇ قىزنى قاراڭلار، مەندەك بىر يېزا كادىرى مائاشىم بار تۇرۇپ لايىق يوق بويتاق يۈرىمەن، بۇنىڭ سىدىقھاجىدەك بىر قوڭالتاقتا نەلەردىن ئىزدەپ كېلىپ تېگىۋالغىنىنى، دېيىشتى. ئاقسۇدىكى ۋاقتىدىمۇ، توختىنىياز ھاكىم دېگەن بىر سولتەك ئەمەلدارمۇ سىدىقھاجىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

_ ئەتە - ئۆگۈن ھاكىم بولىدىغان ئەردىن چىقىپ، ماۋۇ قوڭالتاقتا تېگىمەن دېگىنىنى قاراڭلار بۇنىڭ، _ دېگەنىدى. بۇ قوڭالتاق سۆزى جېنىدىن بەك ئۆتۈپ كەتكەن سىدىقھاجى «قوڭالتاق» ماۋزۇلۇق بىر شېئىر يېزىپ رابىيەگە ئوقۇپ بەردى:

نېچۈن بولدۇم قوڭالتاق ئۇنى ئادەم بىلمىگەن،
كىمچۈن بولدۇم قوڭالتاق ئۇنى نالەم تىلىگەن،

كىمكەن كۆز ئاچقىنىدا يۆگىكىگە پاتمىغان؟
يۆگىكىگە پاتقىنىدا بۆشۈكىدە ياتمىغان؟

كىمدىم كۆز ئاچقىنىمدا يىغلاپ ئارام تاپمىغان،
يىغلىغان ھەم يىغلىغان، تا ئەبەدكە يىغلىغان.

ئىڭرىغان ئەۋلادۇ خەلقىم تۇنۇ ـ تۇمان ئىلىكىدە،
بەھر ئالالماي شۇ ھاياتتىن تېجىمەللەر مۇلكىدە.

مايسا پەرۋىش قىلسا دېھقان لاي پېتىپ، دەريا كېچىپ،
يازدا قامغاق يىغسا قىشتا سوراپ مۇز ئېچىپ،
* * * * * * * *

بىر چۋىق كەسمەي ئوتۇنغا تاغۇ ـ ئورمانزارىدىن،
بىر مېۋە سالماي ئاغزىغا ئۇل شىرىنۇ باغىدىن،

چوڭ بولۇپ بويىغا يەتسە مەزلۇم ئەلنىڭ قىزلىرى،
بەزمىدە ئەرمەك قىلىندى ھۇجرىدا قان ئىزلىرى،

نەۋقىران ياشلىق تۇگەشتى بېسىلىپ زىندان بىلەن،
قىممەتلىك جانمۇ تۇگەشتى ئېلىشىپ ۋىجدان بىلەن.

بىرنى باستى، بىرنى ئاستى جاھاننى ۋەيران ئەيلىدى،
بىرنى چاپتى، بىرنى ئاتتى دۇنيانى ھەيران ئەيلىدى،

تەلىيىم ئوڭدىن چىقىپتۇ شۇم ئەجەلدىن قاپتىمەن،
يىنىپ كەلسەم مىللىتىم دەپ قوڭالتاق نام ئاپتىمەن.

بەختىيارلار بەزمىسىدە يوقتۇرمەن بىر چەتتىمەن،
گۈلنىگارغا يار ئەمەس جايى پىنهان دەردتىمەن.

سارغىيىپ شاخى تۆكۈلگەن خەستە ياپراق ئەيلىدى،
زوق كۆڭۈللەر بەزمىسىدە خاكى تۇپراق ئەيلىدى،

كىم قوڭالتاق دەيدۇ مېنى جۈپتى يوق سىڭگەن لەقەم،
مەن قوڭالتاق لەقىمىگە رازىمەن بولماس ئەلەم.

ئۆل ۋاپانى ئىزدىسەڭ خار، سېنى ۋاپا ئىزدىمەس،
تىڭلا ئەۋلادىم ھۆكۈمكى بۇ ھېكايەم بولدى بەس.

بۇ شېئىر ئەينى ۋاقىتتا كىملەرنىڭدۇر قولى بىلەن ئاقسۇدىكى توختىنىياز دېگەن ھاكىمنىڭ قولىغا تەككەنمىش، ئاتۇشتىكى ياشلارمۇ بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ بىر ـ بىرىگە ئوقۇپ بېرىشكەن، سىدىقھاجىنى قوڭالتاق دېگەنلەرگە لەنەتلەر ئوقۇغان ئىدى.

يوقلاپ كەلگەنلەر ئارىسىدا، سىدىقھاجىنىڭ يېقىنراق تۇغقانلىرى كېلىننى كۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن:

_ قانداق گەپ بوپكەتتى، مەشھاھنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى بولغان سىدىقاخۇننىڭ ئالتە بالىسى بار بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋالغىنى نېمىسى، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ لايىق تۇرسا، نەدىن تېپىۋالدى بۇ ياقا يۇرتلۇق سەتەڭ خېنىمنى؟ ـ دېيىشتى. ھەتتا «بۇ قېلىن چوكان ئۆيغۇرنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسىنى بۇزۇپ، ئۆزى

كېلىپ تېگىۋاپتۇ» دېگەنلەرمۇ بولدى. ئومۇمەن مەھەللىدە سۆز ـ چۆچەك كۆپەيدى. بىر ـ ئىككى كۈنگىچە كېلىپ كەتكەنلەرگە يېزا باشلىقلىرى ھېچنېمە دېمىگەندىن كېيىن، ئەمدى كىشىلەر توپ ـ توپى بىلەن پەتە قىلىشىپ، «ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان پەرىزات» چوكاننى ئالايتەن كۆرۈپ كېتىدىغان بولدى.

رابىيە يۈزىدىن ـ يۈزىگە قىلىنىۋاتقان بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ، سىدىقھاجىغا بۇ يەردىن كېتىش مەسلىھەتىنى بەردى. بىراق سىدىقھاجى ھېسابتا نازارەت ئاستىدا بولغاچقا جۈرئەت قىلالمىدى. قېچىش پىلانىنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا قىيالمىدى ۋە رابىيىگە:

_ نېمە كۆرسەك مۇشۇ يەردە كۆرەيلى، ـ دېدى. رابىيە يېزىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى، بىر تىيىن پۇل كىرىم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ تۈمۈر توسۇقنى بۆسۈپ چىقمىغىچە روناق تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى سىدىقھاجىغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئاخشىمى سىدىقھاجىغا يالۋۇردى:

_ سىدىق، ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈمىز ۋىسالىغا ئېرىشتى. مۇرادىمىزغا يەتتۇق. ئەمدى پۈتۈن مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى، پۇل تېپىش كېرەك، بولمىسا ھېچنېمىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن چاپسانراق كېتەيلى.

سىدىقھاجى پەقەتلا ئۇنىمىدى:

_ ھېچبولمىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ئاي بولسىمۇ شىرىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋالايلى، نەلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرمەيلى. يەنە كېلىپ ئانامىلار بالاغا قالمىسۇن، ـ دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسەتتى ئۇ.

ئۇلار تويى قىلىپ 7 ـ كۈنى چۈشتە، سىدىقهاجى ئېتىزدىكى مەجبۇريي ئەمگەكتىن ئۆيىگە كەلدى. رابىيە ئۆيدە كۆرۈنمەيتتى. ئانىسى كېلىنىنىڭ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، سىدىقهاجىنىڭ يېنىغا ئەمگەككە كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ سۈرۈشتۈرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. سىدىقهاجى ياتاق ئۆيىگە كىرىپ بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان خەتنى كۆردى ۋە ئىچىدە ئوقۇدى:

«سىدىقهاجى، سۆيگۈمىزگە قاندىم، مۇھەببەتكە ئالدىنىپ، ئالتۇندەك قىممەت پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. مەن بۇ يوقسۇل كەپىدە سولىنىپ ياتسام، يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا قانداق يېتىمەن؟ مەيلىمگە باقسام، سىزدىن مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، ئەمما ۋەدەمنى بىلىسىز، مۇراد ـ مەقسەت، نىشانىمىزغا يېتىش يولىدا قەپەسلەرنىمۇ چاقىمەن دېگەن ئىدىم. ئاخىرقى بەختىيار كۈنلىرىمىز ئۈچۈن، سىزنىڭ غېرىبانە كۆلبىخىزنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈپ كېتىپ قالدىم، مەن ئۇدۇل شاخخەيگە ماڭدىم، بېرىپلا خەت يازىمەن...... سىزنى مەڭگۈ سۆيۈپ: رابىيە»

شۇنداق قىلىپ رابىيە راستىنلا قېچىپ كەتكەن ئىدى. سىدىقهاجى قولىدا خەتنى مىجىقلىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى، ئارىدىن بەش سائەت ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاپتوبۇس ئەلۋەتتە مارالبېشىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاھ، مېنىڭ قەپەستە تۇرمايدىغان ئەركىن قۇشۇم، نەلەرگە تەنها ئۇچۇپ كەتتىڭ؟ ياق، سەن يالغۇز كەتمىدىڭ، مېنىڭ لەختە ـ لەختە ھەسرەتكە تولغان يۈرىكىمنى بىللە ئېلىپ قاچتىڭ!

## بەرىكەت ئېلىپ كەلگەن كېلىن

رابىيە شاڭخەيگە كېلىپ، مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا خىتاينىڭ ئۆلكە، شەھەرلىرىدە شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلغان بولۇپ، دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە چەت ئەللەردىن، تەيۋەن، شاڭگاڭلاردىن نۇرغۇن مال ھەم قانۇنىي، ھەم قانۇنسىز يوللار بىلەن كىرىپ تۇراتتى. باج تۆلىمەي قانۇنسىز يوللار بىلەن كىرگەن مالدا ھەسسىلەپ پايدا بار ئىدى. رابىيمۇ سودىگەرلەردىن ئاڭلىغان ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن، ئۇرۇمچىدىن خوتەننىڭ ساپ ئالتۇنى، ھىندىستاننىڭ زەپەرىدىن خېلىلا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئەكەلگەن «ماللىرى» نى خېرىدارىنى تېپىپ نەرقىدە سېتىش ۋە پۇلىغا ئالىدىغان مۇۋاپىق مالنى تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ، يوشۇرۇن تىجارەت قىلىدىغانلار بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۇ ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇپلا، ئادرېسىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن سىدىقھاجىغا بىر پارچە خەت يازدى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە، ياتىقىدا ئىككىنچى پارچە سالامنامە شېئىرىنى يازدى، رابىيەنىڭ 4 پارچە سالامنامىسى ئاتۇشقا ماڭغاندا، سىدىقھاجىنىڭ تۇنجى سۆيگۈ لىرىكىسى شاڭخەي مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسى ئاياللار ياتاقخانىسىدىكى ئادرېسقا يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئەتىسىدىن باشلاپ، ھەر كۈنى دېگۇدەك بىر پارچىدىن يالقۇنلۇق سالام خەت ـ سۆيگۈ، ئازاب، ۋىسال، ھىجران، مۇھەببەت شېئىرلىرى خۇددى پوچتا كەپتەرلىرىدەك ئۇزۇلمەي ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ تۇردى.

كېيىن بىر قېتىم سىدىقھاجى ئاچچىقىدا رابىيىگە مۇنداق بىر پارچە شېئىر يېزىپ ئەۋەتتى:

يار قاياقتا كۆلكە زوقتا، مەنكى يارىمدىن يىراق،
گۆل ـ چېچەكمۇ شاخى بىرلە، مەن باھارىمدىن يىراق.
ئەيىب ئەتمەڭ نالە قىلسام، گۆلجامالىم يارىمە،
نەدىدۇركىم، بىناۋامەن لالە زارىمدىن يىراق.
چىدىماسمەن رابىيىگە، ئۆلتۈرەر دەرد ئاقىۋەت،
مەيلى ئۆلسەم ئىشقى ئوتتا، يار مازارىمدىن يىراق.
ئايلىنىپ ئاينى يۈرەكىم، ساقىغان يۇلتۇز توپى،
مەن ئۆزۈم جاندىن كېچەرمەن، ئۆل نىگارىمدىن يىراق.

رابىيە سىدىقھاجىغا جاۋابەن بىر پارچە شېئىر يازدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، رابىيە سىدىقھاجىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ، ئاخىرقى قېتىم يازغان نەشتەردەك بىر شېئىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ تاشلىدى ھەمدە سودىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەتىسلا يولغا چىقتى. ئۇ ئونسۇغا يېتىپ كېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىش ئۈچۈن ياتاقتا ئورۇنلىشىۋېلىپ، كوچىدىكى ئاشخانىغا تاماققا كىردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، بۇيرۇتقان لەغمىنىنى يەۋاتقاندا، يېنىدىكى ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرغان ئىككى ياش بالا بىلەن ئۇستامنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى:

_ كۆرمەملا ئۇستام، نېمىدېگەن چاچ، نېمىدېگەن ساقال، قاپقارا كاستۇم، بۇرۇلكىسىنىڭ ياراشقىنىنى دېمەمدىغان.

_ چەت ئەلدىن كەلگەن بەرسىمۇ نېمە ئۇكام، ماركس دېگەن ھېلىقى ساقاللىققا شۇنداق ئوخشاپ تۇرمامدۇ؟

_ ياق، ئۇيغۇردەك قىلىدۇ، نېمىدېگەن كېلىشكەن يىگىت ـ ھە؟

_ ھەي ئۇستام، ئۇ ئاداش ئۆزىگە ـ ئۆزى بىر نېمىلەر دېگەندەك قىلامدۇ نېمە؟

_ ياقەي، ھېلى كاۋاپ يەپ كەتكەندە، بىر غەزەلنى شاھ مەشرەپتەك ئاۋازىنى چىقىرىپ ئاتۇش شېۋىسىدە ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ كاۋاپچى بالىلار، ئاتۇشتىن كەلدىمىكىن.

«ئاتۇش شېۋىسىدە»، «غەزەل»، ـ رابىيە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك جىغ قىلىپ قالدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

_ ھەي ئۇكام، كىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بالىلار قولى بىلەن سىرتنى كۆرسىتىپ:

_ ئاۋۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدا تۇرغان مېھماننى دەۋاتىمىز، ـ دېدى.

رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قارىدى، پاھ، نېمىدېگەن قەددى ـ قامەت، ياراشقان كىيىم ـ كېچەك، كېلىشكەن چىراي، قاپقارا چاچ ـ ساقال، كىمدۇر بۇ ئاتۇشتىن كەلگەن؟ ھېچبولمىسا سىدىقنى تونارمىكىن، رابىيە شۇلارنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. يېقىنلاشقانسېرى رابىيەنىڭ يۈرىكى نېمىنىدۇر سەزگەندەك قاتتىق سېلىشقا باشلىدى. يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان بۇ بىر جۈپ قوي كۆز، رابىيىگە سۆيگۈ بېغىشلىغان كۆزلەر ئىدى. نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قاپىيە، رىتىملىرىغا تىزىۋاتقان ئۇ لەۋلەر رابىيىگە تونۇش لەۋلەر ئىدى. رابىيە يۈگۈرگىنىچە بېرىپ سىدىقھاجىنىڭ قولىدىن تارتتى:

_ سىدىق مەن كەلدىم.

سىدىقھاجى تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك بۇرۇلدى، تىكىلىپ قارىدى ـ يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نە كۆزى، نە ئېغزى،

نە قولى ھەرىكەتتىن توختىغاندەك سەزگۈسىز ئىدى.

_ سىدىق بۇ مەن! ئاخىرقى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ شۇ ھامان يولغا چىقتىم. سىز بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ ـ سىدىقھاجى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپمۇ يەنە سەزگۈسىز ھالەتتە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ نە ئوڭى، نە چۈشىگە ئوخشىمايدىغان بۇ تاسادىپىي ۋىسالدىن گاڭگىراپ نېمە دېيىشنى، ھەتتا نېمە ئويلىشنىمۇ بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان ئىدى. رابىيە ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە، قاتناش بېكىتى تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى.

_ مەنمۇ ئاخىرقى شېئىرىڭىزنى ئوقۇپلا، نېمە بولسام بولاي، ئېتىۋەتسىمۇ، ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، لېكىن رابىيەنىڭ يېنىغا يېتىۋالاي، دەپ يولغا چىقىشىم ئىدى،ـ دېدى بىر ھازادىن كېيىن خۇدىنى يىغىۋالغان سىدىقھاجى ئۇھ تارتىپ، ـ سىز كەتكەندىن بېرى، نە قولۇم ئىشقا بارسۇن، نە نەپسىم تاماققا. ساقلىمنى ئېلىشقىمۇ قۇربىم يەتمىدى، پوچتىخانىغا تەلمۈرۈپ تاقىتىم تاق بولدى، بىراقلا يولغا چىققان ئىدىم، ماۋۇ كارامەتنى كۆردىڭىزمۇ؟!

_ مەنمۇ يولغا چىقىپلا خۇداغا «ئاھ خۇدا، بىز بىتەلەي ئاشىقلارنى ۋىسالىغا تېزرەك يەتكۈزگەيسەن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدىم، ـ دېدى رابىيە.

_ ئەمدى قاياققا ماڭىمىز؟ سىزدىكى ئۈرۈمچىنىڭ بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتەمدۇق، مەندىكى ئاتۇشنىڭ بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتەمدۇق؟ ـ دەپ سورىدى رابىيە سىدىقھاجىدىن.

_ نەگە بولسا مەيلى، ئەمما سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايمەن، ـ دېدى سىدىقھاجى.

ئاتۇشتا سىدىقهاجىنىڭ ئانىسىنىڭ پومپىشچىك قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئابرۇيى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما سىدىقهاجىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاتۇشقا يۆتكەپ كېلىنمىگەنلىكى، رەسمىيىتى يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئەتىسى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن سىدىقهاجىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپات خەت ۋە نوپۇس يۆتكەش رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ئىشخانىسىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى كىرالاپ كۆمۈر ئېلىپ، ئۇستىگە ئۇن، گۈرۈچ، مايلارنى بېسىپ، ئاتۇشقا – سىدىقهاجىنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى. كېلىنىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سىدىقهاجىنىڭ ئانىسى خۇشاللىقىدىن ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. ئوتۇن – كۆمۈرنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۆيگە پەتىلەپ كەلگەن، يوقلاپ كەلگەن قولۇم – قوشنا، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا سىدىقهاجىنىڭ ئانىسى بىر داستىن كۆمۈر بەردى. ھەقىقەتەن ئوتۇن – كۆمۈر ھەممىدىن ئېتىبارلىق بۇ مەھەللىدە تېخىچە بىرەر بايۋەچچىمۇ ماشىنىلاپ كۆمۈر چۈشۈرۈپ باقمىغان ئىدى. رابىيە تەسىرلىنىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قەشقەرگە كىرىپ يەنە ئىككى ماشىنا كۆمۈر ئېلىپ چىقىپ، يېزىدىكى نامراتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

رابىيە بىر كۈنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنى ئۆيگە مېھمانغا چاقىردى. مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمدى پۇل تېپىشقا يول قويىدىغانلىقىنى،

خىتاي ئۆلكىلىرىدە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەردە كېتىۋاتقان سودا ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. قىشچە ئىش يوق بىكار ياتىدىغان يېزا ئەھلىنى قوزغىلىپ يولغا چىقىپ، پۇل تېپىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يول تېپىپ، پۇل تېپىپ ھال ئوقىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر مەھەللىگە ئايىغى ياراشقان بۇ كېلىنىنى ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.

## ئاتۇشنىڭ يولى يامان، توشۇيدۇ ئوتۇن ـ سامان

ئاتۇشتا پۇل ئاز، لېكىن پۇل تېپىش ئۈچۈن مىدىرلاپ يۈرگەن ئادەم كۆپ. بۇ كىچىككىنە يۇرتتا 150 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشايدۇ.

تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغمىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشىغان ۋە قاراخانىيلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە پايتەخت قەشقەردىكى شاھ ئەۋلادلىرىنىڭ ساپ ھاۋالىق، يېشىل ئوتلاق تۇرالغۇ ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاتۇش، جۇغراپىيىۋى جەھەتتە ئىقلىمى قۇرغاق، تاقىر تاغلار ئارىسىدىكى جاي بولۇپ، ئەسىرلەر داۋامىدا سۇ مەنبەلىرى ئاز، تېرىلغۇ زېمىنى يېتىشمەيدىغان تاشلىق جايغا ئايلانغان ئىدى. ئەمگەكچان، پاراسەتلىك ئاتۇش خەلقى خۇددى بەشكېرەم ۋە تۇرپانلىقلاردەك، تارىختىن بۇيان ئەتراپىدىكى يۇرتلارغا كۆچۈپ بېرىپ ياشايدىغان، ياكى ھەر جايدا ئېقىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان يولنى تاللىۋالغان. خىتاي كوممۇنىستلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ ئەسىرلىك ئۇۋىسى بولغان ئاتۇش يۇرتىنى مەمۇرىي جەھەتتىن سىياسىي، مەدەنىي مەركەز بولغان قەشقەردىن

ئايرىۋېتىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى دەيدىغان رايوننى ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭ مەركىزى قىلىپ بەلگىلەپ، ئاتۇش خەلقىنى خىتايلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ بەرگەن ئىدى. بولۇپمۇ 1960 - يىللاردىكى خەلق كوممۇنىسى دەۋرىدىن تارتىپ، مەدەنىيەت مالىمانچىلىقلىرى زامانىسىغىچە خىتاي هۆكۈمرانلىرى ئاتۇشتا يېتىشىپ چىققان ئابدۇلئەزىز مەخسۇمدەك ئاتاقلىق ئىسلام ئالىملىرىنى ھەمدە مۇسابايوفلاردەك تەجرىبىلىك سودىگەر بايلارنى ھەرخىل بەتناملار بىلەن تۇتۇپ، سولاپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، يوقىتىپ ئاتۇشنى چۆل - باياۋانغا، ئاتۇش خەلقىنى ياۋاش قويلارغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى.

بۇ يەردىكى نادانلىق، قورقۇنچاقلىق، قۇلچىلىق ھەمدە يوقسۇللۇق ئازابى رابىيەگە خۇددى بىر تۆمۈر قەپەستە ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇنى بېرەتتى. شۇڭا ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان سىدىقهاجى بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، بۇ ئەتراپتا بىر مەزگىل تىرىكچىلىك قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ، سىدىقهاجى بىلەن بىللە، قەشقەرنىڭ تىجارىتى ئاۋات بازارلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ چىقتى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە ئاھالە كۆپ، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى توختىماي راۋاج تاپقاچقا، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكى رابىيەنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئادەتتە، سودىگەرلەر قانداق مالنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى سۈرۈشتۈرسە، رابىيە پەم ۋە پاراسەت بىلەن نېمىنىڭ باھاسىنىڭ قىممەتلىكىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا مال سېتىش ياكى مال ئېلىش ئۈچۈن بارغان جايلىرى ئارىسىدا، قاغىلىقتا ياغاچ كۆپ بولۇپ، قاتناش قۇلايسىز

بولغاچقا، ياغاچ باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى ئىسىگە ئالدى ـ دە، دەرھال قاغىلىققا ئاتلاندى. سىدىقھاجى بولسا، يىقىن تارىختىن بۇيان، خىتاي باسمىچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ ۋە قوزغىلاڭچىلار كۆپ چىقىدىغان قاغىلىقنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى.

سىدىقھاجى ۋە رابىيىلەر قاغىلىق بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆي سالىدىغان لىم ياغاچ ۋە بادرىنىڭ باھاسىنى ئۆگەندى. شۇ كۈنىلا قاغىلىقتىن قەشقەرگە بوش كېتىدىغان يۈك ئاپتوموبىلىنى ئۇقۇشۇپ، باھاسىنى كېلىشىپ سېتىۋالغان لىم ۋە بادرا ياغاچلىرىنى بېسىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. سودىدىن كېيىن ھېسابلىۋىدى، تەخمىنەن ـ تەڭ پايدىسى قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ياغاچلارنى تاللاش، تالىشىپ سودىلىشىش، يۈك ئاپتوموبىلىغا بېسىپ ـ چۈشۈرۈش، يەنە باھا تالىشىپ تۇرۇپ سېتىشتەك ئىشلار تولىمۇ جاپالىق بولسىمۇ، رابىيە ئۈچۈن كۆڭۈللۈك، سىدىقھاجى ئۈچۈن دەسلەپ خىجالەتچىلىك، كېيىنرەك بولسا قىزىقارلىق بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلاتتى. رابىيە ياغاچلارنى سېتىپ ئالماي تۇرۇپلا، پايدىسىنى ھېسابلاپ مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، خۇشاللىق بىلەن كەسكىن قارار بېرەتتى. سىدىقھاجى بولسا بۇ تىجارەت جەريانىنى خۇددى بىر ساتقۇچىنى ئالداپ ئەرزان ئېلىۋالغاندەك، يەنە بىر خېرىدارنى ئالداپ قىممەت سېتىۋالغاندەك ھېس قىلىپ خىجالەت بولاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئۇ، بۇ خىل ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان سەپەر ئارىلاش سودا ـ تىجارەتكە كۆنۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغىنى ئايالى رابىيە بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولۇش ئىدى.

بىر كۈنى ئۇلار قاغىلىقتا سېتىۋالغان ياغاچلىرىنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر شوپۇرنىڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا بېسىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاپتوموبىل ھىمتىنىڭ سېيى دېگەن جايدا

ئوقتەك تېز كېتىۋاتاتتى. سىدىقھاجى بۇ قاقاس چۆلنى كۆرستىپ تۇرۇپ، شوپۇر يىگىتكە، 40 يىل ئىلگىرى بۇ جايدا دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغانلىقىنى، 1933 ـ يىلى سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر يېتەكچىلىرى قۇرغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسى دەل مۇشۇ چۆلدە، خىتاي، تۇڭگان، ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئاسماندىن ئايروپىلان بىلەن، يەردىن تانكا، پىلىموتلار بىلەن قىلغان قورشاۋ ھۇجۇمىدا تالاي دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك شېھىت بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئاپتوموبىل كابىنكىسىدا چەتتە ئولتۇرغان رابىيە، مىللەتنىڭ ھۆرىيىتى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بويىنىنى ئىشىك ئەينىكىدىن سىرتقا چىقىرىشى بىلەن تەڭ، بېشىدىكى سىدىقھاجى ئېلىپ بەرگەن خورمىرەڭ ھېلىلە ياغلىقى شامالدا ئۇچۇپ كەتتى.

_ بولدى، ھېچ ۋەقەسى يوق، ـ دېدى رابىيە پەرۋا قىلماي.

ئەمما سىدىقھاجى بىر ئاز جىددىيلەشتى ھەمدە شوپۇر بالىغا:

_ ئۇكام ئاپتوموبىلنى توختاتقىنا، مەن چۈشۈپ ئېلىۋالاي، ـ دېدى. ئاپتوموبىل توختىشى بىلەن سىدىقھاجى شامالدا يەلپۈنۈپ ئۇچۇۋاتقان ياغلىقنى قوغلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. يەسكە چۈشۈپ قاراپ تۇرغان رابىيە توۋلىدى:

ـ سىدىق، بولدى قىلىڭ، قايتىپ كېلىڭ!

سىدىقھاجى شامال بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىردەك يۈگۈرگەندىن كېيىن، شۇۋاقتا ئىلىنىپ قالغان ياغلىقنى قولىغا ئالدى. سىدىقھاجى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قايتىپ كەلگەن چېغىدا رابىيە كايىپ:

_ ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە قىلاتتىڭىز بىر ياغلىققا، شۇنچە يىراققا يۈگۈرۈپ بەك ئاۋارە بولدىڭىز، ـ دېدى. سىدىقھاجى قەدىمىنى توختىتىپ رابىيىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

_ ھېلىغۇ سىزنىڭ ھېلىلە ياغلىقىڭىز ئۈچۈن ئۈچ كىلومېتىر يۈگۈرۈپتىمەن، ئەگەر تەقدىرنىڭ بورانلىرىدا سىز ئۈچۈپ كەتسىڭىزمۇ، مىڭ كىلومېتىردىن بولسىمۇ، مانا مۇشۇنداق يۈگۈرۈپ بېرىپ، سىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ يېنىمغا ئېلىپ كېلىمەن، ـ دېدى.

_ رەھمەت سىدىق، پىداكارلىقىڭىزغا رەھمەت، ـ دېدى رابىيە رازى بولۇپ. شوپۇر يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ:

_ بارىكاللاھ، پەرھات بىلەن شېرىندەك ھەم مۇھەببەت يولىدا، ھەم ھايات يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان سىلەردەك بىر جۈپلەرنى بەك ئاز ئۇچراتتىم، ـ دېدى ئۇلارغا مەمنۇن بولۇپ.

بىر قېتىم رابىيە بىلەن سىدىقھاجى قاغىلىقنىڭ سەھرالىرىدىن ياغاچلارنى سېتىۋېلىپ، ئاپتوموبىل ئىزدەپ بەك ھايال بولۇپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ياغاچلارنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ  ياغاچ بازىرىغا كېلىپ ياغاچلىرىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. ئادەتتە ئۇلار كەچ كىرگىچە ئىشنى تۈگىتىپ، سىدىقھاجىنىڭ قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى دوستى ـ ساۋاقدىشى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قالاتتى. بۈگۈن ئۇلار بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى، بىراق يېرىم كېچە بولغاچقا دوستىنى، ئۆيدىكىلەرنى شۇنداقلا بالىلىرىنى ئويغىتىۋېتىشكە كۆڭلى قىيماي، ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كېتەي دېسە، بۇ كېچىدە بارىدىغان باشقا تونۇشىمۇ يوق، يېقىن ئەتراپتا مېھمانخانىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆن بويى ئىشلەپ، يول يۈرۈپ، يەنە ياغاچلارنى چۈشۈرگۈچە، ھېرىپ ـ ئېچىپ

ئاران جېنى قالغاندا، ئۇلارنىڭ يىراقراق بىر يەرگە بارغۇدەك مادارىمۇ قالمىغان ئىدى.

ئۇلار بىر ئاز تۇرۇپ باقتى، ئۇيقۇسى كەلدى، ئاخىرى ئىشىك ئالدىدىكى باراڭنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرماقچى بولدى، ئەمما ئۇيقۇ غالىپ كەلدى، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇشغا قارىماستىن ھاۋا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگىدەك سالقىنلاپ قالغان ئىدى. ئاخىرى سىدىقھاجى كاۋا پېلەكلىرىنى، يوغان يوپۇرماقلىرىنى ئاستىغا سېلىپ كۆرپە قىلدى، يەنە بىر قۇچاق پېلەكنى ئۈستىگە يېپىپ يوتقان قىلدى. ئۇلار بىردەمدىلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىگەندە تالاغا چىققان ئىبراھىم تالانىمۇ، سوغۇقنىمۇ سەزمەي، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ، شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى ئويغاتتى ۋە كايىپ كەتتى:

_ ھەي ئاغىنە، كۆڭلۈڭنىڭ ساپلىقىغا قارا سېنىڭ، بىزنى ئويغىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى؟....

## ئۈرۈمچىگە ماكانلىشىش

ھەقىقەتەن، مەششانىڭ بۇ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلىسىگە رابىيەنىڭ ئايىغى ياراشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتى سىدىقھاجىنى ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئالدىراپ يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچى شىمالىي قوۋۇققا جايلاشقان مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ كونا ئۆيىگە جايلاشتى. رابىيە ئۆي بىساتلىرىنى بىرەر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

_ خوش، ئىش تامام، ئەمدى شەھەرنىڭ چوڭىغا كەلدۇق،

پۇلنىڭمۇ چوڭىنى تاپىدىغان گەپ، باشلايمىزمۇ؟ ـ دېدى سىدىقهاجىغا كۈلۈپ.

_ ياق، ياق، رابىيە، ـ دېدى سىدىقهاجى قەتئىي هالدا، ـ مەن ئەمدى چوڭ بىر ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئايالى كوچىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ، دېسە، خەلقى ئالەم ئالدىدا ھەر ئىككىمىزگە سەت بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ئۆيدە ئولتۇرۇڭ، مەن سىزنى باقىمەن.

_ سىدىق ئەپەندىم، سىزنىڭ ساقالدىكى ئىشىڭىزغا قورساق تويمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تۆت تەڭگىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قانداق قىلىپ پۈتۈن ئەلنىڭ غېمىنى يېگىلى بولىدۇ؟ سىز سۆزلەۋېرىڭ قۇرۇق گەپنى، مەن تىجارىتىمنى باشلاۋېرىمەن، ـ دېدى رابىيە ۋە ئىشنى باشلىۋەتتى.

بۇ چاغدا شەھەر ـ شەھەرنىڭ ئاتاقلىق ئەتكەسچىلىرى ئۈرۈمچىگە توپلىنىپ، شەھەر كوچىلىرىدا يوپۇرماقتەك ئۇچۇپ يۈرگەن پۇلنى چويلا بىلەن سۈزۈپ ئېلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. لاسا، خوتەن، قەشقەرلەردىن ئالتۇن، كۆمۈش، يامبۇ، تىللا، ئىپار، زەپەر، راست مارجان دېگەندەك قىممەت باھالىق ۋە ھۆكۈمەت سېتىشنى چەكلىگەن ئەتكەسماللار ئۈرۈمچىگە توپلىنىۋاتاتتى. تەۋەككۇلچى سودىگەرلەر بۇلارنى يىغىۋېلىپ، گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرگە ئاپىرىپ سېتىۋاتاتتى، ھەتتا بەزى قارامىلىرى تەيۋەن، شاڭگاڭلىق سودىگەرلەرنى تېپىپ، ئۇلارغا بىۋاسىتە يۇقىرى باھادا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

سەرمايە، پۇرسەت، تەۋەككۇلچىلىك ئىمكانلىرىنى دەڭسەپ كۆرگەن رابىيە، يېنىدىكى ھەممە پۇلغا خوتەننىڭ 99.99% لىك ساپ ئالتۇنى، قەشقەرنىڭ زامانىسىدا قالغان يامبۇسى، لاسانىڭ بۇغا مۈڭگۈزى، بورتالانىڭ بۆكەن مۈڭگۈزىدىن تەڭشەپ سېتىۋېلىپ،

سومكىغا قاچىلاپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. مالنى ئېلىشقا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پۇلغا ھېلىلە ياغلىق بىلەن ئەنگىلىشىم رەخت ئېلىپ ئۇرۇمچىگە كەلدى. ماللار قولدىن ـ قولغا چاقماقتەك تېز ئۆتۈۋاتاتتى، پۇل ئۆزلۈكىدىن دومىلاۋاتاتتى.

رابىيە بىر قېتىم 700 مىڭ سومغا سېتىۋالغان ئالتۇن، يامبۇ، ئېپار، راست مارجانلارنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا كەلدى. مالنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سودىلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ساقچىلار پۈتۈن ئەتكەس ماللارنى مۇسادىرە قىلىپ تارتىۋېلىپ، رابىيەنى 15 كۈن سولاپ قويۇپ، ئاخىرىدا قويۇۋەتتى. خىتاي ساقچىلىرى مالنى ئالاتتى ـ يۇ، يەنە ئەپكەلسۇن دېگەندەك ئادەمنى قويۇپ بېرەتتى. رابىيە خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىپلا، تونۇشلىرىدىن بىر ئاز پۇل ئېلىپ ئۇدۇل شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. سەرمايىسىز تىجارەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رابىيە ماگىزىن پىرقىراپ يۈرۈپ، چەت بىر كوچىدىكى دۇكاندا چىرايلىق تىكىلگەن چار رەڭ نىلون چاپاننى كۆرۈپ قالدى. بىرنى ئېلىپ كىيىۋېدى، بەكمۇ ياراشتى. ئۇ بىرىنى 18 سومدىن 10 دانە چاپاننى سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر جايلاشقان بىناغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى يارىشىملىق چاپاننى كۆرگەن سودىگەرلەر ھەممىسى دېگۈدەك خوتۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، رابىيەنىڭ ئالغان چاپانلىرىنى تالاشتى. رابىيە بىر ھەسسە پايدىسىغا ھەممىسىنى بېرىۋېتىپ، ئەتىسى ماگىزىندا ئېشىپ قالغان 40 دانە چاپاننىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىپ 100 سومدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەتىسى يەنە، ھېلىقى ماگىزىن ئارقىلىق فابرىكىنى تېپىپ ئۆزى لايىھىلىگەن چاپاندىن 500 نى بۇيرۇتۇپ قويدى. رابىيەنىڭ چار چاپىنى دەپ نامى چىققان بۇ چاپانلارنىڭ شاڭخەيدىكى

توپ باھاسى 80 سومدىن بولۇپ، ئۇرۇمچىدە بولسا 150 سومدىن پارچە سېتىلىشقا باشلىدى. رابىيە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دەرھال 10 مىڭ دانە چاپاننى بۇيرۇتۇپ ئۇرۇمچىگە ئەپچىقىپ، 100 سومدىن توپ سېتىۋەتتى. ئارىدىن 6 ئاي ئۆتكەندە، پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا قىزلار، رابىيەنىڭ چار چاپىنىنى ئېلىپ بەرمىسە، توي قىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

رابىيە بىر قېتىم، ئۇرۇمچىدىن نۇرغۇن ئىپارنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا ئېلىپ كەلدى. مالنى ئۆتكۈزۈۋالغان شاڭگاڭلىق خىتاي قىممەت باھالىق تاش سودىگىرى بولۇپ، مال ئەۋرىشكىلىرىنى رابىيىگە كۆرسەتتى. رابىيە ئۇنىڭ تاشلىرى ئارىسىدىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئېتىبارلىق ھېسابلىنىدىغان، ئاق، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ياقۇتلارنى تاللىدى. رابىيە بۇ تاشنىڭ بىر جۈپىنى ئۇرۇمچىدە 80 سومدىن ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا شۇ خىل تاشلاردىن ئەكېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەستىنلا، ھېلىقى سودىگەر رابىيە تاللىغان ياقۇتتىن بىر تاغار ئەكېلىپ رابىيەنىڭ ياتىقىغا تاشلىدى. رابىيە ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ بولۇپ، بىر كىلوسىنى سانىۋېدى، جۈپى 3سومدىن توختىدى. ئۇ بىر تاغار ياقۇتنى ئۇرۇمچىگە ئەكېلىپ زەرگەرلەرگە جۈپىنى 30سومدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. رابىيە ياقۇت تاشلارنى سېتىۋېتىپ، ئۆيدە بىر نەچچە كۈن دەم ئالدى. لېكىن بۇ دەم ئېلىش تېخىمۇ ئالدىراش ئۆتتى. ئۇنىڭ مەكتەپ بىناسىدىكى ئۆيىگە كۈندە نەچچە كىشى كېلەتتى. ئۇلار سومكىسىنى ئېچىپ باغلام ـ باغلام پۇللارنى رابىيىگە تاپشۇراتتى. سىدىقھاجى سائەتلەپ پۇل ساناپ ھېرىپ كېتەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئادەتتە، نەق پۇلغا ياكى نېسىگە سېتىلغان مالنىڭ پۇلىنى ئېغىزدا سودىلىشاتتى ھەمدە

ئېغىزدا توختاملىشاتتى. بەزىدە سودىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىككىلى تەرەپ گۇۋاھچىمۇ تەكلىپ قىلمايتتى. توختامدىن كېيىن خېرىدار مالنى بېسىپ ئېلىپ كېتىۋېرەتتى. ھۆججەت ـ تىلخەت دېگەنلەرنى بولسا يات يەرلەردىن كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرگىلا ئىشلىتەتتى. مالنى ئالغان كىشى ئېغىزچە پۈتۈشكەن مۆھلەت ئىچىدە پۇلنى ئەكېلىپ تاپشۇراتتى. تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل سەمىمىي ئىشەنچ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەخلاقى ئىدى. ئەنە شۇنداق سۆز بەرگەن سودىگەرلەر، زەرگەرلەر رابىيىگە سېتىۋالغان ياقۇتلىرىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرماقتا ئىدى. سىدىقھاجى رابىيەنىڭ بىر قېتىمدىلا بۇنچىۋالا كۆپ پۇل تاپقانلىقىغا ھەم ھەيران قالدى، ھەم بىر ئاز ئەنسىرەپمۇ قالدى.

رابىيە بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ قالغان بۇغا مۈڭگۈزى بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ، بىر نەچچە چوڭ قارا سومكىلارغا قاچىلاپ گۇاڭجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. مالنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە پۇلنى سانىۋېدى، قولىغا تەگكەن پۇل بىر مىليون 900 مىڭ سومدىن ئارتۇقراق چىقتى. بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەمەس، ھەتتا خېلى ـ خېلى چوڭ ماگىزىن، ھۆكۈمەت شىركەتلىرىنىڭمۇ مىليونلۇق سەرمايىسى يوق ئىدى. ئەگەر رابىيە سودىسىنى توختىتىپ، پۇللىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلسە، بۇ پۇل بىلەن باللىرىنى ئۆمۈر بويى خاتىرجەم باقالايتتى. «قولۇڭ يەتمىسە دارغا ئېسىل» دېگەن ماقال رابىيىگە ئوخشاش تىجارەتچىلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك دەستۇرى ئىدى. رابىيە پۇللىرىنى سومكىلارغا قاچىلاپ، شۇ چاغلاردا چەت ئەلنىڭ ئەڭ ئېسىل ماللىرى كىرىدىغان شەنتۇ دېگەن پورتقا يېتىپ كەلدى. 2 مىليوندەك پۇلغا،

ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، باج تۆلەپ، تالون ئېلىپ ھەر تۈرلۈك نىلون رەخت، سائەت، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، بىر ئاپتوموبىلنى كىرالىدى. ئاپتوموبىلغا ئۈيغۇر سودىگەرلىرىدىن 27 كىشىنىڭ جەمئىي 5 مىليون سوملۇق مېلىنى باستى. ھۆكۈمەتنىڭ تالون رەسمىيەتلىرى بىلەن يولغا چىققان ئاپتوموبىل كەيفىڭ شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى ئاپتوموبىلنى توسۇۋالدى. رابىيە ۋە باشقا سودىگەرلەر كېلىپ، ھەر قانچە چۈشەندۈرگەن ھەمدە قانۇنىي تالون رەسمىيەتلىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ھەممىسىنى يالغانغا چىقىرىپ تەپتارتماستىن 5مىليونلۇق مالنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. بۇ ئىش سودىگەرلەرگە بەك ئېغىر كەلدى. نۇرغۇنلىرى بارلىق دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ كاللىسى ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بىر ياش بالا تارتقۇزۇپ قويغان 300مىڭ سوملۇق مېلى ئۈچۈن ۋە ناھەقلىقلەر ئۈچۈن چىدىماي يىغلاپ قان قۇسۇۋەتتى. رابىيە بولسا تالىشىپ تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، غىڭشىپ ناخشىسىنى ئېيتىپ، تالاغا چىقىپ كەتتى ھەمدە «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېدى قاراپ تۇرغان شېرىكلىرىگە.

رابىيە شۇ كۈنلا ھېچ ئىككىلەنمەستىن كەينىگە يېنىپ شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسىلا تونۇش بىرسىدىن 60 سوم قەرز ئېلىپ 30 سومغا قازان، قاچا ـ قۇمۇچ سېتىۋالدى. ئۇن، ماي، كۆكتات ئەكىرىپ ئوخشىتىپ سۇيۇقئاش ئەتتى. ئۇ 5 چوڭ چېنە سۇيۇقئاشنى ياغاچ پەتنۇسقا قاتار تىزىپ، بىنانىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى ۋە بىر چىنىسىنى 5 سومدىن ساتتى. شۇ كۈنى ئۇ بىر كۈن ئىچىدىلا،

سۈيۈقئاش سېتىپ 120 سوم كىرىم قىلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ پولۇ، لەڭمەنلەرنى پىشۇرۇپ سېتىپ پۇلىنى 500 سومغا يەتكۈزدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىگىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ قورۇغا قاتتىق قىشتىن تونۇر ياسىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئوخشىغان سامسىنىڭ پۇرىقى كوچىنى بىر ئالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەززىلىك سامسىسىغا تىبەتلىك سودىگەرلەرلا ئەمەس، ئەتراپتىكى خىتاي ئاھالىلىرىمۇ كۆنۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، رابىيە ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە 35 مىڭ سوم پۇلنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، دۇكانغا يۇگۇرۇپ، يېڭى چىققان رەڭدار رەختلەردىن سېتىۋېلىپ ئۇرۇمچىگە توشىدى.

چوڭ ئىشلاردىن، خەتەرلىك ماللاردىن، تەۋەككۈل ئەتكەسچىلىكلەردىن چوڭ پايدا ئالغىلى بولىسمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى يوق بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن رابىيە، ئەمدى، ئۇ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، رەخت تىجارىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، يەنىلا «سۇنىڭ سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ ئالتە پۇلى» دېگەندەك نەق مال ھۆكۈمەتنىڭ مۇسادىرەسىدە يوق بولۇپ، رابىيە يەنىلا قۇرۇق قول سالپىيىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

خىتاي تىجارەتچىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، راسا پۇل تېپىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسى خۇددى «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە» دېگەندەك پەقەتلا قىردىن ئاشالمايتتى. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر قارا قول ھەر دائىم پۇل تاپقان ئۇيغۇرنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى بىر تۆھمەت بىلەنلا ھۆكۈمەتنىڭ چۆنتىكىگە سالاتتى. شۇ مەزگىلدە ئاتۇشلۇق تىجارەتچى باللارنىڭ بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ھېچ شەپىسىز يوقىلىپ كەتتى. خېلى چوڭ مەنسەپتىكى

ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئارىغا كىرىپ سۇرۇشتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئىز - دېرىكىنى ئالغىلى بولمىدى.

## دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىن خانتەڭرى سارىيىغىچە

ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بازار ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك سودا سارىيى نامىدا تىجارەت باشلىغان رايون بولۇپ، 60- يىللاردىن كېيىن، بۇ سودا سارىيىنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار ئاستا - ئاستا يەڭ ئىچىدە سودا قىلىپ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ نورمىلىق بېلەتلىرىنى ۋە ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ - سېتىپ تىجارەتنى تىرىلدۈرگەن. بۇ بازاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، دېگەن سۆز شۇ چاغلاردا تارقالغان. 80 - يىللارغىچە دۆڭكۆۋرۈك سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىن بوغدا كوچىسىغا چىقىدىغان يول يەنى بىرىنچى يول بىلەن يەتتىنچى يولنى تۇتاشتۇرىدىغان كوچا، ئاپتوموبىل ۋە كىشىلەر قاتنايدىغان ئوچۇق يول ئىدى.

رابىيە قادىر شاڭخەيدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپلا، سىدىقھاجىدىن ئالغان 60 سومنى يانچۇقىغا سېلىپ دۆڭكۆۋرۈككە كەلدى. ئۇ كوچا دوقمۇشىدىكى ئاتىخان زەرگەرنىڭ دۇكىنى ئالدىدا، يول بويىغا بىر تاختىنى قويۇپ ئۈستىگە ئېمىزگۈلەرنى تىزىپ سېتىۋاتقان مۇھەممەد يەكەن دېگەن كىشىگە كۆزى چۈشتى.

_ ئەجەبا، - دېدى رابىيە ئۆز - ئۆزىگە، - دۇكان سېتىۋالىدىغان ياكى ئىجارە ئالىدىغان پۇلۇم بولمىغاندىن كېيىن، مەنمۇ مۇشۇ يول بويىغا بىرەر رەستە ئاچسام، خەلق نېمە دەر، ھۆكۈمەت نېمە دەر؟

ئۇ شۇ كۈنىلا، بىر كونا ياغاچ كارىۋاتنى سېتىۋېلىپ، يول بويىدىكى چايخانىنىڭ يېنىغا قويدى ـ دە، يىڭنە ـ يىپ دېگەندەك چەرچىن ماللارنى سېتىۋېلىپ تىزدى. بۇ كوچا شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ چوڭ سودا سارىيى ھېسابلىنىدىغان دۆڭكۆۋرۈك سودا سارىيىغا كەلگەن خېرىدارلار ئۆتىدىغان يول ئۈستى بولغاچقا، ھۆكۈمەت دۇكانلىرىدا تېپىلمايدىغان تاغاق ـ سۈزگۈچ، ئۆتۈك مېيى، قۇلۇپ، چاقماق، يىڭنە ـ يىپ دېگەندەك ماللار ئىتتىك سېتىلاتتى. رابىيە رەستىسىگە بارا ـ بارا ياغلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق قېلىن ماللارنىمۇ سالدى. پۇلى 700 سوم بولغاندا، ھەر خىل رەختلەرنى تىزدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ يېنىغا مەرەمنىسا ئىسىملىك بىر چوكان كارىۋات قويغان ئىدى. بىرەر ئاي ئىچىدە دوراپ كارىۋات قويۇپ سودا قىلىدىغانلارنىڭ سانى 7 ـ 8 گە يېتىپ بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا بازار شەكىللىنىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئىزدەپ تاپالمىغان نەرسىلىرىنى بۇ بازاردىن تاپىدىغان بولدى.

رابىيە بىر نەچچە كۈن تىجارەت قىلغاندىن كېيىن، شەھەرلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ، جۇمەتاي دېگەن مەسئۇلىنى تېپىپ، دۆڭكۆۋرۈككە سودا بازىرى ئېچىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەي تۇرغان بۇ ئىدارە، شېرىك بولۇش شەرتى بىلەن بازار ياساشقا قوشۇلدى. رابىيە سودىنى باشلىغاندىن بېرى، ھەر كۈنى ماللىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىلارغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتەتتى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە كۆتۈرۈپ كېلىپ سودىنى باشلايتتى. بۇ جەرياندا بەك قىينىلاتتى. ئەگەر بۇ يەردە سودا بازىرى ئېچىلسا، قاتار ـ قاتار قويۇلىدىغان رەستىلەرنىڭ ئاستىغا تۆمۈر ساندۇق ياسىتىپ، ماللارنى شۇ يەردە

قۇلۇپلاپ ساقلىغىلى بولاتتى. بۇنداق بازارنى رابىيە خىتاي شەھەرلىرىدە كۆرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كوچا، ئاپتوموبىللار ئۈچۈن توسىۋېتىلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى تۈمۈر جاھازلار بىلەن توسۇلۇپ ئۈستى يېپىلدى، ئىككى ياققا قاتارلىتىپ كىچىك دۇكان رەستىلىرى ياسالدى. ھەر بىر رەستە ئۈچۈن ئىككى مىڭ سوم زاكالەت پۇل ئېلىندى. تىزىملىتىپ پۇل تاپشۇرغانلار ئىككى يۈزدىن ئاشتى. دېمەك بۇ بازارنى ياساش ئۈچۈن يېتەرلىك سەرمايە يىغىلدى. كوچىنىڭ دەسلەپكى ئاغزىغا مىلىچ مالچىلار ئۈچۈن، ئاندىن چەرچىن مال، رەخت، كىيىم ساتقۇچىلار ئۈچۈن، ئىككى ياقتا گىلەمچىلەر، ئاشخانا، ساتىراشخانىلار ئۈچۈن جاي ئاجرىتىلدى. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يۈز ئۇيغۇر تىجارەتچى ئورۇنلاشقان دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى ۋىۋىسكا ئېسىپ رەسمىي قانۇنى تىجارىتىنى باشلىدى. ھەممە ئىش يولىغا چۈشكەندە، چىدىماس ھۆكۈمەت ـ شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى دېگەن تەييارغا ھەييار ئورۇن كۆزى قىزاردى ـ دە، تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تامامەن ئۆزلىرى ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەتتا رابىيەنىڭ پۈتۈن كوچىنىڭ ئۈستىنى يېپىش ئۈچۈن تۆلىگەن پۇللىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. پەقەت ئەمگەكلىرى ھېسابىغا رابىيىگە شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دېگەن مەنسەپنى بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىشخانا، ئۈستەل، ئورۇندۇقىمۇ يوق، مائاش ياكى كىنىشكىسىمۇ يوق، ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق دېگەندەك بىر قۇرۇق ئەمەل ئىدى. لېكىن رابىيە بۇ ھوقۇقىدىن تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، شەھەردىكى ئىشسىز ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئائىلە ئاياللىرىنىڭ پۇل تېپىپ جان بېقىشى، قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن

تىنماي ئىشلىدى. دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى پۈتكەندە، ئۇنىڭ ئەسكى كارىۋىتىنىڭ ئورنىغا ھەل بولغان 58 ـ نومۇرلۇق رەستە دۇكىنىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى، ئۈرۈمچى جەنۇبىي قوۋۇق ـ رەستىدىكى بالا تىجارەتچى سۇلتاندىن، خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى سېلىۋاتقان بىختۇەن قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ، جامائەت تۆلىيەلمىگەن 300 مىڭ سوملۇق قۇرۇلۇش ھەققى ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى دۇكان ئېچىش شەرتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ ياساۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. رابىيە كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرۈۋېدى، جامائەت قاتتىق شىكايەت قىلىشقا باشلىدى:

_ بۇ خىتايلار مەسچىتنىڭ ئاستىغا دۇكان ئاچسا قانداق بولىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن بۇلارنى توڭگۇز گۆشلىرىنى ساتمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى. رابىيە مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتىنى ئىشقا سېلىپ مەسچىت ئاقساقاللىرىنى، تىجارەتچى بايلارنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىۋىدى، ئۇلار نۇرغۇن ئىقتىسادنى مەسچىتنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشانە قىلىپ بولغانلىقىنى، 300 مىڭ سومنى تۆلىيەلمىگەچكە، بىختۇەننىڭ خىتايلىرىغا ئاستىنقى قەۋەتنى دۇكان ئېچىشى ئۈچۈن بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىشىپ ھەسرەت چېكىشتى.

_ مەن بۇ سارايىنى قۇتقۇلدۇرىمەن، قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بىختۇەن خىتايلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالىمەن، ـ دېدى رابىيە كۆپچىلىككە.

_ ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ خېنىم، بىزمۇ يول مېڭىپ باقتۇق، پۇل بولمىغاندىن كېيىن ئاقتۇرالمىدۇق، ـ دېيىشتى

ئۇلار. رابىيە دەسلەپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقىنى تاپتى ۋە خەلقنىڭ شىكايىتىنى ئىنكاس قىلدى.

_ 300 مىڭ سوم پۇلۇڭلار بولسا قايتۇرۇۋالساڭلار بولىدۇ. توختامنى بۇزۇپ ئوڭلاشقا بىز ياردەملىشىمىز، ـ دېدى تۇڭگان باشلىق. رابىيە قايتىپ كېلىپ مەسچىتنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قەۋەت ساراي ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆلچەپ، ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقتى. دۆڭكۆۋرۈكتىكى دۇكان ياساش تەجرىبىسى بويىچە، بۇ يەردىن پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، مۇھىمى مەسچىتنىڭ ئاستىنى خىتاي سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، يۈرەكلىك ھالدا ئۆزىنىڭ 150 مىڭ سوم پۇلىنى چىقىرىپ، ھۆكۈمەت بانكىسىدىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك 150 مىڭ سوم قەرز ئېلىپ 300 مىڭ سوم نەق پۇلنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، سودا سارىيىنى خىتاي قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. رابىيەنىڭ ھېسابى بويىچە، بۇ ساراي ئىچىگە پۈكەيلەرنى ياساپ تىجارەتچىلەرگە ئىجارىگە بەرگەندە، يىلىغا تەخمىنەن بىر مىليون سوم كىرىم قىلغىلى بولاتتى. سارايىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن رابىيەنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېلىدىغان بىر مىليون پايدىنى ئاڭلىغان خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تىجارەتچىلەر چىدىماسلىق قىلىشقا باشلىدى. تونۇلغان تىجارەتچىلەردىن ئابدۇرېھىم ھاجى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

_ مەسچىت ئاستىدىكى سارايدا ئايال كىشىلەر سودا قىلسا نامەھرەم بولىدۇ. ناماز ۋاقتىدا ئاياللار سودىغا كىرسە شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ، ـ دېدى ۋە 300 مىڭ سومنى رابىيەگە بېرىپ سارايىنى قايتۇرۇپ ئالدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. رابىيە قىلچە

ئاغرىنمىدى، ئەكسىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

_ شۇنچە ئەركەكلەر قاراپ تۇرۇپ مەسچىتنىڭ يېرىمىنى خىتايغا تۇتقۇزۇپ قويۇپسىلەر، مەن ئايال كىشى بولساممۇ، خەلقنىڭ دەردىگە يېتىپ قۇتقۇزۇۋالدىم. مەن شۇنىڭ ئۆزىگە رازى، ئەمدى نامەردلىك قىلىپ ئېلىۋالساڭلارمۇ رازى، پەقەت يەنە خىتايغا تارتقۇزۇپ قويمىساڭلارلا بولىدۇ، ـ دېدى.

رابىيە بانكىنىڭ قەرزىنى، 50 مىڭ سوم ئۆسۈمىنى يېنىدىن تۆلەپ، 100مىڭ سوم پۇلىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. چۈنكى سارايىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغانلار جازانە پۇلنى تۆلەشنى رەت قىلغان ئىدى. مەسچىت سېلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىغان كاتتا تىجارەتچى شېرىپ ئاتىخان جامائەت ئالدىدىلا:

_ رابىيەخان مەسچىتىمىزگە ئىگە چىقىپ، خىتايدىن تارتىۋېلىپ، 50 مىڭ سوم زىيان تارتىپ، بىر مىليونلۇق پايدىدىن ۋاز كېچىپ، سودا سارايىنى ئۇيغۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ، مەرد ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى، ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ـ دېدى. رابىيە يەنىلا خۇشال ئىدى. ئەمما ئىچىدە:

_ خەپ، خەپ، ئۈرۈمچىدە بىرەر دۇكانغا ئېرىشمەك ئەجەب تەسكە توختىدى ـ ھە؟ رابىيە قادىر سودا سارىيى دېگەندەك، پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆزۈمنىڭ نامىدا بىر ساراي ئاچمايدىغان بولسام... دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# هايات ئۈچۈن كۈرەش

# تۈنجى قەدەم

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات يەرلىك تىجارەت مەركىزى، ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي رايونغا يەنى خەلق تىياتىرى ۋە خانتەڭرى مەسچىتىدىن دۆڭكۆۋرۈك سودا سارىيىغىچە بولغان ئارىلىققا جايلاشقان. بۇ تەرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا رايونى بولۇپ، خەلق تىياتىرىدىن شىمالىي قوۋۇقىچە بولغان جايلار كۆچمەن خىتايلارنىڭ تىجارەت رايونى بولۇپ شەكىللەنگەن. كونا ئۈرۈمچى ئەسلىدە دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ماكانلاشقان، دېھقانچىلىق قىلىدىغان، چارۋا مال باقىدىغان ھەمدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى ئىدى. ئۆزلىرىنى غوجا ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىۋالغان ئاپئاق غوجا يېغىلىقى دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان بۇ شەھەر، ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بەدۆلەت - ياقۇپبەگ شەھەرنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىستىلا باشلىغان زوزۇڭتاڭ دېگەن خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىدى. خىتايلارنىڭ چېرىكلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئەگىشىپ چىققان خۇلاڭزىچىلار دەپ ئاتالغان كۆچمەن يايمىچى سودىگەرلىرى، ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا يەرنى ئىگىلەپ، سېپىل ياساپ، دەرۋازا بېكىتىپ، ئىچىگە يەرلىشىۋالدى. ئۇلار يېقىن زامانلارغىچە سېپىلنىڭ تېشىغا چىقماي، كېچىلىرى سېپىل دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، چېرىكلەرنى پوسقا قويۇپ ياشاپ كەلدى. ئەنە شۇنداق قىلىپ، ئۈرۈمچىدە كىچىككىنە خىتاي شەھىرى شەكىللەندى. شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قوۋۇقلىرى ئەتراپىدا بولسا، ئۇيغۇرلار گۈل - باغچىلىق قورۇلىرىدا ياشاپ كەلدى. كېيىن كەلگەن ئۆزبېك، تاتار،

تۇڭگان قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرمۇ بۇ رايونغا ماكانلىششقا باشلىدى. ئەنە شۇ جەنۇبىي قوۋۇقتىن دۆڭكۆۋرۈككىچە بولغان جايلار كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا روزىھاجىمنىڭ، تۇردىئاخۇن كىچىكنىڭ، ئۆمەر ھاجىمنىڭ سارىيى دېگەندەك بەشكېرەملىك بايلارنىڭ سودا سارايلىرى، خوتەن ساراي، يەكەن ساراي دېگەندەك مال تارقىتىش سارايلىرى، كېيىنرەك بولسا ئۆزبېك، تاتار، ئورۇس سودىگەرلىرىنىڭ فېرمىلىرى بىنا قىلىنىپ، خۇددى بۇرۇنقى يېپەك بازىرىنىڭ داۋامى شەكلىدە ئاۋات تىجارەت مەيدانىغا ئايلاندى.

ئۈرۈمچىدە گەرچە ھۆكۈمەت مەلۇماتىدا ئېيتىلىشىچە، 3 ـ 4 يۈز مىڭ ئۇيغۇر ياشىسىمۇ، ئەمما پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئون نەچچە مىليون ئۇيغۇر ۋە قازاق، تۇڭگان، موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەر ئۆزىنىڭ كېرەكلىك ئەشيالىرىنى مۇشۇ بازاردىن سېتىۋالاتتى. يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدە بۇيۇملاردىن باشقا يەنە، خىتاي شەھەرلىرىدىن كېلىدىغان ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى، شۇنداقلا سانائەت مەھسۇلاتلىرى پويىز ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلەتتى ۋە بۇ يەردىن باشقا جايلارغا تارقىلاتتى. دېمەك ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلارنىڭ مال تارقىتىش مەركىزى بولۇپلا قالماي، ئەتراپتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرىدىغان سودا بازىرى يەنى يېپەك يولىنىڭ كېيىنكى تۈگۈنى ھېسابلىناتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان مالىمانچىلىقتىن كېيىن، بۇ بازارنىڭ قىممىتىنى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئەڭ دەسلەپ مۆلچەرلىگەن ۋە تۈنجى بولۇپ مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان شەخس رابىيە قادىر ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنى جىددىي ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش، شەھەردىكى ئىشسىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش،

شۇنىڭدەك توپ تارقىتىش يولى بىلەن بارلىق شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنى تىجارەت ئىشىغا باشلاش مەقسىتىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا بىر چوڭ سودا بازىرى ئېچىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ خېلى ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى قېتىملىق ئۇرۇنۇش بىكارغا كەتتى ھەمدە كۆپ ئىقتىسادى زىيان سالدى.

1986 ـ يىلى دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى بىلەن خانتەڭرى سودا سارىيى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، رابىيە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كوچا بويىدىكى تاشلاندۇق ھۆكۈمەت بازىرىغا نەزەر تاشلىدى. زېمىن باشقۇرۇش ھوقۇقى شەھەرلىك ئۆي، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تەۋە بولغان بۇ جايغا 1964 ـ يىللىرى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى ئىجارە ئېلىش توختامى بىلەن، 30 ـ 40 دۇكانلىق بىر سودا بازىرى ياسىغان. ھۆكۈمەتنىڭ گۆش، كۆكتات تارقىتىش دۇكانلىرى بىر مەزگىل تىجارەت قىلغان بولسىمۇ، تەمىنات توختىتىلغان 1966 ـ يىلدىن كېيىن، بۇ بازار ئاساسەن تاشلىنىپ قالغان ئىدى.

ئىنسان دەسسىمەيدىغان بۇ پاسكىنا جاينى رابىيە كۆزدىن كۆچۈرگەندە، دۇكانلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى چېقىلغان، كۆكتاتچىلار تاشلىغان ئەخلەتلەر چىرىپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئەخلاقسىز كىشىلەر قۇسۇپ، ھەتتا چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىپ قارىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان مەينەتچىلىكلەرنى كۆرۈپ، دەسلەپ بىر ئاز ئىككىلەندى. كېيىن ئىنچىكىلەپ ھېسابلاپ چىقتى. ئۇ بازارنىڭ ئالدىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنا، ئارقىدىكى 30 ـ 40 دۇكان ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى رەت دۇكانلارنى قوشقاندا، بۇ يەرگە 200 گە يېقىن تىجارەتچىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، بازارنىڭ ئىچىگە چوڭ ئاپتوموبىل كىرەلەيدىغان بولغاچقا، مال

توشۇش، ئىسكىلات قاتارلىقلارنىڭمۇ كۆپ قۇلاي بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈش لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

رابىيە شەھەرلىك ئۆي، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە كىرىپ، ئۇدۇلىدىكى بۇ بازارنى ئىجارىگە ئېلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرگەندە، ئۇلار شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ ئىجارىنى تۆلىمەي قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە بۇ جاينى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، يىللىق ھەققىنى 40 مىڭ سومدىن ئىجارىگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رابىيە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، يېنىدىكى 200 مىڭ سومنى نەق ئالدىن تاپشۇرۇپ، بۇ بازارنى 5 يىللىق ئىجارىگە ئېلىش توختامنامىسىگە ئىمزا قويدى. بۇ بازارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىنى بۇزماسلىق شەرتى بىلەن، قايتىدىن ياساش، دۇكانلارغا ئىشىك بېكىتىش، ئىچىنى زىننەتلەش، ئومۇمىيۈزلۈك سىرلاش، يەرنى سېمونتلاش قاتارلىق ئىشلىرى نۇرغۇن مەبلەغ تەلەپ قىلاتتى. رابىيە ئىشچى يالاپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، يۇقىرىدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، بازارنىڭ ئالدى ۋە چۆرىسىدىن 100 دۇكان، 50 بوتكا ـ رەستە تەييارلاپ، بازارنىڭ تېشىغا «رابىيە قادىر سودا بازىرى» دەپ ۋىۋىسكا ئاستى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى مۆتىۋەر تىجارەتچىلەردىن، پۇلدار بايلاردىن تۇرسۇن ھاجى قاتارلىق 20 دەك كىشىنى زىياپەتكە چاقىرىپ، مەقسىتىنى بايان قىلدى:

ـ مۆھتەرەم ئاقساقاللار، سودىگەرلەر، مېنىڭ مانا مۇشۇنداق چوڭ بىر يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ توپ مال تارقىتىش، پارچە سېتىش بازىرى ئېچىش خىيالىم بار ئىدى. بۇ خىيالىم ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەر قايسىڭلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىنى

ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدىم.

سودىگەرلەر مەنىستىمىگەن هالدا باشلىرىنى چايقاشتى. بەزىلىرى قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماستىنلا كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ ئالدى بىلەن، خوتۇن كىشى بېشىدا تۇرغان ئىشتىن خەير بولارمۇ بۇنى بىلمەيمىز. ئەمما، بۇ ئەخلەتخانىنى مىڭ تازىلىغان بىلەنمۇ، خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن جاي بولغاچقا خېرىدار كېلىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

ـ رابىيە خېنىم، كالللىرى ئېلىشىپ قالمىغاندۇ، نەچچە يۈز مىڭ كوينى بۇ ئەخلەتخانىغا توپا چاچقاندەك چېچىۋېتىپلا، ئاستا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىلا بولارمىكىن؟

ـ ۋۇي، بۇ پاسكىنا جايغا نەچچە يىلدىن بېرى، هاراقكەشلەر تاهارەت قىلغىلى كىرەتتى، ئەمدىزە سودىگەر چاقىرىمەن دەپلا، بۇ يەرگە سودىگەر، خېرىدار تۇگۇل، جىن ـ شەيتانلارمۇ قورقۇپ كەلمەيدۇ جۇمۇ.

ـ خېنىم، سىلى يوق ئىشقا ئاۋارە بولماي، ئاستا ئۆيلىرىگە بېرىپ سىدىقهاجىغا لەڭمەن ئېتىپ بەرسىلە بولارمىكىن؟!

مېهمانلار رابىيەنى كۆڭۈلسىز بىر هالەتتە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. زىياپەتتىن كېيىن رابىيەنىڭ يېنىدا قالغان يېقىنلىرى ـ سىدىقهاجىنىڭ بىر نەچچە يازغۇچى، شائىر دوستلىرى هەمدە كەچلىك گېزىتىنىڭ بىر نەپەر تەهرىرى باشقىچە مەسلىهەت بەردى.

ـ هازىر خىتايدا، بۇنداق شىركەتلەرنى شەخسىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش تېخى يولغا قويۇلمىدى. خەلقنىڭ مايىللىقىنى، كەڭ ئايالالرنى جەلپ قىلىش هەمدە هۆكۈمەت ئالدىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ۋە

گېزىتلەردىكى ئېلان، تەشۋىقاتلاردا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەمدە 8 ـ مارت ئاياللار ئازادلىقى كۈنىنى بازارنىڭ نامى قىلىپ «8 ـ مارت سودا سارىيى» دەپ ئۆزگەرتسەك قانداق؟

رابىيە تولىمۇ ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ 10 يىللار ئىلگىرى شائخەيدە شەخسلەرنىڭ توپ تارقىتىش بازىرىدىن مال سېتىۋالغان چاغلىرىدىلا، بۇنداق بازارنى ئېچىش، پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا دىققەت بىلەن زەن سېلىپ ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدى. شەھەرنىڭ باي سودىگەرلىرى قوللىسا، سەرمايە سالسا، دۇكان ئاچسا قانداق قىلىش، ئەگەر قوللىمىسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويدان ئويلاپ، پىلانلاپ قويغان ئىدى.

_ قاراپ تۇرۇڭلار،ـ دېدى رابىيە ئولتۇرغانلارغا، ـ مەن بۇ بازارنى ئاچىمەن. بايىقى كۆرەڭ سودىگەرلەر نىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا پۇللىرىنى ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇرىدۇ. ئەتىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئاياللىرى بازىرى سودىنى باشلايدۇ. بىر بازارنى ماڭغۇزالمىسام، پۈتۈن مىللەتنى قانداق قىلىپ يېتەكلەپ ماڭالايمەن؟

ئەتىسى بازارنىڭ ۋىۋىسكىسى ئالماشتى، رابىيە شەھەردىكى ئىشسىز، قىيىنچىلىقى بار ئاياللاردىن 30 ئۇيغۇر ئايالنى ئىشقا ئېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. شۇ كۈنىلا 30 قىز، چوكان كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى. رابىيە ئۇلارغا 70 سومدىن مائاش بەلگىلەپ، دۇكان، رەستىلەردە مال تەييارلاپ سېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چاغدا ھۆكۈمەتكە ئىشلەۋاتقانلارمۇ 50 ـ 60 سوم مائاش ئېلىۋاتقان بولغاچقا، يېڭى ئىشقا چۈشكەن بۇ قىزلار تولىمۇ خۇشال ۋە قىزغىن ھالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئەمما، رەستىلەرگە قايسى مالنى تىزىش كېرەك؟ پۇل بولمىسا.....

رابىيە قادىر ئالدى بىلەن، ئايالлار بىرلەشمىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ماھىنۇر قاسىم خانىمنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن مېترىنى 60 تىيىندىن ئىككى مىڭ مېتىر، مېترىنى بىر سوم 20 تىيىندىن ئىككى مىڭ مېتىر باھاسى چۈشۈرۈلگەن، ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالغان رەختنى، سېتىپ بولۇپ پۇلنى بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كېلىپ دۇكانلىرىغا تارقاتتى. يەرلىك ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلىرىدە ۋە ئىسكىلاتلىرىدا سېتىلماي بېسىلىپ قالغان ماللىرى بولسا، سودىلىشىپ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، سېتىپ بولۇپ پۇل تاپشۇرۇشقا كۆندۈرۈپ ماللىرىنى ئەپكەلدى. ھۆكۈمەتنىڭ شىركەت، زاۋۇت، ماگىزىنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەنە شۇنداق بېسىلىپ قالغان رەخت، ياغلىق، كىيىم - كېچەكلىرىنى ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ئەپكەلدى. شەھەر ئىچىدىكى پايپاق زاۋۇتىنىڭ بىراك مال قاتارىدىكى 5 مىڭ پايپىقىنى ئىنتايىن ئەرزان باھادا نېسىغا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلدى. خىزمەتچىلەر ماللارنى رەتلىدى، تازىلىدى، يۇدى، دەزمال سالدى، چىرايلىق قاتلاپ رەستىلەرگە تىزىۋىدى، دۇكانلار مالغا لىق تولدى. گۇاڭجۇدىن كەلگەن بىر سودىگەر ختاي، بازاردا بىر قۇرى 30 سومدىن سېتىلىۋاتقان ئىككى تاغار مەرۋايىتىنى كىلولاپ باھالاپ، رابىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. رابىيە ساناپ ھېسابلىۋىدى، بىر قۇرى 3 سومغا توغرا كەلدى.

1987 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەنى خەلقئارا ئاياللار بايرىمى كۈنى رابىيە قادىرنىڭ «8 - مارت سودا بازىرى» دا ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ھۆكۈمەت، بانكا، مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئايالлار بىرلەشمىسىدىكىلەر، سەنئەتچىلەر، ژۇرنالىستلار، مۇخبىرلار كەلدى. رادىئو ۋە ئۈرۈمچى

كەچلىك گېزىتىدە ئۇدا نەچچە كۈن ئېلان بېرىلگەن ئىدى. سەنئەت مەكتىپىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا 3 قۇردىن مەرۋايىت ھەدىيە قىلىندى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، بازار قايناپ كەتتى، ئۆگزىدە ناغرا ـ سۇناي چېلىندى. ئۇ توختىغاندا رادىئو كانىيىدىن خېرىدارلارنى بازارغا چاقىرغان جاراڭلىق ئاۋاز ياڭرىماقتا ئىدى. بازارغا بىرىنچى بولۇپ بىر دىۋانە بوۋاي ئىرىم قىلىپ كىردى. رابىيە ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم بىلەن 10 سوم پۇل سەدىقە بەردى. بوۋاي رەھمەت ئېيتىپ دۇئا قىلىپ، قولىدىكى 10 سوم پۇلغا 3 قۇر مەرۋايىت سېتىۋېلىپ ئايالىنى، قىزلىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى. خەيرلىك ئىرىمدىن كېيىن 30 نەپەر مال ساتقۇچى قىزنىڭ ئالدىدا خېرىدارلار ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا باشلىدى.

دۇكاندا مېترى 15 سوملۇق دۇخاۋا رەختىنىڭ مېترى 3 سومدىن، پارچە كۆينەكلىك رەختلەرنىڭ مېترى 50 تىيىندىن سېتىلىۋاتاتتى. رابىيە 50 ـ 60 تۈرلۈك مالنىڭ باھاسىنى خېرىدارىغا قاراپ جانلىق تەڭشەپ تۇراتتى. ئاز رەختىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ زىيىنىغا ساتسا، خېرىدارى كۆپ رەختىنىڭ باھاسىنى دەرھال ئۆرلىتىپ ساتاتتى. شۇ كۈنى رابىيە قادىرنىڭ بازىرىنى 10 نەچچە مىڭ ئادەم زىيارەت قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ، كەچلىك گېزىتى مۇخبىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىتلەر بۇ ھەقتە خەۋەر بەردى. رابىيە قادىر ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن 1 ـ ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ پۇلىنى ئاپىرىپ بېرىۋەتتى. پايپاق زاۋۇتىنىڭ ھەممە پۇلىنى تۆلىۋەتتى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ باشلىقى رابىيەنىڭ بازىرى ھەققىدىكى سۈرەتلىك خەۋەر بېسىلغان ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېچ كېپىل

ئىزدىمەستىنلا، 100 مىڭ مېتىر رەختنى 4 ئاپتوموبىلغا بېسىپ رابىيىگە ئەكېلىپ بەردى. پايپاق زاۋۇتىمۇ 100 مىڭ جۈپ پايپاقنى يەنە نېسىگە بەردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئەتراپتىكى بوش دۇكانلارنى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن، سودىگەرلەر بەس - بەستە كېلىشكە باشلىدى. رابىيە 100 دۇكاننى ھەر بىرىگە 10 مىڭ سوم كاپالەت پۇلى ئېلىپ ئىجارىگە بەردى. 50 رەستىنى ئىككى مىڭ سومدىن زاكالەت پۇلى ئېلىپ ئىجارىگە بەردى. رابىيە بازار ئېچىلىپ دەسلەپكى بىر ئاي ئىچىدە، تېخى دۇكان ئىجارىسىنى يىغماي تۇرۇپ، زاكالەت ئۈچۈن يىغىلغان 1 مىليون 200 مىڭ سوم ۋە مال سېتىپ كىرىم قىلغان 200 مىڭ سوم پۇلنى بانكىغا قويۇپ، خىتاينىڭ بانكا ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ مىليونېر شەخس ھېسابلىنىپ تىزىمغا ئېلىندى.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خىتاي شىركەت باشلىقلىرى، بانكا، مالىيە، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىقلار ۋە مۇخبىرلار رابىيەنىڭ قانداق پۇل تاپقانلىقىغا ھەيران بولۇپ، توختىماستىن ئۇنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى.

شۇ يىلى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆز ئارا ساياھەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش توختامنامىسى ئىمزالاپ ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سومكا تىجارىتى - سومكىسىدىكى سوۋغا - سالاملىق ماللىرىنى سېتىپ ئورنىغا يەنە سوۋغا - سالاملىق مال ئالىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەر ئۇرۇمچىگە كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى رابىيەنىڭ بازىرى دۆلەتلەر ئارا سودىلىشىدىغان، مال سېتىپ ئورنىغا مال ئالىدىغان، تىجارەتتە ئامېرىكا دوللىرى ۋە رۇس روبلىسى خەجلەيدىغان چوڭ توپ تارقىتىش

بازىرى بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يەردە ئەمدى قەدىمي يىپەك يولى سودىسىنىڭ يوللىرى ئېچىلماقتا ئىدى.

رابىيە قادىر «8 ـ مارت سودا بازىرى» دا 200 گە يېقىن سودىگەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، 30 دەك خىزمەتچىنى مائاش بېرىپ ئىشلەتتى. بىر يېرىم يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ باشقا يۇرتلىرىدىكى مىڭغا يېقىن تىجارەتچىنى مال بىلەن تەمىنلىدى. نەچچە مىڭ چەت ئەللىك خېرىدارنى كۈتۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت سەرمايىسى 3 مىليون سومغا يېتىپ قالدى.

ئەسلىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنى تارتىۋېلىپ، زېمىن ئىگىسى بولۇۋالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي ـ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىككى يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردە پىرقىراۋاتقان مىليون سوملارنى كۆرۈپ، كۆزى قىزىرىپ، توختامنى بۇزۇپ بازارنى تارتىۋالماقچى بولدى. رابىيە ئۇلارنىڭ باشلىقىغا كەسكىن ھالدا:

_ خام خىيال قىلماڭلار، ھازىر خەلقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈم سىلەرنىڭكىدىن چوڭ. توختام قانۇنلىرىنى سىلەردىن ئوبدانراق بىلىمەن. بىلىپ قويۇڭلار، مەن ھازىر سىلەرنىڭ ئىدارىنىمۇ سېتىۋالغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە. بۇ سودا سارىيىنى قايتۇرۇپ ئالالمايسىلەر. ئەكسىچە مەن بۇ يەرگە يەنە 10 مىليون سوملۇق سەرمايە سېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ـ دېدى.

## رابىيەنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسى

ئۈرۈمچىدە «بىر ئۆيى بار خاتىرجەم ياشايدۇ، ئىككى ئۆيى بار باياشات ياشايدۇ، ئۈچ ئۆيى بار ئەمەلداردەك ياشايدۇ» دېگەن ماقال

تارقالغان. بۇ كىچىككىنە شەھەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پايتەختى بولغاچقا، بۇ شەھەرگە خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مۇنچە ئورگانلىرى يەرلەشكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ 12 دېۋىزىيىسى، 30 غا يېقىن نازارەت ۋە ئۇرۇمچىنىڭ ئوخشاش شەكىلدىكى ئورگانلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەركىزىي ئىدارىلىرى ئورۇنلاشقان. شۇنىڭدەك يەنە، مەركەز ۋە يەرلىك دەرىجىدىكى مىنىستىرلىقلارغا قاراشلىق ئىدارىلەر، زاۋۇت، كان، فابرىكىلار، پولات زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، نېفىت خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، ئاپتو رېمونت زاۋۇتى قاتارلىق ئونمىڭ كىشىلىك زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ماكانلاشقان. ئەسلىدىكى 300 مىڭ ئاھالىسى بار بۇ شەھەردە % 90 ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك مىللەتلەر ياشايتتى. 1949 ـ يىلىدىن كېيىن، خىتايدىن كەلگەن ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر، جىنايەتچىلەر ۋە كۆچمەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغاچقا، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ ئەمەلىي نوپۇسى 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

ئۇرۇمچىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھەر قانداق كىشىنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى ھەل قىلىدىغان مۇھىم ئىشى ئۆي مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىدىقھاجى روزى ئۇرۇمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە چۇشكەندىن كېيىن، مەزكۇر مەكتەپتىن ئۆي تەلەپ قىلدى. ئۇلار يۇك ـ تاقلىرىنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ ئۇدۇللا مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن ئىدى. مەكتەپ خوجىلىق باشقارمىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى مەكتەپ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.

ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۆي دېگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۆينىڭ ئارقا تېمى ئەر ـ ئاياللار تاھارەتخانىسىنىڭ ئارقا تېمى بىلەن بىر تۇتاش ئىدى. بىر قەۋەتلىك بۇ تاھارەتخانىلار سۇ بىلەن تازىلانمايتتى، دېھقانلار گەندىنى ئارقا ۋە يان تەرەپلەردىكى ئىشىكتىن كىرىپ، چوڭ ساپلىقلار بىلەن چېلەكلىرىگە ئۇسۇپ ئېلىپ چىقىپ، ئېشەك قاتقان هارۋىلىرىغا ئورنىتىلغان يوغان ياغاچ ساندۇقلىرىغا تۆكۈپ ئېلىپ كېتەتتى. هەر كۈنى كۈندۈزى سان ـ ساناقسىز ئوقۇغۇچىلار هەمدە ئوقۇتقۇچىلار بۇ يەرگە كىرىپ تاھارەت قىلسا، كېچىلىرى گەندە توشۇغۇچىلار توختىماي كېلىپ تاھارەتنىڭ قويۇقىنى سۈزۈپ ئېلىپ كېتەتتى. ئەنە شۇ جايغا قوشنا بولغان رابىيە، باللىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ سېسىقچىلىقلار ئىچىدە چىداپ ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى.

مەكتەپتىن سىدىقهاجى ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ چوڭلۇقى 20 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. ئۈچ كارىۋات بىلەن بىر ئۈستەل قويۇلغان ئۆينىڭ ئىچىدە، ئۆرە تۇرغۇدەك تۈزۈك يەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئاش ـ تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان يەنە بىر كىچىك بۇلۇڭدا كۆمۈر قالايدىغان ئوچاق بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ئەركىن هەرىكەتمۇ قىلالمايتتى. قىسقىسى بۇنى ئۆي دېگىلىمۇ بولمايتتى. كىشىگە ئەلەم قىلىدىغىنى، مەكتەپ ئىچىدە 10 دىن ئارتۇق ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىنالىرى بار بولۇپ، بۇ بىنالاردا ئولتۇرغانلارنىڭ %90دىن كۆپرەكى خىتاي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر ئىدى. ئاز ساندىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ياكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئولتۇراتتى. مەكتەپ باشلىقلىرى 5ـ 6ئېغىز كەڭتاشا ئۆيلىرى بولغان، ئىسسىق پار ۋە مۇنچىلىرى بار ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. بۇ خىل مىللىي تەڭسىزلىكلەردىن هەممە كىشى ئوغىسى قايناپ تۇرۇپ شىكايەت قىلىشاتتى.

مەتبۇئاتلاردا مۇنبەر نامىدا ئېلان قىلىۋاتقان نادىر ئوبزورلىرى بىلەن تونۇلغان، مەكتەپتىكى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىغا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس بېرىدىغان ئىقتىدارلىق بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسى سىدىقھاجى روزىغا، مەكتەپ ئەمەلدارلىرى خۇددى زاخىلىق قىلغاندەك تاھارەتخانىنىڭ تام قوشنىسى بولغان بىر ئېغىز ئۆينى ياشاش ئۈچۈن بەرگەن ئىدى. رابىيە قادىر ئېرىگە كۆپ قېتىم يالۋۇرۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلىپ ئۆينى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ بېقىشنى سورىدى.

_ ھاياتىمدا، تىرىك بولىدىكەنمەن، - دەپ كەسكىن رەت قىلاتتى سىدىقھاجى ئايالىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - بۇ ناكەسلەرنىڭ ئالدىغا يالۋۇرۇپ بارمايمەن. بۇ غالچىلارغا باش ئەگمەك، مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

شۇنداق قىلىپ رابىيە بىر كۈنى، سىدىقھاجىدىن يوشۇرۇن ھالدا، مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلماقچى بولدى. مەكتەپنىڭ بىرىنچى باشلىقى ختاي ئىدى. ئىككىنچىسى ئۆزبېك، ئۈچىنچىسى تاتار، تۆتىنچىسى قازاق بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى رەتتىكىسى ۋە ھېچنېمىگە گېپى ئۆتمەيدىغىنى ئۇيغۇر ئىدى. رابىيە مەكتەپنىڭ خوجىلىق، ئۆي ئىشلىرىنى رائۇف ئەۋزى ئىسىملىك تاتار باشلىقنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا كىردى.

_ كىمسىز، نېمە ئىشىڭىز بار؟ - رائۇف ئەۋزى ئۇنىڭدىن ئۇدۇللا سورىدى.

_ مەن سىدىقھاجىنىڭ ئايالى رابىيە قادىر بولىمەن، بىزنىڭ ئۆي مەسىلىسى توغرىسىدا....

_ توختاڭ، سىزنىڭ نېمە سالاھىيىتىڭىز بار، بۇ يەرگە كىرىشكە؟

سىدىق ئۆزى كەلسۇن.

_ ئۇ بىلمەيدۇ، كىرىشنىمۇ خالىمايدۇ، شۇڭا...

_ چىقىپ كىتىڭ! ـ رائۇف ئەۋزى قاپىقىنى تۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە رابىيىگە ئىشىكنى كۆرسەتتى. بىر ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ رۇخسەت بەرمەي قوغلىغانلىقى ئۈچۈن رابىيە قاتتىق غەزەپلەندى:

_ توختاڭ ئەپەندىم، سىز كىمنى نەدىن قوغلاۋاتىسىز؟ ـ رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى، ـ ئالدىڭىزدىكى خوتۇن، سىز پاناھلىنىپ ياشاۋاتقان بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى، بىلىپ قويۇڭ، نەلەردىن خىتايلار كېلىپ خوجايىن بولۇۋالدى، ئورۇستىن قورقۇپ قېچىپ كەلگەن قاچاق قېرىنداشلىرىمىزغا بىز قوينىمىزنى ئېچىپ يەر بەردۇق، ئۆي بەردۇق، «مېنىڭ ئىدى سېنىڭ بولدى، سورىۋېدىم دورا بولدى» دېگەندەك، بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بۈگۈن قوغلاندى بولۇۋاتامدۇ؟ تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاۋاتامدۇ؟ نەلەردىن كېلىشتىڭ، زېمىن بەردۇق، ئىش، ئەمەل بەردۇق، سىلەر 5 ـ 6 ئېغىزلىق ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرىسىلەر، سىدىقتەك قابىلىيەتلىك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسى تاھارەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاشلاندۇق سېسىقچىلىقتا ئولتۇرامدۇ؟ قېنى ئىنساپ، قېنى ئادالەت، قېنى ھەقىقەت؟! بىزگە خىتايلارنىڭ سالغان زۇلۇمى يېتىپ ئاشىدۇ، ئەمما سىز تۆرگە چىقىۋېلىپلا، ئۆي ئىگىسىنى قوغلىسىڭىز ياراشمايدۇ. بۈگۈن نېمىشقا سىز تۆردە، بىز ئۇيغۇرلار پەگاھتا بىلەمسىز؟ خىتايلار سىلەرگە ھوقۇق، مەنپەئەت بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولى بىلەن بىزنى بوغماقچى، بىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇشتۇرماقچى، بىزنىڭ مۇنداق پەگاھقا چۈشۈپ قېلىشىمىز پەقەت بۇ ۋەتەننىڭ ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا

خالاس. ختاي خوددى ئۆزبېكستان، قازاقستان، قىرغىزىستانلاردەك بۇ يەرنىڭمۇ ئۇيغۇرىستان بولۇپ قېلىشىدىن بەك قورقىدۇ.

_ بولدى قىلىڭ خانىم،ـ رائۇف ئەۋزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى ۋە ھودۇققان ھالدا يالۋۇردى، ـ ئەمدى سۆزلىمەڭ، توختىتىڭ.

_ قولىڭىزدىن كەلسە ساقچى چاقىرىپ مېنى قولغا ئالغۇزۇۋېتىڭ، بۈگۈن بىر ئۆي سوراپ كىرسەم قوغلاۋاتىسىز. بىلىپ قويۇڭ، ھازىر سىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ۋە سىزنى چوڭ سۆزلىتىۋاتقان ئەمەل، ئەسلىدە مېنىڭ ئېرىم سىدىقھاجىدەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ!

_ بولدى قىلىڭ سىڭلىم، چۈشىنىمەن، مېنى قىينىماڭ، مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم بار، مىجەزىم بۇزۇلۇۋاتىدۇ، گېپىڭىزنىڭ داۋامىنى توختىتىڭ.

_ ئۇنداق بولسا، ئاڭلاپ قويۇڭ ئەپەندىم، مەن ئېرىم بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپكە 60 سوم پۇل بىلەن كەلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە پۇل تېپىپ، ئېرىمنى سىزنىڭ ھۆكۈمەت بەرگەن ئۆيىڭىزدىن 2 ـ 3 ھەسسە چوڭ ئۆيگە كۆچۈرۈپ چىقىمەن، ـ رابىيە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. رابىيە سىدىقھاجىدىن رائۇف ئەۋزىنىڭ شۇ ئىشتىن كېيىن، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۆيىنىڭ ئەلىمى رابىيەنى غەيرەتكە كەلتۈردى. ئۇ «8 ـ مارت سودا بازىرى» دىكى تىجارىتىدىن قولىغا چۈشكەن مىليونلار بىلەن بازارنىڭ ئارقىسىدىكى بوش ئورۇنغا ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ ئىش باشلىدى. ئەتراپتىكى بىر قانچە ئۆيلۈك پۇقرالارنى رازى قىلىپ كۆچۈرۈپ يەرنى بىكار قىلدى.

رابىيە ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە، 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، 58 يۈرۈش ئائىلىلىك ئۆيى بار، 7 قەۋەتلىك بىنانى قەد كۆتۈرگۈزدى. بىر مۇنچە ئۆيلەرنى خەلق نەشرىياتىغا ئوخشاش ئىدارە ـ ئورگانلارغا سېتىپ بەردى ياكى ئىجارىگە بەردى. ئۆيى يوق بىر مۇنچە پۇقرالارنى يەرلەشتۈردى. هۆكۈمەت نازىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا 100 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي تەقسىم قىلىۋاتقان پەيتتە، رابىيە سۆزىدە تۇرۇپ، سىدىققهاجىنى 210كۋادرات مېتىرلىق ئۆيگە ئېلىپ كىردى. يۈزگە يېقىن مېهماننى ئۈزىتالايدىغان كەڭ مېهمانخانىسى، ياتاق، ئىشخانا ئۆيلىرى كۆپ، ئاشخانىسى چوڭ بۇنداق ئۆيلەر ئۇرۇمچىدە تۇنجى قېتىم سېلىنغاچقا، ئالدى بىلەن ئەمەلدارلار، بايلار بۇ ئۆينى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. شەهەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەهرىر بۆلۈمى نوروز سەنئەت فىلىمىنى لېنتىغا ئېلىش ئۇچۇن بۇ ئۆينى تاللىدى. رابىيە قادىر بىر كۈنى سىدىققهاجىنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ئۆيگە چايغا چاقىردى. زىياپەتتە هاياجانلانغان رائۇف ئەۋزى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

_ مەن ئەسلى خىجالەتتە كەلمەي دېگەن ئىدىم، بىراق رابىيە قادىردەك سۆزى ئۆتكۈر، گېپىدە تۇرىدىغان، قەيسەر ئايالغا رەهمەت ئېيتىشنى بۇرچۇم دەپ هېسابلاپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن هاياتىمدا 60 كوينى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر نەچچە يىلدا 7 قەۋەتلىك بىنا سالغان ئىنساننى ئاڭلاپمۇ باقمىدىم. بىز ئۆزىمىزنى زىيالىي، مىللىتىمىزنى قۇتقۇلدۇرىمىز دەپ يۈرۈپتىمىز، رابىيە قادىرنىڭ هېچنېمىسىنى دورىيالماپتىمىز. پەخىرلەن سىدىققهاجى، باتۇر، ئىرادىلىك رابىيىدىن، هەممىمىز پەخىرلىنەيلى.

رابىيە مېهمانلارنىڭ تەبرىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇلايىم كۈلۈپ قويدى. رائۇف ئەۋزىگە ئالاهىدە رەهمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر

نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئۆي جېدىلى ھەققىدە قىلچە ئاداۋەت قالمىغان ئىدى. ئۇ پەقەت، خەلقىم مېنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ، رەھمەت، ئەمما بۇ تېخى بىرىنچى قەدەم، ـ دەپ ئويلايتتى.

## رابىيە قادىر سودا سارىيى

ئائىلىلىكلەر بىناسىنى سېلىش جەريانىدا، قۇرۇلۇش رەسمىيەتلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىق رەسمىيەتلىرى ۋە بانكا ئامانەت ـ قەرز ئۇسۇللىرى جەھەتتىن خېلى مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالغان رابىيە، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلا، تىجارەت قىلىۋاتقان8 ـ مارت سودا سارىيى ئورنىغا 7 قەۋەتلىك چوڭ سودا سارىيى قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىغان ئىدى. 1990 ـ يىلى رابىيە، ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئەينەك ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان، كەلگۈسىدىكى رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ كۆركەم تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ مودېلىغا قاراپ چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

بىنا ئۈچۈن يەر تەييار، يەنە كېلىپ چوڭ كوچىغا قارايدىغان دوقمۇشتا. يەتتە قەۋەتلىك زامانىۋى بىنا ئۈچۈن تەخمىنەن 10 مىليون سوم پۇل كېتىدىكەن، بۇنىڭ 3 مىليوننى ئۆزۈم راسلىسام، 3 مىليوننى تىجارەتچىلەردىن توپلىسام، قالغان 4 مىليوننى بانكىدىن قەرز ئالسام، دېمەك پۇلمۇ تەييار. ئەمدى قۇرۇلۇش ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتنى ھۆكۈمەتتىن تەستىقلاتساملا.... قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى بىلەن توختاملىشىپ ئىشنى باشلايمەن......

شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى رابىيەنىڭ دوكلاتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن باشلىرىنى چايقاشتى. ئۇلار:

ـ بىلىشىمىزچە، ھازىر جۇڭگودا تېخى ھېچكىم شەخسىي نامدا 7

قەۋەتلىك تىجارەت بىناسى سېلىپ باقمىدى، يەنە كېلىپ سىز ئاز سانلىق مىللەت ھەمدە ئايال كىشى تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلسىڭىز، ھەممە كىشى ھەيران قالىدۇ، بۇ بىر فانتازىيىدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، بىز رۇخسەت بېرەلمەيمىز، ـ دېيىشتى. رابىيە دوكلاتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىرىگە يوللىدى. ئۇلاردىنمۇ جاۋاب چىقمىدى.

_ ئەجەبا، مەركەزنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش دېگىنى يالغانمۇ ياكى سىلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىۋاتقىنىڭلار خاتامۇ؟ ـ دېدى رابىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا. رابىيە شۇ كۈنلەردە ئېغىر ئاياق بولۇپ، ئاي، كۈنى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناسى ئالدىغا كېلىپ سۈرۈشتۈردى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن رەئىس ۋە مۇئاۋىنلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا تۇغۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەشتى. رابىيە بولسا سۈرۈشتۈرگەنلەرگە:

_ مۇشۇ يەردە تۇغۇۋەتسەممۇ مەيلى، بىنا قۇرۇلۇش پىلانىنى تەستىقلاتمىسام، ھېچ يەرگە بارمايمەن، ـ دېدى كەسكىن قىلىپ. شۇنداق قىلىپ، تەسىرلەنگەن رەئىسلەر، ئادەتتىن تاشقىرى باش قوشۇپ مۇزاكىرە قىلىپ، دوكلاتنى تەستىقلاپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ گوۋىن تەستىق دوكلاتنى ئوقۇپ چىقىپ:

_ رابىيە خېنىم، قۇرۇلۇش دېگەن نېمە، بىنانىڭ ئىچى ـ تېشىنى زىننەتلەش دېگەن نېمە بىلەمسىز؟ بۇ، ياتىدىغان ئۆيىڭىزنى ياسىغاندەك، چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بىرەر بىنانى سېلىش

ئۇچۇن بىز ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بۇ يەردە ئايلاپ يىغىن ئېچىۋاتىمىز، بىلىپ قويۇڭ، ـ دېدى.

_ ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭىز، مىڭ ئۆيلەردىكى، ھېيتگاھتىكى نەققاش زىننەتلىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭىز؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سىز يوق ۋاقىتتىمۇ ھېچكىمگە تەستىقلاتماي نى ـ نى بىنالارنى سالالىغان. ئۇ چاغلاردىغۇ، بىز سىلەر بىلەن قوشنا دۆلەت ئىدۇق، ھازىر سىلەر بىزنى باشقۇرۇۋاتىسىلەر، بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ سارىيىنىمۇ كىمنىڭ لايىھىلىگەنلىكىنى بىلىدىغانسىز؟ مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى قىلالىغان ئىشنى بۈگۈن مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن؟ سىز تەستىقنى سېلىڭ، قۇرۇلۇشنىڭ قانداق سېلىنىدىغانلىقىنى، ئىچى ـ تېشى قانداق زىننەتلىنىدىغانلىقىنى مەن كۆرسىتىپ قويىمەن، ـ دېدى رابىيە ئۇنىڭغا جاۋابەن. شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق چوڭ ئىش تەۋرىتىپ، كۆپ پۇل تېپىپ كېتىشىنى خالىمىسىمۇ، رابىيەنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈشكە كۆزى يەتمىسىمۇ، ئاپتونوم رايوندىكى رەئىسلەرنىڭ، شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئىيسانىڭ سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغانلىقىدىن ۋە تەستىقىدىن ئەيمىنىپ، بىر ئاي ئىچىدىلا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەردى.

رەسمىيەت بويىچە، ئاتاقلىق قۇرۇلۇش شىركەتلىرى ئۆز بىنا لايىھىسى ۋە قۇرۇلۇش سېخىمىلىرىنى ھەمدە بىنا مودېلىنى پۈتتۈرۈپ، باھالاپ تاللاش يىغىنىغا ئۇلگۇرتۇپ ئەكېلىپ رابىيەنىڭ ئىشخانىسىغا قاتار تىزىۋەتتى. رابىيە 20 نەچچە خىل مودېل ۋە لايىھىلەر ئىچىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي، يېگانە ئۇيغۇر بىناكار ئەنۋەرنىڭ لايىھىسىنى تاللىدى. رابىيەنىڭ ئويىچە، ئۇيغۇرنىڭ بىناسىنى ئەلۋەتتە ئۇيغۇر لايىھىلىشى كېرەك ئىدى. قۇرۇلۇش

لايىھىلەش، پىلانلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، رابىيەنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان بىرسىنىڭ لايىھىسىنى تاللىغانلىقىغا قاراپ گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى. 1990ـ يىلى ـ 1 ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ھۇل سېلىش مۇراسىمىدا شەھەر باشلىقى يۇسۇپ ئىيسا لېنتا كەستى. تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار، سەنئەتچىلەر ۋە مۇخبىرلار مۇراسىمغا قاتناشتى. رابىيەنىڭ يالقۇنلۇق مىللىي ھېس ـ تۇيغۇغا باي سۆزلىرى قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرىنى تامغۇزدى. رابىيە قۇرۇلۇش باشلاشتىن ئىلگىرى، ئىككى قوچقارنى تەكبىر بىلەن قۇربانلىق قىلدى. زىياپەتتە بىر يەرگە توپلىنىپ قالغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر يەنە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى:

_ بۇ قېتىم راستىنلا قاراملىق قىلىپلا رابىيە خېنىم، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى دېگەن چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، پۇل بىلەن ئۆرە تۇرىدىغان ئىش. بىنا ئىككى قەۋەت كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن قالغان پۇلنى قانداق قىلارلا؟

_ ھەي، خېنىم، ھۆكۈمەتنى بەك سەل چاغلاپ قاپلا، سېلىنى تازا قاپقانغا چۈشۈرۈپتۇ، بىنا پۈتەي دېگەندە قېنى قالغان پۇل دەپلا، ھەممىنى تارتىۋالىدۇ، بۇ يۈزىدە تۈكى بار خەق، تالاي قېتىم كۆردۇقغۇ بۇلارنى.

رابىيە تىجارەتچىلەرگە دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

_ كونىلار، تىجارەتتە تەۋەككۈلچىلىك سۈننەت دەيدىكەن، يولدىن چىقما، خاندىن قورقما دېگەن گەپمۇ بار، مەن كەم قالغان پۇلنى ھەم ھۆكۈمەتتىن، ھەم ھەر قايسىلىرىدىن ئالىمەن، ئالدىمغا ئۆزۈڭلارنىڭ ئەكېلىپ بەرمىگىنىنى كۆرۈپ باقاي، خۇددى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنى

ياسىغاندا تالاشقاندەك.

رابىيە شۇنداق قىلىپ، بانكىغا ياتقۇزغان 3 مىليون پۇل بىلەن بىنانىڭ 3 قەۋەت تېمىنى ئۆرە قىلدى. بانكىدىن قەرز ئالغان 3 مىليون پۇل بىلەن 7 قەۋەت بىنانىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۆرە بولدى. قۇرۇلۇش شىركىتى قالغان 4 مىليون سوم ئۈچۈن رابىيەنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى.

ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى، جامائەت پاراۋانلىقلىرىنى ۋە ئاممىۋى ئىركىشىش ھەرىكەتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتلىمى بىلەن دىنىي ئۆلىمالىرى، شۇنىڭدەك كەڭ خەلق ئاممىسى رابىيە قادىرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غۇرۇرىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشنى نامايان قىلىدىغان ۋە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىسىزمۇ روناق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىغان بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن قوللاۋاتقان بىر پەيتتە، ھېچ بىلگىلى بولمايدىغان بىر قارا كۆلەڭگە، ھەر خىل پىتنىلەرنى تارقاتماقتا ئىدى. ئۇلار «ھۆكۈمەتنىڭ چىڭ يەرلىرىدىن خەۋەر تاپتىم، رابىيەنىڭ پۇلى يېتىشمەي قۇرۇلۇشى توختاپ قاپتۇ، رابىيە 3 مىليون قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ، يېقىندا بانكا بۇ قۇرۇلۇشنى تارتىۋالماقچى ئىكەن» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتتى.

بۇنىڭ تەسىرىدە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەتتا رەئىسلەر يىغىنىدىكىلەرمۇ توپلىشىپ ئاچىدىغان يىغىنلىرىنىڭ ئالدىدا، رابىيەنىڭ بىناسىنىڭ غۇلغۇلىسىنى قىلاتتى، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئولتۇرۇش - چايلارنىڭ ھەممىسى رابىيەنىڭ بىناسىنىڭ تەقدىرى بىلەن باشلىنىپ، يەنە شۇ گەپ - سۆز بىلەن ئاياغلىشاتتى. ئەتراپتا ھېلىقى غەيۋەت، شىكايەت، پىتنە - پاساتلار يامراشقا

باشلىدى. كىشىلەر ئالايىتەن رابىيەنىڭ بىناسىنى كۆرگىلى كېلىدىغان ۋە ئاقىۋىتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ شىكايەتلەرنىڭ ئارقىسىدا، رابىيەنىڭ مۇنچە كۆپ ئىقتىسادىنىڭ كەينىدە تەشكىلاتچى سىدىقهاجىنىڭ قولى بارمۇ ـ قانداق دەپ مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ مەسىلە ئېنىقلاۋاتقان بىخەتەرلىك تارماقلىرى بار ئىدى. ئۇلار خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتىنىڭ سۈرۈشتۈرمەسلىك يوليورۇقى بىلەن، ماتېرىياللىرى ئالىلقاچان كۆيدۈرۈلگەن، ئۆزلىرى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەن «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرىنى مەخپىي هالدا قايتا تىزىملاپ، قارا تىزىملىك رەتلەۋاتقان ئىدى. ئۇلارغا يوليورۇق بەرگەنلەر بولسا، شەهەردىكى قۇرۇلۇش، تىجارەت يوللىرىنى مونوپول قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، رابىيەدىن كېچىكىپ ۋە ئوغرىلىقچە هەرىكەت قىلىۋاتقان، پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ ـ ۋالىي جەمەتىنىڭ شاهزادىلىرى ئىدى.

بۇ پىتنىلەرگە ئەڭ ئاۋۋال ئىشىنىپ هە ـ هۇ دېيىشىۋاتقانلار بولسا، ئۆزىنى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ تۇغما تىجارەتچى دەپ پو ئېتىپ، داستىخانىنىڭ تۆرىنى تالىشىپ چوڭ سۆزلەپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئەركەك تىجارەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئىچى يامان، كۆرەلمەسلەر ئىدى، شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا بۇ بىنانىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا بولغان ئىشەنچ ئازلىماقتا ئىدى.

دەل شۇ پەيتتە، رابىيە قادىرنى ئاشكارا ۋە باشقا يوللار بىلەن قوللاپ كېلىۋاتقان، ئومۇمەن قولىدىكى هوقۇقىنىڭ ئىمكانلىرى يار بەرگەن دائىرىدە ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتقان هۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر رەئىسلىرى ۋە نازىرلىرى ئارىسىدىن، مۇئاۋىن رەئىس توختى سابىر بېيجىڭدا قۇرۇلغان بىر تۇزاقتا تۇيۇقسىز قولغا ئېلىندى ۋە دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ جازالاندى.

بۇ ئىش باشقا ئۇيغۇر ھوقۇقدارلارغا ئاگاھلاندۇرۇش ھېسابلىناتتى. چۈنكى توختى سابىر سانائەت ـ قاتناش ساھەسىگە مەسئۇل رەئىس بولۇپ، دۆلەت بايلىقى، بانكا سەرمايىسى بىلەن شەخسىي تاپاۋەت قىلماقچى بولغان خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ياتقان يولۋاس ئىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، كۆپ ساندىكى تىجارەتچىلەر يەنىلا رابىيە قادىرغا ئەقىل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بېرىپ، مەدەت بېرىپ تۇردى. ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئارىلىششى بىلەن، رابىيە قادىر ئارقا ـ ئارقىدىن شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە خىتاي دۆلەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئورگانلىرىغا ھەيئەت ئەزا، دائىمىي ھەيئەت ئەزا بولۇپ تەيىنلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق كارخانىچىلار ۋە ئايال كارخانىچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

رابىيە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدىن ھېچ رەنجىمىدى. كۆپرەك سۆزلەپ كەتكەنلەرگە بولسا:

ـ قېرىنداشلىرىم، ھەر قايسىلىرىنى، ئىشسىز يۈرگەن ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكىلىرىمنى، ئاچ ـ يالىڭاچ دېھقانلىرىمنى دېمىسەم، مېنىڭ بايلىقىم ئۆزۈمگە يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ. بىلىمەن، ئويۇننى مەندىن پۇل، زېمىن، ھوقۇق تالىشۋاتقان چوڭ غوجاملار ئويناۋاتىدۇ، 40 يىلدىن بېرى، ئۇلار بۇنداق ئويۇننى كۆپ ئويناپ بىزنىمۇ موللا قىلىپ قويدى، سەگەكرەك بولايلى، مەنپەئىتىمىزنى، ھەققىمىزنى قوغداشنى ئۆگىنەيلى، ئۇلارنىڭ يەنە مېڭىمىزنى زەھەرلەپ، كاللا سوقۇشتۇرۇپ ئوينىشىغا يول قويمايلى. مەن پەقەت،

ئۇلارغا بىر ئۇيغۇرنىڭ، بىر ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆز ئىرادىسىنى نامايان قىلالايدىغانلىقىنى، قەد كۆتۈرۈش يولىدا نىيەت قىلغان ئىنساننىڭ چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى، توسقۇنلۇقلاردىن، زىيانكەشلىكلەردىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچىمەن. ئەمەلىي ئىشلىرىم بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكچىمەن، خالاس. مەن قىلىدىغان چوڭ ئىشلار تېخى ئالدىمدا. بىلىمەن، بۇلار مېنى يىقىتىپ، توختىتى سابىردەك جايلاپ، ھەتتا سۈيىقەستلەر بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن مەن قورقۇپ قالمايمەن، چۈنكى مېنىڭ قەلبىمدە يېتەكچى ئاللاھ بار، باشلىغان ئىشمنى ھەرگىز توختاتمايمەن. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي قېرىنداشلىرىم، قۇرۇلۇشقا كەملەپ قالغان پۇلنى ھەر قايسىلىرىدىن يالۋۇرمايلا، چىرايلىقچە ئالىمەن. ئەمدى بىز ئۇيغۇرلارمۇ خەققە ئوخشاش زامانىۋى بىنالاردا مەدەنىي سودا قىلىمىز، ـ دېدى.

_ شۇنداق بولسىمۇ، نەق گەپ 4مىليون سوم ئۈستىدە بولغاچقا، ھەممىنىڭ خىيالى شۇ پۇلدا ئىدى.

بىنانىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ 350دۇكان، رېستوران، مەرىكە زاللىرى، ئىشخانىلار تەييار بولدى. رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىق بىناسى قەد كۆتۈردى! رابىيە قادىر، سودا سارىيىنىڭ دۇكانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ھەمدە زاكالەت پۇلى يىغىش ھەققىدە رەسمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئاۋات بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، توت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پەيدا بولغان سارايىنىڭ دۇكانلىرى سودىگەرلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن تولىمۇ ياخشى تىجارەت كۆزى ئىدى.

سودىگەرلەر، يېڭىدىن تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتقانلار

رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن بىرەر دۇكان، بىرەر رەستە ئىجارە ئېلىش ئۈچۈن بەس ـ بەس بىلەن زاكالەت پۇلى بېرىشكە باشلىدى. بەزى كۈنلىرى رابىيە ئەتىگەندە پۇل ئېلىپ، كىنىشكا تارقىتىشقا باشلىسا، كەچ كىرگەنىمۇ تۈيماي قالدى، بەزى كۈنلىرى 3 ـ 4 خىزمەتچى تەك ئىشلەپمۇ ئۈچىرەتتە تۇرغانلارغا كىنىشكا تارقىتىپ ئۈلگۈرەلمىدى. بىنا ئىچىدىكى دۇكانلار ئۈچۈن 10 مىڭ سوم، كوچىغا قارايدىغان چوڭ دۇكانلار ئۈچۈن 30 مىڭ سومدىن زاكالەت پۇلى يىغىلدى. پۇل تاپشۇرغان كىشىلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دۇكانلار تېخى تامامەن ئىجارىگە بېرىلمەي تۇرۇپلا، 4مىليون پۇل تەييارلىنىپ بولدى.

سودا ساراي ئىشقا چۈشىدىغان مەزگىلگىچە، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تىزىملاتقانلار 10 مىڭ كىشىگە يەتتى. دەسلەپ تىزىملىتىپ 10 مىڭ سومغا ئىجارە ئېلىۋالغانلار، ئىككىنچى قول ئىجارىكەش بولۇپ 50مىڭ سومدىن، تالادىكى دۇكانلارنى 300 مىڭ سومدىن باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ 5مىڭغا يېقىن كىشى بۇ دۇكانلاردىن مەنپەئەتلەندى. بىر نەچچە يىللىق تىجارەتتىن كېيىن بۇلارنىڭ 80% ى مىليونېرغا ئايلاندى. ھەتتا بىر دۇكاننى بىر قانچىسى شېرىكلىشىپ ئاچتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بازار، پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇنداقلا قازاق، ئۆزبېك، تاتار دېگەندەك قېرىنداشلارنىڭ توپ مال تارقىتىش مەركىزىگە ئايلاندى.

رابىيە قادىر ئاخىرىدا، ئەقىللىق ۋە ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئەگەر بىرسى يول باشلاپ بەرسە، يېتەكلەپ بەرسە، تەۋەككۇل قىلىپ يول ئېچىپ بەرسىلا، ھەممىسىنىڭ ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ھەر شەھەردە رابىيەنى دوراپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىنا سېلىشقا باشلىدى.

## ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىش

رابىيە قادىر قۇرۇلۇش باشلانغان كۈنىدىن باشلاپلا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ گوۋىنىنىڭ «قۇرۇلۇش زىنىنەتلەش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟» دېگەن تاپا ـ تەنە سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىدى. ئۇ سىدىقھاجىنىڭ ياردىمى بىلەن ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇر بىناكارلىقى، نەققاشچىلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىگىلىدى. ئۆگەندى. قەدىمي نەققاشچىلىق ھۈنىرى بار ئۇستىلارنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئالدىراش بىر پەيتتە، ۋاقىت چىقىرىپ قەشقەرگە باردى. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا، نەقىشچى ئۇستىلارنى ئىزدىدى. ئۇ بىر يېزىدىكى نەچچە ئەۋلاد نەققاشچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇستىلار بىلەن كۆرۈشتى. يېشى يەتمىشتىن ئاشقان پېشقەدەم ئۇستا ھاياجانلانغان ھالدا:

_ ھۆكۈمەت مەينەت ئىنقىلابىنى باشلاپ، بىزنىڭ ھۈنىرىمىزنى تۆت كونا دەپ چەكلەپ، مېنى كوچىدا سازايى قىلغاندىن بۇيان، ئەجدادىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان گۈلدەك ھۈنىرىمىزنىڭ بىز بىلەن تەڭ گۆرگە كېتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ئىدىم. بۈگۈن سىلى ھۈنىرىمىزنى روياپقا چىقىرىدىغان پۇرسەتنى يارىتىپ بەردىلە، جېنىمىز بىلەن ئىشلەيمىز، ھەممە ھۈنەرنى كۆرسىتىمىز، رەھمەت سىلىگە، ـ دەپ تىترەپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

رابىيە ئۇستىلارنىڭ ھەر بىرىگە مىڭ سومدىن پۇل تارقاتتى ھەمدە تېزرەك تەييارلىق قىلىپ ئۇرۇمچىگە يېتىپ بېرىشنى تاپىلاپ ئۆزى قايتىپ كەتتى. چۈنكى ھازىر قازاقىستان قاتارلىق ئەسلىدىكى غەربىي تۈركىستان دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولۇپ، يېڭى تىجارەت يوللىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. رابىيە قازاقىستانغا بېرىپ، يۆتكەيدىغان تېرە ۋە تۆمۈرنىڭ سورتىنى تەكشۈرۈپ، باھاسىنى كېلىشىش ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قازاقىستاندىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپلا، سودا بىناسى ئالدىدا، توپا باسقان يۈك تاقلىرى ئۇستىدە ئولتۇرغان 15 نەپەر قەشقەردىن كەلگەن ئۇستىلارنى كۆردى، ئالدى ئاتمىش ياشتىن ئاشقان، كەينى 20 ياشلاردىكى بۇ قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەر رابىيەنى كۆرۈپ، خۇشاللىق بىلەن سالاملاشتى. رابىيە نەق مەيداندىلا، ئۇستىلارنىڭ يۈكى ۋە كىيىملىرىنى ئېلىپ قىلىپ، ئۇلارنى كەڭتاشا زال ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاپئاق كىرلىكلەر يېيىلغان ياتاققا باشلىدى. ئۇستى ـ بېشىنى يېڭى كىيىملەر بىلەن يەڭگۈشلىدى. ئۇلارغا قوي سويۇپ زىياپەت بەردى. ئۇلارنىڭ يوتقان، كۆرپە، كىر ـ قاتلىرىنى يۇغۇزۇپ، دەزماللىتىپ قايتۇرۇپ بەردى. بىر تۇغقىنىدەك مېھرىبان كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشكەن ئۇستىلار ئەتىسىلا ئىش باشلاشقا ئالدىرىدى. رابىيە ئۇلارغا ئىش ھەققى، خىزمەت ۋاقتى دېگەندەك ئىشلاردا كېلىشىۋېلىشنى ئېيتىۋېدى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى خاپا بولۇپ:

_ رابىيە خېنىم، سىلى قەشقەردەك يىراق يەرگە ئالدىمىزغا كېلىپ، ئەجدادىمىزدىن بېرى كۆمۈلۈپ قالاي دېگەن ھۈنىرىمىزنى تونۇتۇش ئىمكانىنى يارىتىپ بەردىلە، يەنە كېلىپ ھېچ تونۇمايدىغان كىشىلەرگە مىڭ كويدىن پۇل تارقىتىپ كەتتىلە، شۇنىڭ ئۆزى بىزگە قىلغان ئىشەنچلىرى، بىز سىلىنى خىجالەت قىلماي، ھۈنىرىمىزنى

ئايىماي، ئىشىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرىمىز، بىزگە پۇل كېرەك ئەمەس، ـ دەپ سودىلىشىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. مانا بۇ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ساپ تىجارەت ئەخلاقى ئىدى.

رابىيە قادىر ئىش باشلىنىپلا، قاپقارا قوي كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، بۇرنى قاڭشارلىق، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن بۇ ئۇستىلاردىن كۆپ مىننەتدار بولدى. دەسلەپ بىنانىڭ 5 ـ قەۋىتىدىكى چوڭ مەرىكە زالىنى زىننەتلەش ۋەزىپىسىنى بۇ ئۇستىلارغا تاپشۇردى.

شۇ كۈنلەردە رابىيە، ئۈرۈمچىدىكى بىر مۇنچە تىجارەتچىلەرنى باشلاپ قازاقىستانغا بېرىپ، يەرمەنكە ئېچىپ توپ، پارچە مال تارقىتىش تىجارىتىنى باشلاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش رەسمىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ قازاقىستانغا چىقىپ ئىككى ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ مەرىكە زالىغا كىرىپ ھەيران قالدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، جەننەت باغلىرىدەك كۆركەم بېزەلگەن بىر مەنزىرە نامايان بولغان ئىدى، تاملاردىكى نەققاشلىق گۈزەل رەسىملەر، شېئىر ـ قوشاقلار، ئەقلىيە سۆزلىرى، لىرىكىلىق تەبىئەت رەسىملىرى، تۈۋرۈك ۋە بۇلۇڭلاردىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسىملىرى، ئويما نەقىشلەر ھەممىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىي كەچمىشلىرىنى، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىزمىلار كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى، زالغا كىرگەن كىشى تامدىكى بۇ ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك رەڭدار بوياقلار بىلەن بېزەلگەن قاپارتمىلارنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنى زىياپەت زالىغا ئەمەس، تارىخىي سەنئەت مۇزېيىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا غەرق بولاتتى.

ئۇستىلىقتا ۋايىغا يەتكەن ھۈنەر ـ كاسىپلارنىڭ بۇ كارامىتى ھەممىنى قايىل قىلغان ئىدى. رابىيە قادىر بىر قېتىملىق تەشەككۈر

بىلدۈرۈش زىياپىتىدە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ، قەشقەرنىڭ نەققاش ئۇستىلىرىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. جاڭ گوۋىن دېگەن شەھەر مۇئاۋىنىنى ئالاھىدە چاقىرىپ:

_ ئۇيغۇرنىڭ مىللىي نەققاشچىلىقى، ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى قانداق بولىدىكەن، ئوبدان كۆرۈۋالسىلا، ـ دەپ دوق قىلىپمۇ ئۇلگۈردى.

_ راستىنى ئېيتسام، ـ دېدى ئۇ تۆگىگان ھودۇققان ھالدا قىزىرىپ، ـ مەن دەسلەپ پەقەتلا ئىشەنچ قىلالمىغان ئىدىم، باشقىلاردىن ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ بۇ يەرگە كېلىشكىمۇ پېتىنالمىدىم، كېيىن، كۆڭلىگە پۈككىنىنى قىلماي قويمايدىغان، ئېغزىدىن چىققىنىغا ئەمەل قىلىدىغان مۇنداق جاسارەتلىك ئايالنى ۋە ئۇنىڭ بىناسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە بۇ يەرگە كەلدىم، قايىل بولدۇم. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىرغىچە تېخى ھېچكىم بۇنداق ھەشەمەتلىك بىنا سېلىپ باقمىدى.

رابىيە نەققاش ئۇستىلىرىنىڭ ئىشى ئاخىرلىشىپ خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى، زىياپەتتە رابىيە:

_ ئىشلىرىڭلاردىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم، قانچىلىك ئىش ھەققى تەلەپ قىلىسىلەر، تارتىنماي دەڭلار، ـ دەپ سورىدى. ئۇستىلار تەڭلا سۆزلەپ كەتتى:

_ خېنىم، بىز ھۈنىرىمىزنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن سىلىدىن مىڭ مىراتەن رازىمىز. بىز پۇل ئۈچۈن ئىشلىمىدۇق.

رابىيە ئۇستەل ئۇستىگە 500 مىڭ سوم پۇلنى تىزىپ قويۇپ:

_ قېنى، رازى بولۇپ ئىش ھەققىڭلارنى ئېلىڭلار، بۇندىن باشقا

يەنە، سىلەرگە بىر ئاپتوموبىل سوۋغا قىلدىم، سىلەرنىڭ ھالال ئەمگىكىڭلار، ئېسىل ھۈنىرىڭلار ئۈچۈن، ئەقىدەڭلار ئۈچۈن مۇكاپات بەردىم، ـ دېدى.

ئۇستىلار دەسلەپ ئۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بىر ـ بىرىگە قاراشتى، كېيىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئارىسىدىن بىرى:

_ رابىيە خېنىم، بۇ بەك جىق بولۇپ كەتتى، بىزنى خىجالەت قىلمىسىلا، ئىش ھەققىمىز ئۈچۈن دېسىلە، 100 مىڭ سومىمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. بىز يېڭى كەلگەندە، بىر نەچچە ھەمشەھىرىمىز »ۋاي بىچارىلەر، رابىيىگە بىكارغا ئىشلەپسىلەر، بىر تىيىنمۇ ھەق ئالالمايسىلەر« دېيىشتى، بىز سىلىدىن ئەقىل ئالدۇق، يول تاپتۇق، ئالللاھ رازى بولسۇن،ـ دېدى. رابىيە ئۇلارغا جاراڭلىق ئاۋازدا:

_ قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرنىڭ گۈلدەك ھۈنىرىڭلارنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن سەۋەبچى بولدۇم. بىرلىشىڭلار، شىركەتلەرنى قۇرۇڭلار، چوڭ ئىشلارنى قىلىڭلار، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل بىناكارلىق، نەققاشلىق ئەنئەنىسىنى ھەممە خەققە تونۇتۇڭلار، ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى سۆزلىشىپ قويدۇم، ئىشلىرىڭلار خەيرلىك بولسۇن، ـ دېدى. ئۇستىلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تەشەككۈر ئېيتىشتى.

قەشقەرلىك نەققاش ئۇستىلىرىنىڭ رابىيە قادىر سودا سارىيىدىكى ئىشلىرى ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ، خىتاينىڭ بېيجىڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى بىناسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تاملىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنى بېيجىڭغا چاقىرتتى. ئۇستا ـ شاگىرت بولۇپ 53كىشى بېيجىڭدا ئىشلەپ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ كارامىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويدى. رابىيە ئۇلارنىڭ ئىش

ھەققى ئۈچۈن يۇقىرى باھا بېكىتىپ قويغاچقا، ئۇلار شۇ قېتىملىق بېيجىڭدىكى ئىشىدىن 3 مىليون 600 مىڭ سوم تاپاۋەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇستىلارنىڭ شىركىتى، ھۈنىرى مۇكەممەل، ئابرۇيى ئۈستۈن، داڭلىق شىركەتلەردىن بولۇپ قالدى.

ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ ئۇستىلار مىننەتدارلىق يۈزىدىن، رابىيە قادىرغا سودا سارىيىنىڭ مەرىكە زالىغا ئاتاپ مەخسۇس ياسالغان 150 دانە نەققاشلىق ئۈستەل، ئورۇندۇق ھەدىيە قىلدى. ئېسىل ياغاچتىن گۈل چىقىرىپ، نەقىشلەپ ياسالغان بۇ ئۈستەل، ئورۇندۇقلار مەرىكە زالىغا ھۆسن قوشتى. ئىشخانا ۋە ئۆيلەرگە زىننەت بەردى. كۆرگەنلەر ھەممىسى قولى گۈل ئاقكۆڭۈل نەقىشچى ئۇستىلارغا ئاپىرىن ئېيتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ھەممە باشقا جايلاردا ئۇيغۇر پاسونى ئۆي سېلىش، زىننەتلەش، نەققاش قىلىش مودىغا ئايلاندى. نەققاش ۋە گەج ئويما ئۇستىلىرى يېتىشمەي قالدى. بىر مەھەل كۆمۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى قايتىدىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

## غاز يېسەڭ ئۆردەكنىڭ پېيىدا بول

1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رابىيە قادىرنىڭ «ئەقىدە ھەسسىدارلىق شىركەتلەر گۇرۇھى» قارمىقىدىكى رابىيە قادىر سودا سارىيى رەسمىي تىجارىتىنى باشلىدى. بازاردىكى 150 تىن ئارتۇق تىجارەتچىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي يۇرتلىرىدىن قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەر خىل توسۇق، بېسىملىرىغا ئۇچراپلا قالماي، بەزى

كىشىلەرنىڭمۇ، ئېقىپ يۇرگەنلەر دېگەن كەمسىتىشكە ئۇچرايتتى. ئۇلار تۇراقلىق دۇكانغا، نېسى مال ئالالايدىغان ئىمكانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، جاپالىق ئىشلەپ سودىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەندى. يىل ئۆرۈلگەندە ھەممىسى دېگۈدەك 30 ـ 40 مىڭ سوملۇق ھاللىق سودىگەرگە ئايلىنىپ، ئۇرۇمچىدىن قورۇ ـ جاي ئېلىپ ئەڭ چوڭ دەردىدىن قۇتۇلدى. كېيىن بۇلاردىن مال ئالغان، بۇلارغا مال بەرگەنلەر بولۇپ، 5مىڭغا يېقىن تىجارەتچى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا پۇل تېپىپ بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئاپتونوم رايون، شەھەر تەۋەسىدىكى ئەمەلدارلاردىن، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشنى ئويلايدىغانلار ياكى رابىيەنىڭ سايىسىدە باشلىقىغا ياخشى كۆرۈنمەكچى بولغانلار ۋەياكى رابىيىدىن ھەر خىل شەكىلدە مەنپەئەتلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى جامائەت سورۇنلىرىدا رابىيەنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىدى. رابىيەنىڭ جامائەت تەشكىلاتلىرىدىكى، غەيرىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ۋە خىتاينىڭ بېيجىڭدىكى سىياسىي كېڭەشتەك چوڭ ئورگانلىرىدىكى مەنسەپلىرىمۇ ئۆسۈشكە باشلىدى.

رابىيە ئەمدى پۇل تاپىدىغان يولنى ئىزىغا سېلىپ قويۇپ، ئەسلىدە كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئېرى سىدىقھاجى بىلەن ۋەدىلەشكەن ئىشلىرىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ، سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ، كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خېلى چوڭ ئەمەلدارى سالاھىيىتى بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇ پۈتۈن شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئايال تىجارەتچىلەرنىڭ رىقابەتلىشىش، تاقابىل تۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، قانۇن، بانكا، مالىيە بەلگىلىمىلىرىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تىجارەت ئۇچۇرلىرىنى تېز ئىگىلەش، يەسلى، تەربىيە، داۋالاش مەركەزلىرىنى قۇرۇش، ئۆز

مىللىتىنىڭ مۇلازىمەت تۇرىدىكى سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇمەن مىللەتنىڭ پۈلىنى ئامال بار كەلگۈندىلەرگە تارتقۇزۇپ قويماسلىق ساھەلىرىدىكى ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. يول كۆرسەتتى، مەسلىھەت بەردى. چەت ئەل تىجارەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشتى، چەت ئەللىك تىجارەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى، تەجرىبە، ئۈچۈر ئالماشتۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر خەلقىگە بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ گورباچېفتەك ئۆز دىكتاتورىنىڭ قولى بىلەن، قىلچە قان تۆكۈلمەي تار ـ مار بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەرى قاتارلىق قېرىنداشلىرىغا مۇستەقىللىق ئامىتىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد ـ ئىشەنچ بەخش ئەتكەن ئىدى. ئۇيغۇرلار يالغۇز ئىدىيە، نەزەرىيە، ئېتىقاد، تارىخ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە جانلىنىپ، ئويغىنىش، ئۆزىنى تونۇش، مەۋجۇت بېسىمغا قارشى تىركىشىش كۈرىشىنى كۈچەلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئەنئەنىۋى ئىقتىدارىنى يەنى تارىخىي يىپەك يولىدىكى خوجايىنلىق روھىنى ئۇرغۇتتى، تەرەپ ـ تەرەپكە قولىنى سوزۇپ، پۇل بار يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغان دىڭ شاۋپىڭ، مىللەتچىلىك غۇرۇرى بىلەن «چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەخسلەرنىڭ تاپاۋىتىگە يول قويغان پۇرسەت، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچتى» دېگەندەك ياخشى ئىمكان ياراتتى. رابىيە ئەنە شۇ ئېقىمنىڭ يېتەكچىسى، يول باشلىغۇچىسى ۋە ئەڭ مەردانە تەۋەككۈلچىسى ئىدى. بۇ جەھەتتە ھەسەت بىلەن قېرىشىۋاتقان خىتاي تىجارەتچىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېخىۋاتاتتى ياكى يەنىلا

ھاكىمىيىتىنىڭ يۈزسىزلىكىدىن ۋە خەلقنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ يوشۇرۇن تىجارەت قىلىۋاتاتتى.

رابىيە ئۈچۈن پۇرسەت غەنىيمەت ئىدى. سوۋېتتا ھالاك بولغان پىلانلىق ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ زەربىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە رۇسىيە قاتارلىق يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردە پەيدا بولغان ئىستېمال بۇيۇملىرى قەھەتچىلىكى ئەڭ ئاۋۋال رابىيەنىڭ دىققىتىنى تارتتى. خىتاي مەركىزى تاشقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قازاقىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە بىۋاستە مال يۆتكەش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بېرىشى، رابىيە ئۈچۈن پۇل تاپىدىغان ئالتۇن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئادەتتە، بۇ جۇمھۇرىيەتلەردىن كەلگەن ساياھەتچى سومكا تىجارەتچىلىرىگە رابىيە قادىر سودا سارىيى مال ئالماشتۇرۇش شەكلىدە مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن مېلى ۋە پۇلى بەكلا چەكلىك بولغاچقا، ئۇلار كۆپ مال سېتىۋالالمايتتى. رابىيە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى نامىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى زىيارەت قىلىش، سەييارە مال يەرمەنكە قىلىش دوكلاتىنى تەييارلاپ يۇقىرىغا سۇندى. دوكلات دەرھال تەستىقلاندى.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا، رابىيە قادىر 30 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى باشلاپ، ئۆزۈن كوزۇپلۇق 5 ئاپتوموبىلغا لىق مال قاچىلاپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلارنى زىيارەت قىلدى. بىللە چىققان تىجارەتچىلەر مال سېتىش كويىدا يۈرگەندە، رابىيە ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پرېزىدېنتلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ۋاستە قىلىپ تونۇشۇپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئۇيغۇرلار نامىدىن تەبرىكلىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك

ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەرگە بىرىپ مال ۋە پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇلارغا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىدىن ئۆزىچىلىكمۇ ھاياجانلانمىغانلىقىغا، بۇ مۇستەقىللىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىگە بەكمۇ ئۆكۈندى. ئۇلارنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغانلىقى ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. رابىيە بۇ دۆلەتلەردە نۇرغۇن پولات ـ تۆمۈر ماتىرىياللىرى ۋە زاپاس پاختا بارلىقىنى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى مال ئالماشتۇرۇش شەكلىدە سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ، ئۇرۇمچىگە كېلىپلا، دەرھال تۆمۈر ۋە پاختا ئىمپورت قىلىش دوكلاتىنى تەييارلاپ يۇقىرىغا يوللىدى. بۇ چاغدا پۇل ساناشنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، رەخت، كىيىم، ئادىداس سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ئىدى. قارىماققا ئۇيغۇرلار پۇل تېپىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ختاينىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى سانائەت مەركەزلىرىدىكى سودىگەرلەر يالغان ماركىلىق، ساختا تاۋارلىرىنى مىليونلاپ تەييارلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بازىرىغا تارتىۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار بولسا، پەقەت شۇلارنىڭ مال توشۇغۇچىلىرى، بازار ئاچقۇچىلىرى ۋە خېرىدار تاپقۇچىلىرى رولىنى ئويناۋاتاتتى. پۈتۈن پايدىنىڭ قايمىقىنى شۇلار سۈزۈپ يەپ، ئۇيغۇرلار ئېشىپ قالغان قېتىق يۇقىنى يالاۋاتاتتى. بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ تىجارەت يۈزى بولۇپ، ختاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى كەلگۈسىدە كونترول قىلىش مەقسىتىدە «ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ مال يۆتكەش، ھېسابسىز قەرزگە بوغۇپ قويۇپ ئاندىن دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈش» ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە مەخپىي

ھۆججەت چۈشۈرگەن ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ھۆكۈمەت نامىدا قازاقىستانغا بەش قېتىم مال يۆتكەپ، قەرز پۇلنى ئالالماي، مەركەزگە دوكلات قىلغاندا، جازالىنىش ئورنىغا، تېخىمۇ كۆپ مال يۆتكەش يولىيورۇقى بىلەن ۋە 20 دانە خەلقئارادا مال توشۇيدىغان ئۇزۇن كاماز ئاپتوموبىل بىلەن مۇكاپاتلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاينىڭ، دۆلەتلىك ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى سەنشا سۇ ئامبىرى توسمىسى ئۈچۈن بېھېساب پولات ـ تۆمۈرگە ئېھتىياجى بار ئىدى. دېڭىز بويلىرىدىكى خىتاي شىركەتلىرى ئامېرىكا، ياۋروپا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ زاكازلىرىنى قوبۇل قىلىش رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، زور مىقداردىكى ئەرزان پاختىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىدى.

رابىيە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى ۋە پايدىنىڭ 2%نى ئايرىپ بېرىش شەرتى بىلەن، پولات ـ تۆمۈر، پاختا ئىمپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، رابىيەنىڭ پولات ـ تۆمۈر باسقان، پاختا تايلىرى تىكلەنگەن كاماز ئاپتوموبىللىرى تاشكەنت، بىشكەك، ئالمۇتا شەھەرلىرىدىن يولغا چىقىپ، قورغاس، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ سودا مالغا ـ مال ئالماشتۇرۇش شەكلىدە باشلانغانلىقتىن، ھۆكۈمەتلەر نامىدا ئېلىپ بېرىلدى. رابىيە تىجارەتنىڭ قايمىقىنى يەۋاتقىنىدا ھەرگىزمۇ قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ بارلىق تىجارەتچىلەرگە يول كۆرسەتتى، رەسمىيەت شەكىللىرىنى ئۆگەتتى، قورقماي دادىل سودا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، ئۇلارنى يېڭى ـ يېڭى سودا ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، رابىيە قادىر دۆلەتلەر ئارا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى باشلاپ 6 ئاي بولغاندا، قورغاستىكى خىتاي

تاموژنا پونكىتىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭلارچە كاماز ئاپتوموبىلدىكى مېلى تاكى ياركەنتكىچە ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ تىجارەتتە يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، قارشى تەرەپتىكى تىجارەتچىلەر، ھەتتا مال ساتقۇچى ئەمەلدارلارمۇ رابىيە قادىرنى ئۆزلىرىگە تەبىئىي رەھبەر قىلىۋالغان ئىدى. ھەممىسى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى، يوليورۇق ئالاتتى، ماللىرىنىڭ سورتىنى باھالىتاتتى، دەردى بارلار دەردىنى ئېيتسا، سودىدا كېلىشەلمىگەنلەر كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلاتتى، سودا جېدەل ـ ماجىرالىرىنى ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھاۋالە قىلاتتى.

ھەر ئىككى تەرەپتىكى چېگرا ساقچى خادىملىرى، كارانتىن خىزمەتچىلىرى، تاموژنا كادىرلىرى ۋە يۈك توشۇغۇچى ئىشچىلار ھەممىسى، رابىيە قادىر كەلسە ئۆزلۈكىدىن ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ يول بوشىتاتتى. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، شوپۇرلار ئۇنىڭ ئاپتوموبىلىغا ئالدىن يول بېرەتتى. رابىيە قادىر سودا جەريانىدا دۆلەتلەر ئارا ۋە مىللىي دوستلۇققا، دىپلوماتىيىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ تاشكەنتتە سۆدەك ئۆزبېكچە سۆزلىسە، بېشكەكتە قىرغىزچە پاراڭلىشاتتى، ئۆزى ئالتايدا قازاقچە مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، قازاقىستاندا قازاق بالىسىدەك راۋان سۆزلەيتتى.

رابىيە تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش، تۈرىنى كۆپەيتىش بىلەنلا كۇپايە قىلماي، شائىگاھدىن ئىستانبۇلغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىدە سودا ئۈچۈر تورلىرىنى يەۋەتكەن ئىدى. نەدە قانداق مال پۇل بولسا، رابىيەنىڭ بىر قولى شۇ يەرگە سوزۇلاتتى،

رابىيە چەت ئەل ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنى يۈرۈشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن «ئەقىدە ھەسسىدارلىق شىركەتلەر گۇرۇھى «نى قۇرۇپ چىقتى. ئەقىدە دېگەن بۇ خاسىيەتلىك ئىسىم

رابىيە بىلەن سىدىقھاجىنىڭ تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئىسمى، سىدىقھاجى بىلەن رابىيە 1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى - قىزى تۇغۇلغان كۈنى ئۇزاق ئويلىشىپ، قانداق ئىسىم قويۇش ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن ئىدى. رابىيەنىڭ دوستى ئاسما خېنىم ئۇلارغا:

_ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋەتەن ئەقىدىسى بىلەن ئۆتتى، سىلەر ۋەتەن ئەقىدىسى بىلەن تېپىشىپ، ۋەتەن ئەقىدىسى بىلەن توي قىلدىڭلار، بىلىمەن، ۋەتەننى ئازاد قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنى مۇستەقىل قىلىش، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلار، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار، سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلار. شۇڭا بۇ يولدا دۇنياغا كەلگەن تۇنجى پەرزەنتىڭلارغا ئەقىدە دەپ ئىسىم قويساڭلار ياخشى بولاتتى، - دېدى. بۇ تەكلىپ دەل بۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. شۇنداق قىلىپ رابىيەنىڭ، سىدىقھاجىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرى، ھاياتىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئاخىرقى نىشانى بولغان ۋەتەن، مىللەتنى ئىستىقلالىغا ئېرىشتۈرۈشتەك غايىۋى كۈچى مۇجەسسەملەنگەن بۇ ئىسىم - ئەقىدە، ئۇنىڭ قىزىغا، كېيىن شىركىتىگە قويۇلدى.

رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ چوڭ شىركەتكە ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنى، پېشقەدەم يېتەكچى يولداش يۈسۈپنى، پروفېسسور ئابباس بۇرھاننى، داڭدار شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى ۋە تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇلھېكىم باقىلارنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەت ئۇلارغا بېرىۋاتقان ئايلىق مائاشىدىنمۇ كۆپ مائاش بەلگىلىدى. ئۇندىن باشقا، سەزگۈر ۋە پۇلدار تىجارەتچىلەردىن 10

نەچچە كىشىلىك سودا مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ چىقتى. رابىيە ئەمدى ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبتا ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەنلەردە، شەرقتە تۇرپان، توقسۇن، قۇمۇلدا، غەربتە غۇلجا، بورتالا، ئالتايلاردا شۆبە شىركەتلەرنى ئېچىشنى، ھەممە جايدىكى خەلقنى تىجارەتكە، شىركەت قۇرۇشقا، ھۆكۈمەتكە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەشنى، مىللىي ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىشنى، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىش ۋە قوغداشنى تەشۋىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن باش شىركەتكە چەت ئەللەردە ئوقۇغان ۋە ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلارنى تەكلىپ قىلىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، قاتناش ترانسپورت، كان - مېتاللۇرگىيە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، تېرە - يۇڭ سانائىتى ساھەلىرى بويىچە تىجارەت ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىشقا، ئىلمىي دوكلاتلار تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

ھۆكۈمەتنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى، رابىيە قادىرنىڭ خۇددى تىزگىنىنى ئۈزۈۋالغان ئاتتەك ھەممە ياققا چېپىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، باشقۇرۇش رامكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارنى پۇل تېپىشقا، روناق تېپىشقا، مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە، ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنى ئويغىنىشقا يېتەكلەۋاتقانلىقىنى توختىماي نازارەت قىلىپ دوكلات يوللاپ تۇراتتى. ھەتتا رابىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچى تەشكىلات باشلىقلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدا گۇمانلىرىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تېپىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە تۈركۈملەپ جاسۇس چىقارغان ئىدى. بەزى ئىنساپلىق

جاسۇسلار ئەھۋالنى رابىيەنىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلىپ قويىاتتى. مۇنداق ئېيتقاندا، رابىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىكىدە بولغان، ئەمما ھۆكۈمەت قول تەگكۈزەلمەيدىغان ئىقتىسادىي قورغان قۇرۇۋاتاتتى. مانا بۇ خىتايلار ئۇچۇن خۇددى بىر دۆلەت قۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ، ئۇلار قانۇندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىزلىق قىلىۋاتقان بۇ باشباشتاق ئۇيغۇر ئايالدىن بىزار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئېغىز ئېچىشقا ياكى قول تەگكۈزۈشكە پېتىنالمايتتى. چۈنكى رابىيەدە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىۋېتىدىغان قۇدرەت ـ پۇل بار ئىدى.

## خىتاي پايتەختىدىكى يەرمەنكە

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاياللار كومىتېتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ھارپىسىدا، خىتاي مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بېيجىڭدا ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ نامىدا يەرمەنكە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. يەرمەنكىدە، ھەر قايسى جايلاردىكى ئاياللارنىڭ ئۆز ـ ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئاياللار خىزمىتى بويىچە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئاياللار ياكى ئاياللارنىڭ كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىنماقچى ئىدى. شۇنداقلا چەت ئەللەردىن ئاياللار قۇرۇلتىيىغا كەلگەن ۋەكىل ۋە مۇخبىرلارغا «پارتىيىنىڭ پارلاق سىياسەتلىرى» نى كۆز ـ كۆز قىلماقچى ئىدى. رابىيە بۇ پۇرسەتنىڭ پۇل تاپىدىغان ياخشى پەيت ئىكەنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، بېيجىڭدا ئاقىدىغان، بازىرى ئىتتىك ماللارنى يىغىپ، تەشكىللەپ، ھازىرلىقنى پۇختا قىلىشقا باشلىدى. رابىيە قادىر

خىزمەتچىلىرىنى ۋە ساتىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ بېيجىڭغا كەلدى ھەمدە يەرمەنكە بازىرىغا كىرىپ ھەيران قالدى. بازارنى نەچچە مىڭ خىتاي خوتۇنلىرى ئىگىلەپ بولغان ئىدى. يەرمەنكىگە قاتنىشىدىغان ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ بىر نەپەر ئۇيغۇر ۋە بىر نەپەر تىبەتلىك ئايال ئۈچۈن، بازارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بۇلۇڭدىن، ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان جايدىن ئىككى دۇكان بېرىلگەن ئىدى. رابىيە بۇ ھالنى كۆرۈپ بىللە ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى، دۇكان ئۈستىگە ئېسىلغان «شىنجاڭ ۋەكىلى - رابىيە قادىرنىڭ دۇكىنى» دېگەن ۋىۋىسكىنى جايىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەرمەنكە بازىرىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىدىكى 1 - نومۇرلۇق دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلغان ۋىۋىسكىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئاستى. يەرمەنكە باشقۇرغۇچىلىرى دەرھال يېتىپ كەلدى - دە، رابىيەنى توسماقچى بولدى ھەمدە بۇ دۇكاننىڭ مەركەزدىكى چوڭ رەھبەرنىڭ خوتۇنىنىڭ دۇكىنى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى، ئۇلار رابىيىگە گېپىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن ساقچىلارنى باشلاپ كەلدى.

_ باشلىقلار دۇكىنىنى جۇڭنەنخەيدە ئېچىۋالسۇن، بۇ دېگەن پۇقرالارنىڭ يەرمەنكىسى، - دېدى رابىيە قوپاللىق بىلەن، - كىم ئەگەر دۇكىنىمغا كىرىدىكەن، ئۆزۈمنى قوغداشقا مەجبۇر بولىمەن. رابىيەنىڭ چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ، يەرمەنكىگە قويۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن، پارقىراپ تۇرغان يېڭىسار پىچىقىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساقچىلار ۋە باشقۇرغۇچىلار بەدەر تىكىۋەتتى.

_ دۇكاننىڭ ئىگىسى مەن دېگەن باشلىق نوچى بولسا كەلسۇن، ئۆزۈم زاكونلىشىمەن!- دېدى رابىيە ئۇلارغا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى خىتاي پۇقرالار، بېيجىڭدىكى چوڭ ئەمەلدارلاردىن قورقماي، ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ دەككىسىنى بىرىۋاتقان رابىيە قادىرغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ چاۋاك چېلىشتى.

يەرمەنكىگە بىر كۈن قالغاندا، خىتاينىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى چىن مۇخۇا بىر تالاي باشلىقلارنى باشلاپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ئۇ يالاقچىلىرىدىن رابىيەنىڭ كارامىتىنى ئاڭلاپ بولغان ئىدى. ئۇ:

_ كىم ئۇ، مېنىڭ تۇغقىنىمنىڭ دۇكىنىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىۋالغان؟ ـ دەپ رابىيەنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەلدى.

_ مانا مەن، دۇنياغا داڭلىق يىپەك يولىنىڭ تىجارىتىنى باشقۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتى رابىيە قادىر، تىجارەت دېگەن مانا مۇشۇنداق تالىشىپ قىلىدىغان كەسىپ، بىلەمسىز، بازار چاققانىنىڭ، ـ دېدى رابىيە. خىتاي ئەمەلدارلار ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، كۈلۈپ كېتىشتى، رابىيەنىڭ يەرمەنكىگە تەييارلىغان ماللىرىنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشتى. رابىيەنىڭ رەستىلىرىگە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ رەڭدار كىيىملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى تىزىۋېتىلگەن ئىدى. تاملارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل كەشتىلەنگەن رەڭگارەڭ دوپپىلىرى، سۆسەر، قوزا كۆرپىسى، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق، قۇلاقچىلىرى، سىپتا ئاشلانغان ھەر خىل ھايۋان تېرىلىرى ئېسىلغان ئىدى. بىر تامغا ئېسىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپىس سەنئەت ھۈنىرى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلىنىپ ياسالغان 10 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا ھېچ ئوخشىمايدىغان جەلپ قىلارلىق گۈزەل سەنئەت مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، ئەينەك رەستىگە چىرايلىق نەقىشلەنگەن كۆركەم ۋە سۈرلۈك ئۇيغۇر

پىچاقلىرى ھەمدە ئالتۇن، كۈمۈشتىن، بىرلىيانتتىن ياسالغان نەپىس زىننەت بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلغان ئىدى. بۇ دۇكان يەرمەنكە ئۈچۈن ئەمەس، بەئەينى مۇزېي ياكى كۆرگەزمە ئۈچۈن ھازىرلانغاندەك كۆرۈنەتتى. دۇكاندا چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى، چىمەن دوپپىلارنى كىيگەن گۈزەل ئۇيغۇر قىزلار خىزمەتكە تەييار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ختايچە بېجىڭ تەلەپپۇزىدا چاقماقتەك راۋان سۆزلىشى، كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقانلارنى تېخىمۇ تاڭ قالدۇردى. باشقا ختاي ئاياللىرىنىڭ دۇكانلىرىغا ماگىزىنلاردىمۇ سېتىلىۋاتقان، ئوخشاش تۈردىكى ماللار تىزىپ قويۇلغاچقا كىشىنى قىزىقتۇرالمايتتى.

ئەمەلدارلار رابىيەنىڭ جاسارىتىگە ھەم تەدبىرلىكلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ دۇكىنىنى كېڭەيتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئايروپىلاندا 12 سانتىمېتىردىن ئۇزۇن پىچاق ئېلىپ مېڭىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرسى رابىيە ئېلىپ كەلگەن ئىككى ساندۇق پىچاقنى قانۇنسىز يۆتكىدى دەپ چېقىشتۇرۇپ قويۇپ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن ئىدى. رابىيە نەق مەيداندا، قانۇنلۇق رەسمىيەتلىرىنى، پىچاقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىسپاتلىرىنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تەستىق ھۆججەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى مات قىلدى. چاتاق تېپىش ئۈچۈن كەلگەن تېلېۋىزور مۇخبىرلىرى بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ، ئۆزلىرى سەزمەستىن رابىيەگە ئېلان چىقىرىپ خېرىدار توپلىشىپ بەردى.

ئەتىسىدىن باشلاپ بازار ئاجايىپ قىزىپ كەتتى. پۈتۈن خېرىدارلار، بولۇپمۇ بېيجىڭدىكى چەت ئەللىكلەر، ئەلچىخانا خادىملىرى رابىيەنىڭ دۇكىنىدا قاتار ئۆچىرەتتە تۇردى. دوپپا، پىچاق سېتىۋالىدىغان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 5 ـ 10 سوملۇق

پىچاقلار 30 ـ 40 ئامېرىكا دوللىرىدىن سېتىلدى. شۇ كۈنى كەچتە بېيجىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا رابىيەنىڭ يەرمەنكە بازىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىيانت ئۈزۈكلىرى ئېلان قىلىندى، شاڭگاڭ ئۈزۈكلىرىدىن ھەم كۆركەم، ھەم ئەرزان بولغان رۇس ئۈزۈكلىرى بەكلا بازار تاپتى. خىتاي ئەمەلدارلىرى، پۇلدار بايلىرى ئەتىسىدىن باشلاپ بىرلىيانت ئۈزۈكلەرگە ئۆچىرەت تۇردى. ئەسلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، كېيىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ساياھەتچى قىزلار، چوكانلار، دۆلىتى كۆپ مال ئېلىشقا رۇخسەت قىلمىغاچقا، ھەممىسى بىر ـ ئىككىدىن بىرلىيانت ئۈزۈك تاقاپ كېلىپ، رابىيىگە ئەرزان باھادا سېتىپ پۇلغا مال ئېلىپ كېتەتتى. رابىيەنىڭ ئەنە شۇنداق يىغىپ قويغان 100 نەچچە تال ئۈزۈكلىرى بېيجىڭ شەھىرىنى تىترىتىۋەتتى. باشقا دۇكاندار ئايالالار مېلىنى ساتالماي، گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرسا، رابىيە 20 ـ 30 مىڭ سوملۇق مېلىنى بىر كۈندىلا سېتىپ بولدى. ئۇ بىرىنچى كۈنىلا بازارنى مۆلچەرلەپ، ئۈرۈمچىگە تېلېفوندا مال زاكاز قىلىۋەتكەن ئىدى. ئىككى كىشى ھەر كۈنى ئايرودرومدىن كەلگەن ماللارنى ئۇدۇللۇق دۇكانغا توشۇپ ئەكېلىپ تۇردى. رابىيە خېرىدارلارغا مال ساتقاندىن باشقا يەنە، چوڭ شىركەت خوجايىنلىرى، پۇلدار خىتاي تىجارەتچىلىرى بىلەن تۈرلۈك ماللار ھەققىدە سودا توختاملىرىنى تۈزدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزى خىتاي شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ ساتىدىغان ماللارنى بۇلارغا زاكاز قىلىپ، ئۈرۈمچىدە مال تاپشۇرۇش ـ پۇل تاپشۇرۇش توختامى قىلاتتى ـ دە، ئەسلىدىكى يول كىراسىدىن بىراقلا پايدا ئالاتتى.

رابىيەنىڭ سودا پرىنسىپى ئاددىي ۋە ئوچۇق ئىدى، ئۇ:

_ نېمە ساتساڭ ئالىمەن، نېمە ئالساڭ ساتىمەن، پەقەت باھادا

كېلىشەلىسەكلا، ـ دەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ رۇسىيىگە، قازاقىستانغا يۆتكەيدىغان بىر مۇنچە ماللىرىنى ئەرزان باھادا ھەل قىلىپ توختامىلىشىۋالدى. مال ساتقۇچى ئىككى قىز تامدىكى رەسىم، كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، نەچچە يۈز مىڭ خىتاي زىيارەتچى، خېرىدارلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، يىپەك يولىدىكى رولىنى، بۈگۈنكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى تىنىماي چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كىيىملىرىنى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىمۇ بىر تەرەپتىن تونۇشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن سېتىپ پۇل قىلدى. رابىيە ۋە خىزمەتچى خادىملار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدى. بەزى كۈنلىرى بىر كۈنلەپ تاماق يېگىلىمۇ چولىسى تەگمەي قالدى.

_ پۇرسەت غەنىيمەت، ـ دەيتتى رابىيە بۇنداق چاغلاردا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ـ بىلەمسىلەر سىڭىللىرىم، ئۇكىلىرىم، پۇلنى غازاڭ سۈپۈرگەندەك يىغىۋالىدىغان پۇرسەت مانا مۇشۇنداق بىرەر قېتىم كېلىدۇ. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق بولمايدۇ. چىداڭلار، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئارقىسىدا تاتلىق ھالاۋەت بار، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆيگە بىرەر يىللىق تاپاۋەت بىلەن قايتىسىلەر، تېخىمۇ مۇھىمى، بىز بېيجىڭلىقلارغا ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئىشچان ـ چىۋەرلىكىمىزنى، سودىغا ماھىرلىقىمىزنى، قانچىلىك پاكىز ۋە مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى ئوبدان تونۇتۇپ قويۇۋاتىمىز. ئۇلار بىزنى كاۋاپچى دەپ كەمسىتىۋەرمىسۇن. بىزنىڭ يىپەك يولىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالسۇن.

شۇ قېتىمقى يەرمەنكىگە رابىيە 5 ـ 6 قېتىم مال يۆتكەپ نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلدى. سودىدىن كېيىن، ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، 1

مىليون 800 مىڭ سوم نەق پۇلنى بېيجىڭدىن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كەتتى. شۇ قېتىم رابىيە مەركەزدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا، ئۇيغۇرلارنى كۆرمىگەن، بىلمىگەن خىتاي زىيالىيلىرىغا ۋە تىجارەت قىلىشنى دوراۋاتقان خىتاي سودىگەرلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا، تىجارەتتىكى ئەقىل - پاراستىنى، چاققانلىقىنى ۋە ئىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

رابىيە قايتىپ كېلىپ هاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سىدىقهاجىنىڭ 5 - 6 نەپەر يازغۇچى، شائىر دوستلىرىغا يەرمەنكە ئەهۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

_ هەي بىچارە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، سىلەر ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تاڭ ئاتقىچە خىتايىنى قارغايسىلەر، هارماي شىكايەت قىلىسىلەر، ئۇيغۇر مىللىتىنى هۆرىيەتكە يېتەكلەيمىز دەپ پىلانلار تۈزۈپ، خەرىتىلەر سىزىپ پو ئاتىسىلەر، تاڭ ئاتقاندا هېچنېمە يوق، بېرىپ خىتايغا ئىشلەيسىلەر، خىتايلار هەر كۈنى مىليون سوملۇق بايلىقىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، نەچچە ئون مىڭ كەلگۈندىلىرىنى ئەكېلىپ تاشلايدۇ، هېچ كارىڭلار بولمايدۇ. كۆردۈڭلارمۇ، مەن 20 نەچچە كۈن ئىچىدە، بېيجىڭلىقلارنىڭ 2 مىليونغا يېقىن پۇلىنى ساپساق ئەكېلىپ ئېرىمنىڭ - ئۇيغۇرنىڭ يانچۇقىغا سالدىم.

ئەدىبلەر يۈرىكىگە تېگىدىغان بۇ سۆزلەردىن خىجالەت بولۇشتى ھەمدە رابىيىگە قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئېيتىشتى.

## خەلقئارا قۇرۇلتاي سەهنىسىدە

1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا

ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ب د ت غا ئەزا بولۇپ كىرگەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى، تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كۆلىمى زور، دائىرىسى كەڭ ۋە دەرىجىسى يۇقىرى بولغان خەلقئارالىق يىغىن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قايسى ئەللەردىن كېلىدىغان مىڭلىغان ۋەكىللەر ۋە نەچچە يۈزلىگەن ئاخبارات خادىملىرىغا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، ناھايىتى كەڭ سىياسەت قوللاندى.

4 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسىدىن رابىيە قادىرغا يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدا تەكلىپنامە كەلدى. ئەمما ئارقىدىنلا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاياللار بىرلەشمىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ قاتناشمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەركەزدىكىلەر قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئايال تىجارەتچى، كارخانىچىلارنىڭ يەرمەنكىسى ئېچىلىدىغانلىقىنى، رابىيە قادىرنىڭ ھەم يەرمەنكىگە ھەم قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قايتا چاقىرىق ئەۋەتكەندىن كېيىن، توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان پارتكوم جىمىقتى، رابىيە رەسمىي تەييارلىق كۆردى.

رابىيە بېيجىڭغا بالدۇر كېلىپ، يەرمەنكە ھازىرلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ب د ت ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاي ۋەكىللىرى چەت ئەللىكلەردىن ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. پەقەت ئېچىلىش مۇراسىمىدا چوڭ زالدا بىللە بولغاندىن باشقا پائالىيەتلەردە، خۇنەن گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ گۇرۇپپىسى دېگەندەك يەرلىك گۇرۇپپىلار بويىچە، مەخسۇس پائالىيەت رايونلىرىغا بۆلۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىدىغان، چەت ئەللىكلەرگە ئارىلىشالمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. گۇرۇپپا ئىچىدە يەنە بىر - بىرىنى نازارەت قىلىدىغان ئايال كوممۇنىستلار قويۇلغان بولۇپ، رابىيەنىڭ ئارقىسىغا

ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئىككى پايلاقچى قويۇلدى. ئۇنىڭ قولىغا چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا بېرىلىدىغان ئۆلچەملىك جاۋاب تۇتقۇزۇلدى. يەنە نۇرغۇن دىققەت قىلىدىغان، بولمىسا مېھمان كەتكەندىن كېيىن تانابىنى تارتىدىغان بەلگىلىمىلەر ئۇقتۇرۇلدى. رابىيە قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئېچىلىش مۇراسىمى باشلىنىشتىن ئاۋۋال، ھەيۋەتلىك قارشى ئالغۇچىلار سېپىدە تۇرۇپ، كىلىنتوننىڭ رەپىقىسى ھېلارىي خانىمنى قارشى ئالدى. ھۆكۈمەت تەرەپ خىتاي ۋەكىللىرىگە ئۇنى مەنسىتمەسلىك ھەققىدە ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، ھېلارىي خانىم سالماق قەدەم تاشلاپ، مەغرۇر قىياپەتتە كىرىپ كەلگەندە، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ھېلارىي خانىم يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۆزىنى ئالقىشلاۋاتقانلارغا تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ، ھۆرمەت بىلدۈرگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر، رابىيە قادىرنىڭ ھاياجانلىق يۈرىكىدە ئىللىق بىر سېزىم دولقۇنلىدى. خەلق داڭدار سىياسەتچىلەرنى، ئادالەتلىك ھۆكۈمرانلارنى، ئۆزىنى يېتەكلىگۈچىلەرنى، بەخت ياراتقۇچى تۆھپىكارلارنى دۆلەت ئايرىماستىن، مىللەت ئايرىماستىن بېشىدا كۆتۈرىدىكەن. مەن خەلقىمنى يوقسۇزلۇق گىردابىدىن قانچىلىك قۇتۇلدۇرالىدىم؟ خەلقىمنىڭ يۈكسەك ئارزۇسى ئېنىقكى ھۆرىيەت، ئەنە شۇ ۋەكىللەردەك ئازاد، ئەركىن ياشاش. مەن نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟! نېمە قىلىشىم كېرەك؟ مەن قاچان ھېلارىي خانىمدەك خەلقىمنىڭ ئالىي ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالىغۇدەك شەرەپكە لايىق ئۇيغۇر قىزى بولالايمەن؟! — رابىيەنىڭ كاللىسىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن غايىۋى شۆھرەت ئىنتىلىشى ئارىلىشىپ كەتكەن تاتلىق خىياللارنىڭ شېرىن سوئاللىرى چىرمىۋالغان ئىدى.

رابىيە قادىر ئەتىسى گۇرۇپپىلار بويىچە ئىلىپ بېرىلىۋاتقان كومپارتىيىنىڭ دانالىقىنى ماختايدىغان مۇزاكىرىلەردىكى قۇرۇق گەپلەردىن زېرىكىپ، ئاستا سىرتقا چىقىپ، تىبەت گۇرۇپپىسىغا كىرىپ باقتى. تىبەت گۇرۇپپىسىنى چەت ئەللىك مۇخبىرلار ئورۇۋالغان بولۇپ، تىبەت ۋەكىللىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەدەپ مىللىي تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بارماقتا ئىدى. رابىيە بۇ ھالنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بۇ قۇرۇلتايدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭ ۋەكىل، نەچچە يۈز مۇخبىر بار، مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ شۇلارغا ـ دۇنياغا ئۇيغۇرۇمنى تونۇتۇۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

قۇرۇلتاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى، قۇرۇلتاينىڭ مەركىزىي زالىدا دۇنيا ئاياللار قۇرۇلتىيى رەئىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا، خىتاي بويىچە روناق تاپقان تىجارەتچىلەردىن 5 ئايالنى تاللاپ، چەت ئەللىكلەرگە تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇش، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە رابىيىگە ئۆزىنىڭ بۇ 5 ئايالنىڭ بىرسى ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. رەئىسنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى كۆرستىپ بەرگەن ئىسىملىكنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆز ئالدىغا رابىيەنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىشى، رابىيەدەك بىر ئۇيغۇرنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئەركىن سۆزلىشى، خىتايلارنى بەكمۇ راھەتسىز قىلدى. ئەمما ھېچكىم ئەمدى رابىيەنى توسۇپ قالالمايتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا رابىيەنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. كىمدۇر بىرى تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سەزدۈرمەي، سۇ بىلەن قوشۇپ ئۇيقۇ دورىسى ئىچكۈزۈۋەتتى. رابىيە تاماقتىن كېيىن ياتاققا كىرىپ چۈشتىن كېيىنكى چوڭ يىغىنغا تەييارلىق قىلماقچى بولدى ـ يۇ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي، تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە

ئېرى سىدىقھاجى ۋارقىراۋاتاتتى:

_ رابىيە تۇر! ئۇيقۇ دورىسى ئىچىۋالدىڭ! يىغىندا سۆزلەيسەن تۇر!

رابىيە چۆچۈپ ئويغاندى، بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلدى، ئۇنىڭ كۆزى يەنە ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى سوغۇق سۇدا يۇدى، بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، دەرھال يىغىن زالىغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ كەينىدىن پايلاقچىلىرى ۋارقىراپ قالدى:

_ رابىيە، زۇكامداپ قالغان ئوخشايسىز، ئۇخلاپ دەم ئېلىڭ!

رابىيە يىغىن زالىغا كىرگەندە، تۆت نەپەر خىزمەتچى خادىم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

_ رابىيە خانىم، كېچىكىپ قالدىڭىز، سۆز نۆۋىتىڭىز ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، يىغىن 5 مىنۇتتىن كېيىن تۈگەيدۇ، بولدى كىرمەڭ!

_ رابىيە خانىم بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىڭ، ئەمدى سەھنىگە چىقماڭ!

رابىيە قانچە تېز يۈگۈرگەن بولسا، كۆتكۈچىلەرنى، مەسئۇل ئاياللارنىمۇ شۇنچە چاققانلىق بىلەن ئىككى ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى سەھنىگە چىقىپ بولدى. چوڭ زالدىكىلەر رابىيەنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

_ كەچۈرۈڭلار خانىملار، كېچىكىپ قالدىم.

يىغىن باشقۇرغۇچى، يىغىننى يەنە 10 مىنۇت ئۇزارتىدىغانلىقىنى، رابىيىگە 15 مىنۇت ئاجرىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. رابىيە سەھنىدە چاقماقتەك سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى سۆزلىدى. ئۇ باي بولۇشىنىڭ جەريانىنى ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ نامرات - يوقسۇزلۇق تەقدىرىنى سۆزلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتكە ئىگە پەرقلىق بىر مىللەت

ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.

مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرى يىغىپ كەتتى:

_ رابىيە خانىم، سىز 60 سوم بىلەن تىجارەت باشلىغان ئىكەنسىز، قانداق قىلىپ بۈگۈنكىدەك جۇڭگو بويىچە ئەڭ باي ئايال دەرىجىسىگە يەتتىڭىز؟

_ مەن بۈگۈن مەزكۇر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەر خىل توسالغۇلارنى قانداق يېڭىپ، بۇ سەھنىگە چىقالىغان بولسام، تىجارەتتىمۇ شۇنداق يېڭىپ كەلدىم.

_ تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

_ شۇنداق، بۈگۈن مېنىڭ بۇ سەھنىدە سۆزلىشىمنى خالىمايدىغانلار ماڭا ئۇيغۇر دورىسى ئىچكۈزۈۋەتتى. مەن ئۇيغۇردىن چاچراپ تۇرۇپ، بېشىمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ، دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ئاران يۈگۈرۈپ كەلدىم ھەمدە مەقسىتىمگە يەتتىم، - مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى، كىشىلەر ھەممىنى چۈشەندى.

_ سىزنىڭ شۇنداق باي بولۇشىڭىزغا نېمە تۈرتكە بولدى؟ - بۇ سوئالنى خىتاي خەلق گېزىتىنىڭ مۇخبىرى سورىغان ئىدى. بۇ سوئالنىڭ تاپشۇرۇلغان ئۆلچەملىك جاۋابى، كومپارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى... ئىدى.

_ خەلقىمنىڭ نادان - ساۋاتسىزلىقى، يوقسۇل ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، خارلانغان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ نادامەت كۆز يېشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق سەۋىيىسىنىڭ بارغانسېرى چېكىنىشى، خەلقىمنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى بىچارىلىكى مېنى پۇل تېپىش يولىغا يېتەكلىدى.

رابىيەنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىغان بومبىدەك سۆزلىرى يىغىن

قاتناشچىلىرىنى يىغلىتىۋەتتى. چۈنكى رابىيە ئۆزىمۇ ھەر جۈملە سۆزىنى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. ھەممە جاراڭلىق ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۇزاق چاۋاك چالدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ خاتىرە رەسىمگە چۈشتى، مۇخبىرلار ھەيران بولۇپ، خاتىرىلىرىگە «ئۇيغۇر؟» دېگەن سۆزنى خاتىرىلىدى. ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر نەپەر ياشانغان چەت ئەللىك خانىم يېنىدىكى ئاقسۆڭەك خانىمغا پىچىرلىدى:

_ بۇ ئۇيغۇر ئايال - رابىيە خانىم ھەقىقەتەن قەھرىمان ئىكەن.

شۇ كۈنى خىتايدىن باشقا بىر مۇنچە ئەللەرنىڭ گېزىتلىرىدە، ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىدا رابىيەنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆزلىرى ئېلان قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ئۇيغۇر رايون ۋەكىللىرىنى باشلاپ كەلگەن ماھىنۇر خانىم ۋە گۈلبوستان خانىم ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى:

_ ھەي، رابىيەم، ئەسلىدە سېنى يىغىنغا ئەكەلمىگىنىمىز ياخشى ئىكەندۇق، رايونلۇق پارتكومدىكىلەر توغرا ئويلاپتىكەن. سەن نەگىلا بارساڭ بالا تېرىيدىغان بولدۇڭ. ئەمدى بىز بالاغا قالىدىغان بولدۇق. رابىيە ئۇلارغا قاراپ كۈلدى:

_ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تونۇشتۇردۇمغۇ، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى كۈنى كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن، خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنلەر ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سەنئىتىنى نامايان قىلىشىپلا ئۇچۇن مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، پەقەت قىزىتالمىدى. رابىيە قادىر نەلەردىندۇر ئۇيغۇر ناغرا، سۇنايچىلارنى تېپىپ كېلىپ مەيدانىنى تىترىتىۋەتتى. ناغرىنىڭ رىتىملىق ئاۋازى بىلەن سۇنايىنىڭ يېقىملىق ساداسى ھەممىنى جەلپ

قىلدى. ئاپئاق سۆسەر تۇماق، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن رابىيە بەئەينى ئارتىسلاردەك يېنىك دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ۋە كۆرۈۋالغان پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەيداندا لەرزان پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاچ پۆلەكلىتىشلىرى، بارماقلىرىدىن قاش چىقىرىشلىرى شۇنچىلىك بوينىنى سىلكىپ باش ئېتىشلىرى چەت ئەللىكلەرنى مەھلىيا قىلدى. رابىيە بارلىق چەت ئەللىكلەرنى مەيدانغا تارتىپ چۈشۈردى. سامما قايناپ كەتتى. رابىيە خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇپ، يەرمەنكىدىن ئېلىپ كەلگەن 60 دەك ئۇيغۇر دوپپىسىنى ئۇسسۇلغا چۈشكەن مېھمانلارغا بىردىن كىيگۈزدى. ئۇ مېھمانلارغا پەقەتلا «ئۇيغۇر»، «ئاي ئەم ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، رابىيە قادىر راستىنلا خەلقئارا يىغىننى بېشىغا كىيدى، تىبەت گۇرۇپپىسىنى، پىرقىراپ يۈرگەن مۇخبىرلاردىن كۆپ ئاخباراتچىلارنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلارنى تونۇتۇش مەقسىتىگە يەتتى.

## قەدىمي يىپەك يولىنىڭ يېڭى كارۋان بېشى

تارىخىي بايانلاردا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادى 2 ـ ئەسىردە ياشىغان گىرىك ئالىمى پتولېمى ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا «سېرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) ھەققىدە توختىلىپ، تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشايدىغان «ئۇيغۇردىس» لارنىڭ پىلە بېقىپ، يىپەك چىقىرىپ، نەپىس شايى ـ ئەتلەسلەرنى توقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان گىرىك تارىخچىسى كىتسىي بولسا، تارىم بويىدىكى يىپەك دۆلىتى ۋە

بۇ دۆلەتتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

رابىيە قادىرنىڭ ئەجدادلىرى تاكى 4 ـ ئەۋلادىغىچە يىپەك ماكانى خوتەندە ياشاپ يىپەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ 4 ـ بوۋىسى مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مۇستەقىللىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ئىلى ـ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن 3 ـ بوۋىسى ياركەنت، بۇخارا، سەمەرقەنتلەرگە بېرىپ سودا قىلغان. چوڭ دادىسى ئوغلى قادىر كەنجى بىلەن بىللە، يەنىلا تىجارەت تەۋەككۈلچىلىكى بىلەن ئالتاي شەھىرىگە كېلىپ ماكانلاشقان. لېكىن تەقدىر ئۇلارنى يەنە تارىم دەرياسىنىڭ بويىغا ـ ئاقسۇغا ئاپىرىپ تاشلىغان. رابىيە ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە تەۋەككۈل قىلىپ كەلگەندىن باشلاپ، تىجارىتى روناق تېپىپ، بۇ قەدىمىي يىپەك يۇرتىنىڭ كارۋان بېشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ دەسلەپ، خوتەندىن پىلە قۇرۇتى، يىپەك غوزىسى ۋە ئۈجمە دەرىخىنى ئېلىپ كېتىپ يىپەكچىلىكنى ئۆگەنگەن خىتاينىڭ سۇجۇ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ شەھەرلىرىنى بويلاپ، تىجارەت تورىنى يەۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا يىپەك يولىنى بويلاپ غەربكە سىلجىشقا باشلىغان ئىدى.

رابىيە قادىر بىر قانچە چوڭ بىنا ۋە نەچچە مىليون دوللارلىق سەرمايىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، لوندون، رىم، ئىستانبۇلغىچە بىر تىجارەت تورى قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى تۈزۈپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ھەر قانداق زاۋۇت، فابرىكا، بازار، خام ئەشيا ياكى سېتىۋالىدىغان مالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باھا بېكىتمىگىچە، بازار ئاھالىسى، شارائىتى ۋە خەلقنىڭ ھال ـ ئوقىتى ـ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆز

كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە مال ئالمايدىغان، مال ساتمايدىغان رابىيە قادىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پولات ـ تۆمۈر، پاختا تىجارىتى داۋامىدا، مال يۆتكەش، توپلاش، قاچىلاش، باسقۇچلىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن تۈرك قەۋملىرى ياشايدىغان زېمىنلارنى، رۇسىيىنى ۋە ياۋروپانى ئايلىنىپ چىقتى.

_ ھەم تىجارەت ھەم زىيارەت، ـ دەيتتى رابىيە كۆرۈشكەن كىشىلەرگە، ـ ئالدى بىلەن، يېقىندىن مۇستەقىل بولغان قېرىنداشلىرىمنى تەبرىكلىگۈم كەلدى، ياۋروپادا 500 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋارىسلىرى، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ تۈركىيىسىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇس تاجاۋۇزىغا قارشى پىدائىيلار ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ ئاسىيانى تىترەتكەن ئەنۋەر پاشىنىڭ يۇرتىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. يەنە، ئەنگلىيە تىجارەتچىلىرىنىڭ تەكلىپىنى يەردە قويماسلىق ھەمدە دۇنياغا بالايىئاپەتنى تېرىپ بەرگەن، كوممۇنىزمنىڭ ھۆكۈمران دىكتاتورلىرى لېنىن، ستالىنلارنىڭ جەسىتىنى كۆرگەزمە قىلىۋاتقان موسكۋانىمۇ بىر كۆرگۈم بار ئىدى. شۇڭلاشقا بىر ياقتىن كۆرىمەن، بىر ياقتىن تىجارەت يوللىرىنى ئىزدەيمەن.

رابىيە قادىر بىر قېتىم، ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تىياتىرخانىسىدا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا سەھنىگە چىقىپ، ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى ھەققىدە توختىلىپ، 1889 ـ يىلى رۇس ـ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، ساتقۇنلۇق جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تەۋەلىكلىرى بولغان يەتتە سۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۇيغۇر زېمىنلىرىنىڭ رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە

مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنلىكى، 1918 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىللارغىچە رۇس كوممۇنىستلىرى غەربىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ، ھېسابسىز ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقى، بولۇپمۇ 1937 ـ يىلى ستالىن قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئالمۇتا، ياركەنت، چىمكەنت، چونجا، ئۇيغۇر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇرلارنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلغانلىقى، 1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە ستالىن بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى قۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىم قاتارلىق يېتەكچىلىرىنى، ئۇرۇش بىلەن باستۇرۇشقا كۆچى يەتمىگەنلىكتىن، سىلەرگە مۇستەقىللىق بېرىمىز دەپ ھىيلە بىلەن ئالداپ، سوۋېت چېگراسىغا ئېلىپ چىقىپ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، 40مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم دۆلەت ئارمىيىسىنى پارچىلاپ تار ـ مار قىلىپ، ھېسابسىز ئازادلىق جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئارقىدىنلا 1962 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى يەنە رۇسلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىلى، چۆچەك تەۋەسىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇرنى قوزغىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى جۇمھۇرىيەتلەرگە ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرگە پالاپ ۋەيران قىلغانلىقى، سىبىرىيە تۈرمىلىرىدە ئۆلتۈرگەنلىكى، ۋەتىنىدە قالغانلىرىنى يەنە، «سوۋېتپەرەسلەرنىڭ يېقىنى» دەپ تۇتۇپ، سولاپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئومۇمەن تارىختىن بۇيان، رۇسلار ۋە خىتايلار تۈركىستاننى نەچچىگە بۆلۈپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەرى، تاتار دېگەندەك مىللەتلەرگە ئايرىپ، پارچىلاپ، ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلەشتۈرۈپ قول ئورنىدا باشقۇرۇپ كەلگەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئەمدى مۇستەقىل بولغان جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ دۆلەت

قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىملىقى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش بۇرچىنى تونۇپ يېتىپ، ۋەتىنىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ مەزگىللەردە، قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشلىقى پروفېسسور رابىك ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئايالى پروفېسسور پاتىگۈل سابىتوۋالارنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئالمۇتانىڭ سۇلتان قۇرغان مەھەللىسىدە تەشكىللەنگەن مەدەنىيەت كۈنلىرى پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان رابىيە قادىر سۆزگە چىقىپ، چاررۇسىيە ۋە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسىرلىك زۇلۇمى، مىللىي مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن، رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تارىخىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، مىللىي تىل - يېزىقىنى يوقاتقانلىقىنى، مىللىي روھىيەت تۇيغۇسىنىڭ ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دېدى:

_ قېرىنداشلار، بۈگۈن سىلەر، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن قېرىنداشلىرىڭلارنى «خىتايلىقلار» دەيدىكەنسىلەر، ھەممىمىزنىڭ ۋەتىنى بىر، ئاتىسى بىر، بىز ھەممىمىز ئۇيغۇر، قېنى ھەي غالجاتلىق، قورغاسلىق، ئېيتىپ باقە سەن تارانچىمۇ؟ تېخى يېقىن ئەسىرلەردىلا، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قۇمۇللاردىن يۈز مىڭلاپ ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنى ئىلى ۋادىسىغا بۇغداي تېرىش ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ كەلمىدىمۇ؟ ھەممىمىز بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى تۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنى يەكلىسەك، دۈشمىنىمىزنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ بەرگەن بولمايمىزمۇ؟ - رابىيەنىڭ پاكىتلىق، قايىل قىلارلىق سۆزلىرى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى. مېھماندارچىلىق ۋە نەغمە - ناۋالاردىن كېيىن،

رابىيەقادىر بىر خالتا روبلىنى ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپ، مەھەللىدىكى نامرات ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا بىر كاللەكتىن پۇل تارقىتىپ بەردى. مەيدانغا توپلانغان كىشىلەر ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى. پېشقەدەم بوۋايلار ياش باللىرىنى يېتىلەپ كېلىپ:

ـ بىز ھەممىمىز زامانىسىدا قورال تۇتقان سولداتلار، باللىرىمىز تەييار، ۋەتەننى خىتايدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىمىز تەييار، ـ دېيىشتى.

رابىيە قادىر ئالمۇتادىكى سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ھەر دائىم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇردى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق فرونتىنىڭ رەئىسى يۈسۈپ مۇخلىسى بىلەن جەمئىي 11 قېتىم يوشۇرۇن كۆرۈشتى، كۆپ مىقداردا روبلى، ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭغا ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تەدبىرلىرى، تاكتىكىلىرى ھەققىدە مەسلىھەت بەردى، ئۇنىڭ تەشكىلاتچى ھاشىر ۋاھىدى بىلەن يارىشىپ قىلىشى، ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم تۈركىيىدىكى سەپىرىدىن قايتىپ كېلىشىدە ئالمۇتادا يەنە يۈسۈپ مۇخلىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادتىن قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يېنىدىكى بىلەت ئېلىش ئۈچۈن قالغان ئەڭ ئاخىرقى 800 دوللار پۇلىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، يولدىشى سىدىقھاجىنىڭ بىر مۇنچە تاپا ـ تەنىسىگە چىداپ، تاكسى كىرالاپ ياركەنتكە كېلىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەردىن پۇل ئېلىپ تاكسىنىڭ ھەرزىنى تۆلىۋەتتى.

رابىيە قادىر كىم ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئۈرۈمچىگە كەلسە تاغارلاپ مال بەردى، ئالمۇتادا يەنە پۇل، مال ياردەم قىلدى. بەزىلىرى ۋەتەن ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى

پەش قىلىپ ئۈنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ دوللار پۇلنى ئېلىۋېلىپ تىجارەتچى بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى ھەتتا ئۆيلىرىنى ياساپ، داچىلارنى سېلىۋالدى. رابىيە ئەسلىدە ئۇلارنى ۋەتەن ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلار دەپ يۆلىگەن ئىدى. لېكىن يىللار ئۆتكەندە، بىرەر ئىشنىڭ چېكى چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز ئەقىدىسىگە بەكمۇ ئېچىندى.

بىر قېتىمدىلا تاجىكىستانغا 15 ئاپتوموبىلدا مال ئېلىپ كېلىپ، بىر ئاپتوموبىل مالنى چېگرا قوغداش ئىشىغا مەسئۇل گېنېرالغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتتى. قالغان مالنى بىخەتەر سېتىپ، پۇلىغا پاختا، چىگىت، تۆمۈر سېتىۋېلىپ، مېلىنى يولۋاسنىڭ ئېغىزىدىن ساق ـ سالامەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كېيىنكى كېلىشىدە قۇرۇق ئاش، مېۋە توشۇپ خەلقلەرنى تەمىنلىدى ۋە گېنېراللارغا قېرىنداشلار ئۆز ئارا ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت بەردى. رابىيە تۈركمەنىستاندىمۇ ئوخشاش زىيارەت ۋە تىجارەتلەردە بولدى. بارغانلا يېرىدە ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەتەن، مىللەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش يولىدا نۇتۇق سۆزلىدى. مۇزېيلاردىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ياكى كۆپەيتىپ نۇسخا ئېلىپ توپلىدى. رابىيە قادىر تۈركىيە زىيارىتىدە چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ فابرىكىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇيغۇر سىياسي تەشكىلاتلىرى ھەيئەتلىرى بىلەن كۆرۈشتى. تەشكىلي پائالىيەتلەرنى ئۆگەندى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىپ سۆزلىدى. بۇ مەزگىللەر، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى نىشان قىلىپ قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىستانبۇلغا توپلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەينى

زامانلاردا «تۇركىستانچىلار»، «گومىنداڭچىلار«، »سوۋېتپەرەسلەر»، «مىللەتچىلەر»، «تۇرانچىلار» دېگەندەك مەزھەپلەرگە بۆلۈپ قويسا ماقۇل دەپ، بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ، ۋەتەننى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويغان گۇرۇھلارنىڭ قالدۇق كاتتىۋاشلىرى ھەمدە پېشقەدەم زىيالىي، يازغۇچى، جامائەت ئەربابلىرى بولۇپ مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئىستانبۇلدا توپلانغان ئىدى. ئۇلار گەرچە «نىشانىمىز شەرقىي تۇركىستاننىڭ ئۇزۇل - كېسىل مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»دېگەن ئالىي غايىسىنى توغرا بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما تەشكىلى جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەي، مۇكەممەل بىر يادرو ئاپپاراتىنى تىكلىيەلمەي تارقالغان ئىدى. رابىيە قادىر يولدىشى سىدىقھاجى روزى بىلەن بىللە، ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ۋەزىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، تەتقىق قىلدى، ئۆگەندى. تەشكىلاتچىلارغا دەرھال بىر مەركەزگە توپلىنىپ تەشكىللىنىش، بىر تۇتاش پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپلىرىنى بەردى.

رابىيە قادىر لوندوندىكى زىيارىتىدە، ئەنگلىيە تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى چاقىرغان كۇتۇۋېلىش يىغىنىدا سۆزلەپ، ئەنگلىيىنىڭ تارىختا، شەرقىي تۇركىستانغا كۆپ قېتىم ئىكسپېدىيەچىلەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتكەنلىكىنى، قەشقەردە دەسلەپ كونسۇل ئاچقانلىقىنى، مۇستەقىل بولغان چاغلىرىمىزدا دۆلەتلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ھەمدە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چېرچىلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىۋەتكەنلىكىنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ كېلىپ:

_ مەن شۇ تارىختا يېپەك يولىنى ئاچقان، دۇنيا خەلقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، بۈگۈن سىلەر تامامەن ئۇنتۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ

قىزىمەن. بۈگۈن سىلەر بىزگە قەرزدار، ئامېرىكىغىمۇ ئېيتىڭلار، بۆرچۈڭلارنى ئادا قىلىڭلار، ـ دەپ مەنىلىك ئىشارەت بەردى. ئۇنىڭ سۆزى يىغىن قاتناشچىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى، بەزىلەر تىجارىتىنى قايرىپ قويۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى ھەققىدە يوشۇرۇن سىردىشىپ كەتتى. لوندوندا نەشر قىلىنىدىغان «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» نىڭ 1 ـ بېتىدە رابىيەنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىدە، شتات باشلىقىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ »رابىيە ئىلگىرىلەش يولىدا باش ئەگمەيدىغان تۆمۈر ئايال» دەپ باھا بەردى.

## ئۈرۈمچىدە بىل گەيتىسنى كۈتۈۋېلىش

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ب د ت نىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيى ئاياغلىشىشى بىلەن، رابىيە قايتىپ كېلىپ، دەرھال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىجارەت ئىشلىرى بىلەن قازاقىستانغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. يىغىنغا قاتناشقان بىل گەيتىسنىڭ خانىمى ئېرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بېيجىڭدا سەددىچىننى زىيارەت قىلدى ۋە رابىيە قادىر ھەققىدە ئېرىگە سۆزلەپ بەردى، بۇ چاغدا دۇنيادىكى ئاتاقلىق كومپيۇتېر پادىشاھى، ئەڭ چوڭ باي بىل گەيتىس ۋە خانىمىنى جاڭ زېمىن قوبۇل قىلدى. زىياپەت مەزگىلىدە بىل گەيتىسنىڭ خانىمى جاڭ زېمىندىن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە ئاغزاكى رۇخسەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىل گەيتىسنىڭ كاتىپى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بىل گەيتىسنىڭ رابىيە قادىرنىڭ ئائىلىسىنى ۋە سودا سارىيىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى

ئۇقتۇردى.

رابىيە قادىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالمۇتادىن دەرھال يولغا چىقتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا، كۆتۈۋېلىش تەييارلىقلىرىنى باشلىۋەتتى. دېمەك، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كېلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون پارتكومىنىڭ پادىشاھى ۋاڭ لېچۈەن، قورچاق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن ئەمەس، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى، مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى بىلەن تونۇشماقچى، ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان سودا سارىيىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بىلەن ئەھۋاللاشماقچى. دېمەك، خىتاي بىلەن تىركىشىپ، جان تۇمشۇققا كەلگەندە، ئامېرىكىدىن ئاللىقانداق ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايلاردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك. بۇ بىر بىۋاستە ئۇچرىشىش، تۇنجى قېتىملىق تونۇشۇش ۋە بەك ئاز توغرا كېلىدىغان تاسادىپىي پۇرسەت. بۇ يەرلەردە، ھەتتا خىتايدىمۇ بىل گەيتىس بىلەن تەڭ تۇرۇپ سودا قىلىدىغان باي تېپىلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىش، ئۇلاردا ئوبدان تەسىرات قالدۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويۇشتەك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مىللەتكە كېلىدىغان زور پايدا رابىيە ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. مانا بۇ سودىغا ئۇ قانچە بەدەل تۆلىسە، قانچىلىك دەسمايە سالسا ئەرزىيتتى. شۇڭا رابىيە يېتەرلىك پۇل ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرماقتا ئىدى.

دەل بۇ پەيتتە، رابىيەنىڭ بېيجىڭدىكى پاراكەندىچىلىكلىرىدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ لېچۈەنمۇ ئىشخانىسىدا، بىل گەيتىسنىڭ رابىيە

بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، ھەم ئاچچىق ھەم قىزغىنىش كەيپىياتىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6 ـ قەۋەتىدىكى ئىشخانىسىدا، بىر نەچچە خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرلىكتە، تەييارلىق ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك يالت قىلىپ چاقنىغان بىر پارچە ئوت ئىشخانىغا يۈركۈلۈپ كىردى. سېكۇنت ئىچىدە ھەممە تەرەپكە تەكشى ئوت كەتتى. سارايدىكى خادىملار «ئوت كەتتى، قېچىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. رابىيەنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىلىرى ئۇنى قوغداپ، ئۆمىلەپ ئىشخانىدىن تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار دەل شۇ پەيتتە، قاپقارا كىيىم كىيگەن، ئىككى نەپەر يات كىشىنىڭ پەلەمپەيدىن ئالدىراپ پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆردى. ھەممە كىشى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، 5 مىنۇت ئىچىدە ئوت يالقۇنى ئۇلغىيىپ ئەتراپقا ۋە ئۈستى قەۋەتكە يامراشقا باشلىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، خۇددى ئوت كېتىشتىن بۇرۇن خەۋەرلەندۈرۈلگەندەك ياكى مانېۋىر قىلىۋاتقاندەك، ساقچىلار كېلىپ بىنانى قورشىدى، ھۆكۈمەتنىڭ تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى كېلىپ، ئاپپاراتلىرىنى توغرىلاپ بولدى. ھەتتا ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىمۇ ھازىر بولدى. ھەممە كىشى بۇ ئويۇننى ئويناۋاتقانلارنىڭ مەقسىتى، بىل گەيتىسنى رابىيە قادىرنىڭ سارىيىدا ئەمەس، ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئوردىسىدا كۈتۈۋېلىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى.

بىل گەيتىس ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن 5 كۈن ئاۋۋال، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى بېيجىڭدا ئۇنىڭغا، رابىيەنىڭ سودا سارىيىدا چوڭ ئوت ئاپەتى يۈز

بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بىل گەيتىس بولسا ئالدى بىلەن رابىيەنىڭ ساق ـ سالامەتلىكىنى سورۇشتۇردى ۋە «مەن بىنا بىلەن ئەمەس، رابىيە بىلەن كۆرۈشمەن، پىلانىمىز ئۆزگەرمەيدۇ»دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى. بۇ جاۋاب ۋاڭ لېچۇەنگە يەتكۈزۈلۈۋاتقاندا، ئۇزۇن قۇلاق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن رابىيەنىڭ قولىقىغىمۇ يېتىپ بولغان ئىدى.

رابىيە ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئىككى مىليون سوملۇق زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇ قالغان 4 كۈن ۋاقىت ئىچىدە، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي، ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈردى. ئۇ ساراي ئىچىگە ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى، خىتايلارغا پەقەت ئوخشىمايدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەممە نەرسىنى ھازىرلىدى. ئۇنىڭ تولا مېڭىپ پۇتلىرى، تولا سۆزلەپ گاللىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇ بېلىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. سودا سارىيى ھېچ ئوت كەتمىگەندەك ھالغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن 19 ـ سېنتەبىر يېتىپ كەلدى. رابىيە قادىر مەخسۇس بۇيرۇتۇلغان ئاددىي، ئەمما كۆركەم ئۇيغۇرچە كىيىملىرىنى كىيىپ بىنا ئالدىدا پەيدا بولدى. ساراي ئىچى ـ تېشى بايرام تۈسىنى ئالغان ئىدى.

مېھمانلار كەلدى! بىل گەيتىس خانىمى بىلەن بىللە كۈلۈمسىرەپ ئاپتوموبىلدىن چۈشتى. رابىيە قادىر ئۇلار بىلەن كونا قەدىناسلاردەك ئۇيغۇرچە قۇچاقلىشىپ سەمىمىي كۆرۈشتى. بىردىنلا، تۆت تەرەپتىن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. سارايىنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تارتىپ چوڭ يولنىڭ بويىغىچە پاياندار ـ قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان ئىدى.

سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق قىزلار، بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن ئوغۇللار خۇددى قەدىمىي ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنىڭ چەۋەنداز، كېنىزەكلىرىدەك كۆركەم ياسىنىشىپ چاۋاك چېلىپ، مېھمانلارنى قارشى ئالدى. قىزلار ئىككى تەرەپتىن مېھمانلارغا گۈل - چېچەكلەرنى چاچتى. تىللالارغا تەقلىد قىلىنغان تەڭگىلەرنى چاچتى. قويۇق سەنئەت تۈسى ئالغان، لىرىكىلىق كۆرۈنۈشلەرگە باي شاھانىلارچە كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى دەسلىپىدىلا مېھمانلارنى تاڭ قالدۇردى. ئۇلار بىناسىدىن تارتىپ، ئادەملىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ناخشا - مۇزىكىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھەتتا گەپ - سۆزلىرىمۇ خىتايلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇر خەلقىنى كۆرۈپ، رىۋايەتلەردىكى ساماۋى شەھەرلەرگە كېلىپ قالغاندەك، ئېغزىنى ئېچىپلا قىلىشتى. بىللە كەلگەن مىليونېر بايلار، قىپقىزىل گىلەم ئۈستىنى قاپلىغان چاچقۇ تەڭگىلەرنىڭ راست پۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قىلىشتى، ھەر بىرى بەرنا غۇنچىلاردەك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىق قىزلارنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم، قاپقارا قاش - كىرپىك، بۇرۇتلىرىدىن قەيسەرلىكى تەپچىپ تۇرغان چېۋەر ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ چىرايىدىكى باتۇرلۇق تۇيغۇسى مېھمانلاردا باشقىچە تەسىرات قالدۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن باشقا بىر دۇنيادا تۇرغاندەك، خىتايغا كېلىپ يەنە باشقا بىر دۆلەتكە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى، بىل گەيتسنىڭ خانىمى ھاياجىنىنى باسالماي ئەتراپىدىكىلەرگە:

_ قاراڭلار نېمىدېگەن چىرايلىق قىزلار بۇ، نېمىدېگەن كېلىشكەن يىگىتلەر - بۇ، ئۇيغۇرلار ئاجايىپ خەلق ئىكەن جۇمۇ؟! - دەپ سۆزلەپ كەتتى.

بىل گەيتس مەخمەلدەك گىلەملەرنى دەسسەپ، ئەتراپتىكى

تىجارەتچىلەرنىڭ ئىللىق سالاملىرىغا باش لىڭشىتىپ، كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان زالغا قەدەم تاشلاپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ باشقا بىر دۇنيا ئىدى. قەدىمىي چۆچەك فىلىملىرىدىكى ئادىل پادىشاھلارنىڭ تىلسىمات شەھىرىدەك ئاجايىپ رەڭدار، كۆركەم بېزەلگەن زال گويا سەنئەت مۇزېيىغىلا ئوخشايتتى. زالنىڭ تورۇس، تام، تۈۋرۈك، بۇلۇڭ، روجەكلىرىگە ئىشلەنگەن قاپارتما نەقىشلەر، گۈللەر، رەسىملەر جانلىقتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. رابىيە مېھمانلارنى ئايلاندۇرۇپ تامدىكى سەنئەت ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇردى. بىر تامغا ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ساز ـ مۇزىكا، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېسىلغان ئىدى. رابىيە 27 خىل ئۇيغۇر چالغۇسىنى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، بىردىن ـ بىردىن تونۇشتۇرۇپ چىقتى. ھەر بىر چالغۇنىڭ ئاستىغا ئۇنىڭ ئىسمى، يىل دەۋرى ئېنىق قىلىپ ئىنگلىزچە يېزىلغان ئىدى. ئارقىدىنلا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، دوپپىلىرى، قول ھۈنەرۋەن بۇيۇملىرى بىر ـ بىرلەپ كۆرستىلدى. رابىيە قادىر مېڭىپ تۇرۇپ، يەرگە سېلىنغان، ئۇيغۇرلارنىڭ 11 دەۋرنى ۋە شەھەرلىرىنى نامايان قىلىدىغان ھەر خىل نۇسخىدىكى قىممەتلىك گىلەملىرىنى تونۇشتۇردى. مېھمانلار جايلىرىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، رابىيە قارشى ئېلىش نۇتقىنى سۆزلىدى:

_ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەرشتىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر توپ پەرىشتىلەر، زۇلۇمدىن زارلىنىۋاتقان، خورلۇقتىن ئىڭراۋاتقان بىر قوۋمنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، پەرىشتىلەرنىڭ بوينىدىكى ياقۇت مارجانلارنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ، مارجانلار يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە بىچارىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپتۇ. قىممەتلىك مېھمانلار، سىلەرمۇ خۇددى ئاشۇ پەرىشتىلەرنىڭ مارجانلىرىدەك ئارىمىزغا كەلدىڭلار، بىز سىلەرنى ـ ئامېرىكىلىقلارنى، ياۋروپالىقلارنى توپ ـ

توغرا 60 يىل كۆتتۇق. كەلگەن قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن....

ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردا قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان مىللەت..............

رابىيە قادىر ھۆكۈمەت تەرجىمانلىرىنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى ئەمەس، يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بەرگەن تېكىستنى ئوقۇۋىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، سىدنىقھاجى تەييارلىغان بۇ تەسىرلىك تارىخىي نۇتۇقنى سودا سارىيىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا ئالدىن تەرجىمە قىلغۇزۇپ، ئەينەن سۆزلەشكە ماقۇل دېگۈزۈپ بەلگىلەپ قويغان ئىدى، مېھمانلار رابىيەنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەكتىگە يېتىپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ مەمنۇنىيىتىنى ئىپادىلەشتى. بىر گەيتىس ۋە باشقىلارمۇ تەبرىك نۇتۇقلىرىنى بايان قىلىشتى.

تەبرىك نوتۇقلار تۈگىگەندىن كېيىن، بېشىغا سۆسەر تۇماق، ئۇچىسىغا ئاق ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيگەن چىرايلىق قىزلار قوللىرىدا ئالتۇن رەڭلىك پارقىراپ تۇرىدىغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلارنى، توقۇلما جۇلالىق يىپەك لۆڭگىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تۇتتى. ئارقىدىنلا كۆك ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىزلار تائاملارنى ئېلىپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تىزدى. ئارقىدىنلا يەنە قىزىل ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىزلار........

مېھمانلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇ، سامسا، لەڭمەن قاتارلىق 72 خىل تائامى بىردىن ـ بىردىن تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار خالىغانلىرىغا ئېغىز تېگىپ مەزە قىلدى. تائاملارنىڭ ھەممىسىگە ئىنگلىزچە نامى، تۈرى، تەركىبى، يىل تارىخى دېگەندەك ئىزاھلار يېزىلغان ئىدى. بۇ بىر زىياپەت ئەمەس، يېمەك فېستىۋالىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى، لەززەتلىك تەمى،

ئوزۇقلۇق قوۋۋىتى ۋە زوق بېغىشلىغۇدەك كۆركەم كۆرۈنۈشى قاتارلىقلاردىن ھۇزۇر ئېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا، بۇ يۇرتلارنى ئايلىنىپ كەتكەن ماركو پولونى ئەسلەشتى.

يېمەك ـ ئىچمەكتىن كېيىن، ئۇسسۇل رېژىسسورى كۈرەش رەجەپنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سەنئەت پائالىيىتى باشلاندى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى تونۇشتۇرۇلۇپ، مۇقامدىن ئارىيىلەر ئورۇنلاندى. تۇرسۇنئاينىڭ زىلۋا ئۇسسۇلى، رەيھان ئابلىزنىڭ قىزىل گۈل غۇنچىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئوينىغان لەرزان ئۇسۇلى مېھمانلارنى ھاياجانلاندۇردى. زامانىۋى بالېت شەكلىدە ئوپېرا ئۇسسۇلى ئوينىغان قىزلار، تارىخىي تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەرد ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە زارلاپ تولغىنىپ، يەر بېغىرلاپ يېتىپ قوللىرىنى ئۇمىدۋارلىق بىلەن بىل گەيتىسكە سوزغىنىدا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان ھۆرلۈككە تەشنا نۇردىن، مېھمانلار ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندى. بۇ چاغدا ساھىبخانىلار ئارىسىغا قوشۇلۇۋالغان بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

بىل گەيتىسنىڭ تەلىپى بويىچە، مېھمانلار رابىيەنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ئائىلىسىدە بالىلىرى بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى. مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرلەرنى قالدۇرغان بۇ كۆڭۈللۈك زىيارەت ئەسلىدە، بىر سائەت دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىل گەيتس ۋە مېھمانلارنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن 4 سائەت داۋاملاشتى.

بىل گەيتس ئەپەندى ۋە خانىمى رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا رەسمىي تەكلىپ قىلدى. رابىيە قادىر، ھازىر بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ يىل ئىچىدە بارالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزرە ئېيتتى.

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، رابىيە ئۆيىدە ئۇھ دەپ ھاردۇق ئالدى ۋە رازىمەنلىك بىلەن سىدىقھاجىغا:

_ مېھمانلارغا بۇ زېمىنىنىڭ ئىگىسى بىز ئىكەنلىكىمىزنى ئوبدانلا ھېس قىلغۇزدۇق. بىل گەيتىسنى ھەر قانداق چىقىمدىن قورقماي پادىشاھلارنى كۈتكەندەك كۈتىۋالدۇق، ـ دېدى. سىدىقھاجى بولسا رابىيىگە جاۋابەن:

_ ئۇنىڭ ۋەتىنى ئامېرىكىنىمۇ كۆرەرمىز بىر كۈنى، ـ دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

## ئامېرىكىغا تۇنجى سەپەر

رابىيە قادىر باي بولۇپ كۈچلەنگەنسېرى، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە سىزىقتىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىچىدىن پايدىلىقلىرىنى تاللاپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتسە، خەلققە مەنپەئەتسىز ياكى زىيانلىق دەپ قارىغانلىرىنى ئىجرا قىلمايتتى. ھەتتا قارشى چىقاتتى. بۇ جەھەتتە، ئۇنىڭ ئەڭ ھوشيار مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى سىدىقھاجى روزى ئىدى. سىدىقھاجى ئەتراپىدىكى بىر توپ يازغۇچى، شائىر، ژۇرنالىست دوستلىرى ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ سىياسي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، خىتاينىڭ يېڭى نەيرەڭلىرى يوشۇرۇنغان ھۆججەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىپ تۇراتتى.

1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئاتاقلىق شىركەتلەر، بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلار، كېيىن يەنە ئاللىقانداق نامدار ئاستىدىكى نامەلۇم گۇرۇھلار ئۇيغۇر

قىزلىرى ئارىسىدىن بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، چىرايلىقلىرىنى تاللاپ، يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە تۇركۇملەپ يۆتكەشكە باشلىدى. رابىيە قادىر بىر قېتىم گۇاڭجۇغا مال ئالغىلى بېرىپ، شۇ يەردىكى بىر مېھمانخانىدا ئۇيغۇر قىزلىرى بارلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى ۋە يوشۇرۇنچە تەكشۈرۈپ باقتى. مېھمانخانا خوجايىنلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيتتى. رابىيە يەرلىك بىر كىشىگە پۇل بېرىپ، يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ، بۇ قىزلارنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ۋە خىتاي بايۋەچچىلىرىگە بىر كېچىلىكى 2ـ 3مىڭ سومدىن سېتىلىدىغانلىقىنى، قىزلارنى ئادەتتە سولاپ قويىدىغانلىقىنى ۋە قاتتىق ئۇرۇپ خورلايدىغانلىقىنى ئىگىلىدى. رابىيە بۇ خىل ئەھۋالدىن بىر قانچىسىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى تەييارلاپ سىياسىي كېڭەش ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە يەتكۈزدى. لېكىن بەزىلەر يەنىلا ئالدىنىپ قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىۋېتەتتى. ھۆكۈمەت جىددىي بىر تەدبىر كۆرمەيۋاتاتتى. رابىيە بولسا ئاچچىقىدا سىدىقھاجىغا شۇنداق دېدى:

ـ سەن قىيۇم تۇردىنىڭ پاخپاق كىتابلىرىنى باھالاپ ئوبزور يازمەن دېگۈچە، ئالدى بىلەن خىتاي ئۆلكىلىرىدە، ياپونلارغا، شاڭگاڭلىقلارغا، ھىڭگاڭ چىش خىتايلارغا سېتىلىۋاتقان قىزلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر نەرسە يازساڭ بولمامدۇ؟

سىدىقھاجى روزىنىڭ ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتىدە 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «ئاتا ـ ئانىلار ۋە قىزلىرىمىزغا مۇراجىئەت» ماۋزۇسىدىكى ماقالىسى جەمئىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلدى. خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن مەزكۇر ماقالە، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاز ـ تولا تەدبىر ئېلىشىغا سەۋەبچى

بولدى. غۇلجىدا يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرى ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى تەرىپىدىن چۇشۇرۇۋېلىندى. خىتاي شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىشلەش ئۈچۈن تىزىملاتقان نۇرغۇن قىزلار توختاپ قالدى. ئاتا - ئانىلار هوشيارلىقىنى ئۆستۈردى. هۆكۈمەت بولسا نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئىشلاردىن رازى بولمىدى.

1985 - يىلى قىشتا، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي كەمسىتىشكە قارشى نامايىشقا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان، مەكتەپ ياتاق بىناسىنىڭ تېمىغا خىتايلار تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىپ، قىزلىرىنى دەپسەندە قىلىپ جالاپ قىلايلى» دېگەن پانخىتاي شوئارىنىڭ ئەسلي مەنىسى ۋە ئەمەلىي ماهىيىتى ئەمدى ئاشكارىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. جەمئىيەتتىكى قىسمەن ناچار خاهىشلار دېيىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۆسمۈرلىرىنى ئالداپ خىتاي شەھەرلىرىگە ئاپىرىپ سېتىش، پاهىشىگە زورلاش، ئوغرىلىق ۋە خروئىن تىجارىتىگە ئۆگىتىشتەك سۇيىقەستلىك هەمدە پىلانلىق جىنايەتلەر بىلەن، ئۇنىڭغا قارشى يۈز تۇرانە كۈرەش قىلىش، شۇ چاغدا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار، هۆكۈمەت بىلەن يەرلىك خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاشكارا ئالامەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سىدىقهاجىنىڭ«نەپسىڭنى يىغىۋال، ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىن» ناملىق ماقالىسى ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ خەلق ئارىسىدا ئالاهىدە تەسىر قوزغىدى. 1949 - يىلى ۋاڭ جىن، ۋاڭ ئىنماۋ دېگەنلەرنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا ئاياق باسقان ۋاڭ جەمەتى ۋاڭ لوبىن، «يولۋاس يوق تاغدا، مايمۇن پادىشاھ» دېگەندەك

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي خەلق ناخشىلىرىنىڭ پاتېنت هوقۇقىنى قىلچە ئەيمەنمەستىن، قالايمىقان نوتىلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى دەپ تەيۋەن، شاڭگاڭ سودىگەرلىرىگە سېتىۋەتكەن ئىدى.

سىدىقهاجى يازغان «فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشى» نامىلىق ماقالە كەچلىك گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندا، خىتاي تارىخچىلىرى غۇدۇراشقا باشلىدى. يەنە كۆپ ئۆتمەي، سىدىقهاجىنىڭ «برىتانىيىنىڭ هىندىستاندىكى هۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى» نامىلىق تەرجىمە ماقالىسى سودا گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە: «سەن سېلىۋاتقان ئېگىز قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار، تارتىۋاتقان تۆمۈر يوللار خەلقنى ئازادلىققا چىقارمايدۇ. ئازادلىقنىڭ هەقىقىي مەنىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كىم هۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسىدۇر» دېگەن جۈملە ستاتا كەلتۈرۈلۈپ، برىتانىيىنىڭ هىندىستاننى بېسىۋالغاندا يەرلىك خەلقنىڭ هەممە كەسپىنى يوق قىلىۋەتكەنلىكى، ياغاچچىلىق، موزدوزلۇقلارنىمۇ تارتىۋالغانلىقى، هىندى خەلقنى مۇنبەت يەرلەردىن، سۇ مەنبەلىرىدىن، بازاردىن، مائارىپتىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەنلىكى هەمدە هەممە جاينى كۆچمەنلەرنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكى پاش قىلىنغان، ئاخىرىدا برىتانىيىنىڭ هىندىستانغا ئادىللىق بىلەن مۇستەقىللىق بەرگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ هال خىتاي هۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇگۇنكى هېچ پەرقلەنمەيدىغان ئەپتى ـ بەشىرىسىگە دارتىملانغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ماقالىدىكى ماۋزۇ ۋە ستاتىلار ماركىسىنىڭ سۆزلىرى ئىدى.

سىدىقهاجى ئارقىدىنلا، بېيجىڭدىكى خىتاي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىمىسەك، بىزمۇ تىبەت، ئۇيغۇر رايونىدىن

ئايرىلىپ قالىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى بىر پارچە ماقالىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

1994 ـ يىلى قىشتا، سىدىقهاجى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت بەزى سىرلار ئېچىپ تاشلانغان »رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن 7 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ تارقاتتى. بىر يىلدىن كېيىن، ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا بۇ كىتابتىن 27 مىڭ تىراژ بۇيرۇتما كەلگەن بولسىمۇ، پارتكوم باسما ئىشلىرىغا قول تىقىپ كىتابنى بېسىشقا يول قويمىدى. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن باشلىنىشىدا پارتكوم تەشۋىقات مىنىستىرى فىڭ داجىڭ يىغىننىڭ تېمىسىدىن چەتنىگەن ھالدا: «يېقىندا مەلۇم بىر زىيالىي 4 ـ 5 پارچە ماقالە يازدى، تەرجىمە قىلدى، بىر كىتاب نەشر قىلدى. ھەممىسىدە تىغ ئۇچىنى پارتىيىمىزگە قاراتتى. تارىخنى بۇرمىلاپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى» دەپ سىدىقهاجىنى دارتىملىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەتىسى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

سىدىقهاجى روزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر غالچىلار ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى چۇۋۇۋېتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ساختا مەدھىيىچىلەر، كۆچۈرمىكەشلەر ۋە ساراي ئەدىبلىرىنى توپقا تۇتۇپ پاراكەندە قىلىۋەتكىنى ئازدەك، ئەمدى جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىشىغا دائىر ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارغا قارشى زەمبىرەك توپىدەك ئېتىلغان ماقالىلىرى، پارتكوم تەشۋىقات مىنىستىرلىرىنى بەكلا ئەندىشىگە

سالدى. ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايوندىكى ئەڭ داڭلىق باي رابىيە قادىرنىڭ ئېرى، مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى سىدىقھاجىنى قانداق توسۇشنىڭ يوشۇرۇن يوللىرىنى ئىزدەۋاتقاندا قېرىشقاندەك، ئۇلارنىڭ يولىنى توسىدىغان، سىدىقھاجىنىڭ سالاھىيىتىنى خەلق ئارىسىدا قانۇنلاشتۇرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى.

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى باش مۇھەررىرى ئابدۇلھېكىم باقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى سالاھىيىتى بىلەن، ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارىنى ئېلىپ، يۇقىرىغا دوكلات قىلماستىنلا، مەملىكەت بويىچە خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئېلىپ بېرىپ، پارتكومنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماستىن، ھەقىقىي ستاتىستىكا سانىنى ئېلان قىلىپ، خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئوبزورچىلار سىدىقھاجى روزى، مۇھەممەد پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىملار، خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان يازغۇچىلار ئەختەم ئۆمەر، زوردۇن سابىر، مۇھەممەد ئىمىن ھوشۇرلار، خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان شائىرلار ئەخمەتجان ئوسمان، ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەتجان راشىدىنلارنىڭ ئىسىملىكىنى جاكارلىدى. خىتايدا مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك باھالانغان، ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كۆپ تىراژلىق تەڭرىتاغ ژۇرنىلىدا سىدىقھاجىنىڭ رەسمىي بىلەن تونۇشتۇرۇلۇشى، ئۇنى قوغدايدىغان قالقان بولۇپ قالغان ئىدى. خۇددى شۇنداق سەۋەبتىن خىتايلار تارىخچى، ئالىم تۇرغۇن ئالماسقىمۇ قول تەگكۈزەلمەيۋاتاتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا مەيلى كادىرلار، زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى ھۈنەرۋەن، دېھقان، تىجارەتچىلەر ئارىسىدا بولسۇن، ھۆكۈمەتكە قارشى كەيپىياتنىڭ كۈچىيىشىگە سىدىقھاجىنى سەۋەبچى دەپ تونۇغان خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى خادىملىرى سىدىقھاجىنى قانداق قىلىپ قاپقانغا

چۈشۈرۈشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشكە باشلىغان، قولغا ئېلىش يولىيورۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. رابىيە ئۆزۈن قۇلاق يېقىنلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى.

سىدىقهاجى روزى 1966 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خىتاي زۇلۇمىغا قارشى تەشكىلىي كۈرەش قىلغان ئىدى. 1969 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» نىڭ يېتەكچىلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ خىتاي زىندانلىرىدا 10 يىل سوراقسىز يېتىپ چىققان ئىدى. ئۇ يەنە خەلقنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ رابىيە بىلەن ئۆيلەنگەن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ يەنە تۈرمىگە كىرىپ يېتىشى بولسا، يېتىپ ئاشقىدەك قۇربان بېرىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇ مەقسەتتە، رابىيە قادىر مۇھاجىرلار ئىدارىسىدىكى ماھىنۇرنى تېپىپ، ئامېرىكىغا چىقىپ تىجارەت قىلىش باھانىسىدە پاسپورت ھەل قىلىش يولىغا ماڭدى. ماھىنۇر بېيجىڭدىكى مۇھاجىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان تونۇشى گو باۋجىڭ دېگەن بىر خىتايغا پارا بېرىپ ئوغرىلىقچە پاسپورت ئىشلەتكۈزدى.

رابىيە قادىر، سىدىقهاجى روزى ۋە ماھىنۇرلار ۋىزا ئېلىش ئۈچۈن پاسپورتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئامېرىكىنىڭ ئەلچىخانىسىغا كىرگەندە، ئۆچىرەتتە تۇرغان مىڭلارچە خىتايلارنى كۆرۈپ ئارقىسىدا رەتكە تۇردى. دەل شۇ پەيتتە، باش ئەلچى ئۆزى چىقىپ، رابىيە بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلارغا ۋە 4 بالىغا تەڭلا ۋىزا بېجىرىپ بەردى.

1995 ـ يىلى سېنتەبىردە بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «خىتاي

ھەپتىلىك خەۋەرلىرى ژۇرنىلى» نىڭ ئىنگلىزچە 36 ـ سانىدىكى «شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ باي ـ رابىيە قادىر» ناملىق ماقالىدە رابىيە قادىر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. باشقا خەلقئارادا تارقىتىلىدىغان ژۇرناللاردىمۇ ئۇنىڭغا «خىتايدىكى ئون چوڭ بايىنىڭ 7 ـ سى رابىيە قادىر»، «خىتايدىكى ئەڭ باي ئايال ـ رابىيە قادىر» دېگەن باھالار بېرىلگەن ئىدى. مانا بۇلار ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ۋە سىدىقھاجى روزىغا ۋىزا بېرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىللەر ئىدى.

رابىيە قادىر 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېرى سىدىقھاجىنى خىتاينىڭ تۆمۈر قەپىسى ئىچىدىن ھېچكىمگە سەزدۈرمەي، ساق ـ سالامەت ئامېرىكىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سىدىقھاجىنىڭ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن يوشۇرۇن پاسپورت ئىشلەپ بەرگەن بېيجىڭلىق خىتاي گو باۋجىڭ پاش بولۇپ، خىزمىتىدىن ھەيدىلىپ قولغا ئېلىندى.

رابىيە قادىر ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، ئايدا مىڭ دوللار ئۆي ئىجارىسى تۆلەپ، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە ئەرەبىستانلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۆگىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان رابىيە قادىر ۋە سىدىقھاجى روزىلار، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ، تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. رابىيە توپلانغان ئۇيغۇرلارغا سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدى. رابىيە ئۆزىنى تۇغما ئىنقىلابچى دەپ تونۇشتۇرغان بىرسىنىڭ «ئەرەبىستاندىن پۇل كەلسە، مائاشىمنى ئالسام، ئانچە ـ مۇنچە نامايىش قىلىپ قويسام بولدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بەكمۇ غەزەپلەندى.

چەت ئەللەردە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى پۇل تېپىپ خەجلەيدىغان دەسمايىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، بىرى ئەرەبىستان سىزىپ قويغان سىزىقتىن چىقمىغان، بىرى تۈركىيىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ مىدىرلىماي ياتقان، يەنە بىرى تەيۋەن قاياققا ماڭ دېسە شۇ ياققا كېتىۋاتقان، نەگىلا بارسا ساختىپەز ئىنقىلابچىلار شەھەر سوراۋاتقان. ۋەتەندىن چىققان ساپ ۋىجدانلىق ياشلارنى چەتكە قېقىۋاتقان بۇ خىل قاتمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىزدىنىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان رابىيە، سىدىقهاجى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىدا بىر ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆپ يول ماڭدى. ئۇلار تەشكىلىي پائالىيەتلەر ھەققىدە بىرسىگە مەسلىھەت سېلىۋېدى، 30 مىڭ دوللار ھەق سورىدى. پۇلنى ئېلىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا چېپىپ قويۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پۇل تۈگىدى، دەپ قاراپ تۇردى، ئارقىدىنلا يەنە 60 مىڭ دوللار سورىدى، رابىيە چىدىمىدى.

رابىيە قادىر خېلى يول مېڭىپ يۈرۈپ، 1996ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئامېرىكا پارلامېنت ئەزاسى كىرىستوفىر سېمت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىنى شىكايەت قىلىۋېدى، ئۇنىڭ ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. رابىيە ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ، بۆلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۆزىنى پارلامېنت ئىشخانىسىنىڭ پەلەمپىيىگە تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. رابىيە ئۇنلۇك ئاۋازدا «ئامېرىكا ۋەتىنىمنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ياردەم بەرمىسە، مەن ئۆلۈشكە رازى» دەپ تۇۋلىدى ھەمدە تەرجىمانغا مۇراجىئەت قىلدى.

خىتاي بويىچە ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ بىرى، مىليونېر ئۇيغۇر ئايال،

ھەممە كىشى بېشىدا كۆتۈرۈۋاتقان باي، تيەنئەنمېن راۋاقلىرىغا پىسەنت قىلمىغان، غۇرۇرى ئاسمان پەلەكتىكى مەغرۇر رابىيە، بۈگۈن ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلماقتا ئىدى.

نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن؟

ئۇنىڭ نالىسى، ئۇنىڭ يىغىسى، ئۇنىڭ پەريادى، ئۇنىڭ ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ پەلەمپەيلىرىنى بويلاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشى، مالائىكە ـ پەرىزاتلارنىڭ نەزىرىگە نائىل بولدى، دېمەك ئاللانىڭ دەرگاھىغا يەتتى....

بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە، قاراپ تۇرغان ئىنسانىنىڭ قەلبىدە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى، باغرى تاش ئادەممۇ مالائىكىلەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن يۇمشاپ كېتەتتى. رابىيە شۇ تاپتا ئۆزىنى خورلۇق پەلەمپىيىگە تاشلىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىقنىڭ يۈرىكىگە بېسىپ كىرىۋاتاتتى.

كېيىن بۇنى ئاڭلىغان بەزى بىغەرەزلەر، خۇددى غۇرۇرى باردەك «غۇرۇرىمىز تۆكۈلۈپ كەتتى» دەپ ۋايساپ، نومۇس قىلىپ كەتكەنىمىش.

رابىيە ھەر بىر قەدىمىدە بىر ئەقىل تېپىۋاتاتتى. ئۇ، ئامېرىكىنى دۇنيادا ھۆركىرىتىۋاتقان ئامېرىكا دوللىرى ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا ئىقتىساد، سەرمايىسىز ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن بەدەل تۆلەش لازىملىقىنى، خىتاينىڭ سىياسىي كېڭەش سەھنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى ئويغىتىش، خىتايلارغا تەسىر كۆرسىتىش، مىلياردلاپ پۇل تېپىپ، ئاندىن ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشتەك مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ھەر قانداق خېيىم ـ خەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ۋەتەنگە قايتتى.

خىتايلار ئالدى بىلەن، رابىيەنى چاندۇرماي قاتتىق نازارەت قىلدى، سوراقلار سورىدى. رابىيە سوراقلارغا تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىپ قۇيرۇق تۇتقۇزمىدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى، رابىيە كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە چىقتى، قاراملىق بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلىرىغا پۇل بەردى، ئەقىل بەردى. سىياسىي پائالىيەتلەرگە، يىغىنلارغا يوشۇرۇن قاتناشتى. ئەمما هازىرغىچە هېچكىم ئۇنى ساتمىدى، چىقىشتۇرمىدى، هەتتا چەت ئەللەردىكى خىتاي جاسۇسى نامىنى ئالغانلىرىمۇ بىلدىغانلىرىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى رابىيەنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان سېھرىي كۈچ هەمدە خىتايغا سېتىلغان بۇ جاسۇسنىڭ ۋەتەن ئازادلىقىغا بولغان زەررىچە تاتلىق ئارزۇسى، ئۇنىڭ رابىيەنى سېتىۋېتىشىگە يول قويمايتتى. شۇڭلاشقا رابىيە هەر جايدا مەغرۇرلۇق بىلەن:

ـ مېنىڭ ئۇيغۇرۇمدىن جاسۇس، خائىن، ساتقىن چىقمايدۇ، ـ دەپ جاكارلايتتى.

## خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆهبەتلەر

ئۇيغۇرلاردا «پۇلۇڭ بولسا جاڭگالدىمۇ شورپا تېپىلىدۇ» دېگەن ماقال بار. رابىيە قادىر خىتاي بويىچە داڭلىق مىليونېرغا ئايلانغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىكى قىزىل دەرۋازىلار، سۇرلۇك توسۇقلار ۋە سىرلىق ئىشىكلەرنىڭ هەممىسى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ سىياسىي كېڭەش، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى هوقۇق، ئەمەللىرى هەمدە مال ـ دۇنياسى هەر قانداق توسالغۇلارنى ئىككى ياققا قايرىپ

قويۇپ، ئۆنىڭ يولىنى داغدام قىلاتتى. مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونغىچە، جاڭ زېمىن، لى پىڭ، خۇ جىنتاۋدىن تارتىپ سەيپىدىن، ئىسمائىل، ئابلەتلەرگىچە ھەممىسى رابىيەنىڭ ئادەتتىكى مۇئامىلە قىلىشىدىغان كىشىلىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۆرۈمچىدە بولسا، رەئىسلەر قورۇسى دەپ ئاتىلىدىغان، قاتمۇ ـ قات ھەربىيلەر پوستتا تۇرۇپ قوغدايدىغان، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، ئەمەلدارلار قورۇسىدىكى ھەر قانداق ئەمەلدار رابىيە قادىرسىز مېھمان چاقىرمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. رابىيە ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلاتتى ـ دە، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالاتتى. دەسلەپ رابىيە قادىرغا تۇسالغۇ بولۇپ ياكى ماي تارتىپ يۈرگەن ئەمەلدارلار، مەسىلەن، بانكا باشلىقى، باج ئىدارىسى باشلىقى ۋە بىخەتەرلىك نازارىتى نازىرى دېگەندەكلەر، رابىيەنىڭ ئۆيىدە بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا رابىيەنىڭ مېھمىنىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

ئەمەلدارلار تەستىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت توردىن باشقا نەرسە ئاقمايدىغان خىتاي جەمئىيىتىدە بۇ خىل دىپلوماتىيە، بىرەر ئىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئۈچۈنمۇ، پۇل ـ بايلىق تېپىش ئۈچۈنمۇ بەكمۇ زۆرۈر چارە ـ تەدبىرلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمما خېلى ـ خېلى ئىمكانى ۋە ئەقلى بار تەدبىرلىكلەرمۇ بۇ ئۆتكەللەرنىڭ ھەممىسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى «ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئادەم تونۇمايدىغان» پىسخىكا بىلەن تەربىيىلەنگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى گېزى كەلگەندە، بىر مىنۇتتىلا يۈزىنى ئۆرۈپ، دۈشمەنگە ئايلىنىۋالاتتى. رابىيە قادىر بۇ خىل دىپلوماتىيىدە ئەڭ ئۈزۈپ چىققانلاردىن ھېسابلىناتتى.

رابىيە ئىشلىرى تېخى روناق تاپمىغان بىر چاغدا، ھەممە پۇلنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، خىتاي شەھەرلىرىدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندە، ئېغىر ئاياق بولۇپ، ئاغرىپ قىلىپ 3 ـ دوختۇرخانىغا داۋالانغىلى كىردى. پاتەم دوختۇر ئۇنى ئەستايىدىل داۋالاپ، بىر كۈنى يەنە مۇنچىدا پاكىز يۇيۇپ قويدى. بۇ يېشىغىچە، بېشىغا كۈن چۈشكەندە مۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقنى كۆرۈپ باقمىغان رابىيە قاتتىق تەسىرلىنىپ:

ـ رەھمەت پاتەم دوختۇر، مەن سىزگە دۇئا قىلاي، ئىلاھىم ئېرىڭىز مۇمەممەت زۇنۇن نازىر بولۇپ ئۆسسۇن، ـ دېدى.

ـ تولا زاڭلىق قىلماڭ، ئۇنىڭغا نازىرلىق نەدە چۈشۈپ قاپتۇ، ـ دېدى پاتەم دوختۇر نارازى بولۇپ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەۋاتقان مۇمەممەت زۇنۇن پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە مۇئاۋىن باشلىق، كېيىن، مەدەنىيەت نازارىتىگە نازىر بولۇپ تەيىنلەندى.

يەنە بىر قېتىم بىر چايدا، رابىيە قادىر پىلان كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ خوتۇنى گۈلبوستانغا:

ـ سىنىڭ ئېرىڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئورنىغا رەئىس بولۇپ ئۆسىدۇ، قاراپ تۇر، ـ دېدى

ـ ئابلەت كىچىك ئەمەلدار تۇرسا، مۇمكىن ئەمەس، ـ دېدى گۈلبوستان رابىيەنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

ـ ئۆتۈشەمدۇق؟ ـ رابىيەنىڭ شەرتى بىلەن، ئۇلار بىر پارچە چوڭ گىلەمدىن ئۆتۈشتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇئاۋىن، ئارقىدىنلا رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى.

تېخمۇ قىزىقارلىقى، رابىيە قادىر بىر قېتىم بېيجىڭدىكى

سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا، خۇ جىنتاۋ بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ بىللە تاماق يېدى. خۇ جىنتاۋ ئادەتتە ئۇيغۇر ۋە تىبەت ۋەكىللىرىنىڭ ئارىسىغا كۆپ كىرىۋالاتتى. شۇ كۈنى رابىيە ئۇنىڭ ئالدىنىغا قاراپ پال ئاچتى ۋە قەستەن:

_ خۇ جىنتاۋ ئەپەندىم، سىز كۆپ ئۆتمەستىن پۈتۈن خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى بولىدىكەنسىز، ـ دېدى. خۇ جىنتاۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى، ئەمما ئىچىدىكى شادلىقنى يوشۇرالماستىن، ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، رەئىس بولسام سىزنى قوللايمەن، ـ دېدى. رابىيە دەرھال:

_ خۇ جىنتاۋ ئەپەندىم، بىرىنچى باشلىق بولسىڭىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا بېرەمسىز، ـ دەپ سورىدى. خۇ جىنتاۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۈچۈپ كەتتى، ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر نەزەر سېلىۋېتىپ:

_ رابىيە خانىم، سىز بەك قورقۇنچلۇق گەپ قىلىدىكەنسىز، دىققەت قىلىڭ. ئىشقىلىپ بىرىنچى باشلىق بولسام، سىلەرگە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە توغرا كەلسە، ھوقۇقىڭلارنىمۇ بېرىمەن، ـ دېدى.

بەزى تاسادىپىي ھادىسىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. رابىيە جاڭ زېمىن تەختكە چىققان چاغدا ئۇنىڭ:

_ رابىيە خانىم، مەيدىڭىزدىكى يوغان ئالتۇن گۈل راستمۇ ـ يالغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغان سوئالىغا دەرھال چاقچاققا يۆلەپ:

_ سىزنىڭ ئىسلاھاتىڭىز، ئېچىۋېتىش سىياستىڭىز راست بولسا، بۇ گۈلمۇ راست، ـ دەپ قۇيۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولغا ئېلىنىپ كەتتى. 6 يىلغىچە تۈرمىدە ياتتى. ئەمما رابىيە، خۇ جىنتاۋ تەختكە

چىقىشى بىلەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن تۈرمىدىن چىقتى، ئامېرىكىغا كېلەلىدى. تۈرمىدىكى ۋاقتىدىمۇ خۇ جىنتاۋنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى پاش قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدى.

رابىيە بۇ ھادىسىلەرنىڭ تاسادىپىيلىقىنى ياكى خۇ جىنتاۋنىڭ گېپىدە تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدى، ئەمما كەلگۈسىدە خۇ جىنتاۋغا بىر پارچە خەت يېزىپ:

_ خۇ ئەپەندىم، گېپىڭىزدە تۇرسىڭىز، قولىڭىزدا ھوقۇقىنىڭ باردا، گورباچىيىف تەك بىر مەردلىك قىلىپ بېقىڭ، ئەسكەرلىرىڭىزنى ئاستا - ئاستا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مۇستەقىللىقىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، - دېيىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

«يېغى كەلسە ياندىن، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك، پاش قىلىش ئىشى ئايىم ئەزىزىدىن باشلاندى. ئايىم ئەزىزى ئۇرۇمچىدىكى ئايالللار پائالىيەتچىسى دىلدار خانىمغا مۇنداق خەت يېزىپتۇ:

«سالام دىلدار، رابىيە قادىر بېيجىڭغا كېلىپ، ئۆيۈمدە ئىككى ھەپتە تۇردى. بۇ جەرياندا سەيپىدىندىن ۋە مەندىن ئائىلىمىزگە ۋە چوڭ ئىشلارغا ئائىت نۇرغۇن ئىچكى سىرلىرىمىزنى بىلىپ بولدى ھەمدە بۇ سىرلىرىمىزنى ئېلىپ، ئېرى سىدىقھاجى بىلەن بىللە ئامېرىكىغا كېتىپتۇ. ئەمدى بىزنى تۈگەشتۈرىدىغان بولدى. مەن بۇرۇن چۆچەكتىكى ۋاقتىمدا، ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان سۇمرۇغنىڭ ئۈستىدىن ئەھمەت ئەپەندى چۈشۈپ كېتىپ، ئورنىغا سەيپىدىنىڭ ئولتۇرۇپ ئۇچقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەمدى بۇگۈن چۈشۈمدە، يەنە

شۇ سۇمرۇغدىن سەيپىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، ئورنىغا رابىيە قادىر ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتىمەن... مەن بۇ رابىيەنى قولغا ئالغۇزۇۋەتمىسەم بولمايدۇ......»

رابىيە قادىر بۇ خەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ياخشى ساقلاپ قويدى.

شۇ چاغدا، رابىيە قادىر بېيجىڭغا كېلىپ، ئايىم ئەزىزنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ھەمدە 15 كۈندەك بىللە بولۇپ سىرداشقىنى راست ئىدى. رابىيە گەپ - سۆز ئارىلىقىدا، ۋەتەندىكى زىيالىيلار بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنى سەيپىدىندىن سوراپ بىلىۋالاتتى. سەيپىدىن ئەزىزى بىر قېتىم رابىيە قادىرنىڭ:

_ ۋاڭ ئىنماۋ نېمىشقا سىز بىلەن قېرىشىدۇ؟ - دېگەن سوئالىغا جاۋابەن:

_ ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي ئىككىسى 1949 - يىلى شىنجاڭغا ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزىدىغان چاغدا «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، بەش يىلغىچە قايتىپ چىقىپ كېتىمىز» دېگەن ۋەدىنى بېرىپ، كېلىشىمنامە تۈزگەن ئىدۇق، كېلىشىمنامىگە خىتاي تەرەپتىن ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپتىن مەن ۋە مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف قول قويغان ئىدۇق. بۇ ھۆججەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى مەن ساقلاۋاتاتتىم. ۋاڭ ئىنماۋ ئاشۇ ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئاخىرى مەركەزدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، مېنى تۇتۇپ، ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ، ھۆججەتنى تاپالمىغاندىن كېيىن، چاندۇرماستىن مېنى بېيجىڭغا ئەكېلىپ قويدى، - دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. رابىيە قادىر بولسا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ:

_ شۇ ھۆججەتنى ماڭا بېرىڭ، مەن ئەڭ ياخشى ۋە ئىشەنچلىك جايدا ساقلايمەن، ـ دېگىنىدە، سەيپىدىن كېلىشىمنامە بىلەن بىللە يەنە مۇھىم بەش پارچە ھۆججەتنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچلىك يەردە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا كاللىسى كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ يەنە ئۆيى ئاختۇرۇلغاندا ئېلىپ كېتىلگەن ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى جۇ ئېنلەي شەخسەن ئۆزى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە نەگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

رابىيە قادىر يەنە:

_ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ سۇيىقەستلىك پىلان بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى راستمۇ؟ ھەممە كىشى سىزنى ئالدىن خەۋەردار ئىدى، دەيدىغۇ؟ـ دەپ سورىغىنىدا، سەيپىدىن:

_ بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى رۇسلار بىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار خىتايلار بىلەن بىللە پىلانلىغان. مەن ۋەقەدىن ئىلگىرى ئازراق شەپىسىنى ئۇققان ئىدىم. لېكىن ئۇنداق ۋەھشىي بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

رابىيە قادىر، ئايىم ئەزىزى بىلەن مۇڭداشقىنىدا، ئۇ ماھىنۇر خانىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ:

_ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ چوڭ خوتۇنى، داڭدار باي، پانتۈركىست بىرسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق ۋە مىللەتچى بولۇپ، ئەخمەت ئەپەندىگە مۇستەقىللىق توغرىسىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. رۇسلار بۇنى بىلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىنى «بىخەتەرلىك مەسلىسى» دەپ سوۋېتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ماھىنۇرنى زورلاپ ئېلىپ بەرگەن. چوڭ خوتۇنى ئاخىرغىچە ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىدى، ـ دېگەن ئىدى.

رابىيە قادىر سەيپىدىن، ئايىملار بىلەن بولغان سۆھبەتلەرنى ئاساسەن يوشۇرۇن ئاۋاز لېنتىسىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئايىم ئەزىزى شۇڭلاشقا بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدى.

رابىيە قادىر بىر كۈنى، بېيجىڭدا ئىسمائىل ئەھمەدكە شۇنداق دېدى:

_ ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىم، ئۆزلىرى بېيجىڭدا پادىشاھقا يېقىن يەردە تۇرىدىلا، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا، سىلى بىر ھەرىكەت قىلىپ باقسىلا بوپتىكەن، خەلق شۇنداق ئۈمىد كۈتىدۇ سىلىدىن.

ئىسمائىل ئەھمەد سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ:

_ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، سىلەرگە ئوخشاش، ئاشكارا ـ يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، يەنە بىرى، بىزگە ئوخشاش ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئاز ـ تولا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش. مەن بۇ يەردە تۇرۇپ، خوتەننىڭ مائارىپىغا، جەنۇبنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا، نامراتلارنىڭ ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل ھەل قىلىپ بېرىمەن. بىزدىن ئېلىپ كېتىۋاتقان بايلىقلاردىن، خام ئەشيالاردىن، ھەر قايسى مىنىستىرلىقلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، بىر ـ ئىككى پىرسەنت بولسىمۇ بېرىڭلار دېسەم، يۈز ـ خاتىرەمنى قىلىپ بوپتۇ، دەۋېتىدۇ. قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇكەن، ئەمما كۆرۈپ تۇرسىلا، مەندىن كېيىنكىلىرى شۇنىمۇ قىلالمايدۇ، ـ دېگەن ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ ئوخشاش مەزمۇندىكى سوئالىغا تۆمۈر داۋامەتمۇ ئوخشاشلا:

_ قانداقلا بولمىسۇن، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ خائىن دېگەن تىلىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بېسىمىغا چىداپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلدىم. قاراپ تۇرسىلا، مەندىن كېيىن چىقىدىغانلىرى مەندىن بەتتەررەك بولۇپ چىقىدۇ، ـ دېگەن ئىدى.

ھەتتا بىر قېتىم ماھىنۇر خانىمۇ رابىيىگە يىغلاپ تۇرۇپ:

_ ئەخمەدنى بۇلار يەپ كەتتى، بەش يىلدا كېتىمىز دەپ گېپىدە تۇرمىدى، ئەمدى مەن سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا ماسلىشىپ، ئەخمەدنىڭ ئىككى بالىسىنى ئىز باسار قىلىپ قاتارغا قوشمىسام بولمايدۇ. شۇڭا سېنىڭ راست دېمەكتىن باشقا چارەم يوق. ھوقۇقۇڭ بولمىسا سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ، ـ دېگەن ئىدى. رابىيە ئۇيغۇرلار غالچا دەپ نەپرەتلىنىۋاتقان بۇ بىر قاتار ئەمەلدارلارنىڭ زەنجىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

راست، كېيىن چىققان ھوقۇقدار ئۇيغۇرلار قىپقىزىل يالاقچىلىقتىن باشقا ھېچنېمىگە يارىمىدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت دېگىنى تىللىسىمۇ، خارلىسىمۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ »ئابلەت ئوماق« لەقىمىنى ئېلىپ بېيجىڭغىچە ئۆستى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجىدا مىڭلىغان ياشلار نامايىش قىلىپ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى تىنچ شەكىلدە ئىپادىلىدى. ھامىدىن نىياز، مەمتىمىن زاكىر دېگەنلەر دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بۆكىنى ئەپكەل دېسە، ئۇلار بېشىنى كېسىپ ئەپكەلدى. ساقچىلار شۇلارنىڭ نامايىشنى قانلىق باستۇرۇش بۇيرۇقى بىلەن، مىڭلارچە ئۇيغۇر ياشنى قاتتىق سوغۇقتا تەنتەربىيە مەيدانىغا سولاپ قويۇپ، شىلانكىدا مۇزدەك سوغۇق سۇ چېچىپ، تاڭ ئاتقىچە بىر مۇنچە ياشلارنى توڭلىتىپ ئۆلتۈردى. بىگۇناھ ياشلارنى ئۇچرىغان جايدا

ئاتتى. ئائىلىلەرگە بېسىپ كىرىپ ئاقتۇرۇپ ئوققا تۇتتى. مۇناسىۋەتسىز هالدا، ئەسلىدىكى تىزىملىكى بويىچە نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر ياش قولغا ئېلىندى. بىر مۇنچىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئۆتىمەستىن، ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. مىڭلارچە ياشلار خىتاي ئۆلكىلىرىگە، چەت ئەللەرگە قېچىپ چىقتى ۋە تېررورچى دەپ يەنە تۇتقۇن قىلىندى. بۇنى ئاز دەپ، غۇلجا ئەتراپىدا ۋاكسىنا مىكروبىنى سىناق قىلىش باهانىسىدە، 10 يىلدىن كېيىن ياشلار قاتارىغا قوشۇلىدىغان 10 مىڭدەك ئۆسمۈرنى، 10 نەچچە مەكتەپتە بىراقلا زەهەرلىدى. مەمتىمىن زاكىر دېگىنى تەپتارتماستىن:

_ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا زۇكامدىن ساقلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرغان ئىدۇق، ئوكۇل خاتا سېلىنىپ قاپتۇ، ـ دەپ ئۆلگەن بالىلارنىڭ ئائىلىسىگە 2 ـ 3 مىڭ سوم پۇل بېرىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ بېسىقتۇرۇۋەتتى. خەلقنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولغان، قان قەرزىگە بوغۇلغان بۇ ئەمەلدارلار «هارامدىن نىياز»، «مەمتىمىن مۇزاكىر» دېگەندەك لەقەملەرگە ئىگە بولدى.

مانا ئەمدى، ئىسمائىل بۇلىۋالدى، ۋاڭ بەكرى دېگەندەكلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېلىنىمۇ، گېلىنىمۇ، هەتتا تىلىنىمۇ بوغۇپ، هۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بوغۇزلايدىغان قويدەك تەييارلاپ تاشلاپ بەرمەكتە....

رابىيە چوڭقۇر خىياللار ئىچىدىن، ئۇھ تارتىۋېتىپ ئېسىگە كەلدى.

## چوڭ ئىشلارنىڭ مەخپىي پىلانى

سىدىقھاجى روزى ۋاشىنگتوندا يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە باغلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى.

1996 ـ يىلى خىتاي دېموكراتچىلىرىدىن ۋۇ خۇڭدا تەخەللۇسى بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرمە جازا لاگېرلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ تونۇلغان خەي رۆيۋۇ ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىدە مەخپىي ماتېرىيال توپلاپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن چىقىپلا، ئامېرىكىغا كېلىپ، دۇنيا بانكىسىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىنشائاتى ئۈچۈن بەرگەن قەرز پۇلىنى بىختۇەن ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىتىۋالغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى تەشكىللەپ، ئىسپات ھۆججەت ۋە گۇۋاھچىلارنى تولۇقلاش مەقسىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى دۇنيادىكى پائالىيەتلىرى بىر ئاز جانلىق قانات يېيىۋاتقان ئىستانبۇلغا كەلدى. ئابدۇلھېكىم باقى ئارقىلىق ئىككى سائەتلىك ۋىدىئو ماتېرىيالىنى سىنئالغۇغا ئالدى. ئابدۇلھېكىم باقى 1996 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون يىلنامىسىدىن ھازىرلىغان، ۋاڭ ئىنماۋنىڭ بىختۇەن دېۋىزىيە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنى ھەر قايسى دېۋىزىيىلەرگە قانچە مىليون دوللاردىن بۆلۈپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى سۆزى بىلەن دۇنيا بانكىسىنىڭ پۇلىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالغان بىختۇەن پولكلىرىنىڭ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى تەرىپىدىن جازالانغانلىقىغا دائىر ھۆججەتنى ھازىرلاپ بەردى ھەمدە ۋاشىنگتوندىكى يىغىندا گۇۋاھلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى.

بۇ يىغىنغا پەرھات يورۇڭقاش قاتناشتى. كېيىن، سىدىقهاجى بىڭتۆەن توغرىسىدا 15 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ بەردى، ئەمما ئۆزى يىغىنغا قاتناشمىدى.

ۋۇ خۇڭدانىڭ ۋاشىنگتوندىكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا نۇرغۇن ساناتورلار، پارلامېنت ئەزالىرى قاتناشتى. پەرھات يورۇڭقاشنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكا كونگرېسىدە سۆزلىگەن پاكىتلىق ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى ئۇلارنى قايىل قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنيا بانكىسى خىتايغا بېرىلىدىغان ياردەم قەرز پۇلىنى توڭلاتتى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ كىتابخانا تەتقىقاتچىسى كەررىي دومباخ خانىم ۋاشىنگتوندىكى كونگرېس زالىدا، كونگرېس ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. بۇ ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئىدى. دېمەك، رابىيە قادىرنىڭ 4 ئاي ئىلگىرى پارلامېنت ئەزاسى كرىستوفىر سېمىتنىڭ ئىشخانىسىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدىكى نالىسى مېۋە بېرىشكە باشلىغان ئىدى.

بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلاردىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەملەردىن ھۈسەيىن قارى ۋە ئابدۇقادىر تۈركىستانى ئىككىسى، ۋەتەن دەۋاسىنى ئامېرىكىدا كۈچەيتىش مەقسىتىدە بىر مۇنچە پۇلنى ئېلىپ، ۋاشىنگتونغا كەلدى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق مىللىي مەركىزى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئىشخانا ئېچىپ، ئەنۋەر يۈسۈپنى مەسئۇل قىلىپ ئولتۇرغۇزدى.

ئامېرىكىغا دەسلەپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن، غولامىدىن پاختا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى» نى قۇرغانلىقىنى

ئېلان قىلدى.

دېمەك ئامېرىكىدا، بولۇپمۇ ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. بۇ تەشكىلاتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە مەسلىھەت بېرىپ، يول كۆرسىتىپ ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ھازىرلاپ بېرىۋاتقان سىدىقھاجى روزى، بىر كۈنى رابىيە قادىرغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رابىيە قادىر ھېچكىمگە دېمەستىنلا، بېيجىڭغا كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ، ۋاشىنگتونغا قاراپ ئۇچتى، ئۇنىڭ پاسپورتىدا ئامېرىكىنىڭ 10 يىللىق ۋىزىسى بار ئىدى. رابىيە قادىر كېلىپلا، سىدىقھاجى بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پارلامېنت ـ كونگرېس ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن دوست تېپىش مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كەررىي دومباخ خانىمنىڭ كونگرېستا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن دوكلاتى ھەم ئامېرىكا كونگرېس ئەزالىرىدا ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. رابىيە قادىر دەسلەپ كەررىي خانىم بىلەن تونۇشۇش لازىملىقىنى، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋاشىنگتون يېنىدىكى ۋىرجىنىيە شتاتىدا ئولتۇرۇشلۇق، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسىدە ئىشلىگەن، خىتاي تۈرمىلىرىدە ياتقان ئەدھەمجان ۋە تۆرەم پاشا خانىملارنىڭ ئۆيىدە، كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رابىيە خانىمنىڭ نامىدىن ھازىرلانغان بۇ زىياپەت كەررىي دومباخ ۋە ئۇنىڭ دوستى شەرىپىگە بېرىلىۋاتاتتى. يېڭى سويۇلغان پاقلان گۆشىدە تەييارلانغان

كاۋاپ ۋە مەززىلىك تائاملار مېھمانلارغا تېتىدى. رابىيە قادىر ئالدى بىلەن كەرري خانىمغا، 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن تەشەككۈر بىلدۈردى، ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە تەرجىمان ئارقىلىق، بەزىدە بىۋاستە خىتايچە سۆزلىشىپ ئەھۋاللاشتى، رابىيە ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى پاكىتلىق يوسۇندا سۆزلەپ ئۆتتى، ئۇ پىلانلىق تۇغۇت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنارلىق پاجىئەلەرنى، ئاتوم سىناقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت مەسىلىلىرىنى، ئىقتىسادىي بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان نامراتلىق ھادىسىلىرىنى، سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى باستۇرۇشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ھەمدە بۇ قېتىم ئېلىپ چىققان پاكىت ماتېرىياللار ئارقىلىق سۆزلەپ چۈشەندۈردى.

رابىيە قادىر ئەڭ يېڭى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، 1995- يىلى مايدا قارامايدا بىر كىنوخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدە مەسئۇل دائىرىلەر، ئىشكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ 400 نەپەر ئۆسمۈرنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى، شۇ يىلى 1 - ئۆكتەبىر كۈنى خەلق مەيدانىدا ئەڭ ئالدىدا پاراتتىن ئۆتۈش ھوقۇقى ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەنلىكتىن، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر مەيدانغا كىرگەندە تۇيۇقسىز گاز بالون پارتلاپ 700 ئۆسمۈرنىڭ كۆيۈشىگە سەۋەب بولغان قاتىللارنىڭ تېپىلمىغانلىقى، يەنە شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي باستۇرۇشىغا نارازى بولۇپ نامايىش قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇپ، مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى قاتارلىقلارنى مەلۇم قىلدى.

رابىيە قادىر يەنە كەرري خانىم بىلەن، ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق يولىدىكى كۈرەشلىرىنى قايسى شەكىل، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ

بارسا ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. رابىيە قادىر ئاخىرىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆچلۈك تەلىپى شەكلىدە، ئامېرىكا پارلامېنت ۋە كونگرىس ئەزالىرىنىڭ ھەمدە كەڭ مەتبۇئات مۇخبىرلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى زۇلۇملارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.

رابىيە قادىر بۇ ئىشلاردىن كېيىن، بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قېتىملىق ئېلىشىش پەيتى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يىغىندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى رەسمىي سىياسىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ، خىتاي ۋەكىللىرىنىڭ ھەمدە خىتاي خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش لازىملىقىنى، ئەگەر بۇ يولدا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە دۇچ كەلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھاياتى، جېنى ئارقىلىق خەلقئاراغا تونۇتۇش ئۈچۈن بىر پۇرسەت يارىتىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ھەمدە سىدىقھاجىنىڭ تاپىلىغانلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، يەنە ۋەتەنگە قايتتى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپلا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى قاتتىق تەقىب قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

رابىيە قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىرىپلا باشقا بىر تۇرلۇك غېرىبسىنىپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن، پادىشاھ قەسىرلىرىدەك كۆركەم، مېھرى ئىسسىق ئۆيى نېمىشقىدۇر جىمجىتلىق ئىچىدە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەتراپتا ئەل ـ جامائەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە بالىلار بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى يالغۇزلۇق ئىچىدە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۆيىگە زادىلا كىرگۈسى كەلمەيتتى، كىرسە تېزرەك چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى ـ يۇ، نەگە

بىرىشنى بىلمەيتتى. رابىيە ئاخىرى سىدىقھاجىنىڭ كىتابخانىسىنى كۆڭلى تارتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، شۇ يەرگە كىرىۋالىدىغان، ھەتتا شۇ كىتابخانىدا قونۇپ قالىدىغان بولدى، بۇ كىتابخانا سىدىقھاجىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ئورنى ـ ئىشخانىسى ئىدى، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ماقالىلىرى بۇ يەردە يېزىلاتتى، ئۇنىڭ سەپداشلىرى بۇ يەردە مۇلاھىزىلەرنى قىلىشاتتى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈردەك ئالىملار ھەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. رابىيە مانا شۇ كىتابخانىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، سىدىقھاجىنى ئەسلەيدىغان بولدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى، سىدىقھاجىسىز ئۇنىڭغا نە ھاياتنىڭ، نە تىجارەتنىڭ مەنىسى بولمايدىغانلىقىنى، قەدىناسى بىلەن ئاللىقاچان بىر جان، بىر تەن بولۇپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، بالىلارمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى، ئائىلىدىكى باياشاتچىلىق، مەمۇرچىلىقلار بالىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار ھەر دائىم كۈلمەيتتى، سۆزلىمەيتتى. ھېيت كۈنى رابىيە بالىلىرىغا ھېيتلىق سوۋغىلىرىنى بېرىش ئۈچۈن ھەممىسىنى يىغدى، ھەممىسىلا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرۈنمەيتتى، رابىيە «نېمە بولدى بالىلىرىم؟ داداڭلارغا تېلېفون ئېچىپ بېرەيمۇ؟» دېيىشىگە ئەقىدە پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى، ھەممىسى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەڭلا يىغلىشىپ كەتتى، رابىيە دەسلەپ ئۇلارنى بەزلىگەن بولسا، كېيىن ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. رابىيە چۈشەندى، بالىلار دادىسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكەن ئىدى، رابىيە بالىلىرىنى دادىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ھەممە دەرد ـ ئازابنى ئۆزى تارتىشقا رازى بولدى. شۇنداق قىلىپ تەتىل مەزگىلىدە، ئامېرىكا ۋىزىسى ئالغان بالىلىرىنى ـ ئەقىدە، خانزۆھرە، مۇستاپا، قىقىنۇسلارنى بېيجىڭدىن

ئامېرىكىغا ـ دادىسىنىڭ قېشىغا يولغا سېلىۋەتتى.

## ئۇيغۇرنىڭ قاياشى ئۇيغۇر

1996 ـ يىلى ئەتىيازدا، ختاينىڭ ئۆلكىلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئۇنىڭ بېشىدىكى ۋاڭ لېچۈەن دەرھال جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ياردەم بېرىش رەھبەرلىك ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گېزىت، ژۇرنال، تېلېۋىزورلاردا تەشۋىق قىلىپ، نەق پۇل، يېڭى كىيىم ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. ھەتتا بارلىق ئۇيغۇرلارنى سىياسىي مەيدان مەسىلىسى دەپ قورقۇتۇپ، مائاشى بارلارنىڭ مائاشىدىن نەق پۇل تۇتۇۋالدى. بۇ جەرياندا، بانكا، باج، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كادىرلىرى ئۆيمۇ ـ ئۆي، دۇكانمۇ ـ دۇكان كىرىپ سەپەرۋەر قىلىپ، پۇل يىغدى. كىيىم، يېمەك ھەتتا چارۋا ماللارنىمۇ ئېلىپ كەتتى. رابىيە قادىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، نۇرغۇن پۇل، رەخت، كىيىم ـ كېچەك توپلاپ ئىئانە قىلدى.

ئارىدىن كۆپ زامان ئۆتمەستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي ماكانلىرىدىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسى ئەتراپىدا قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى، ھېسابسىز ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى سوغۇقتا تالادا قالدى. بۇ چاغدا پارتكوم ۋە ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاشكارا ئىپادىسى كىشىلەرنى قاتتىق گۇمانغا سالدى. ئۇلار بىرىنچى بولۇپ، چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ كېلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى كۆرۈپ قىلىشىدىن قورقۇپ، ۋەقەنى دۇنيادىن يوشۇردى.

خىتاي گېزىت، تېلېۋىزورلىرىدىمۇ تەشۋىق قىلىندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھېچنېمە بولمىغاندەك جىم تۇرۇۋالدى. پەقەت، خەلق ئىشلار نازارىتىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ يۇقىرىنىڭ ئاغزاكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلۇۋاتقان كىيىملەر ئارىسىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن كونا، كېرەكسىزلىرىنى پەيزاۋاتقا ئەۋەتىش ئۈچۈن قەغەز يەشكىلەرگە قاچىلاۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. بەزى شەھەرلەر، ئىدارە، ئورگان، زاۋۇتلار ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ، پۇل ۋە كىيىم توپلاپ پەيزاۋاتقا يوللىغان بولسىمۇ، ۋاڭ لېچۈەن باشچىلىقىدىكى ياردەم ئىشخانىسى نەق پۇل ۋە يېڭى كىيىملەرنى خىتايغا ئەۋەتىش خىزمىتىنى جىددىي تۇتۇپ داۋاملاشتۇرۇۋەردى. كونىلىرىنى پەيزاۋاتقا يوللاش ئىشىنىمۇ تەڭلا ئېلىپ باردى. پارتكومنىڭ بۇ خىل يالىڭاچ تەڭسىز مۇئامىلىسى ۋە خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقى، ھەتتا رەئىس ۋە مۇئاۋىنلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسىمۇ، ھېچ كىشى ئاشكارا ۋە دادىللىق بىلەن قارشى پىكىر قىلالمىدى.

دەل شۇ پەيتتە، رابىيە قادىر خىتاي دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاياللار بىرلەشمىسى ھەمدە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنى قالقان قىلىپ مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ «رابىيە قادىر سودا سارىيىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئاپەت رايونىدىكى قېرىنداشلىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكى» تەشكىل قىلىپ، ئۆزى ئالدى بىلەن **100** مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلدى. گېزىت، ژۇرنال، تېلېۋىزورلاردا دەرھال ئاشكارا تەشۋىق قىلىپ، پارتكومنىڭ «بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش» دېگەن ساختا بەلگىلىمىسىگە ئوچۇق

قارشى چىقتى. ئۇنىڭ يالغانلىقىنى پاش قىلدى. بۇ كۈنلەر ھېيت ھارپىسى بولۇپ، تىجارەتچىلەر بەس ـ بەس بىلەن ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى، پۇل، مال، كىيىم، ئۇن، گۈرۈچ، ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئىئانە قىلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇردى. پارتكومنىڭ ئىئانە توپلاش ئىشخانىسىدىكىلەر بۇنى كۆرۈپ، نەق مەيدانغا قىزىل لەۋھە ئېسىلغان ھۆكۈمەت ئىئانە توپلاش ئاپتوموبىلىنى ئەۋەتىپ، ئىئانە قىلغۇچىلارغا پۇل، ماللىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش ھەققىدە زورلۇق قىلدى. رابىيە دادىللىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ مېنىڭ خەلقىمنىڭ ساخاۋەتپەرۋەرلىكىنى كۆرۈپ قىزغىنىۋاتامسىلەر، مەن ھۆكۈمەتكە قەرزدار ئەمەس، ئائىلەمگە، مىللىتىمگە قەرزدار، ئوتتۇرىدا ئويۇن ئوينايدىغانلارغا ھېچنېمە بەرمەيمەن، خەلقىمنىمۇ بەرگۈزمەيمەن. بىز توپلىغانلىرىمىزنى ھېيتتىن ئاۋۋال، ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرىمىز، ـ دېدى. پارتكوم ئەۋەتكەن ئىئانە توپلاش ئاپتوموبىلى كەچ كىرگىچە كۈتكەن بولسىمۇ، بىرسى تاشلاپ قويغان كونا بىر خۇرۇم چاپاندىن باشقا ھېچ نەرسە توپلىيالمىدى. ئۇلار خەلقنىڭ بېرىدىغان كىشىگە ئايىماي بېرىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتكە ئەمەس، رابىيىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇرۇق قول قايتىشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە، 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن نەق پۇل، 27 ئاپتوموبىلغا قاچىلانغان ياردەم بۇيۇملىرى ھازىرلاندى. «ئاپەت رايونىدىكى قېرىنداشلارغا سالام!»، «قۇربان ھېيتىڭلار مۇبارەك بولسۇن!»، «خەلق سىلەرنى ئۇنتۇمايدۇ!» دېگەن لەۋھە، لوزۇنكىلار ئېسىلغان 27 ئاپتوموبىل ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا داقا ـ

دۇمباق، ناغرا، سۇناي ئاۋازىنى ياڭرىتىپ يولغا چىققاندا، پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ، رابىيە قادىر، مۇھەممەد ئېلى ھاجىم ۋە رامىلەلەرنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆملۈكىنى، ئىنسانىي پەزىلىتىنى، مەرد ـ سېخىيلىقىنى نامايان قىلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن كىملەرنىڭدۇر ئوغىسىنى قايىنىتىۋاتقان ئىدى. بېشىدا رابىيە بولمىغىنىدا، ئالىلقاچان ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ «بىر تۇتاش باشقۇرۇپ «ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئويلىغان ۋاڭ لېچۈەن ئەمدى ئۇخلىيالماي قالغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەم ئاپتوموبىلى يول بويى ئۆچرىغان شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردا تەشۋىقات قىلمىغان بولسىمۇ، خەلق ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ، ياردەم بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ، يەنە ئىككى ئاپتوموبىل مال قوشۇلدى. رابىيەنىڭ ياردەم قوشۇنى پەيزاۋاتقا كەلگەندە يەنە توسالغۇغا ئۇچرىدى. يەرلىك ئەمەلدارلار يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ياردەم پۇلى ۋە ياردەم بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تۇتاش تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەر بولسا، بەزى ئاچكۆز ئەمەلدارلارنىڭ ھەر دائىم ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى جىملا يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ياردەم بۇيۇملىرىنى بولسا. يېڭى كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرىگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئېشىپ قالغان كونا كىيىم ۋە ۋاقتى ئۆتكەن كېرەكسىز يېمەكلەرنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە، مۇخبىرلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا تارقىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

رابىيە قادىر بىر قانچە يىلدىن بېرى، چەت ئەللەرگە، خىتاي شەھەرلىرىگە يىغىنغا، تىجارەتكە كېتىپ قىلىپ، ئائىلىسىدە بالىلىرى بىلەن بىللە ھېيت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىدى. بۇ قېتىم

ئەسلىدە سىدىقھاجىنىڭ ئىلتىماسى ۋە بالىلىرىنىڭ كۆچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، ھېيتنى پۈتۈن ئۆيدىكىلەر جەم بولۇپ بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگەن ئىدى. بىراق، رابىيە ئاپەت رايونىغا كېلىپ، نامرات، مىسكىن، بىچارە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى، ئاچ ـ يالىڭاچ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى كۆرۈپ، ھېيتتىن ئاۋۋال ئۆيىگە بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، ئالدى بىلەن شۇلارنى رازى قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ـ بۇ يىل روزى ھېيتنى ئاپەتكە ئۇچرىغان غېرىب ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمىز، ھېيتقىچە چوقۇم ھەممىسىنىڭ قولىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھرىبانلىقى مۇجەسسەملەنگەن پۇل، كىيىم ـ كېچەك، رەخت، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، گۆشلەرنى يەتكۈزىمىز، ئاچكۆز خىيانەتچىلەرنىڭ قولىنى تەگكۈزمەيمىز، ـ دېدى تولا يول مېڭىپ، پۇتلىرى ئىششىپ كېتىپ ماغدۇرى قالمىغان رابىيە، كەچتە ياتاقتا پۇتىنى داستىكى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ، ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە ئالدىراپ تىت ـ تىت بولۇۋاتقان مۇھەممەد ئېلى ھاجى ۋە راملەلەرگە قاراپ. رابىيە قادىرنىڭ بۇ خىل پىداكار روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارمۇ قايتماسلىققا نىيەت قىلدى.

ـ مەن، تۇغۇلغان چېغىمدىلا مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان ئىكەنمەن، شۇڭا مېنىڭ بارلىقىم، ئائىلەمگە، بالىلىرىمغا ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ، بۇ يەردە ئۆي ـ ماكانسىز، كىيىم ـ كېچەكسىز، يېمەك ـ ئىچمەكسىز قالغان نارەسىدىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بالىلىرىم، قاچانمۇ ئۇلارنىڭ دەردىگە تولۇق دەرمان بولغۇدەك بىر ئىش قىلىپ بېرەرمەن؟! ـ رابىيە بىر تەرەپتىن ئاللاھقا شۈكرى قىلسا. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھتىن مەدەت تىلەيتتى. رابىيە ئۆيمۇ ـ

ئۆي كىرىپ يۈرۈپ، ھالسىزلىنىپ ماغدۇرسىز قالدى. ئاخىرى يېزا، كەنت باشلىقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى بىر يەرگە توپلاپ، كوللېكتىپ ھالدا، ھەر بىرىنىڭ جان سانىغا قاراپ، بىردىن ـ بىردىن پۇل ۋە باشقا بۇيۇملارنى تارقاتقۇزدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى قاتتىق تەسىرلىنىپ، رابىيە قادىرغا ۋە ئۇرۇمچىدىكى تىجارەتچى قېرىنداشلىرىغا كۆپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئىقتىسادىي يوقسۇزلۇق ئازابىدىن خەلق شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانكى، بىر بىچارە بوۋاي، پۇل، كىيىم ۋە ئۇن، گۈرۈچلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي:

_ ياشىسۇن ماۋجۇشى! _ دەپ توۋلاپ يىغلاپ كەتتى. بىرسى بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ:

_ بوۋا ئۇنداق دېمىسىلە، يامان بولىدۇ. ماۋجۇشى دېگەنلىرى ئۆلۈپ كەتكىلى 20 يىلدەك بولدى، بۇ نەرسىلەرنى بىزگە ماۋجۇشى ئەمەس، ئۇرۇمچىدىكى تىجارەتچى قېرىنداشلىرىمىز ئەۋەتىپتۇ، رابىيە قادىر تارقىتىپ بېرىۋاتىدۇ، ـ دېدى.

يېزىلاردىكى دېھقانلارلا ئەمەس، يەرلىك كادىرلارمۇ رابىيەنىڭ ساخاۋىتىدىن، مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. موماي‌لار، ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ يىغلاشتى، پېشىنى پېشانىسىگە سۈرتۈشتى، بالىلىرىنى يېتىلەپ كېلىپ، رابىيەنىڭ كىيىملىرىنى سىلاپ، ساۋاپ ئالماقچى بولۇشتى، يىغا ـ زارە ئىچىدە ھېچكىم ئۆزىنى تۇتالمىدى. ھەقىقىي قېرىنداشلىق سۆيگۈسى ئۇلارنى مەست قىلدى. رابىيە خەلققە خىتاب قىلىپ:

_ ئەي بىچارە خەلقىم، مېنى ئۇنداق خىجىل قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، سىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەتتىن، توپا ـ چاڭدىن، يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرالمىدىم. مېنى

ئەيىبلەڭلار، مېنى تىللاڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، ـ دەپ ناله قىلدى ۋە خەلقتىن دۇئا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. توپلانغان قېرى ـ ياش ھەممىسى رابىيە قادىرنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشنى سورىدى. رابىيەنىڭ مۇڭلۇق، ئەمما تەمكىن، ياڭراق ئاۋازى مىسكىن يۈرەكلەردە جاراڭلاشقا باشلىدى:

_ ئەي بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھىم، خەلقىمگە ئەقىل، كۈچ، ئىناقلىق ئاتا قىلغايسەن. دوستىنى، دۈشمىنىنى تونۇتقايسەن. خەلقىمنى توغرا يولغا يېتەكلىگەيسەن. بىخۇدلۇقتىن ئويغاتقايسەن. زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يول كۆرسەتكەيسەن. مول بايلىققا دەسسەپ تۇرۇپ گادايغا ئايلانغان خەلقىمگە رەھىم قىلغايسەن. ئۆز رىزقىغا، ھەققىگە ئىگە قىلغايسەن، ئامىن.....

رابىيە قادىر ھېيت نامىزىدىن كېيىن ھېيتگاھقا كېلىدۇ، دېگەن خەۋەر بىر كۈن ئىلگىرى مۇخبىرلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىدى. كىشىلەر نامازدىن كېيىن تۇت تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىشىپ رابىيەنى ئىزدىمەكتە ئىدى. خەلقى ئالدىدا ئېغىر كۆپ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان رابىيە، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار:

_ ئەنە، ئەنە، ئاق تۇماقلىق رابىيە ئانىمىز كەلدى! _ دېيىشىپ، ئۇنى كۆرگىلى ئالدىرايتتى، بىر ـ بىرىنى قىستىشاتتى، بويۇنلىرىنى سوزۇشاتتى. ھاياجانلانغان ياشلار، رابىيە قادىرغا ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ، ئۇنى ئادەملەر دېڭىزى ئارىسىدىن خۇددى يەلكەندەك يېنىك سىلجىتىپ، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئادەملەر توپى ـ قارا كۆزلۈك،

قاڭشارلىق قەشقەرلىكلەر، چىرايىدىن مەردلىك، مەردانىلىك، جەسۇرلۇق، غۇرۇر نۇرى يېغىپ تۇرغان قەشقەرلىكلەر، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، چەكمەن، پەشمەتلىرىنى كىيگەن، ئەترەڭ كانىۋاي كۆينەكلىرىنىڭ قىزىل، يېشىل يىپلىق كەشتىلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان بادام دوپپىلىق، سۆسەر تۇماقلىق قەشقەرلىكلەر..... رابىيە قادىرغا تىكىلمەكتە، ئۈمىد بىلەن بېقىشماقتا، ئۇلارنىڭ بۈركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن خۇددى «بىزنى باشلا، ئوتقا كىر دېسەڭ ئوتقا، سۇغا سەكرە دېسەڭ سۇغا كىرىشكە تەييارمىز!» دېگەن سادالارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرى ئۇچقۇنلىماقتا ئىدى.

رابىيە تولۇپ - تاشقان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، مىللىي غۇرۇر، مىللىي تۇيغۇ، مىللىي ئىشەنچ دېڭىزىدا قانغۇدەك ئۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىغا سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ناغرا - سۇناي ئاۋازى بىر پەس توختاپ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممە رابىيەنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرەتتى، سۇنۇق دىللىرىغا مەلھەم بولغۇدەك، مىسكىن كۆڭۈللىرىگە ئىلھام بولغۇدەك، ھەسرەتلىك يۈرەكلىرىگە دەرمان بولغۇدەك سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

رابىيە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۈستەلدىن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ئەتراپنى مىڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى قورشاپ تۇراتتى، ئېگىز بىنالار، دۇكان - ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە پىلىموتلارنىڭ ئۇچى ھېيتگاھقا قارىتىلغان ئىدى. ھەر بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن باشلاپ، چەمبەر شەكلىدە ھېيتگاھنى قورشاپ تۇرغان خىتاي ساقچىلىرىنىڭ بىر قولىدا بەتلەنگەن ئاپتومات، يەنە بىر قولىدا ئاپشاركا ئىتلىرى خەلققە قارىتىلغان ئىدى. كۆزلىرىدىن خۇددى

كىنولاردىكى جاللاتلاردەك ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان بۇ چىرىكلەر، ھىلىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۈتۈن مەيدانغا يىغىلغان نەچچە ئونمىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ قىرىۋېتىدىغاندەك رەھىمسىز ئەلپازدا قاراپ تۇرۇشاتتى.

بۈگۈن قەشقەر شەھىرىدە ئىككى جايدا ئىككى خىل ئوخشىمىغان مەنزىرە پەيدا بولغان ئىدى. ھېيتگاھ مەسچىتى ئالدىدا ئۇيغۇر خەلقى جەم بولۇشۇپ ناماز ئوقۇۋاتقاندىن كېيىن، رابىيە قادىرغا تەلپۈنمەكتە ئىدى. يەنە بىرى، خىتايلار بېيجىڭدىن بەلگىلەپ بەرگەن قورچاق رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ئون نەچچە نەپەر خىتاي ئەمەلدارى نەچچە يۈز خىتاي ساقچى، ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، مەخپىي ھالدا قەشقەر ئايرودرومىغا قونۇپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

خىتايلار قەدىرلىگەن كىشى، قورقۇپ بۇلۇڭدا مۆكۈپ يۈرمەكتە، خەلق ئۇنى لەنەتلىمەكتە، خەلق ئۆزى سۆيگەن كىشىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلىماقتا.

_ ئەسسالام قەدىردان قېرىنداشلىرىم! ـ رابىيە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

_ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رابىيە ئانا! ـ ئەتراپتا ياڭرىغان سالام ئاۋازى يەر ـ زېمىننى تىترىتىۋەتتى. رابىيە سۆزلەۋاتاتتى، لېكىن ئۇ، كۆڭلىگە پۈككەن سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن بىر ئېغىز سۆزنى ئارتۇق قىلىپ قويسا، خەلقنىڭ كەلكۈندەك قوزغىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ بولسا قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ خەلقىگە قاراپ خىتاب قىلدى، كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياشلار تۆكۈلدى:

_ روزى ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، سىلەر يېتىشتۈرگەن

قىزىلار رابىيە سىلەرگە سالام بەرگىلى كەلدى. يەنە بىر قېتىمدا سىلەرگە چوقۇم خۇشخەۋەر ئېلىپ كېلىمەن. قېرىنداشلىرىم، ئەتراپىتىكى بىزنى قورشاپ «قوغداپ» تۇرغان ئەسكەر ـ ساقچىلارنى، ئاپتوماتلارنى، ئاپشاركىلارنى كۆردۈڭلارمۇ!؟ تارقىلىڭلار، بۈگۈن روزى ھېيت، ھەممە شادلىقتا ئۆتسۇن.

شۇ ھامان ناغرا، سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى، خەلق رىتىملىق ساماغا دەسسىدى، ئونمىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ ساماسى يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالدى. گوياكى چەكسىز ئېتىزلىقتىكى بۇغداي باشاقلىرى تەكشى سىلكىنگەندەك، بىپايان دېڭىز ئۇيۇقۇنلىرى رەت بىلەن دولقۇنلىغاندەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. رابىيەنىڭ خىياللىرى ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا كەتتى، ئۇنىڭغا، قوللىرىنى تەكشى تاشلاپ، بويۇنلىرىنى كەسكىن ئېتىپ، پۇتلىرىنى رىتىملىق ئالماشتۇرۇپ، يەرگە كۈچ بىلەن دەسسەۋاتقان ھېسابسىز كىشىلەر توپى گويا، سىپىللارنى ئۆرۈپ، چۇقان سېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوغۇزخان قوشۇنلىرىدەك، دۆلەت چېگرالىرىنى بۇزۇپ تۈزلىۋەتكەن ئاتىللا خاقاننىڭ لەشكەرلىرىدەك، ئاسىيانى تىترەتكەن يېگانە ئىمپېراتور تۇمىد ئىلتەبىر خاقاننىڭ تۆت تەرەپتە ئات ئويناتقان چەۋەندازلىرىدەك، سەددىچىندىن ئادرىئاتىك دېڭىزىغىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئىگىلىگەن پادىشاھ قۇتلۇق بىلگە خاقاننىڭ سەردارلىرىدەك، پانتىكىننىڭ، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ، سەئىد خاننىڭ، سابىت داموللامنىڭ، غېنى باتۇرنىڭ پالۋانلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «خەلق ئۈمىدكە تولغان، خەلق بىر يېتەكچىگە تەشنا، خەلق ئازادلىققا ئىنتىزار.» رابىيە قادىر ئۆزىنى قوغداپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد ئېلى ھاجى ۋە راملىلەرنىڭ ياردىمىدە، كىشىلەر توپى ئىچىدىن تەسلىكتە چىقىپ، بىر دۇكانغا كىرىۋالدى.

دۇكاننىڭ ئالدىغا رابىيەنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئولىشىۋالغان ئادەملەر كۆپلۈكىدىن، دۇكاننىڭ ئىشىكىنى چېقىۋېتىدىغاندەك قىستىلىشىپ كىرىشكە باشلىغاندا، رابىيە ئامالسىز، دۇكاننىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

_ توۋا، ـ دېدى مۇھەممەد ئېلى هاجى ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ هاياجاندا، ـ خەلقنىڭ نەزىرىدە بۇنچىلىك ئۇلۇغ ئايال ئىكەنلىكلىرىنى يانلىرىدا يۈرۈپ بىلمەپتىكەنمەن، بىر ئۆمۈر سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشقا بەل باغلىدىم، خانىم.

_ رابىيە ئاچا، ـ دېدى تېخىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرغان رامىلە، ـ سىز ئۈچۈن هاياتىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن. سىز خەلقىمىز ئۈچۈن هەقىقەتەن چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىز، كۆردىڭىز ئەنە، يۈز مىڭلىغان خەلق سىزدىن، ئازادلىق، هۆرىيەت كۈتۈۋاتىدۇ!

## مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئاقىۋىتى

رابىيە قادىر قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، %90 ئۇيغۇرنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ، يوقسۇل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، %9 ئۇيغۇرنىڭ ئاران قارنى تويغۇدەك هالغا كەلگەنلىكىنى،%1 گە يەتمەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ هۆكۈمەتنىڭ قوينىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ستاتىستىكا قىلىپ چىقتى.

رابىيە، ھەممە يەردە نامراتلىق، نادانلىق، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ هازىرقى ۋە دەسلەپكى چارىسى پەقەت مائارىپ. مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىش كېرەك، دېگەنلەرنى چوڭقۇر

ھېس قىلدى.

ئۇ بىر ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش دوكلاتىنى يوللىغان ئىدى تەستىقلانمىدى. يېتىملەر مەكتىپى ئېچىشنى پىلانلىدى يەنە بولمىدى. 9 يىللىق مەجبۇري مائارىپ بەلگىلىمىسىنى چىقىرىپ دۇنياغا داۋراڭ سالغان ھۆكۈمەتنىڭ، ئۇنى پەقەت خىتاي مەكتەپلىرىدىلا ئىجرا قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە شارائىت، ئىقتىساد دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئىجرا قىلمايۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن رابىيە، ئائىلە مائارىپىنى چىڭ تۇتۇش، ئانىلار ئارقىلىق پەرزەنتلەرنى يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جەزم قىلدى. ئانىلارنى، ئاياللارنى، باللارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن پۇل كېرەك، ئاياللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئۈلگە ـ يولباشچى كېرەك. شۇنداق قىلىپ رابىيە بىرىنچى باسقۇچتا ئانىلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، پۇل تېپىش، روناق تېپىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇشنى نىيەت قىلدى.

رابىيە قادىر «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش، يېقىنلىرىغا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق،1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سودا سارىيىنىڭ مەرىكە زالىغا 200 نەپەر ئايالنى شىركەت قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى. مۇراسىمغا مىڭدىن ئارتۇق ئايال كەلدى. 200 نەپەر ئايال قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 13 مىليون سوم دەسمايە قوشتى. ئىككىنچى قېتىملىق يىغىلىشقا كەلگەنلەر زالغا، بىناغا پاتمىدى. كەلگەنلەرنىڭ ئالدى 500 مىڭ سوم، ئاخىرى مىڭ سومغىچە پۇل قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەر قايسى ناھىيىلەردىن 9 ساندۇق توشقۇدەك خەت كەلدى. ئۇلار خېتىدە «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ ئۆز

ناھىيىلىرىدە شۆبە شىركەتلىرىنى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. ئاقسۇدىن بىر ئانا يېڭى تۇغۇلغان بالىسىغا مىڭ ئانا دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇن بىلەزۈك ۋە ئۈزۈكلىرىنى شىركەتكە ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى.

رابىيە ماقۇل دېسىلا، بىرەر ئاي ئىچىدە مىليارد سوم پۇل توپلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. پۈتۈن يۇرت بويىچە مىڭ ئانا ئەمەس، مىليون ئانا توپلانغان ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جاسارىتى بىلەن، ھۆكۈمەتكە خىرىس قىلالىغۇدەك مەبلەغ توپلىنىش، ئۇيغۇر مىللىي ئىگىلىكى تىكلىنىش ھارپىسىدا بىخ سۈرۈۋاتاتتى.

رابىيە قادىر سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ كىنىشكىسىنى ئېلىشى بىلەن تەڭ، بىخەتەرلىك ئىدارىسى خادىملىرى ھەر يەردە ئاشكارا پىتنە تارقىتىپ «رابىيىگە پۇل بەرمەڭلار، يەپ كېتىدۇ. بانكىغا قەرزى بار، قەرزىنى تۆلىۋالىدۇ» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈردى. شۇڭلاشقا رابىيە ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ھېچ كىشىدىن پۇل ئالماي تۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىگە بىر ساندۇق پۇلنى دۆۋىلەپ قويۇپ، ھەممە كىشىنى يىغلاتقۇدەك تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى، ئۇ پىتنىلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

_ بەزىلەر مېنى قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى، دېيىشىۋاتىدۇ. راست مەن قەرزدار، ھۆكۈمەتكە، شەخسلەرگە ئەمەس، ياراتقان ئىگىسىگە، خەلقىمگە قەرزدار، مەن تۇغۇلۇپلا قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغان. شۇڭا قەرزىمنى تۆلەش ئۈچۈن ئانامنىڭ قارنىدىن، ئالدىراپ 7 ئايدىلا يەرگە چۈشكەن. كىچىكىمدىنلا يۆگەپ قويسا يۆگىكىمگە پاتمايدىغان، بۆلەپ قويسا بۆشۈكۈمدە ياتمايدىغان، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ كېچە ـ كۈندۈز ئارام تاپمايدىغان قىز بولغاچقا، دادام مېنى ئەنسىرەپ

»قىزىم خىتاينىڭ شەھىرىدىن قايتىپ كېلىڭ، پۇل ئاخىرى بېشىڭىزغا چىقمىسۇن، بۇلار تارىختىن بۇيان، پۇلى بار بايلىرىمىزنى بۇلاپ كەلدى. شىڭ سىسەي دېگەن جاللات 500 مىڭ باي ئۇيغۇرنى زىندانلىرىدا مىخقا دەسسىتىپ، توك بىلەن قىيناپ، ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ، جاڭ كەيشى ئاتىسىغا سوۋغا قىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى مەنسىپىنى سېتىۋالدى. گومىنداڭ دېگىنىمۇ، گۇڭچەنداڭ ـ ۋاڭ جىن دېگىنىمۇ نەچچە يۈز مىڭ پۇلدار بايلىرىمىزنى، ئىلىم ئەھلىلىرىمىزنى، ئۆلىمالىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، بايلىقلىرىنى، يەر، يايلاق، مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، خىتايلارغا بۆلۈپ بەردى. بۇلار بايلىققا تويمايدۇ، سېنىمۇ بىر كۈنى بوش قويمايدۇ، بۇ يۈزى يوقلار.» دېگەندە مەن:

ـ كەچۈرۈڭ دادا، مەن ئاق ـ قارىنى بىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ خەلقىمگە قەرزدار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن، بۇ يولدىن يانالمايمەن، دېگىنىمدە، دادام، بوپتۇ قىزىم، قەرزىڭىزنى ئادا قىلىڭ، دەپ رۇخسەت بەرگەن. شۇڭا سىلەرمۇ مېنى قەرزىڭنى ئادا قىل دەپ ھەيدەكچىلىك قىلىڭلار، مېنى تەنقىدلەڭلار، خەلقىڭنىڭ قەرزىنى تۆلە دەپ مەجبۇرلاڭلار، قىستاڭلار...

لېكىن، ھېچ شەخسكە قەرزىم يوق، ئەگەر مەندە ئېلىشى بارلار بولسا، مانا ھازىرلا بېرىۋېتەي، قېنى سەھنىگە مەرھەمەت، ـ رابىيە ئالدىدا دۆۋىلەكلىك پۇلنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

يىغىن زالىدا ئولتۇرغانلار ھاياجان ئىچىدە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بىر ئېغىزدىن:

ـ يوق، قەرزىمىز يوق، رابىيە قادىر، نەگە باشلىسىڭىز بىز تەييار، ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا ئۆزىمىزنى ئاتىمىز، بىزمۇ ئۆز بۇرچىمىزنى تونۇپ يەتتۇق، ـ دەپ توۋلاشتى.

شۇ يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ماھىنۇر قاسىم «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ لېنتا كەستى، ناخشا، ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى.

رابىيە قادىر سەھنىدە ئولتۇرۇپ ھەم ھاياجانلىناتتى، ھەم پەخىرلىنەتتى ھەم نېمىشقىدۇر خاۋاتىرلىنەتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈنكى يىغىندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غايەت زور بىر ئويغاق كۈچىنى ئوچۇق كۆرگەن ئىدى.

يەنە كېلىپ ئۇ، بۇ كۈچنى، يوقسۇزلۇق دەردىدە، مېھنەتنىڭ ئېغىرلىقىغا چىدىماي، يەرگە باغلىنىپ قالغان، 5 بالىسىنى باقمەن دەپ قۇلغا ئايلىنىپ قالغان، ھاراقنىڭ كەيپى، تاماكىنىڭ بۇسى، مەنسەپنىڭ تەمەسىدە روھىيىتى بۇلغىنىپ بولغان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىدىن ئەمەس، بەلكى «جەننەتنىڭ بوسۇغىسىنى دەسسەپ تۇرغان»، «بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتەلەيدىغان» مىليونلىغان ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن ئېنىق كۆردى.

ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن، يېتەكلەشكە موھتاج ئىدى، يول كۆرسەتكۈچىگە تەشنا ئىدى، قىسقىسى يول باشلىغۇچىغا ئىنتىزار ئىدى!

رابىيە ئەنە شۇنداق شېرىن ئارزۇ، ئۈمىدلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان غايىۋى مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلىنىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ، يۈزى ۋىللىدە قىزاردى.

دەل شۇ پەيتتە، ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلەش، روناق تېپىش، ئويغىنىش ئىستىكىنىڭ، كەلكۈندەك دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان رىيال ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ھەممە بۇ كۈچنىڭ ھېسابسىز سەرمايىگە

ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاللىكىملەرنىڭ كۆزلىرى قىزارماقتا، يۈرەكلىرى ئېچىشماقتا، ۋۇجۇدى ئازابلانماقتا ئىدى.

دېمەك، ئانىلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش ھەرىكىتى نەچچە مىليون ئۇيغۇرغا تەسىر كۆرسەتتى. پۈتۈن زىيالىيلار، ئەدىبلەر ۋە ھەتتا مىللىي تۇيغۇسى زىل ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمۇ رابىيەنى مەدھىيىلەپ، يۇقىرى باھا بېرىشتى. گېزىت، ژۇرناللار ماقالە، خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. رادىئو، تېلېۋىزورلار توختىماي تەشۋىق قىلدى، جامائەت پىكرى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا، رابىيەنىڭ قولىدىكى سەرمايە قار دۆۋىسىدەك يوغىناپ، كىملەرنىڭدۇر ئارامىنى بۇزماقتا ئىدى.

شۇ چاغدا، تۇيۇقسىزلا سودا ـ سانائەتچىلەر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، قىزىل باشلىق مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ »مىڭ ئانا ھەمسىدارلىق شىركىتى« نى قانۇنسىز شىركەت دەپ ئېلان قىلىپ تارقىتىۋەتتى. ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ساقچىلار رابىيەنىڭ قولىدىن شىركەتنىڭ قانۇنى كىنىشكىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. بانكا ھېسابات دەپتىرىنى توختاتتى.

_ دېمەك، ئۇيغۇرغا باي بولۇشقا رۇخسەت يوق، شۇنداقمۇ؟

_ يىللاردىن باشلاپ، مىدىرلىغىلى تۇرغان خىتايلار، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى، بانكىلارنىڭ ياردىمى بىلەن، ھازىر زاۋۇت، فابرىكىلارنى سېتىۋالغۇدەك بولدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كورلىدىكى خىتاي تىجارەتچىلىرى كان ئېچىشقا، بىنالارنى سېلىشقا ۋە چەت ئەل بىلەن سودا قىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردىلا 10 نەچچە مىليون دوللار پۇلنى ۋە ماللىرىنى كەينىدىن يوشۇرۇن ماراپ يۈرگەنلەرگە تارتقۇزۇپ قويدى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ گۇاڭجۇدا 1 مىليون 200 مىڭ دوللار، بېيجىڭدا 1

مىليون دوللار، ئۈرۈمچىدە 2 مىليون دوللار پۇلى پوچتا، پېرېۋوت، مال زاكازلاردا ئۈشتۈمتۈت يوقىلىپ كەتتى. پۇل تاپقان، روناق تاپقان شىرىپ ئاتىخان، سۇلتان ئىمىن، نىغمەت بوساقوۋ... قاتارلىقلار تۈيۇقسىز سۈيىقەستلەردە ئۆلدى. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ 50 ـ 60 مىليون دوللار پۇلى خىتاي خەۋپسىزلىك تارماقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى باشباشتاق قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. رابىيە قادىرنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇلى ئوتتۇرا ئاسىيادا قالدى.

ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇري ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىدىكى مەنسەپلىرى، ئەمەلدارلار دىپلوماتسىيىسىدىكى چاققانلىقى ۋە تىجارەتتىكى ھوشيارلىقى بىلەن پەقەت رابىيە قادىرلا قەد كۆتۈرۈپ تىك تۇراتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىلدى!

رابىيە قادىر دەرد ـ ھەسرەتلەر ئىچىدە، مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتىگە توپلانغان پۇللارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ھەتتا مەمەت ھاشىم، ئايشەمگۈللەرنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، ئالتۇن بىلەزۈك، ئۈزۈكلەرنىمۇ، سوۋغا ـ سالاملارنىمۇ ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەردى.

## خىتاي سىياسي كېڭەش يىغىنىدا

رابىيە قادىر قۇرۇلتاي، يىغىن، تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن كۆپ قېتىم خىتاي ئۆلكىلىرىدە، شاڭگاڭ، شىنجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولدى. ئالتايدىن

خوتەنگىچە بولغان بارلىق شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارنى ئايلىنىپ چىقتى. جۇڭخەنخەي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھاياتىنى كۆردى. ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. شەھەرلەردىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى بىلەن چەت يېزا، كەنتلەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. خىتاي مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق ئاپتونوم رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىدىكى روشەن سېلىشتۇرمىلارنى كۆردى، ئاڭلىدى، مۇلاھىزە قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە ھېسابسىز خام ئەشيا بايلىقلىرىنىڭ خىتايغا توشۇلۇۋاتقانلىقىنى، سانسىز خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىپ، پۈتۈن ھوقۇق، خىزمەتلەرنى، مۇنبەت يەرلەرنى، دەريا ـ كۆللەرنى ئىگىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. چىرىكلەشكەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ بايلىققا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نامرات دېھقانلارنىڭ نامراتلىق دەردىدە، خورلۇق ئازابىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىلىك خاراكتېرىنىمۇ يوقىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىسقىسى ھەق ـ ناھەق، ئاق ـ قارا دېگەنلەرنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللەتچى كوممۇنىستلارنىڭ ھەقىقىي غەرىزى، چېگراسى بويىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي جەھەتتىن ئېزىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ تاشلىماقچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. رابىيە ئىككى يىل ۋاقىت ئاجرىتىپ، مەخسۇس پىلان تۈزۈپ، ئىقتىساد ئاجرىتىپ، مىللىي ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، يازغۇچى ـ ئالىملار، دېھقانلار، سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ،

ماتېرىيال توپلاپ دوكلات هازىرلىدى. دەلىل - ئىسپاتلىق، پاكىتلىق، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى يىغىپ، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا پەيدا قىلغان 16 تۈرلۈك ناھەقچىلىك مەسىلىلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان قىلمىشلىرىنى رەتلەپ چىقىپ، خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى. خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى، ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە سىياسىي كېڭەش ھۆججەتلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاجايىپ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر مۇنچە ماددىلار مەۋجۇت ئىدى. رابىيە مانا بۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق، قەغەز يۈزىدىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىماقچى بولدى.

1996 - يىلى 12 - ئايدا خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. رابىيە قادىر 4500 دىن ئارتۇق ۋەكىل ۋە سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار قاتناشقان چوڭ يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى سۆزگە چىقتى. ئەسلىدە ھەر بىر ھەيئەت ۋەكىلىنىڭ سۆزى ئالدىن تەكشۈرۈلەتتى. رابىيە بولسا «پارتىيىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يېزا ئىگىلىك، سانائەت ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى» نى مەدھىيىلەيدىغان، بىر نۇسخا يالغان دوكلات تەييارلاپ تاپشۇرۇپ، سۆزلەش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. رەئىس سەھنىسىدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىكى بارلىق گېنېراللىرى ۋە ھەر قايسى مىنىستىرلىقلىرىدىكى ئەمەلدارلىرى تولۇق ئورۇن ئالغان بىر پەيتتە، رابىيە سۆزگە چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن، سۆزلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەييارلانغان يالغان دوكلاتنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆزى ئىككى يىل تەكشۈرۈپ تەييارلىغان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىدىغانلىقىنى

ئوچۇق جاكارلاپ قويۇپ دوكلاتنى باشلىدى:

1 ـ ئىقتىسادىي بايلىق مەسىلىسى

ئاپتونومىيە قانۇندا گەرچە، تەبىئىي بايلىقلاردىن ئالدى بىلەن يەرلىك خەلق پايدىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر رايونىدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۇران، مىس، تۇز قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق، مايلىق زىرائەت، گۈرۈچ، قوناق، پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئات، تۆگە، كالا، قوي، ئېشەك، تېرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئۇندىن باشقا قىممەتلىك ياۋايى ھايۋاناتلار، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىق بايلىقلار ھېچ قانداق رەسمىيەتسىز ۋە قانۇنسىز ھالدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلماقتا. ھەتتا كىم ئېلىپ كەتسە شۇنىڭ بولماقتا. يەرلىك خەلق بولسا ئاچ ـ يالىڭاچ ياشىماقتا.

2. دېھقانلارنىڭ ئېغىر باج مەسىلىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ 90% ئاھالىسى يېزىلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار پىلانلىق تېرىقچىلىققا مەجبۇرلىنىدۇ. ھوسۇلى زورلۇق بىلەن ئەرزان باھادا سېتىۋېلىنىدۇ. ئۇلار دېھقانچىلىق، ھوسۇل، سۇ، ئوغۇت، ماشىنا، يوپۇق، ئۇرۇقلۇق دېگەندەك 44 خىل ئالۋان، باج، سېلىقلار دەستىدىن يىل بويى قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەر يىلى ئەمەلدارلار ئۇچۇن بىكارغا ھاشار ئەمگىكىگە بارىدۇ. بارمىغانلاردىن مەجبۇرىي پۇل تۆلىتىۋېلىنىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە زور كۆپچىلىك دېھقان يەيدىغىنى تۈگەپ قەرزگە مۇپتىلا بولىدۇ. بانكا ئۇلارغا قەرز بەرمەيدۇ. ئۇلار تۆلەيدىغان پۇلى يوق، بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتالمايدۇ.

3 ـ ئۇيغۇر مائارىپى مەسىلىسى

ئۇيغۇر رايونىدا پەقەت خىتاي بالىلىرى ئۇچۇن مەجبۇريي مائارىپ يولغا قويۇلغان، يەرلىك مىللەت بالىلىرىنىڭ 60% ى ساۋاتسىز. خىتاي بالىلىرى ئېگىز بىنالاردىكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ، ئۇيغۇر بالىلىرى مەكتەپ، سىنىپ يوق، تالادا كېسەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خەت يازىدۇ. يەرلىك ئوقۇتقۇچىلارغا شتات بېرىلمىگەچكە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيدۇ. كۆپ ئائىلىلەرنىڭ تۆلەيدىغان پۇلى بولمىغاچقا، بالىرىنى ئوقۇتالمايدۇ. ئۆسمۈرلەر تەربىيە كۆرەلمىگەچكە جىنايەت يولىغا قاراپ ماڭماقتا.

4 ـ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسى

ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ توي قىلىشى، تۇغۇتى ئۇچۇن ۋاقىت، شتات چەكلىمىسى بەلگىلەپ بېرىلگەن. ھېچ كىم خالىغان ۋاقىتتا توي قىلالمايدۇ. خالىغان ۋاقىتتا قورساق كۆتۈرەلمەيدۇ. نۇرغۇن ئاياللار ھامىلە بولۇپ قىلىشتىن قورقۇپ نەچچە يىللاپ، ساختا دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلىنىپ، كېيىن بالىلىرى مېيىپ تۇغۇلماقتا. ۋاقىتسىز ياكى پىلانسىز ھامىلدار بولغان ئاياللار بايقالغان ھامان ساقچىلار ۋە تۇغۇت كادىرلىرى تەرىپىدىن يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ، بالىسىنىڭ 8 ـ 9 ئاي بولۇشىغا قارىماستىن زورلۇق بىلەن، بالىنى قىرىپ ئېلىپ، تىرىك ئۆلتۈرمەكتە. ئۇ ئاياللار 3 كۈندىن كېيىنلا ئىشلەشكە مەجبۇرلانماقتا. ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسى ئىششىپ كەتسە، دوختۇرلار پەقەت 2 دانە ئاسپىرىن بېرىپ قايتۇرماقتا. شۇ سەۋەبلەردىن نۇرغۇن ئاياللار راك كېسىلىگە گىرىپتار بولماقتا. بىر قىسمى ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەكتە. دېھقانلارنىڭ 30% ى پىلاندىن سىرت بالا تاپقانلىق سەۋەبىدىن جازالىنىپ، يەر مۈلكىدىن، قورۇ ـ جايىدىن، باغلىرىدىن، چارۋا ماللىرىدىن ئايرىلىپ كوچىدا

تىلەمچىلىك قىلماقتا.

5 ـ سودا ـ تىجارەتتىكى تەڭسىزلىك مەسىلىسى.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر، شىركەت قۇرۇش، قۇرۇلۇش قىلىش، بانكىدىن قەرز ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا كاپالەتچى يوق دېگەن باھانە بىلەن چەتكە قېقىلىدۇ. ئۇلار قىممەت باھالىق، راست ماركىلىق ماللارنى بازارغا سېلىشى بىلەن تەڭلا، خىتاي سودىگەرلەر ئوخشاش مالنىڭ يالغان، ساختا ماركىلىقلىرىنى ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىپ، بازارنى قالايمىقان قىلىپ، سودىگەرلەرنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. ھېسابسىز خىتاي قول ھۈنەرۋەنلىرى ھەر يەرگە تارقىلىپ، يەرلىك ساتىراشلىق، موزدۇزلۇق، ياغاچچىلىق، ئاشپەزلىك، تىككۈچىلىك دېگەندەك كەسىپلەرنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىنى قىستاپ چىقىرىۋېتىپ، مۇلازىمەت بازىرىنى ئىگىلەپ ئالدى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى قانۇنىي تىجارىتى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ يولسىز چەكلىمىسىگە ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

6 ـ ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىك مەسىلىسى

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خىتاي ئەمەلدارلار يەرلىك پادىشاھ بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىغا يالغان دوكلات سۇنۇپ، يەرلىكنى ئالدايدىغان بىر توپ زەنجىرلەشكەن خىيانەتچىلەردۇر. ئۇلار مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئاجرىتىلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش، خىراجەت ۋە كىرىم پۇللىرىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۆز ئارا بۆلۈشۈۋالىدۇ. شەكلى ئۆزگەرگەن خىيانەتچىلىك شۇ قەدەر كەڭ يېيىلغانكى، ھەقىقىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، يىلتىزى پارتكوم، ھەربىي رايون، بىڭتۇەننىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئۇلار يەرلىك مىللەت ئەمەلدارلىرىنى ئىقتىسادىي ھوقۇقتا يېقىن يولاتماي، مىللىي

بۆلگۈنچى قالپىقى بىلەن قورقۇتۇپ، چاتاق چىقسا دۆڭگەپ قۇتۇلىدىغان سادىق غالچىلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ۋاڭ ئىنىماۋنىڭ ئوغلى ۋاڭ بەيلەي، ۋاڭ لېچۈەنىنىڭ ئوغلى ۋاڭ شىنبو دېگەنلەر قۇرغان شىركەتلەر دۇنياغا يۈزلەنگەن مىليارد دوللار سەرمايىسى بار گورۇھلار بولۇپ، خىتاي بانكىسىنىڭ پۇلى، خىتاي خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ پۇلى ئەنە شۇ شىركەتلەردە يۇيۇپ پاكىزلىنىپ، قانۇنىي مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. ئىلگىرى 500 سوم مائاش ئېلىپ ئىشلەۋاتقان يۇقىرىدىكىدەك ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مىليارد دوللارلىق بايۋەچچىلەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم جۈرئەت قىلىپ سورىيالمايدۇ. سوراشقا جۈرئەت قىلغانلار، تېررورچى قالپىقىنى كىيىپ ياكى ئۆلىدۇ، ياكى تۈرمىگە كىرىدۇ.

7 ـ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، دىنىي زاتلارنى سوتسىيالىزم ئېڭىدا تەربىيىلەش ئەمەلىيەتتە دىننى چەكلەش بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئەرزىمەس دىنىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە تاشلانغان، تۇتقۇن قىلىنغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەن دىنىي زاتلار، تالىپلار سان ساناقسىز. كومپارتىيە تەربىيىلىگەن دىنىي كادىرلار، جاسۇسلار ۋە بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى مەسچىتلەرگە ئىماملىققا، دىنىي تەشكىلاتلارغا مەسئۇل خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. ئۇلار ھەر كۈنى مەسچىتكە كىرگەنلەرنى كۆزىتىپ تىزىملاپ، تۇتقۇن قىلدى. كادىر، ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ، ئوقۇغۇچى، ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت ھوقۇقى چەكلەندى. مەكتەپلەردە ساقال ـ بۇرۇت قويغان، ياغلىق چەككەن ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىندى. بۇ خىل بېسىم ھەر

خىل قارشىلىقلارنى پەيدا قىلدى.

**8 ـ تۇرمە ۋە سىياسىي مەھبۇسلار مەسىلىسى**

ئۇيغۇر رايونىدا يەرلىك خەلقلەرنى قانۇنسىز تۇتۇش، سوراقسىز ھۆكۈم قىلىش، قىيناپ ئۆلتۈرۈش كۆپ كۆرۈلمەكتە. بۇ يەردە ھەر بىر تۇرمە ئۆز ئالدىغا بىر پادىشاھلىقتا، تۇرمە باشلىقى بىر پادىشاھقا ئايلانغان. كۈندىلىك باشقۇرغۇچى شۇ كۈندىكى ھوقۇقى چەكسىز خوجايىن. ئۇلار مەھبۇسلارنى بولۇپمۇ سىياسىي مەھبۇسلارنى خالىسا ئۇرىدۇ، خورلايدۇ، تىللايدۇ، ئىشقا سالىدۇ، نەرسىلىرىنى تارتىۋالىدۇ، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن سوراق قىلىپ قىيناپ ئوينايدۇ. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش، ھەتتا ئوققا تۇتۇپ كوللېكتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارىلانغانلارنىڭ ئۆلچىمى يوق، گەپ قىلغان، شېئىر يازغان، سۆھبەتلەشكەنلەرمۇ سولاپ قويۇلغان. قەستەن ۋەقە پەيدا قىلىپ، تۇتقۇن قىلىنغانلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، ناھىيىلەردە، تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەر سانىنى تولۇقلاپ، ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ مۇكاپات ئېلىش ساقچىلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. سىياسىي جىنايەتچى دەپ قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى مەخپىي تۇتۇلغاچقا ياكى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەچكە، ئاتا ـ ئانىلىرى سۈرۈشتۈرەلمەيدۇ. پەقەت غۇلجىدىكى ۋەقەدىلا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان.

**9 ـ ئەيدىز ۋە زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى**

ئىشسىز ۋە ئوقۇشسىز قالغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر، ئوكۇل يىڭنىسىنى ئورتاق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار سانى ۋە نىسبىتى

تېز ئۆرلىمەكتە. ھەتتا ئۆسمۈرلەر سانىمۇ كۆپەيمەكتە. يەرلىك ھۆكۈمەت كەسكىن چارە قوللانماي، ساقچىلار ئاق تاماكا ساتقۇچىلارنى پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان. ساقلىق ساقلاش تەربىيىسى كەمچىل، 95% ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى يوق، ۋاقتى ئۆتكەن ساختا دورىلار پارىخور ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ياردىمىدە، ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن.

10 – ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي باراۋەرلىكى مەسىلىسى.........

11 – مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، ئوغرى ئەمەلدارلارنى جازالاش مەسىلىسى........

.......................................................

.........................................

رابىيە قادىرنىڭ دەلمۇ – دەل پاكىتلار، سانلىق مەلۇماتلار، دەلىل – ئىسپاتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مەسىلىلىرى نەچچە مىڭ ئەزا ئولتۇرغان زالنى جىمجىتلىققا چۆمدۈردى. ھەممەيلەن بۇگۈنگىچە «كومپارتىيە شىنجاڭ خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەخت – سائادەت ئېلىپ كەلدى» دېگەن يالغان دوكلاتلارنى ئاڭلاپ، مۇنداق ئېغىر ۋە چوڭ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمىگەچكە ھەيران قىلىشتى.

بەزىلىرى تەسىرلىنىپ، رابىيە بىلەن تەڭ كۆز يېشى قىلىشتى.

_ گېزىت – ژۇرناللار ھازىرغىچە يالغان سۆزلەپ، يالغان دوكلات قىلىپ كەلدى. مەن راست ئىشنى، راست گەپنى قىلدىم. راست گەپ قىلغان كىشىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلىمەن، لېكىن مەن قورقمايمەن. خەلقىمنىڭ ھەقىقىي دەردىنى

ئاڭلاتقانلىقىم ئۇچۇن پەخىرلىنىمەن، ـ دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى رابىيە. زال ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى. خىتاي ۋەكىللىرى رابىيىگە ھەيران قىلىشتى ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشتى. ئامالسىز قالغان ئەمەلدارلارمۇ، رەھبەرلەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا، يالغاندىن بولسىمۇ چاۋاك چېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەسلىدە سەھنىنىڭ سول تەرىپىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان جاڭ زېمىن، لى پىڭ، چاۋشى، لى رۇخۇەن، جۇرۇڭجى قاتارلىق بەش داھى، پۈتۈن مۇخبىرلارنىڭ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەمەس، ئوڭ تەرەپكە _ رابىيىگە قاراپ تەلپۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا رابىيە قادىر تەرەپكە قاراپ سىلجىپ، ئۇنىڭ بىلەن، ئەمەل رەت تەرتىپى بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، خىتاينىڭ بەش رەھبىرىنىڭ رابىيە قادىرغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ كۆرۈنۈشى، ۋەكىللەرنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ تەسىراتلارنى قالدۇردى.

جاڭ زېمىن رابىيەنىڭ مەيدىسىگە ئېسىۋالغان، كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىدەك ئالتۇن گۈللۈك مېدالىئوننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ رابىيە خانىم، مەيدىڭىزدىكى بۇ ئالتۇنگۈل راستمۇ ـ يالغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. رابىيە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا، قىلچە ھودۇقماستىن چاقماق تېزلىكىدە جاۋاب بەردى:

_ سىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستىڭىز راست بولسا، مېنىڭ بۇ ئالتۇن مېدالىئونۇممۇ راست، سىزنى تەبرىكلەيمەن، دېگەن سۆزىڭىز راست بولسا......

جاڭ زېمىن سوغۇق ھىجايدى. بۇ يالغان تەبەسسۇم شۇ دەقىقىدە، رابىيەنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەپ بولغان ئىدى.

## «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان»

رابىيە قادىر خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەڭ ئالدى بىلەن، ھەر كۈنى تېلېفون ئېچىپ كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان، ھەر ھەپتىدە بىر مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن قۇلاق بايۋەچچە خېنىملار - ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خوتۇنلىرى چاندۇرماستىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدى. ئەمەلدارلارمۇ ئاستا - ئاستا رابىيەدىن يىراقلاشتى.

رابىيە قادىر سودا شىركىتى بىناسىنى، رابىيەنىڭ ئۆيىنى قارا كىيىملىك ناتونۇش كىشىلەر كۆزىتىپ، نازارەت قىلىدىغان بولۇۋالدى. رابىيە تونۇشلىرىغا زىياپەت بەرسىمۇ، توي - تۆكۈن قىلسىمۇ ياكى بىرەر جايغا مەرىكىگە بارسىمۇ، ئونلاپ پايلاقچى كەينىدە تەييار تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، بارغان - تۇرغان يېرى، قىلغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى جاسۇسلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى. رابىيە بېيجىڭدىكى يىغىنغا ئالدىراپ كېتىپ قىلىپ، قازاقىستاندىكى تىجارىتىدە 13 مىليون سوم پۇل ئۇ تەرەپتە قالغان ئىدى. رابىيە تېزدىن چەت ئەلگە چىقىپ، پۇل - مال ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشنى ئويلاپ 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غۇلجىغا كەلدى. قورغاستىكى چېگرا پونكىتىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، رەسمىيەت بېجىرىۋاتقاندا، چېگرا مۇداپىئە ساقچىلىرىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قارا كىيىملىكلەر ئۇنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا، پاسپورتىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى، چەت ئەلگە چىقىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. رابىيە ئاچچىقلاپ، پاسپورتىنى نېمە ئۈچۈن تارتىۋالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ،

ئۇلار:

ـ كەچۈرۈڭ، بىز پەقەت يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز، پىكرىڭىز بولسا ئۈرۈمچىگە بارغاندا باشلىقلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىڭ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

رابىيە ئامالسىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن، ئەمەلدار تونۇشلىرىدىن ھەتتا بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ نازىرىدىن بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشمىدى، بەزىلىرى يالغان ئېيتتى، بەزىلىرى بولسا مەركەزگە ئىتتىرىپ قويدى. ئارىدىن ھېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن، رابىيەنىڭ پاسپورتىنىڭ نېمە ئۈچۈن تارتىۋېلىنغانلىقى مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. ئايدا بىر ـ ئىككى قېتىم شىركەتكە كېلىپ تېگىشلىك »زاكات «لىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان، زىياپەتلەرنى يەپ، تەزىم قىلىپ كېتىدىغان باج ئىدارىسى خادىملىرى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، شىركەتكە كەلدى ـ دە، باج رەسمىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈش باھانىسىدە، يۈزسىزلىك بىلەن بىر مۇنچە قۇسۇرلارنى تېپىپ، جەرىمانە قويۇشقا تەمشەلدى. ئۇلار ھېچنېمە تاپالماي، تەڭرىتاغ رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى شەھەرلىك باج ئىدارىسى، شەھەرلىك ئىدارىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ئىنكار قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭكىنى رەت قىلىپ، چاتاق تېپىپ جەرىمانە قويدى.

ئۇلار كېتىپ ئارقىدىن، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرمۇ پەيلىنى بۇزۇپ، كىنىشكا رەسمىيەتلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش، بىنادا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دېگەندەك قانۇنسىز ۋە يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن خەقلەرنى پاراكەندە قىلدى. ھېچ بىر قۇسۇر تاپالمىسا، كىنىشكىلارغا خىتايچە

ئىسمنى ئۆزلىرى بۇزۇپ يېزىپ قويۇپ، ئەمدى «ئىسمى توغرا ئەمەس»، «ئادرېسى ماس كەلمەيدۇ»، «بەلگىلىمىدىن چەتنەپ تىجارەت قىلغان» دەپ بەتنام چاپلاپ، كىنىشكىلارنى تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى ياكى جەرىمانە قويدى.

بانكا ئورۇنلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئۆگىتىپ قويغاندەك، رەسمىيەتسىز ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ، بىر - بىرىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشىپ ئاۋارە قىلىپ كەتتى.

تەڭرىتاغ رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى خادىملىرى كېلىپ، 700 مىڭ سوم خىراجەت بىلەن ئۆزلىرى ئورناتقان ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى «ئۆلچەمگە توشمايدۇ» دەپ بۇزۇۋېتىپ، بىر مىليون سومغا قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ، بۇ «قانۇنسىز، ئۆلچەمسىز ئۈسكۈنىلەر»نى بۇزۇۋېتىپ 400 مىڭ سوم پۇل ئېلىپ قايتىدىن ئەسلىھە ئورناتتى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ خادىملىرىمۇ ئەمدىلا 5 يىل بولغان بىنانىڭ ئېلېكتر سىملىرىنى ئۆلچەمگە لايىق ئەمەس دەپ، ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، قايتىدىن 500 مىڭ سوم سەرپ قىلغۇزۇپ توك سىملىرىنى يەڭگۈشلەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلگىرىكى سۇغۇرتا، كاپالەت قەغەزلىرى ئۆزلىرىگە ئۆتمىدى.

شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى كېلىپ، پۈتۈن سودا سارىيىنىڭ ئەتراپىدا مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرى يوق دەپ 280مىڭ سوم پۇلنى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىنلا، شەھەر قىياپىتىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىكىلەر كېلىپ «شەھەر قىياپىتىنى بۇزدى» دەپ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئەسلىھەلەرنى بۇزۇۋېتىپ كەتتى.

يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، كۆكەرتىش ئىدارىسى، ئەخلەت ئىدارىسى، سۇ ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى، تېلېفون ئىدارىسى..... ئومۇمەن رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن پۇل يۇلۇش ئىمكانى بار ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسى رەت ـ رېتى بىلەن، خۇددى بىرسى بىر تۇتاش باشقۇرۇۋاتقاندەك ئىككى ـ ئۈچ قېتىمدىن كېلىپ ـ كەتتى. رابىيە بۇ جەرياندا ھېچقانداق رەسمىيەت ۋە ئىسپاتسىز ھالدا 30 مىليون سومغا يېقىن چىقىمدار بولدى.

ھەممىسىدىن بەكرەك بىئارام قىلغىنى ساقچىلار بولۇپ، ئۇلار شىركەت خادىملىرىنى، تىجارەتچىلەرنى ھەتتا خېرىدارلارنى خالىغان ۋاقىتدا كېلىپ تەكشۈرۈپ، ئاقتۇرۇپ، گەپ سوراپ، سوراق قىلىپ بىسەرەمجان قىلىپ تۇردى.

دەل شۇ كۈنلەردە، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خوتۇنى ئايىم ئۈرۈمچىدىكى دىلدارغا «رابىيە قادىرنى قولغا ئالغۇزۇۋېتىدىغانلىقى» ھەققىدە خەت يازدى. كىمدۇر بىرسى بۇ خەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى رابىيىگە تاپشۇردى. مەلۇم بىر رەئىسنىڭ خوتۇنى رابىيىگە «پارتكومدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا رابىيەنى قولغا ئالىدىغانلىقى ھەققىدە مىش ـ مىش گەپلەرنىڭ تارقالغانلىقى» ھەققىدە پىچىرلاپ قويدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ھامىدىن نىيازنىڭ خوتۇنى ئاينىسامۇ شۇ مەزمۇندا بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «رابىيە قادىر 9 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىدىكەن» دېگەن گەپ ـ سۆزلەر خەلق ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

رابىيە قادىر ئىشخانىسىدا پەرىشان ھالدا ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن:

مەن نەگە بارالايمەن، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق،

ھەر بىر باسقان قەدىمىم، مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق، - دېگەن ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتتى. ئۇ ئىچىدە، ھېچ گۇناھىم يوق، قانۇنلا بولىدىكەن، ھېچكىم مېنى قولغا ئالالمايدۇ. ئالسىمۇ سوتتا ئاقلىنىپ چىقىمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەندى. ئۇ شۇنداقتىمۇ، بىر تەرەپتىن شىركەتنىڭ مالىيە باشقۇرۇش، بانكا ھېساباتى، باج رەسمىيەتلىرى قاتارلىق ھۆججەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئوغلى ئابدۇلھېكىم، ئالىملارغا ھېساباتتا چىڭ بولۇش، قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىك، ھۆكۈمەتكە باھانە بولىدىغان يوچۇق قالدۇرماسلىق، ئۆزى بولمىغان شارائىتتا شىركەتنى مۇستەقىل باشقۇرۇش توغرىسىدا قايتا - قايتا تاپىلىدى. رابىيەنىڭ كۆڭلى بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىدىغانلىقىنى تۇيغاندەك، ھەر زامان پەرىشان ئىدى.

## ئاھ، باللىرىم مەن سىلەرگە قەرزدار

بۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ قولى پەقەتلا ئىشقا بارمىدى.

ئۇ، تالاي يىللاردىن بېرى، پۇل تېپىپ مىليونېرغا، يول تېپىپ ھوقۇقدارغا، ئەقىل تېپىپ يېتەكچىگە ئايلانغاندىن بېرى، كېچە - كۈندۈز يەنە مىليونلاپ پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلىدى، ئۇيغۇر ئىگىلىكىنى تىكلەشنىڭ پېيىغا چۈشتى. يەنىمۇ چوڭ ھوقۇقلارغا ئېرىشىپ، خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى پىلانلىدى. ئەقىلدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش، ئۇيغۇرلارنىمۇ قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قېرىنداشلىرىدەك ئۆزىنىڭ ستانىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش ھەققىدە ئىزدەندى.

ئەپسۇسكى بۈگۈن ئۇ، قانىتىدىن ئايرىلغان كەپتەردەك بولۇپ

قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە پۈتۈن مېھرى بىلەن مەلھەم بېرىدىغان، دۇنيانىڭ، خىتاينىڭ، ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، باھالاپ تۇرىدىغان ۋە قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ توغرا يولىنى مۆلچەرلەپ بېرەلەيدىغان كۆيۈمچان ئېرى سىدىقھاجى يېنىدا يوق ئىدى. ھارغىن چاغلىرىدا بوينىغا ئېسىلىپ ئويناپدىغان، تاتلىق سوئاللىرى بىلەن ئۇنى بەند قىلىدىغان بەش بالىسى يېنىدا يوق ئىدى. رابىيە ھەر دائىم سىدىقھاجى بىلەن بىللە ياتىدىغان قوش كىشىلىك كۆركەم كارىۋىتىدا يالغۇز يېتىپ چوڭقۇر ئويغا پاتماقتا ئىدى.

ئۇ 29 يېشىدا 6 بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن باشلاپ، ئەنە شۇ تىرىك يېتىمغا ئايلانغان بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، ئۆزىنى ھاياتنىڭ چىگىش قايناملىرىغا تاشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى بالام دەپ يىغلىدى، بالام دەپ قاقشىدى، بالام دەپ ئىشلىدى، بالام دەپ خورلاندى، بالام دەپ جانلاندى، بالام دەپ پۇل تاپتى.

بالا مېھرى، بالا سۆيگۈسى، بالا دەردى، بالا قايغۇسى، بالا شادلىقى ھەممىسى رابىيەنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مەزمۇنلۇق بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بالىجان ئايال ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇ 11 بالىنىڭ ئانىسى، بۇلارغا ئېخى ئۆزى بېشىنى سىلاپ بېقىۋالغان بالىلىرىنىڭ سانىنى قوشمىدى. ئۇ بالىلىرىغا ئالدى بىلەن، ئالىي مەكتەپلەرگىچە توختىماي ئوقۇش، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر تارىخىنى پىششىق بىلىشتەك قاتتىق ئىلمىي تەلەپلەرنى قويۇپ كەلدى. ئۆزى توختىماي سۆزلەپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتتى.

بالىلارنىڭ 4 ـ سى تۇرسۇن، ئۇ گەرچە سىدىقھاجىنىڭ ئوغلى

بولسىمۇ، رابىيە ئۇنى ئەتىۋارلاپ كۈتتى، ئۇ هازىر ئاۋستىرالىيىگە يەرلىشىپ قالدى.

قاهار ئاقسۇدا تۇغۇلغان، يېشى 30 دىن ئاشتى، تىجارەتكە پىشتى، دۇنيانى پىرقىراپ يۈرۈپ سودا قىلىپ بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزۈپ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىنى تاللاپ، ئاقسۇغا كەتتى، ئۇ يەردە 70مو يەر سېتىۋېلىپ، رېستوران، مېهمانخانا ئېچىپ، ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلەپ پۇل تېپىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭ قىزى روشەنگۈل ئۈرۈمچىدە ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگىتىپ، قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ ئىككىنچىسى راهىلە، ئۇ ئامېرىكىغا چىقىپ كېتىپ، بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇۋاتىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئادىل ئاقسۇدا دادىسىنىڭ يېنىدا قالغان. هازىر بانكىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە جېنى بار تىجارەتچى بولۇپ يېتىشكىنى ئابدۇلهېكىم، ئۇ هازىرغىچە شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى پىرقىرىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكى ئالىم دوختۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، شىركەتنىڭ قانۇن ساهەسىدە رەسمىيەت بېجىرىش، توختام تۈزۈش، توختام ئىجرا قىلىش ئىشلىرىدا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ چېنىقتى، ئۇ بەكمۇ تەدبىرلىك، پۇل تېپىش يوللىرىنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، مانا يېڭى بىر ئېگىز بىنا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ قىزى خانزۆهرە، ئەقىدە، كىچىك ئوغلى مۇستاپالار دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتىدۇ. باللارنىڭ كەنجىسى ـ ئەركىسى قىقىنوس 10 ياشقا كىرەي دەپ قالدى، ئانا مېهرىگە قانمىغان بىچارە هازىر ئامېرىكىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

دېمەك، باللارنىڭ بەشى ۋەتەندە، بەشى ئامېرىكىدا، بىرسى ئاۋستىرالىيىدە، بالىلىرىمنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟

يەنە تېخى، دادىسى يوق، ئانىسى يوق قالغان بالىلىرىمچۇ؟

بالىلىرىغا جېنىنى بەرگۈدەك ئامراق رابىيە، ئۆز بالىلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ كەلدى. ئۇ بالىسى يېتىم قالغان ياكى تىرىك يېتىم بولۇپ قالغان تۇل ئاياللارنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا ياردەملەشتى، بۇ جەرياندا، ئىگە - چاقىسىز بالىلارنى تېپىۋالغانلار ئۇدۇل رابىيەنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ باشپاناھ بولۇشىنى سورايتتى، مەسئۇلىيەتسىز ئەر - ئاياللارنىڭ تۇغۇپلا يۆگىكى بىلەن تاشلىۋەتكەن بالىسىنىمۇ تېپىۋالغان كىشىلەر رابىيىگە ئەكېلىپ تاپشۇراتتى. رابىيە يېتىم بالىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە چىقاتتى، ئۇ، ئۇيغۇرۇمنىڭ بىرمۇ يېتىم بالىسىنى خار قىلغۇزمايمەن، دەپ سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇ يەنە يېتىم بالىلارنى بېقىشنىڭ ياخشى چارىسىنىمۇ تاپقان ئىدى. بىر مۇنچە چوڭ ياشتىكى تۇل ئاياللار ئىش ئىزدەپ كېلەتتى. ئۇلارغا مۇۋاپىق ئىش بولمىغاندا، رابىيە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك ياردەم بېرىپ تۇراتتى ۋە بۇنى ھېچ كىشىگە تىنمايتتى. رابىيە يېتىم بالىلارنى ئەنە شۇ ئانىلارغا تاپشۇراتتى ۋە بالا بېقىش ھەققى ئۈچۈن مائاش بېرەتتى. بىر نەچچە ئاي ياكى يىل ئۆتۈپ ھېلىقى بالا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالاتتى. ھەتتا بالىنى ئۆنىڭدىن تالىشىپمۇ ئالغىلى بولمايتتى. رابىيە بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇرسەن بولاتتى. مانا شۇنداق بېقىلىپ چوڭ بولغان بالىلارنىڭ نەچچىسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆي - ئوچاقلىق، بالىلىق بولغانلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ قارا يېتىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

پەقەت ئانامغا ئىش تېپىپ بەرگەن، ياردەم قىلغان دەپ تونۇپلا، رابىيەنى ئانىسى بىلەن بىللە يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرىنى پەقەت رابىيە بىلەن بېقىۋالغان ئانىسىلا بىلىدۇ. ئانىلار مەنىلىك كۈلۈشسە، بالىلار خەۋەرسىز كۈلۈشىدۇ.

بىر قېتىم، رابىيە نەچچە مىڭ سوم پۇلنى قەرز ئېلىپ قەرەلىدە ئەكېلىپ بەرمىگەن تۇرسۇنئاي ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز باردى. ئەسلىدە ئۇ باشقىلاردىن، تۇرسۇنئاي يولدىن چىقىپ كەتتى، پۇلنى باشقا ئىشلارغا خەجلەۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدى. ئىشىكتىن كىرىپلا، رابىيە تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاددىيغىنا ئۆيدە كارىۋات ئۈستىدە ئاپئاق كىرلىك، يوتقانلارنى يېپىنىپ ئىككى ئوماق بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، پەستە قاتتىق سۇپىدا، داق يەردە نېپىز بىر ئەسكى ئەديالنى يېپىنىپ تۇرسۇنئاي ئۇخلاۋاتاتتى. رابىيە تەسىرلەنگىنىدىن، شۇ زامان تۇرسۇنئاينىڭ بارلىق قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇنى ياخشى تىجارەت يولىغا باشلىدى.

رابىيەنىڭ بالا سۆيگۈسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۆسمۈرلەر تەربىيىلەش تۈرمىسى، يىغىۋېلىش پونكىتى، يېتىم بالىلار دارىلئىيتامى قاتارلىق جايلارغىمۇ يېتىپ بارغان. ئۇ ھەر دائىم پۇل ۋە ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ، بۇ يەرلەردىكى بالىلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن بالىلارنى ئاسراپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ، نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئەقىل بولىقىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان، تېلېۋىزورلاردا ئەقىل سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان «غۇنچە مۇكاپاتى ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندا رابىيە قادىر نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلدى.

كېيىن بۇ جەمئىيەتتە مەسئۇل ۋەزىپە ئالدى.

مەكتەپلەر، ژۇرناللار، ئاياللار تەشكىلاتلىرى توختىماستىن رابىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پۇل ياردەم ئالاتتى ۋە پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇراتتى.

ئومۇمەن رابىيە بېشىنى سىلاۋاتقان باللار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى، ئالىي مەكتەپ تۈگەتكەن ياشلار ھەتتا چەت ئەللەردە ئوقۇپ كېلىپ ئىش تاپالمىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ رابىيەنى ئىزدەيتتى.

رابىيەنىڭ خىيالى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ باللىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى:

- بىچارە ئۇيغۇرۇمنىڭ 3 مىليوندەك پەرزەنتى، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ ناچار ھايات شەرتلىرىدە جان تالىشىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانا مېھرىگە قانمىدى، قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمىدى، دوختۇرغا بېرىپ داۋالىنالمىدى، كەڭتاشا مەكتەپلەردە خاتىرجەم ئوقۇيالمىدى، ئۇچىسىغا يېڭى كىيىم كىيەلمىدى. بىر مۇنچە باللىرىم، خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كەتتى، بىر مۇنچىسى ئاق تاماكىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

ئاھ، بىچارە باللىرىم، ئەقىل تېپىپ كۆكرەك كېرىپ چىققان مىڭلىغان باللىرىم خىتاي تۈرمىلىرىدە بىگۇناھ تاياق يەپ ياتماقتا.

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك!

ئاھ، بىچارە باللىرىم مەن سىلەرگە قەرزدار!

# تۆتىنچى بۆلۈم

# زىنداندىكى 2045 كۈن

## سىرلىق تۇزاق

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، كېچە سائەت بىردە تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون، ئۇخلىيالماي خىيال سۈرۈپ ياتقان رابىيە قادىرنى چۆچۈتىۋەتتى. تېلېفون ئامېرىكىدىن كەلگەن ئىدى. سىدىقھاجى تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن جىددىي تەلەپپۇزدا:

_ رابىيەگۈل، 11 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. قۇرۇم مېھمانخانىسىغا چۈشىدۇ. دەرھال بېرىپ كۆرۈشۈڭلار، «ئامانەتلەر» نى شۇلارغا تاپشۇرساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

رابىيە چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئۇ بېيجىڭدىكى يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈت ـ قولىنىڭ چۈشەپ قويۇلغىنىغا قارىماستىن ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پاكىتلىق ماتېرىياللارنى توپلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە «ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت» ناملىق بىر پارچە دوكلات ـ ئون نەچچە يىلدىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان مەھبۇسلارنىڭ، تۈرمىدە يېتىۋاتقان، كېسىلگەن ۋە كېسىلمىگەن سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ، شۇنىڭدەك، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى بار ئىدى. «ئامانەت» ئەنە شۇلار ئىدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋەكىللىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر رايونىغا كېلىشى، ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياخشى بىر باشلىنىشنىڭ بېشارىتى ئىدى. بۇ ماتېرىياللارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش، چوقۇم چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەرنى قايىل قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى. رابىيە ماتېرىياللارنى چوقۇم ئۇلارنىڭ قولىغا

يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ 11 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئەتىگەندىلا ئالدىراش تەييارلىق كۆردى. بىللە بارىدىغان كىشىلەرنى بەلگىلىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە، ئۇ دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان ياردەمچىسى رامىلەنى، ئىنگلىزچە تەرجىمانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىلھامنى ھەمدە سۈرەتچى بالىنى ئېلىپ، بىنادىن چىقتى. ئۇلار يول بويىغا كېلىشىگە بىر تاكسى شۇنداق تېزلىك بىلەن ئالدىغا كېلىپ توختىدى. رابىيە بىر ئاز شەك قىلىپ، ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان سانتانا ماركىلىق ئاق رەڭلىك پىكاپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قارا كىيىم كىيگەن كىشىلەرنىڭ تاكسىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. رابىيە ھەمراھلىرى بىلەن تاكسىغا چىقىپ ماڭغاندا، ھېلىقى ئاق سانتانانىڭمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

رابىيە قادىر تاكسىنىڭ ئالدىدا، قالغانلار ئارقىدا ئولتۇرغان ئىدى. رابىيە ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئاق سانتانانى ئازدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، تاكسى شىخابانىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، شوپۇرغا مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىغا قايرىلىشقا بۇيرۇق بەردى. شوپۇر دەرھال قارشىلىق بىلدۈردى، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ھودۇقۇپ تۇراتتى. رابىيە قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭ دەرھال رولنى بۇرىشىنى تەلەپ قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، قوغلاپ كېلىۋاتقان سانتانا، ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن كېلىپ تاكسىغا ئۆزىنى ئۇرماقچى بولدى. شوپۇر تەمترەپ رولنى يانغا ئۇرغان ئىدى، سانتانا سۈرۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى. تاكسىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان رامىلە، رابىيەگە قاراپ:

ـ رابىيە ھەدە، بىز تاكسىدىن چۈشۈپ كېتەيلى، كۆردىڭىزمۇ ئۇلار نى، ئەتىگەندىن بېرى ساراي ئالدىدا پايلاقچىلىق قىلىپ تۇرغان ئاق سانتانادىكىلەر، ئەمدى بىزنى قوغلاپ كېلىپ ئۇرماقچى

بولۇۋاتىدۇ، كەينىمىزگە يانايلى، ـ دېدى.

_ ئۇكام، ھودۇقماڭلار، بولغۇلۇق بولدى، بىز ئىشىمىزغا كەچ قالمايلى، كېتىۋېرەيلى، ـ دېدى رابىيە. تاكسى ئۇدۇل مېڭىپ كونا قاتناش بېكىتى يېنىغا كەلگەندە، يەنە بىر پىكاپ تاكسىنى قىستاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. تاكسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن كەلگەن ئون نەچچە ئاپتوموبىل تاكسىنى قىستاپ توختاتتى. ئۆزلىرىنى قاتناش ساقچىسى دەپ تونۇشتۇرغان بىر نەچچە كىشى رابىيەلەرنى تاكسىدىن چۈشۈرۈپ، مەجبۇريي ھالدا باشقا بىر ئاپتوموبىلغا چىقىشقا زورلىدى. ھېلىقى قارا كىيىملىكلەرمۇ بىر دەمدە پەيدا بولدى. ئۇلار قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، دەپ ئەتراپقا ئاپتوموبىل ۋە كىشىلەرنى يېقىن كەلتۈرمىدى. شۇ ئەسنادا تاكسىنىڭ ۋە بۇلارنىڭ يېنىدا توختىغان ئاق رەڭلىك سانتانانىڭ شوپۇرلىرى كۆزدىن غايىب بولدى.

_ راملە، بۇلار بىزنى يوشۇرۇن تۇتۇپ بولدى، ئۇلار ماڭا قەست قىلماقچى، سىز ئامال بار سەكرەپ چۈشۈپ قىلىڭ، سارايدىكىلەرگە، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئامېرىكىدىن كەلگەن مېھمانلارغا خەۋەر قىلىۋېتىڭلار، ـ دېدى رابىيە ئاپتوموبىلغا چىققاندىن كېيىن راملەگە. راملە يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئۆزىنى ئېتىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈشگە، بىر تۇڭگان ساقچى كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە چېچىدىن يۇلۇپ تارتقىنىچە ئاپتوموبىل ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلىدى. رابىيە دەرھال ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ:

_ ئادەم بارمۇ، مەن رابىيە قادىر، مېنى بۇلار تۇتۇپ كەتتى، ئۇيغۇر بارمۇ؟ رابىيە سودا سارىيىغا خەۋەر قىلىڭلار! ـ دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، بوينىنى سوزۇپ بۇياققا كەلگەن بىر ئۇيغۇر بالىسىنى، ساقچىلار دۇمبالاپ ئۇرۇپ كەتتى. ساقچىلار رابىيەنى ۋە بىللە تۇتقانلارنى گەپ قىلىشقىمۇ

رۇخسەت قىلماستىن ئېلىپ ماڭدى. ئاپتوموبىل شەھەرلىك قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. رابىيە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا، ساقچىلار بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتتى:

_ مەن رابىيە قادىر، بىلىپ قويۇش، قىلغانلىرىڭغا مىڭ پۇشايمان قىلىسەن. كىمكەن مېنى تۇتۇشقا پېتىنغان؟

_ ھېچكىم سىزنى تۇتمىدى، قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، نەق مەيداندىكىلەرنى قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئېلىپ كەلدۇق، ھازىر تەكشۈرىدۇ.

_ قاتناش ۋەقەسى بولسا، بىز چۈشكەن تاكسىنىڭ شوپۇرىنى نېمىشقا قويۇۋېتىسىلەر، بىزنى ئۇرغان ئاق سانتانانىڭ شوپۇرىنى تۇتمامسىلەر؟ قېنى ئۇلار؟

_ ھەي، رابىيە، ئۆزىڭىزنى بېسىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ھېلىلا ھەممە ئىش ئېنىق بولىدۇ.

_ توغرىسى بىز بىلمەيمىز، باشلىقلار ھازىر كېلىدۇ.

ساقچىلار رابىيەنى، راملەنى ۋە ئىلھامنى بىر ئىشخانىغا سولاپ قويدى، ئۇلارنىڭ تېلېفون ئېچىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. شۇ ئارىدا رابىيە بىلەن راملە بىللە ھاجەتخانىغا چىقتى. ئۇلار ھاجەتخانىدىن قايتىپ كىرىۋاتقاندا، بىر نەپەر قارا كىيىملىك كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيدەپ كىردى ۋە ھاجەتخانىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلغان ساقچىنى ئەيىبلەپ كەتتى. راملە ھاجەتخانىدا، ھېلىقى ماتېرىياللارنى يوشۇرۇش ياكى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولىدۇ دەپ ئويلىدى.

قاتناش ئىدارىسىدىكى ساقچىلار، يوقىلاڭ ۋە چەك باسمايدىغان يالغان سوراقلارنى سوراپ ئىككى سائەتنى ئۆتكۈزدى. ئارىلىقتا سۈرەتچى ئۇيغۇر بالا، بىر نەپەر ساقچىنىڭ بىر بولاق ئاق نەرسىنى

ئاپپاراتقا تىقماقچى بولۇپ قاملاشتۇرالمىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئاپپاراتىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئوچۇق قىلىپ:

_ سەن ئاۋارە بولما، ئەتىگەندىن ھازىرغىچە 8 پارچە رەسىم تارتىلدى. ئەگەر ئاپپاراتنىڭ ئىچىدە خروئىن بولسا رەسىم تارتىلمىغان بولاتتى، مەن ھەر قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى ئاقلىيالايمەن، لېكىن سەن ئاشكارىلىنىسەن، ـ دەپ رەددىيە بەردى. يەنە ئىككى نەپەر ئايال ساقچى كىرىپ رابىيە بىلەن راملەنىڭ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ كەتتى، ئۇلارمۇ، ساقچىلار بىر نەرسە سېلىپ قويمىسۇن دەپ ناھايىتى ھوشيار تۇردى.

رابىيە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن قىلچە ھودۇقمىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كاللىسىدا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، قانداقلا بولمىسۇن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى پۇلدار مۇئامىلىدارلار خەۋەر تاپسىلا، خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ ساقچىلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ، يەنە كېلىپ ھېچقانداق جىنايەت پاكىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ساقچىلارمۇ قانۇنەن ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ دەپ ئويلايتتى. رابىيە راملەگە ئېغىر بېسىق ھالدا، مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

_ گىتلېر فاشىستلىرى يەھۇدىيلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندا، ئالتە بالىسى بار بىر يەھۇدىي دوختۇرنى تۇتماقچى بوپتۇ، ئۇلار ئاۋۋال بىر قىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن بۇ جىنايەتنى دوختۇرغا ئارتىپ ئۇنى قولغا ئاپتۇ ھەمدە ھەر كۈنى سوراقتا ئۇنىڭ بىردىن بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ئىقرار قىلىشقا زورلاپتۇ. دوختۇر ئاخىرقى بالىسى قالغاندا، قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ

تۇرۇپ:

_ مەن بالىلىرىمنىڭ، دوستۇمنىڭ ئەمەس، دۈشمىنىمنىڭ قولىدا ئۆلۈۋاتقانلىقىغا كۈلۈۋاتىمەن دەپتۇ.

راملە ھېكايىنى ئاڭلاپ مەنىسىنى چۈشەندى ۋە رابىيىگە:

_ رابىيە ھەدە، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆلسەكمۇ سىرىمىز پاش بولمايدۇ، سىزگە بولغان ساداقىتىمنى ئەمەلىيەتتىن كۆرۈڭ، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن كېيىن، ساقچىلار ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى.

رابىيە سولانغان ئۆيگە ساقچىلار كىرەتتى، چىقاتتى، ئايلىناتتى، ھودۇقۇپ يەنە چىقىپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنىدۇر قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، ئۆيگە بىر نەپەر ئۇيغۇر ۋە بىر خىتاي ئايال ساقچى كىردى، ئۇيغۇر ساقچى رابىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك، تەمتىرىگەن ھالدا قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ ھودۇققان كۆزلىرى خىتاي ساقچىنىڭ كەينىگە قارىتىپ تۇتۇۋالغان قولىدىن ئۈزۈلمەيتتى. خىتاي ساقچى بولسا، رابىيەنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، پەلەي كىيىۋالغان ئوڭ قولىدىكى ئاپئاق داكىنى تۇيۇقسىزلا رابىيەنىڭ ئېغىز، بۇرنىغا كەپلەپ چىڭ تۇتۇۋالدى. رابىيە نەمخۇش، سوغۇق داكىدىن چىققان قاڭسىق پۇراقنى سەزگەندەك قىلدى - يۇ، ھوشىدىن كەتتى. ئىككى ئايال ساقچى رابىيەنى سۆرەپ كىرىسلوغا ياتقۇزۇپ كىيىملىرىنى يەشتى، رابىيەنىڭ سومكىسىدىن ئالغان دەپتەردەك قېلىن ماتېرىيالنى ئۇنىڭ ئىچ كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىقتى، يەنە بىر نەچچە گېزىت پارچىسىنى ئۇنىڭ قوينىغا، لىپتىكلىرىگە تىقتى، ئاندىن كىيىملىرىنى قايتا رەتلەپ كىيگۈزدى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن رابىيە ھوشىغا كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ،

ئىككى نەپەر ئايال ساقچىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يېشىۋاتقانلىقىنى، بىر مۇنچە ختاي ئەمەلدارلىرىنىڭ سۇرلۇك قاراپ تۇرغانلىقىنى، يەنە بىر نەچچە ساقچىنىڭ نەق مەيداننى رەسىمگە ۋە سىنئالغۇغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. رابىيە رەسىم ئاپپاراتىنىڭ چاراسلىغان نۇرى ۋە سىنئالغۇنىڭ ياندۇرغان چىراغلىرىنىڭ كۇچلۇك يورۇقىدا كۆزىنى ئاچالماي يۇمۇۋالدى. ئايال ساقچىلار ئۇنىڭ قوينىدىن <<ئامانەت>> نى سۇغۇرۇپ ئالدى.

_ بولدى ئېلىپ مېڭىڭلار! جىنايى پاكىتى، دەلىلى تولۇق! ـ دەپ ۋارقىرىدى يېشى چوڭراق، قورساق سالغان بىر ختاي ئەمەلدارى ساقچىلارغا قاراپ.

رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ چۆچۈپ كەتتى، تالادا يۈزلەرچە ساقچى، ئەسكەرلەر، ئون نەچچە ساقچى ئاپتوموبىللىرى تۇراتتى، رابىيە تۇيۇقسىز گاڭگىراپ قالدى. ئۇ قاتناش ساقچى ئىدارىسىگە كەلگىنىدە هاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۈن چىقىپ تۇراتتى، بىر دەمدە هاۋا بۇزۇلۇپ، ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ساقچىلارنىڭ سىرتتىكى جىددىي هالىتىدىن خۇددى ئۇرۇش پارتلىغاندەك مەنزىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

_ نېمە بولدى؟ زادى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟، ـ دېدى رابىيە ساقچى باشلىقىغا قاراپ، ـ مېنى نېمە قىلماقچى سىلەر؟

_ نېمە بولماقچى، چەت ئەلگە مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاپ بەرمەكچى بولغان رابىيە نەق پاكىت بىلەن قولغا ئېلىندى، ـ دېدى ساقچى باشلىقى ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى، ـ ئېلىپ مېڭىڭلار!

رابىيەنىڭ بېشىغا ئۆي ئىچىدە قارا خالتىنى كىيدۈرگەن ئون

نەچچە نەپەر ساقچى ئۆنى يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە شەكىللەنگەن ئىدى. بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ ئون نەچچە قارا ئاپتوموبىللىرى ۋە پۇقراچە كىيىنگەن نەچچە ئون خادىملىرى، خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ئون نەچچە جىپى ۋە تاپانچىلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇۋالغان ساقچىلىرى، يەنە 20 ـ 30 ئاپتوموبىلدا قاتناش ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئەسكەرلىرى، ئۆرۈمچى شەھەرلىك ئامانلىق قوغداش ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ھەربىيلىرى تەييار ھالەتتە تۇراتتى، ئاپتوماتلىرىنى بەتلەپ تۇتۇپ تۇرغان بۇ سۇرلۇك قوراللىق كىشىلەر ئالدىراپ ئاپتوموبىللىرىغا چىقىشتى. كىمدۇر بىرى، تەرتىپ ساقلاپ قوماندانلىق قىلدى. ئەڭ ئالدىدا ئەنسىز چىرقىراپ، رەڭدار چىراغلىرىنى يېقىپ بىر ساقچى ئاپتوموبىلى ماڭدى، قالغانلىرى رابىيە ئولتۇرغان ئاپتوموبىلنى قورشاپ ئالدى ـ كەينىدە قاتارلىشىپ ماڭدى. ساقچى ئەترىتى شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ ئۇڭغا قايرىلىپ، ليۇداۋان تۈرمىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. رابىيەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قېرى ساقچى، رابىيەنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن قارا خالتىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قەلەم بىلەن خاتىرىسىنى تەڭلەپ:

ـ رابىيە خانىم، ماڭا بىر ئىمزا قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ـ دەپ يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا سۆزلىدى.

رابىيە خىتاي ساقچىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئەمما ئادىتى بويىچە، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۇيغۇرچە يوغان قىلىپ «رابىيە قادىر» دەپ يېزىپ بەردى.

# تۇرمىدىكى تۇنجى كېچە

ئۈرۈمچىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ليۇداۋان تىك قۇدۇققا ماڭغان كىشىلەر، سول تەرەپتە ئېگىز ھەيۋەتلىك تاملىرى، قاپقارا سۇرلۇك دەرۋازىسى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ليۇداۋان يىغىۋېلىش ئورنى دەپ ئاتىلىدىغان تۇرمىنى كۆرىدۇ.

ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۈرۈمچىگە كېلىپ باقمىغان ئۇيغۇرلارمۇ دەھشەتلىك ليۇداۋان تۇرمىسىنىڭ داڭقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە قاراشلىق مەزكۇر تۇرمىنىڭ نامى **1949** - يىلى كۆزدە ئۈرۈمچىگە كەلگەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ نامى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. چۈنكى سۇرۇشتۇرسىڭىز، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ياكى ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنى ھەر قايسى دەۋرلەردە، چوقۇم بۇ تۇرمىگە كىرىپ چىققان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرى، مۆتىۋەر ئاقساقاللىرى، دىنىي ئۆلىمالىرى، مەرگەن - پالۋانلىرى، ھەتتا مۇشتۇمزور نوچىلىرىمۇ بۇ رەھىمسىز تۇرمىدە يا ھاياتىنى ئاياغلاشتۇرغان، ياكى ئۇنتۇلغۇسىز ئېچىنىشلىق خاتىرە قالدۇرغان.

ليۇداۋان تۇرمىسى مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى، تاملىرىنىڭ سېپىلدەك ئېگىزلىكى، پوستتا تۇرىدىغان ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ساقچىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى، گۇندىپايلىرىنىڭ تاش يۈرەكلىكى، مەھبۇسلارنى جىنايەتچىلەرنىڭ قولى بىلەن قىيناش - جازالاش تەدبىرلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقى شۇنىڭدەك باشقۇرىدىغان جىنايەتچىسىنىڭ نۇرغۇنلۇقى بىلەن نامى پۇر كەتكەن تۇرمە.

بۇگۇن ئەتىگەندە، ش ئۇ ئا ر پارتكومى قانۇن كومىتېتى

ئىشخانىسىدا جىددىي رەۋىشتە قۇرۇلغان پەۋقۇلئاددە قوماندانلىق شتابىدا، ۋاڭ لېچۈەن باشچىلىقىدا خەۋپسىزلىك، بىخەتەرلىك نازارىتى، ئامانلىقنى ساقلاش ئالاھىدە ئەترىتى دېگەندەك بىر قاتار دىكتاتورا ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋاشلىرى توپلىنىپ نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلىپ، «رابىيە قادىرنى جىنايى پاكىت بىلەن قولغا چۈشۈرۈش» جېڭىنى تاماملىغاندىن كېيىن، سائەت كەچ 8 لەردە ئۇھ دېيىشىپ، چايلىرىنى ئىچىشتى. بۇ جەڭگە قاتناشقان مىڭدىن ئارتۇق قوماندان، يېتەكچى ئوفىتسېرلار ھەمدە بىر نەچچە مىڭ ئەسكەر ساقچى، پايلاقچىلار جەڭنى توپا توزۇتماي يىغىشتۇرۇۋالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، كاتتا زىياپەتكە تۇتۇش قىلدى. چوڭلىرى نەق مەيداندىلا بېيجىڭدىكى خوجايىنلىرىغا دوكلات قىلىشتى. بېيجىڭدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىدىكى مەسئۇل كىشىنىڭ:

_ رابىيە قادىرنى نەگە سولىدىڭلار؟ ـ دېگەن سوئالىغا نازىر خىتاي كۆرەڭلىك بىلەن:

_ پارتىيىمىز تارىخىدا، دىكتاتورىمىزنىڭ ئەڭ چىڭ قورغىنى دەپ داڭ چىقارغان ئۈرۈمچى ليۇداۋان تۈرمىسىگە قامىماقچى، ـ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

رابىيە قادىرنى ئېلىپ ماڭغان ساقچى ئەترىتى، ئەنە شۇ ليۇداۋان تۈرمىسىنىڭ قاپقارا سۈرلۈك ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، رەت ـ رېتى بىلەن ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، قاتار تىزىلىپ توختاشتى. ئوتتۇرىدىكى بوش يەردىن رابىيەنى ئېلىپ كەلگەن قارا جىپ مېڭىپ كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئاپتوموبىللاردىن چۈشكەن ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەر قاتار ئىككى رەت بولۇپ قوراللىرىنى تەڭلىگىنىچە سەپكە تىزىلدى.

رابىيە جىپتىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. مىڭلارچە قوراللىق ئەسكەر قوراللىرىنى تەڭلەپ ئۇنىڭغا سۇرلۇك قاراپ تۇراتتى. ئېگىز تام ئۈستىدە، يىراقلاردىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىسىدە ھەربىيلەر قاراپ تۇراتتى. رابىيەگە قاتار تۇرغان ئىككى سەپ ساقچى، ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قارا دەرۋازىغا ماڭىدىغان يول ئېچىلغان ئىدى. رابىيە ئىككىلەنمەيلا ئۇدۇل قاراپ ماڭدى.

قارا دەرۋازا ئالدىدا تۈرمە باشلىقى، تولا ئەپيۈن چېكىپ يومپىيىپ چىققان قىپقىزىل كۆزىنى ئالايتقىنىچە، قوللىرىنى جەينىكىدىن ئالماشتۇرۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ، سالماق قەدەملەر بىلەن كۆكرىكىنى كېرىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئانىسىنى خۇددى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قورشاپ كېلىۋاتقان يۈزلىگەن ساقچى، ئەسكەرلەردىن نومۇس ھېس قىلدىمۇ ياكى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولدىمۇ:

_ توختا!، - دەپ شۇنداق يۇقىرى ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا ۋارقىرىدىكى، رابىيە چۈچۈپ تۇرۇپ قالدى. ئەتراپتىكى ساقچى، ئەسكەرلەرمۇ قورقۇپ كېتىشتى، بۇ تۈرمە باشلىقىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدار ئىكەنلىكى سالاپىتىدىن ۋە سالماق قەدەملىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان، يۇقىراچە كىيىنگەن بىرسى، تۈرمە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پىچىرلىدى، ئاندىن رابىيەنىڭ قېشىغا كېلىپ:

_ بىز سىنى تۈرمىگە تاپشۇرىمىز، سەن ئۇلاردىن «باۋگاۋ» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ رۇخسەت سورىشىڭ، ئۇلار رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن ئاندىن مېڭىشىڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ، - دېدى. رابىيە ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا سوغۇق كۈلۈمسىرىدى ۋە:

_ مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن رۇخسەت سوراپ مېھمانغا

كەلگىنىم يوق، سەن مېنى دىكتاتورا بىلەن زورلاپ بۇ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋاتىسەن، نېمىشقا يەنە ساڭا باۋگاۋ دېگۈدەكمەن؟ دېمەيمەن! ـ دېدى رابىيە.

_ باۋگاۋ دەپ توۋلىمىساڭ، ئۇلار ئوق چىقىرىدۇ، ئاتىدۇ، بىلەمسەن؟

_ نېمە، ئاتىدۇ؟ ئۇنداق بولسا ئېتىۋەتسۇن قېنى ـ رابىيە ئالدىغا دادىل قەدەم تاشلاپ خىتايچە ۋارقىرىدى، ـ تالاي قېرىنداشلىرىم بۇ زىندانلىرىڭدا هاياتىدىن ئايرىلدى. مەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئۆيغۇر، تولا هەيۋە قىلماي، نېمە قىلساڭ قىل. بەربىر قىلىدىغاننى قىلىۋاتىسەن، _ رابىيەنىڭ كەسكىن سۆزلىرى ۋە تەمكىن هالىتى ئۇلارنى تەمتىرىتىپ قويدى.

رابىيە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تۈرمە باشلىقىغا تىكىلدى. تۈرمە باشلىقى خىتاي ئاستا يەرگە قارىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ تۈنجى قەدىمىدە مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ هىڭگاڭ چىشلىرى غۇچۇرلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ هەيۋىسىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، هېلىلا قورقۇپ كېتىشكەن ساقچى، ئەسكەرلەر ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشتى، تۈرمە باشلىقى بۇ ئوڭايسىز ئەهۋالدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن، رابىيەنىڭ باۋگاۋسىنىمۇ كۈتمەستىن، يېنىدىكىلەرگە تېخىمۇ سەت ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

_ دەرۋازىنى ئېچىڭلار، ئەكىرىپ سولاڭلار بۇ خوتۇننى!

تۈرمە گۇندىپايلىرى رابىيەنى قاتمۇ قات ئىشىكلەردىن ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرىدىكى بىر ئىشخانا ئۆينىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىكى ئايال گۇندىپايلار، بۇ يەرنىڭ ئاياللار تۈرمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ تۇراتتى. رابىيە ئەمدىلا بوسۇغىغا پۇتىنى ئېلىشىغا، شۇنداق دەهشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندىكى، تۈرمىنىڭ تۆمۈر

ئىشكىلىرىمۇ جاراڭلاپ كەتتى:

_ توختا! ھەي قائىدە بىلمەيدىغان جىنايەتچى! بۇ سېنىڭ سارىيىڭ ئەمەس! ـ بۇ ئاۋاز، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان كېلەڭسىز سېمىز، ئېغزى كالاچتەك يوغان، سەت گۆندىپاي خىتاي خوتۇننىڭ ئېغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى رابىيە ئاران پەرق قىلالىدى. بۇ، گۆندىپاينىڭ دەسلەپتىلا رابىيەنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋېلىش، ياكى بولمىسا تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش تاكتىكىسى ئىدى.

_ نېمە ۋارقىرايسەن؟ـ دېدى رابىيىمۇ چىڭ ئاۋازدا.

_ باۋگاۋ دېمەمسەن!

_ يوقال كۆزۈمدىن گۆندىپاي! ـ رابىيە ئاچچىقىدا قولىنى شىلتىدى.

ئەمدى بۇ بالاسى ـ قازانى كۆرۈك، قېرى گۆندىپاي خوتۇن خۇددى نەچچە پاي ئوق يەپ غالجىرلاشقان ئېيىقتەك دەلدەڭشىپ يۈگۈرگىنىچە، تېخىمۇ سەت ئاۋازدا چىرقىراپ رابىيەگە ئېتىلىپ كەلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، خۇددى رابىيەنى ئۇرۇپ چەيلىۋېتىدىغاندەك، يەۋېتىدىغاندەك قورقۇنچ ئەلپازدا ئىدى. رابىيە چاققانلىق بىلەن كەينىگە بىر قەدەم داجىپ، ئۇنىڭ قاماق سالغان قولىنى بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ساقچى قىز، ئۇنىڭ يەنە بىر بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا:

_ سەن كىمنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىسەن، بىلەمسەن؟ رابىيە قادىرغا باشقىلاردەك مۇئامىلە قىلمەن دېمە، ـ دەپ پىچىرلىدى.

_ مېنىڭ نېمە كارىم، بۇ دېگەن تۇرمە، ئۇنى بويسۇندۇرىمەن.

_ ئۇ تېخى يېڭى كەلدى، ئاستا ـ ئاستا ئۆگەتمەمدۇق.

_ ھەي، خەيرىگۈلى، ئۇنداق بولسا سەن ئۇنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ بېقىۋال!

_ قولۇڭنى تەگكۈزگۈچى بولما! ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن!

رابىيە بىر چەتتە قىلىپ، بۇ ئىككى گۇندىپاي تالاشقا چۈشۈپ كەتتى.

رابىيە ئۇيغۇر ساقچى قىزنىڭ ئىسمىنىڭ خەيرىگۈل ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر بولغاچقا ۋىجدانى چىدىماي، ئادەم ئۇرۇشنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، ھېلىقى ۋەھشىي جاللاتنى توسۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ساقچى قىزنى ئايىغۇسى كەلدى ـ دە، بىر ئاز ياۋاشلاپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېلىقى گۇندىپاي خىتاي خوتۇنغا قاراپ:

_ ھەي قېرى غالچا، مەن مەركىزىڭدىن تارتىپ ھەممە جايغىچە بېرىپ، سېنىڭدەك ئۇششۇق لالمىلاردىن كۆرمىگىنى كۆرگەن، مېنىڭ بىر تال مويۇمغا چىقىلىپ باققىن، ئەتىلا يەتمىش پۇشتۇڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن. تولا ھەددىڭدىن ئاشما! ـ دېدى. ئۇيغۇر ساقچى قىز ئەمدى رابىيىگە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

_ سىز دېگەن ھازىر قولغا ئېلىنىدىڭىز، ئەتە ئەتىگەندە ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭمۇ تۈزۈملىرى بار، باشقىلار بۇندىن كېيىن سىزنى تىللىشى، خورلىشى ھەتتا ئۇرۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىسىز، ساقچىلاردىن »باۋگاۋ« دەپ رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، مىدىر قىلىشقا بولمايدۇ.

گۇندىپايلار رابىيەنى باشلاپ، 105 ـ نومۇر دېگەن تاختا ئېسىلغان تۆمۈر ئىشىك ئالدىدا توختىتىپ، ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ئۇنى ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى شاراقشىتىپ تاقىۋەتتى. شۇ چاققىچە

تىمتاس جىمجىت تۇرمە ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋازلار ياڭراشقا باشلىدى:

_ رابىيە ھەدە، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى بىلدۇق.

_ رابىيە ئاچا، گۇندىپاينىڭ جاجىسىنى بەرگەن ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىدۇق.

_ 105 ـ رابىيە، رابىيە ـ 105.....

_ رابىيە سىڭلىم، ئاللاھ سىزنى پاناھىدا ساقلىسۇن!

قىزلار، چوكانلار، مومايلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ توۋلاشماقتا، تۆمۈر ئىشىكلەرنى مۇشتلىماقتا، گۇندىپايلار توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۆمۈر ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ توۋلاپ، تەرتىپ ساقلاشقا ئۇرۇنماقتا.

رابىيە قادىر ئەمدى چۈشەندىكى، باياتىدىن بېرى، 40 نەچچە ئېغىز كامىرىدىكى 800 گە يېقىن سىياسىي جىنايەتچى دەپ سولانغان ئۇيغۇر قىز، چوكان، ئانىلىرى دەرۋازىدىن كىرىپلا، جاللات خىتاينىڭ ئەدىپىنى بېرىپ توۋلىغان ياڭراق ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىشىكنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ماراپ، تۆمۈر ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، تىمتاس تۇرغان. بۇ يېڭى كىرگەن مەھبۇسنىڭ رابىيە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىردىنلا، تۇرمىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىنى قايرىپ قويۇپ چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىغان.

بۈگۈن ئاخشام ئايال مەھبۇسلار باشقىچە جاسارەتلەنگەن ئىدى. ھەممىسىنىڭلا نېمىشقىدۇر، غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ توۋلىغۇسى، ساقچىلارنى تىللىغۇسى كېلەتتى. ئۇلار قوللىرىدىكى پلاستىك تاماق قاچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، تۆمۈر ئىشىكلەرنى تېپىپ، مۇشتلاپ، ئۈنلۈك توۋلايتتى، ھەر قايسى كامېرلاردىن چىقىۋاتقان

تەرتىپسىز، ئەمما غەزەپلىك ئاۋازلار كۈچلۈك بىر نامايىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، كامېرلارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇرۇن بىر ـ ئىككىسىنى ئۇرۇپ قورقۇتۇپ جىمىقتۇرالايدىغان گۇندىپايلار بۇگۇن كارغا كەلمىدى. تولا ۋارقىراپ، پوپوزا قىلىپ جۆلۈقى چىقىپ كەتكەن گۇندىپايلار، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.

_ رابىيە ـ 105، 105 ـ رابىيە... ئاۋازلار يىراقتىكى ئەرلەر تۈرمىلىرىگىمۇ ئاڭلاندى.

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، مەھبۇس ئاياللار ئۇيقۇغا كەتتى. رابىيە ئۈستىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن چۈشكەن غۇۋا يورۇقتا كامېر ئىچىگە سەپ سېلىپ قارىدى. تاملىرى شۇنداق پاسكىنا، سېمونت يەرلىرى نەملىشىپ زەي پۇراپ تۇرغان كامېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاھارەت تۆشۈكى تۇراتتى. تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاماق قاچىسى پاتقۇدەك يوچۇق تۇراتتى.

رابىيە كامىرىغا كىرىپلا، تامغا يۆلىنىپ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ دۈگدەيگىنىچە مىدىر قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

_ نېمە گۇناھ قىلدىم؟ بۇلار زادى نېمىشقا مېنى تۇتۇپ سولىدى؟ ـ رابىيە يا بېشى يوق، يا ئاخىرى يوق چەكسىز خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولدى.

ستالىندىن تەلىم ئالغان جاللات شىڭ شىسەي، سان ـ ساناقسىز بايلارنى، مۆتىۋەرلەرنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان مەردلەرنى مانا مۇشۇنداق يوشۇرۇن تۇتۇپ سولاپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. كېيىن ستالىن يەنە، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەخمەتجان قاسىم باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان ئەزىمەتلەرنى يوشۇرۇنچە قولغا ئېلىپ يوق قىلدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزگە كەلگەندىن بېرى،

ۋەتەن، مىللەت، خەلقىم دېگەن ئۇيغۇر يىگىت، قىزلىرىنى يەنە مۇشۇنداق يوشۇرۇن تۇتۇپ سولاپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

دېمەك ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئويلاپ، ئويلاپ ئاخىرى ئۈنلۈك پىچىرلىدى:

_ بوۋىلىرىمىز، «يىتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەن ئىدى.

## بىرىنچى قېتىملىق سوراق

رابىيە قادىر تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان پېتى چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، نە تاڭ ئاتقانلىقىنى، نە كەچ كىرگەنلىكىنى ئانچە بىلگىلى بولمايدىغان قاپقاراڭغۇ كامېرىنىڭ غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان كىچىككىنە تۈڭلۈككە سىنچىلاپ قارىدى ـ دە، تاڭ ئاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كامېرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ سېمونت سۇپا ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئاستا قەدەملەپ مېڭىپ باقتى. رابىيە ئالدىرىماي تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن، قىبلە تەرەپنى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ ئىككى رەكەت پەرز نامىزىنى ئوقۇپ سالام بېرىپ بولۇپ، ئۈزۈن پىچىرلاپ دۇئا قىلدى. نامازدىن كېيىن ئولتۇرۇپ يەنە خىيالغا پېتىپ كەتتى.

ئۇنىڭ قىياسىچە، بۈگۈن ھەممە ئىش ئېنىقلىنىدۇ. ئەتىگەندە ئىشقا چۈشكەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ، ئۇلار بەلكىم سالا قىلىشىدۇ، بەلكىم ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇر، بەلكىم ئارىسىدىن بىرى چىقىپ، ھەي بەكلا ئاشۇرۇۋېتىپسىلەر، بولدى قىلىپ قويۇۋېتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ، ئىشقىلىپ، تۈنۈگۈنكى ھەرىكەتلەر، ئۇنىڭ جىمجىت

ئۆجۆقتۆرۆلمايدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى. ھېچبىرىنى دېمىگەندىمۇ، نەچچە يۈز مەھبۇس ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدى، ئەمدى ئۇنى يوشۇرۇن يوق قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم، مەركەزدىكىلەر، سىياسىي كېڭەشتىكىلەر ئاڭلىسا بىر نېمە دەر...

ھەي... ئايىم دېگەن راستلا شۇم ئېغىز خوتۇنكەن جۇمۇ، ئۇنىڭ دېگىنى بولدى، باشقا ئۇزۇن قۇلاق خوتۇنلارنىڭ پىچىرلاپ قويۇشىچە، ھۆكۈمەت ئۇنى ئاللىقاچان قولغا ئېلىشى كېرەكمىش، لېكىن تۇتۇش ئۈچۈن بىر باھانە بولغۇدەك ھېچ سەۋەب تاپالمىغانمىش.

باج ئوغرىلاش، بانكا ھېساباتى، ئەتكەس مال دېگەندەك ھەر خىل دېلولارنى ياساپ باققان بولسىمۇ، قاملاشتۇرالىغۇدەك يوچۇق تاپالماي تۇرغان «رابىيە قادىرنى قاپقانغا چۈشۈرۈش» گۇرۇپپىسىغا شۇ كۈنى، بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن ئەڭ يېڭى ئۇچۇر كەلگەن، سىدىقھاجىنىڭ ئامېرىكىدىن ئاچقان تېلېفونى ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى زىيارىتى توغرىسىدىكى تېلېفون ئۈنئالغۇ لېنتىسى، ئۇلارغا يېڭى بىر پىلانىنىڭ يىپ ئۇچىنى بەرگەن.

بەلكىم، ئامېرىكىلىق مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ نازىرى، ھەي، قارىمامسىز رابىيەم، بىزنىڭكىلەر ئالدىراپلا سىزنى تۇتۇپ قويۇپتۇ، تازا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، دەپ ئۇنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەر. بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بىر ئەمەللار.....

رابىيە سولانغان كامېرىنىڭ تۆمۈر ئىشىكى شاراقشىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئەتىگەنلىك نۆۋەتچى گۇندىپاي خوتۇن رابىيىگە سوراققا تەييارلىنىشنى، 5 مىنۇتتىن كېيىن سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

رابىيە بىرىنچى قېتىملىق سوراقنىڭ تۈنجى جەڭ، تۈنجى كۈچ

ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى پەملەپ، يۈز ـ كۆزىنى پاكىز يۇدى، چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى، تونۇگىنى ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالاھىدە كىيىۋالغان بىر يۇرۇش ئاق رەڭلىك كىيىمىنى كىيىپ، سالاپەت بىلەن سوراقخانىغا ماڭدى.

ئايالىلار تۈرمىسىنىڭ كامېرلىرى جايلاشقان زالدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرىسىدىكى قورۇغا چىققاندا، سوراقچىلارنىڭ ئىشخانىلىرى كۆرۈندى. رابىيە سوراقخانا ئىشىكىدىن كىرىشىگە، تۆردە قاتار تىزىلغان ئۈستەللەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان 8 نەپەر سوراقچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، رابىيە بېشىنى يېنىك تەۋرىتىپ سالاملاشتى، سوراقچىلارنىڭ تۆت نەپىرى ئۇيغۇر، تۆت نەپىرى خىتاي بولۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى بىلىشمەيتتى. ئۇلار، ئالدىدىكى جۇۋەك ئەمما سۈرلۈك ئايال ـ خىتايغا ئۆزىنى تونۇتقان رابىيەنىڭ، ھازىر ئالدىدىكى جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ھودۇققانلىقىنى ئېسىگە ئېلىشىپ، دەرىجىسىگە قاراپ، بىر ـ بىرىگە ھومىيىشقاندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى ھەمدە ئۇدۇلىغا قويۇلغان يۇمشاق ئورۇندۇققا رابىيەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سوراقنى باشلىدى.

ئوتتۇرىدىراق ئولتۇرغان بىر نەپەر ئۇيغۇر سوراقچى دەپتىرىگە قاراپ سوئال سوراشنى باشلىدى:

_ ئىسمىڭ نېمە؟

_ رابىيە قادىر.

_ نېمە ئىش قىلىسەن؟

_ ب د ت 5 ـ نۆۋەتلىك ئايالىلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلىمەن.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،

مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،

مەملىكەتلىك قىزىلبايراقدار نەمۇنىچى،

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،

ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار، ئايال كارخانىچىلار جەمئىيەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھەر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسىمەن.

خىتايدىكى 10 چوڭ باي سودىگەرنىڭ بىرسىمەن.

_ بىز ھازىر سوراقنى باشلايمىز، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئېنىق، ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش، ئەگەر سوراقلىرىمىز جەريانىدا بىزگە ماسلاشساڭ، پوزىتسىيىمىز ياخشى بولىدۇ، ئەگەر قارشىلىق قىلساڭ قوپاللىققا ئۇچرايسەن.

_ مەن سىلەرگە ماسلىشىمەن دەپ ئېيتالمايمەن. مەن ئەزەلدىن بارنى بار، يوقنى يوق دەپ ئادەتلەنگەنمەن.

_ ئامېرىكا بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟

_ مەن ئامېرىكىغا بارغان، ئېرىم ۋە باللىرىم ھازىرمۇ ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ.

_ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟

_ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق.

_ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قانداق ئاخباراتلارنى ئەۋەتتىڭ؟

_ ھېچ قانداق ئاخبارات ئەۋەتمىدىم.

_ تۇنۇگۇن يېنىڭدىن چىققان ماتېرىياللارغا نېمە دەيسەن؟

_ بۇ ماتېرىياللارنى مەن 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي

كېچەش يېغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مېنىڭ قانۇنىي ھوقۇقۇم. پۈتۈن سىياسىي كېچەش ئەزالىرى، مەركەزنىڭ باشلىقلىرى ھەتتا جاڭ زېمىن مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ «سىز ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، دەرھال تۈزىتىمىز، رەھمەت سىزگە» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنى ئىجرا قىلمىدى. شۇڭلاشقا بۇنى دۇنيا خەلقىمۇ ئاڭلىسۇن دەپ ئويلىدىم.

_ دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ئائىت بۇ ماتېرىياللارنى چەت ئەللىكلەرگە بەرمەكچى بولغان جىنايىتىڭنى ئېتىراپ قىلامسەن؟

_ ياق ئېتىراپ قىلمايمەن، مېنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىم يوق!

_ كوممۇنىستىك پارتىيىمىز سېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، ھۆكۈمەت سېنى يۆلەپ ئەڭ داڭلىق بايلار قاتارىغا قوشتى، ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ، ئەمەللەرنى بەردى، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 50 نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندىڭ، پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ يۈكسەك شاپائىتىگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ئەمدى ئاسىيلىق قىلىپ، شەرمەندە بولدۇڭ، مانا بۇ جىنايەت بولماي نېمە؟

_ مەن ئۇيغۇرنىڭ قىزى، ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى، ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە، مىللىتىمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم. ئەكسىچە سادىق بولدۇم. خەلقىمنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، دەردلىك شىكايەتلىرىنى ۋە چىدىغۇسىز ئاھۇ - زارىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلدىم. مەن خەلقىمنىڭ ئارزۇسىنى، ئۈمىدىنى، ئوي - خىيالىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. تارىختىن بۇيان بىزگە نېمە بەرگەنلىكىڭلارنىمۇ ئوبدان چۈشىنىمەن. 50 يىلدىن بۇيان بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنىمۇ ئوبدان چۈشەندىم.

كومپارتىيە ئەمەلدارى مېنى 6 بالا بىلەن كوچىغا تاشلاپ قويغاندا، مەن زار - زار يىغلاپ كىر يۇيۇپ بالىلىرىمنى باققاندا، مەن

شەھەرمۇ ـ شەھەر قاتراپ يۈرۈپ پۇل تاپقاندا، مەن كىچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي مېھنەت قىلغاندا كومپارتىيە نەدە قاپتىكەن؟

1944 ـ يىلى گومىنداڭ ئىستىبداتچىلىقىنى تار ـ مار قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان ئەخمەت ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنى كىم قەتلى قىلدى؟ چىڭگىز داموللام، ئەسئەدۇللاھ داموللام، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قاتارلىق دىنىي ئالىملىرىمىزنى كىم يوق قىلدى؟ ئىبراھىم تۇردى، توختى قۇربانەك زىيالىيلار قانداق ئۆلتۈرۈلدى؟ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى كىملەر قەست قىلىپ ئۆلتۈردى؟ سەيپىدىن ئەزىزى نېمە ئۈچۈن بېيجىڭدىكى «ئالتۇن قەپەس» گە سولاندى؟ كىملەر ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرۇپ مېڭىسىنى ئىلەشتۈرۈپ قويدى؟ ئومۇمەن، ھەقىقەتنى تونۇپ قالغان ھەر قانداق ئۇيغۇر سىلەرنىڭ سۈيىقەستىڭلاردىن قۇتۇلالمىدى.

بىلىپ قويۇڭلار، مەن سىلەر تەرەپتە ئەمەس، خەلقىم تەرەپتە تۇرىمەن. خەلقىمنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە راسلانغان زىياپەتكە داخىل بولالمايمەن، خەلقىمنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن تىكلەنگەن ھەيۋەتلىك قەسىرلەردىكى مەنسەپ تەختلىرىدە ئولتۇرالمايمەن. خەلقىمنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان قىزىل گىلەملەردە ئەركىن دەسسەپ يۈرەلمەيمەن.

تېخى نەچچە يىل ئىلگىرى غۇلجىدا نېمە قىلمىدىڭلار؟ ناھەق تۇتۇپ كېتىلگەن بىگۇناھ تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلەرنى ئوققا تۇتتۇڭلار، نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغانلارنى ئىتقا تالاتتىڭلار، ئاشكارا ئاتتىڭلار، مىڭلىغان ياشلارنى ئۇستى ئوچۇق تەنتەربىيە مەيدانىغا بىر كېچە سولاپ قويۇپ، شىلانكىدا سوغۇق سۇ چېچىپ، بىر مۇنچىسىنى توڭلىتىپ ئۆلتۈردۈڭلار، يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدىڭلار، بەزى يېزىلاردا

دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ قېرى بوۋاي، موماي ھەتتا بوۋاق باللارنى ئوققا تۇتتۇڭلار، نەچچە ئونمىڭ ياشنى تۇتقۇن قىلدىڭلار، 15 كۈن ئىچىدە ھېچ سوراق قىلماستىن، ھەتتا بىر مۇنچىسىنىڭ تېخى ئىسمىنىمۇ تىزىملىماستىن، بىخەتۇەن ترانسپورت پولكىنىڭ ئاپتوبۇسلىرىدا سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ تۈرمىلىرىگە يۆتكەپ كەتتىڭلار! بىر تالاي ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. باللىرىنى سۈرۈشتۈرگەن ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىمۇ سولاپ قويدۇڭلار. مەن ياردەمچىم راملە بىلەن بىللە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھوقۇقلۇق قانۇنىي رەسمىيىتى بىلەن، غۇلجىغا بېرىپ يۇقىرىقىدەك پاكىتلارنى تەكشۈرگىنىمدە، ئىككىمىزنىمۇ تەپ تارتماستىن سولاپ قويۇپ تەكشۈردىڭلار. غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوكۇل دورىسى سىناق قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مىڭلىغان باللارنىڭ ئىسملىكى ماتېرىيالىنى تارتىۋالدىڭلار. ھەتتا، ئادەمگەرچىلىك قېلىپىدىن چىقىپ، مېنى ۋە راملەنى يالىڭاچلاپ، ئىچ كىيىم بىلەن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئەركەك ساقچىلار كىرىپ ـ چىقىپ، ئاختۇرۇپ، سوراق قىلدىڭلار، بالا ـ چاقىسى ئۆلگەنلەرگە تارقىتىلغان 60 مىڭ سومنىڭ ئىزىنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ قىستىدىڭلار!

پىلانلىق تۇغۇت داۋامىدا مىليونلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي زورلاپ تۇغماس قىلىۋەتتىڭلار، نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىنى ئاختا قىلىۋەتتىڭلار، يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ئانىسى كېسەل بىلەن ئۆلدى. يۈز مىڭلىغان نارەسىدە بوۋاق يورۇق كۆرمەي ئۆلدى، نارازى بولغانلار، بويسۇنمىغانلار تۈرمىلەرگە سولاندى، ئېغىر جەرىمانىلەرنى تۆلىيەلمەي مال ـ بىساتىدىن، ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى.

مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىرۇئىن تىجارىتىنىڭ يول

ئېچىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەمەلدار، زىيالىيلارنىڭ مىڭلىغان باللىرى زەھەر قۇربانىغا ئايلاندى.

مىليونلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى، باغۋەنلىرى مەجبۇري ھاشار، باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ دەستىدىن نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ بىلمەمسىلەر؟......

قىسقىسى، مەن خەلقىمنىڭ ھەممە دەردىنى ئاڭلىدىم، تەكشۈردۈم، پاكىتلارنى توپلىدىم، سىلەرنىڭ ھەممە سىياسەت، ھۆججەت، قانۇنلىرىڭلارنى راست ئوخشايدۇ، دەپ مەملىكەتلىك سىياسي كېڭەشتە سۆزلىدىم، ھەممە ئاڭلىدى، ماختىدى، تۇزىمىدى، ئوڭشىمىدى، ئەكسىچە، شۇندىن بېرى مېنى قەست قىلىۋاتىسىلەر، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۇنيا ئاڭلىسۇن دېدىم. دۇنيادىغۇ ئادالەت، ھەقىقەت باردۇ، دەپ ئويلىدىم.

رابىيەنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى قاتار ئولتۇرغان سوراقچىلارنىڭ باشلىرىنى ساڭگىلىتىۋەتتى.

سوراقنى خاتىرىلەۋاتقان كاتىپ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش ئالدىدىكى قەغىزىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

ـ سوراق ئەتە داۋاملىشىدۇ، ـ دەپ ئاستا ۋە غەمكىن بىر ئاھاڭدا سوزۇپ سۆزلىدى باش سوتچى سوراقنى توختىتىپ. ئۇ ئارقىدىنلا، ئورنىدىن تۇرۇپ، رابىيە قادىرنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى:

ـ رابىيە قادىر 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى چەت ئەللىكلەرگە ۋە چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بەرگەنلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىندى. بۇ يەرگە ئىمزا قوي! ـ دېدى سوتچى قولىدىكى قەغەزنى كۆرسىتىپ. رابىيە كەسكىن رەت قىلدى:

ـ ياق ئىمزا قويمايمەن! ماڭا ئارتقان جىنايەتلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلمايمەن!

## تەھدىت ۋە نالە

سوراق، ھەر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ۋە چۈشتىن كېيىن، ئىككى قېتىم داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى ئۇيغۇر، بىر كۈنى خىتاي سوراقچى سوراق قىلاتتى. خىتاي سوراقچىلار ئۇيغۇر تىلىنى، ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن قوشۇپ راۋان سۆزلەيتتى. بۈگۈن قاپىقى يامان خىتاي سوراقچى سۆز باشلىدى:

ـ رابىيە، سەن جاھىللىق قىلما، سېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا، تۈركىيىگە، ئەنگلىيىگە، ئامېرىكىغا چىقىشىڭ ساڭا ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمىدى. بىز سېنىڭ چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ، مىللىي بۆلگۈنچى ئېرىڭنىڭ تەسىرىگە ئېغىر ئۇچرىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلىمىز. ئويلاپ باق، كومپارتىيە ئۇيغۇر خەلقىنى قالاقلىقتىن، گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى.

ـ نېمە دېدىڭ؟ سەن تېخى بىزنى قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇردۇڭما؟ ئۇيغۇرلار تارىختا يىپەك يولىنى ئېچىپ، سىلەرگە سودىنى ئۆگەتتى، مەدەنىيەت ئۆگەتتى، دىن ئۆگەتتى، ناخشا ـ مۇزىكا ئۆگەتتى، قەغەز، يىپەك، مەتبەئە، ئوق دورا، زەمبىرەك ياساشنى ئۆگەتتى، تارىخىڭنى ئوبدان ۋاراقلاپ باق؟ پايتەختىڭ بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ خان سارىيىنى كىم لايىھىلىدى؟ سەن دۇنياغا ماختىنىپ يۈرگەن چاقچۇق تۇرۇبا يولىنى كىم پىلانلىدى؟

ئۇيغۇرلار كاتتا سارايلارنى ياساپ، باغ ئەھيا قىلىپ، ھويلا ـ

ئارامىلىرىنى گۈل ـ چېچەكلەرگە تولدۇرۇپ، يوپۇرماقلارنىمۇ يۇيۇپ پاكىز ياشاۋاتقاندا، سەنلەر كۆرۈنگەن قۇرۇت ـ قوڭغۇزنى يەپ، تاماق يەيدىغان ئۆيدىكى ماتۇڭغا تاھارەت قىلىپ يۈرۈشكەن ئىدىڭ، شۇ پاسكىنىچىلىقلارنى بىزنىڭ يۇرتىمىزغىمۇ ئەپكېلىشتىڭ.

سەن تېخى بىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردۇڭما؟

سەن كەلمەستە، پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئېتىزدا زىرائەت، خاماندا چەش، باغدا مېۋە، تاغدا مال، مول باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشايتتى، ھەممە ئادەم زاكات بېرىپ، تۆل خوتۇن، يېتىم باللارنى يۆلەشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدا مېۋىنى، سۈتنى، تۇخۇمنى پۇلغا ساتمايتتى، ناتونۇش مېھماننى قوزا سويۇپ كۈتۈۋالاتتى، كىشىلەر بىرەر ئايلىق سەپەرگىمۇ يول ـ يولدا مېھمان بولۇپ كېتىۋېرەتتى. قاچان سەنلەر كەلدىڭ، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقىم نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇق گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئادەملەرنى گەندىدىنمۇ پۇل ئالىدىغان قىلىپ قويۇشتۇڭ، ھەممە بايلىق خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كېتىلگەچكە، خەلق ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىق، ھاشار ـ جەرىمانىلەردىن قۇتۇلالماي، بۈگۈنگىچە قورساقنىڭ غېمىدە ئاچ ـ زار ياشىماقتا. ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى سارايلىرىڭدىكى ئىككى توك ـ توك غالچىنىڭ داستىخىنىغا قاراپ ئەمەس، كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بارساڭ ئاندىن بىلىسەن.

قايىقى يامان سوتچى خىتاي شاپالىقى بىلەن تاق قىلىپ ئۈستەلنى ئۇرۇپ، رابىيەنى سۆزدىن توختاتتى ۋە ۋارقىرىدى:

ـ رابىيە يولداش، بىزدە، ھۆرمەت شارابىنى ئىچمىسەڭ، جازا شارابىنى ئىچىسەن دېگەن گەپ بار، مۇنداق ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرساڭ، بىزدىن رەنجىپ قالما يەنە، ـ ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى ساقچىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئىما قىلىپ ئىشارەت قىلدى.

رابىيەنى سوراق قىلىۋاتقان ئۆيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەڭلا بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ۋايجانلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككى ياندىكى ئۆيلەردە دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاق باشلىنىپ كەتتى. ئونلىغان گۇندىپاي تۆمۈر توقماقلىرى بىلەن بالىلارنى ئۇرۇۋاتاتتى، بالىلارنىڭ تىرناقلىرىغا سانجىلغان يىڭنىلەرگە توك ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى قاتتىق چىرقىرىتىپ قىيناۋاتاتتى، بىرسى تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتتى، گۇندىپايلار ئۇنىڭ بېشىغا بىر چېلەك يۇندىنى شالاقشىتىپ تۆكتى.

_ زالىم فاشىستلار، جېنىمنى ئالساڭمۇ ـ ئال، بىلمەيمەن دېدىم بىلمەيمەن، ـ يەنە بىر ئۆيدىن بىر ئۇيغۇر بالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇ، مەيدىسىگە يېقىلغان دەزمالنىڭ قىزىقىدا قاتتىق نالە قىلىپ چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بۇ دەھشەتلىك مەنزىرە، قورقۇنچلۇق سادالار، ئەكس سادالىرى بىلەن قوشۇلۇپ، »ھەممىڭ ئاڭلاپ قويۇش، جاھىللىق قىلساڭ ئاقىۋىتىڭ مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، كامېرلارنىڭ ئىشىكىدىن، تۈڭلۈكىدىن كىرىپ ھەر بىر مەھبۇسنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

رابىيە دەسلەپ، بۇ نالە ـ پەرياد ئاۋازىغا چىدىيالمىدى، كېيىن ھېس قىلدىكى، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغان ساقچىلار، سېنىمۇ مۇشۇنداق قىينايمىز دېگەندەك ئېغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلمەكتە ئىدى. بالىلارنىڭ نالىسى پەلەككە چىقتى، رابىيەنىڭ يۈرەك، باغرى مىجىلىپ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ساقچىلار ئۇنى قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. لېكىن رابىيە ئاستىنقى كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سوراقچىلارغا:

_ كوممۇنىستلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە نېمە قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى

ئەمدى ئۆزۈڭلار كۆرسىتىۋاتامسىلەر؟ دەرھال توختىتىش بۇ ئويۇنلىرىڭنى! ـ دەپ توۋلىدى، قىيناش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

رابىيە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئۇ دەسلەپ ئىككى ئالقىنى بىلەن جەينەكلىرىنى، يۈز، پېشانىلىرىنى سىلاشقا باشلىدى، مۇسۇلمانچىلىقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار بىر سوراقچى، رابىيەنىڭ تەيەممۇم قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. رابىيە جىمجىت ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، سالامدىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ نالە قىلىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى:

_ ئاھ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، جاھاندىكى جىمى جانلىقنى، ھەممە ئىنسانىنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ، ئولتۇرغان مۇشۇ سوراقچى خىتايلارنىمۇ سەن ياراتتىڭ، نېمىشقا بىچارە ئۇيغۇرنى مۇشۇ نامەرد خىتايغا قاراتتىڭ؟ ئاھ ئالالاھىم، بىز سېنىڭ ئادالىتىڭگە تەلمۈرىمىز، سېنىڭ ھۆرىيىتىڭگە تەشنامىز، ئالالاھىم، شۇ نارەسىدىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بىزگە شاپائەت قىلغايسەن. ئەلقىساسۇ مىنەلھەق دېدىڭ، ماڭا مەدەت بەر ئالالاھىم، ساڭا ۋەدە بېرىمەن، بىچارە باللىرىمنى قۇتۇلدۇرىمەن! ئۇيغۇر خەلقىنى بۇ ناپاكلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىمەن. بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن، يارەببىم!

رابىيە قادىرنىڭ يىغا ئارىلاش نالىسى جاراڭلاپ، پۈتۈن كامېرلارغا يەتتى، 7 ـ 8 يۈز قىز، چوكان تەڭلا ئامىن دەپ توۋلىغاندا، خۇددى تۈرمىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئىشىك ـ دېرىزىلەر تىترەپ كەتتى. مەھبۇسلار رابىيەنىڭ جاسارىتى بىلەن، جانلىرىدىن جاق تويغان ئىدى. ھەممىسى ياۋايىلارچە كامېر

ئىشكىلىرىگە ئېتىلىپ ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى، يىغلايتتى، نالە قىلاتتى، ئىشكىلەرنى تېپەتتى، قاچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، شاراقشىتاتتى، نەچچە يۈزلىگەن قىز، چوكان ئىسيان كۆتۈرگەن ئىدى. نارازىلىق نامايىشى قىلماقتا ئىدى. رابىيەنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ قىلماقتا ئىدى. ئىلگىرى بىرەرسى ۋارقىراپ قويغىنى ياكى ئىشىكنى تېپىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆلگۈدەك دۇمبا يەپ تەۋبە قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇلار قورقمايدۇ، رابىيە ئانىسى ئۇلارغا مەدەت بەرمەكتە. بۇ تۈرمىنىڭ تارىخىدا بۇنداق ئومۇمىي قوزغىلاڭ بولۇشى تۇنجى قېتىم ئىدى. رابىيەنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىماقتا:

ـ ئەي ئاللاھىم، شۇ نارەسىدە بىگۇناھ قىزلىرىمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ماڭا ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ غەيرەت، ئۈمىد ـ ئىشەنچ بەرگىن!

ـ ئامىن، ياشاپ كەت رابىيە ئانا!

سوتچىلارنىڭ، تۈرمە باشلىقىنىڭ، گۇندىپاي، ژاندارمىلارنىڭ «توختا!»، «توختاش بولمىسا...» دەپ ۋارقىراشلىرى بۇ دەھشەتلىك ئاۋازلار ئىچىدە يوقىلىپ كەتتى.

تۈرمە ئىچىدە باشلانغان بۇ ئالا ـ توپىلاڭدىن قورقۇپ كەتكەن سوراقچىلار، سوراقنى توختىتىپ، رابىيەنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. بەش نەپەر ساقچى رابىيەنى يالاپ، سوراقخانىدىن كامېر تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا، توۋلاۋاتقان قىز ـ چوكانلار تىمتاس بولۇپ توختىدى. دەل شۇ پەيتتە، ساقچىلار چالا ئۆلۈكتەك سۆرىلىپ قالغان ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنى يۆلەشتۈرۈپ كامىرىغا ئېلىپ ماڭدى، پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان، بەدىنىنىڭ گۆشلۈك يەرلىرى لەختە ـ لەختە تىتىلغان، يۈز ـ كۆزى ئىششىپ تونۇيالماس بولۇپ قالغان باللارنىڭ ھالىنى قەستەن رابىيەگە كۆرسىتىش ـ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى روھىي

ھۇجۇم تەھدىتى ئىدى. ئېغىزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ تۇرغان، 21 ياشلاردىكى چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكەن ئۇيغۇر بالا ساقچىنىڭ قولىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە يىقىلدى. ئۇ پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ رابىيىگە تەلمۈردى:

_ ئەي رابىيە ئانا، سەن نېمىشقا كىرگەنسەن بۇ دوزاخقا، بۇ ئازابنى، بۇ دەرتنى بىزلا تارتساق بولمامتى؟ جېنىم ئانا، سىلەرنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزارمىز دەپ، بىز ياتتۇق بۇ تۇرمىدە، سىنىڭ ئۇچۇن بىز ئۆلۈپ كەتسەك رازى ئىدۇق، ئۆزۈڭنى ئاسرا رابىيە ئانا! _ قىپقىزىل قان ئىچىدە پەرياد ئۇرۇپ نالە قىلىۋاتقان مەردانە ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئېغزى قان ئىچىدە مىدىرلايتتى، كۆزى قان ئىچىدە مۆلدۈرلەيتتى، يۈرىكى زەرداب ئىچىدە يىغلايتتى. رابىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بالىغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يەنە نالە قىلدى:

_ ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ، كۆرۈۋاتامسەن، باللىرىمنى چوقۇم ئازاد قىلىمەن!

ساقچىلار رابىيەنى قوللىرىدىن بۇ تەرەپكە تارتتى، نەچچىسى ئىككى يىگىتنى پۇت ـ قوللىرىدىن سۆرىگىنىچە ئەرلەر تۈرمىسىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى. رابىيە باللارنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ 105ـ كامىرىغا قاراپ ماڭدى. بۇ ھادىسىلەرنى جىمجىت تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان ۋە ئاڭلاۋاتقان قىز، چوكانلار، ئارىسىدىن بىرسىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناخشىسىنى مۇڭلۇق ۋە ياڭراق ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلىدى، نەچچە يۈز كىشلىك ئومۇمىي خور ئاسمان ـ پەلەككە ياڭرىدى. يىراق ـ يىراقلاردىن ئەر مەھبۇسلارنىڭ تەڭكەش ئاۋازى

جاراڭلىدى. لېۋداۋان تۈرمىسىنىڭ تاملىرى تىترەشكە باشلىدى. نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىش ئۈچۈن بۇ تۈرمىدە گۈندىپاي يېتىشمەيتتى. ئۇيغۇر ساقچى، گۈندىپايلار بولسا بۇ ئومۇمىي خورغا كۆنۈپ قالغان ئىدى، ھەتتا ئارىسىدىكى بەزىلىرى يالغۇز يەردە ئاستا غىڭشىپ تەڭكەش بولاتتى. رابىيە ھاياجان ئىچىدە، خورچىلارغا قوشۇلۇپ «ئىز» ناخشىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلىدى:

ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئاينا نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى ـ نى ئارسلانلار، دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.

قەبرىسىز قالدى دېمەڭ، يۇلغۇن قىزارغان دالادا،
گۈل ـ چېچەككە پۈركىنۇر تاڭلا باھاردا قەبرىمىز.

قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن، گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپىقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز،
يا ئەۋرىمىز.

## 9 كۈنلۈك ئاچلىق كۈرىشى

ئىز ناخشىسى ئاخىرلاشقاندا، رابىيە قادىر 105 ـ نومۇرلۇق كامىرىنىڭ سېمونت سوپىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بۈگۈنكى سوراقتا ئۇ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ساختىكارلىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى. ھەتتا ساقچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇۋەتتى. سوراقچىلار ئىككى ياش بالىنى ئۇرۇپ، قىيناپ »مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ، يولۋاسنى قورقۇتۇش« دەيدىغان سوراق تاكتىكىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، رابىيە يۈرەك باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان يىغىسى بىلەن ئاللاھقا ئىدا قىلىپ كۈچ ـ غەيرەت تىلىدى. مانا ئەمدى سوراقتىن چىقىۋېدى، پۈتۈن خوتۇن ـ قىزلار ھەممىسى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ «ئىز» ناخشىسىنى توۋلىدى.

رابىيە تەپەككۇر ئېكرانىدا چەكسىز ئالەمنى چوڭقۇر كۆزىتىۋېدى، ئۇنىڭ باغرىدىكى دۇنيا كىچىككىنە بىر توپتەك كۆرۈندى. ئەلمىساقتىن بۇيان كەچكەن ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋاراقلىۋىدى، ئۇمۇ قىسقا بىر مۇساپىدەك بىلىندى. بىر ئىنساننىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلىۋېدى، ئۇ سەھەر پارلاپ، كەچتە پاتقان قۇياشنىڭ بىر كۈنلۈك ئۆمۈرچىلىك تۇيۇلدى.

قىسقىغىنە تۆت مۆچەللىك ھاياتىمدا نېمىلەرنى كۆرمىدىم؟!
دىۋاننىڭ شۇم تەقدىرىدەك يوقسۇزلۇقتىن، شاھلارنىڭ دەۋرانىدەك

باياشاتلىققىچە، هايۋان كەبى خورلۇقتىن، يۈكسەك ئابرۇي، هۆرمەتكىچە ھەممىسىنى كۆردۈم. يېدىم، ئىچتىم، كىيدىم، كۆزۈم تويدى. ئوت يۈرەك، مەردانە ئەرگىمۇ تەگدىم، ئېرىم سىدىقهاجى 24 يېشىدا، يىگىتلىكىنىڭ نەۋقىران پەسلىدە، ۋەتەن، مىللەت دەپ مەيدانغا چۈشۈپ، مانا مۇشۇنداق تۈرمىدە 10 يىل ياتقان ئەمەسمىدى؟ هېلىمۇ ياخشى ئۈنى، خىتاينىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئۇمۇ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ دوكلات يېزىپ، رادىئودا ئاڭلىتىپ، مۇرادىغا يەتتى. باللىرىمنىڭ بەشىنى ئامېرىكىغا، بەشىنى پۇل، مال - دۇنيانىڭ ۋە تەشۋىشچىلىكىنىڭ كانىغا تاشلاپ قويدۇم. بۇلار ئاللاهقا ئامانەت. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. هېچ نېمىدىن قورقمايمەن، بۇ خەق بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىمەن.

توۋا! تېخى هېلىلا خۇدايىمدىن ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت، ئۈمىد - ئىشەنچ تىلىگەن ئىدىم، تىلىكىم شۇنداق تېز ئىجابەت بولدىمۇ نېمە؟ شۈكرى خۇدايىم.......

كۈرەشنى ئەمدى باشلايمەن. مەنمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن تاپالىغۇدەك بىر ئىز قالدۇرۇپ كېتىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە گۇندىپايلار، رابىيە قادىرنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىنى، سۆزلەشتىن باش تارتقانلىقىنى دوكلات قىلغاندا، تۈرمە باشلىقى بىر ئاز هودۇقتى. ئۇ سوراقچىلارنىڭ تۈنۈگۈن بىر ئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەگەر مەن باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە بىرەر خاپىچىلىق بولۇپ قالسا ھەم يۇقىرىدىن ھەم خەلقتىن تەڭ دەشنەم يەيمەن دەپ قورقۇپ كەتتى. سوراقچىلار يېتىپ كەلدى، ئۇلارمۇ دەرىجىمۇ - دەرىجە ئۆرلەپ دوكلات قىلىپ، ئاخىرى ۋاڭ لېچۈەننىڭ «سوراقنى قەتئىي توختاتماڭلار!»

دېگەن تېلېفون يولىيورۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈندىلىك ئىشىنى باشلىدى. رابىيە سوراقتا چەبدەس قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كىرىپ، ئۆلارغا مەغرۇرانە تىكىلىپ ئولتۇردى. لېكىن زۇۋان سۈرمىدى. سوراقچىلار ئۆزلىرى نۆۋەت بىلەن سۆزلەپ سائەتلەرنى توشقۇزدى، كەچتە رابىيەنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر خىتاي ئايال ۋە بىر ئۇيغۇر ئايال مەھبۇسنى ئەكىرىپ قويدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، رابىيە قادىرنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتىگەنلىك تاماق يېيىشنى رەت قىلدى. بۇ ئىش ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە داۋام قىلدى. شەمشىنۇر ئىسىملىك بىر قىز 7 كۈنگىچە ھېچ نېمە يېمەي رابىيەگە مەدەت بەردى. 8 ـ كۈندىكى سوراقتا رابىيە ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىشقا باشلىدى. سوراقچىلار سوراق ئۈستىلىگە ھەر كۈنى مەززىلىك يېمەكلەرنى، زىرىسى پۇراپ تۇرغان كاۋاپلارنى، قىزىرىپ پىشقان توخۇ گۆشلىرىنى ئەكېلىپ تىزىۋېتىپ، رابىيەنى يېيىشكە، سۆزلەشكە زورلىدى. رابىيە قاراپمۇ قويمىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى مەزە قىلىپ يېيىشتى. بولۇپمۇ رابىيەنى كۆزىتىشكە بەلگىلەنگەن ئىككى مەھبۇسنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇلار 105 ـ كامېرىغا تىزىپ قويغان ئاش ـ تاماقلار بىلەن يىللارچە ئېچىرقاپ كەتكەن قارنىنى تويغۇزماقتا ئىدى.

9 ـ كۈنى رابىيەنى سوراقتا گۇندىپايلار يۆلەپ ئېلىپ چىقتى، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوراق مەيدانىدا ھوشىدىن كەتتى. رابىيە قادىر، مەخسۇس تەييارلانغان كارىۋاتتا ياتقۇزۇلۇپ، پۇتى ۋە بېلىدىن مەھكەم تېڭىپ تاشلانغاندا ھوشىغا كەلدى. رابىيەنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقى خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىدىكى باشلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن، بېيجىڭدىكى دۆلەتنى

سوراۋاتقانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار، يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا «دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، رابىيەنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، ئامېرىكا ئۇنىڭ سورىقىنى قىلىۋاتىدۇ، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ھۆددىسىدىن چىقىش بەك قىممەتكە توختايدۇ» دېگەن مەزمۇندا يوليورۇق بەردى.

شۇندىن باشلاپ «ئۆلسە، ئۆلمەمدۇ» دېگەنلەر قورقۇپ كېتىشتى، ئەڭ تەدبىرلىك پسىخولوگلار، ئۇستا دوختۇرلار تەييارلىنىپ، رابىيەنى قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن گىلىكوز ئۇرۇلدى. پەششاپىدىن رېزىنكە شلانكا بىلەن سۈت ماڭغۇزدى، ئېغزىنى ئېچىپ سۈيۇقلۇق تامغۇزالماي يېرىم سائەت ئاۋارە بولۇشقان دوختۇرلار ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. بىر چوڭ دوختۇر مۇلايىملىق بىلەن:

_ رابىيە خانىم، ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ، يېمەي ـ ئىچمەي ئۆلۈپ ئالالمايسىز، چۈنكى سىزنىڭ ئۆلۈشىڭىزگە ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمايدۇ. كۆرۈۋاتىسىز، بۇلار سىزگە ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن يېمەك يېگۈزىدۇ. مەن دوختۇر، سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا كېپىللىك قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم، ئەڭ ياخشىسى نېمە تەلىپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مەن ئۇلارغا يەتكۈزۈپ ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن، ـ دېدى.

رابىيە مىڭ تەسلىكتە بېشىنى لىڭشىتىپ ئاۋازىنى چىقىرىپ:

_ بۇ يەرگە ئەدلىيە، سوت، خەۋپسىزلىك، بىخەتەرلىك نازارەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى كەلسۇن. شۇلارغا تەلىپىمنى ئېيتىمەن، ـ دېدى ئاستاغىنە. رابىيەنىڭ دەسلەپكى شەرتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندالدى.

_ دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرىمىز دېگىنىڭلار قېنى؟ ـ دەپ ئاستا سۆز باشلىدى رابىيە ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ

قاراپ چىققاندىن كېيىن، ـ ئەقەللىيسى ئۆزۈڭلار بەلگىلىۋالغان بىر تەرەپلىمە قانۇنلىرىڭلارغىمۇ ئەمەل قىلمىدىڭلار، مەن شەخسەن ئۆزۈمنىڭ، تۇرمىدىكى بىگۇناھ مەھبۇسلارنىڭ، مىللىتىمنىڭ، قىسقىسى خەلقىمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشتۇم. پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا، بىر مىليارد 300 مىليون خىتاي خەلقىگە ھەمدە دۇنيا خەلقىگە ھەققانىي تەلەپلىرىم ئارقىلىق ھاياتىمنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئەگەر راستىنىلا ئاڭلىساڭلار، دەسلەپكى تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ـ قېنى سۆزلەڭ، پۈتۈن تەلەپ ـ شەرتلىرىڭىزنى ئورۇنلاشقا تىرىشىمىز، ـ دېدى نازىرلار. ئۇلار ئاخشام مەركەزنىڭ بۇ ھەقتىكى بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ نازۇكلۇقىنى ئويلاپ، ئەگەر بىرەر ئىش چىقىپ قالسا مەركەزگە جاۋاب بېرىش تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. ئۇلار:

ـ رابىيە قادىر، مەركەزنىڭ يوليورۇقى بار، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ھەممىدىن مۇھىم، شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ، ـ ئەمەلدارلار رابىيىگە تەلمۈرۈشتى.

ـ ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭلار، ـ رابىيەنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، ـ بىرىنچى، ماڭا كۆرستىپ تۇرۇپ مەھبۇس باللارنى ئۇرۇپ قىيىندىڭلار، بۇ خىل قانۇنسىز ئىشلار دەرھال توختىتىلسۇن. ئىككىنچى، نەچچە يۈز ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى سوراقسىز يېتىۋاتىدۇ. بەزىلىرى ئىككى يىلدىن بېرى سوراق قىلىنمىغان. ئارىسىدا نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلار بار، بۇ خىل قانۇنسىز ئىشلار توختىتىلسۇن. ئۈچىنچى، مۇسۇلمان مەھبۇسلارغا چوشقا گۆشى يېگۈزۈشتەك قانۇنسىز ئىشلار توختىتىلسۇن. تۆتىنچى، گۇندىپايلارنىڭ قەستەن چاتاق چىقىرىپ مەھبۇسلارنى تىللاپ

خورلايدىغان، روھىي تەن جازاسى بېرىدىغان قانۇنسىز ئىشلىرى تولۇقلىنىلسۇن. بەشىنچى، مەھبۇسلارنىڭ سۆزلەش، گېزىت، كىتاب ئوقۇش، رادىئو ئاڭلاش، ناخشا ئېيتىشتەك ئەڭ ئاددىي كىشىلىك ھوقۇقىنىمۇ دەپسەندە قىلىش توختىتىلسۇن. ئالتىنچى، مېنىڭ بالىلىرىم بىلەن ھەپتىدە بىر سۆزلىشىشىمگە، ھەپتىدە ئىككى قېتىم يۇيۇنۇشىمغا رۇخسەت قىلىنسۇن. يۇقىرىدىكى تەلەپلىرىم پەقەت سىلەرنىڭ قانۇن، بەلگىلىمىلىرىڭلەردە بار، لېكىن ئىجرا قىلمايۋاتقان مەسىلىلەر، مەن بۇنى ھەم مەركەزگە ھەم دۇنياغا ئاڭلىتىمەن. ئەگەر تەلەپلىرىم ئورۇنلانسا تاماق يەيمەن، سۆزلەيمەن، ـ رابىيە قادىر گېپىنى تۈگەتتى.

_ بارلىق تەلەپلىرىڭىزنى شەرتسىز ئورۇنلايمىز، دەرھال ئىجرا قىلىمىز، سىزگە ۋەدە بېرىمىز، ـ ئەمەلدارلار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋېلىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئەمەلدارلار قورقۇپ قېلىشتى، رابىيەنىڭ ئېرى ئامېرىكىدا، ئۇ چەتنىڭ رادىئوسىدا توختىماي سۆزلەۋاتىدۇ. رابىيەنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە يەنىلا تەسىرى بار. يەرلىك تۈرمىلەردە ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئىشلار يۇقىرىغا، بولۇپمۇ چەت ئەلگە ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ مەنسەپلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقان ئەمەلدارلار، يېرىم كۈن مەخپىي يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، تۈرمىدە، گۇندىپايلاردا، سوراقچىلاردا باشقىچە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. رابىيە قادىرمۇ تاماق يېيىشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئادەم ئۇرۇپ، تىللايدىغان ئاۋازلار ئاڭلانماس بولدى. قىز ـ چوكانلار سوراق قىلىنىشقا باشلىدى. چوشقا گۆشىنىڭ پۇرىقى يوقالدى. ئۇياققا ئۆتسىمۇ، بۇ ياققا ئۆتسىمۇ رابىيىگە ئالىيىپ قوپىدىغان، قەستەن تىللايدىغان، سىلكىشلەيدىغان گۇندىپايلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم

ئۆتۈپ كېتىدىغان ياكى يالغاندىن ھېجىيىپ قويۇپ كېتىدىغان بولدى.

_ ۋاي بۇ تۇرمىنى بىز باشقۇرامدۇق، رابىيىمۇ؟ پادىشاھتەك ياشاۋاتاتتۇق، نەدىن كەلدى بۇ بالايىئاپەت، ھەممە چوڭلارنى ئالدىغا ئەكېلىپ، بىزنىڭ جەننىتىمىزنى دوْم قىلىۋەتتىغۇ؟ ـ دەپ كايىدى تۇرمىدە كۆندە جىنايەتچىلەرنىڭ پۇلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، تۆت بالىسىنى بېقىۋاتقان قېرى گۇندىپاي خوتۇن تۇرمە باشلىقىغا قاقشاپ. تۇرمە باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئالايدى:

_ مېنىمۇ خاتىرجەم ئەمەل تۇتقىلى قوي، باشلىقلارنىڭ پەيلى بەك يامان، ھەممىنى بىزگە دۆڭگەپ، موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ، ھەي، بۇ رابىيە دېگەننى مەركەزدىن بىزگە ئىشپىيونلۇققا قويۇپ قويدىمۇ نېمە؟

مەھبۇسلار ئۇھ دەپ ئارام ئېلىشتى، ئەمما رابىيەنىڭ سورىقى داۋاملىشىۋەردى.

_ گۇناھلىرىڭنى ئېتىراپ قىلامسەن _ يوق؟

_ مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق.

بۇ تېمىنى چۆرىدىگەن سوراقلار كۈندە ئىككى قېتىم داۋام قىلاتتى. بىر كۈنى رابىيە بىر ئاز ئەسلىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، 105 ـ كامىرىدا ئولتۇرۇپ، تاھىرنىڭ زۆھرەگە خىتاب قىلىپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئۆزلەشتۇرۇپ ئۈنلۈك ئېيتتى:

ئۇيغۇر خەلقىم، ھۆرلۈك ئىزدەپ، ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۇم ئەمدى،
كېچە ـ كۈندۈز دىدار ئىزدەپ، دۈشمەن قولىغا چۈشتۇم ئەمدى.

رابىيە دەرلەر نامىم قالدى، يىغان بىلەن زارىم قالدى،
تۇرمە مېنى قوينىغا ئالدى، ئارمان بىلەن كەتتىم ئەمدى.

رابىيە ناخشىسىنى توختىتىپ، ئېغىر بىر تىنىپ، ئۇھ تارتىشىغا، پۈتۈن كامېرلاردىن بۇ ناخشىنىڭ خورى ياڭراشقا باشلىدى. مەھبۇس خانىملارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىترىتىپ، چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ مىسكىن ناخشا ئاۋازىنى، گۇندىپايلارنىڭ توقماقلىرىنى ئىشكلەرگە ئۇرۇپ ۋارقىراشلىرى توسىيالمىدى.

شۇندىن ئېتىبارەن تۈرمە كامېرلىرىدا رابىيەنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن، خۇددى خىتايلارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەجبۇريي ئېيتقۇزىدىغان «شەرق قىزاردى، كۈن چىقتى» دېگەن ناخشىسىدەك، ئەتىگەندە «ئىز» ناخشىسى، كەچتە «زۆھرە جانىم»، «تەنلىرىم ياپراق»، «رابىيە ئانىمىز قېنى»، «كەينىڭگە يانما، ئالدىڭغا ماڭ»، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەندەك ناخشىلار ئېيتىلىدىغان، شېئىرلار ئوقۇلىدىغان بولدى. بەزى ناخشا ـ شېئىرلارنى رابىيە قادىر ئۆزى يېزىپ ئوقۇيتتى.

## ئەجەبا، ئاخىرقى ئۇچرىشىشمۇ؟

بۈگۈن سوراقچىلار رابىيە قادىرنى رەسمىيەت شەكلىدە ئاددىيلا سوراق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سېنى سوراق قىلمايمىز، بىر خۇشخەۋىرىمىز بار، بالا ـ چاقىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشسەن، دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈرمە ساقچىلىرى ساڭا ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن شۇنى ئېيتىپ قويايلى، نېمە دېسەم ئورۇنلىنىدىكەن دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە، سەن تېخى سوتنىڭ كېسىمىنى

ئالمىدىڭ، قانۇندا ھۆكۈم ئېلان قىلىنماي تۇرۇپ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ. بۇ قېتىم بەلكىم سېنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشۈڭ بولۇپ قالامدۇ تېخى؟

رابىيە 105 ـ نومۇرلۇق كامېرىغا كىرگەندىن كېيىن، قولى پەقەتلا ئىشقا بارمىدى، ئۇ تامىقىنى تەييارلاپ ئۈستەلگە قويدى ـ يۇ، يېگۈسى كەلمىدى، ئىشتىھاسى بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرى پەرىشان ئىدى. سوراقچىلارنىڭ «باللىرىڭ بىلەن كۆرۈشىسەن» دېگەن سۆزى بىلەن «ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالامدۇ تېخى» دېگەن سۆزى ئارىسىدا بىر قورقۇنچنىڭ كۆلەڭگىسى شەپە بېرىپ تۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن، تەييارلىق قىلىش كېرەك، رابىيە پاكىز يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدى، بىرەر قۇر گىرىممۇ قىلىۋالدى ۋە باللىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

سائەت 12 لەردە گۇندىپاي خوتۇن شاپاشلاپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، رابىيىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قارىۋېتىپ ھجايدى:

_ ئاپلا، سوراقچىلار ساڭا دەپ بولغان ئىكەن ـ دە، جابدۇپ تەييار بولۇپ تۇرغىنىڭنى قارا، مەن تېخى خۇشخەۋەر ئېيتىپ، سۆيۈنچى ئالىمەن دەپ ئويلاپ ئالدىراپ كېتىپتىمەن، ـ گۇندىپاي رابىيەنى باشلاپ چىقىپ، كامېر، ئىشخانىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۈتۈۋېلىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئاددىي ئەمما ئۈستەل، ئورۇندۇق، ساپالار تىزىلغان بۇ ئۆينىڭ، ئەسلىدە ئىشخانا ئىكەنلىكى، رابىيە ئۈچۈن مەخسۇس راستلانغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. رابىيە بىر ئاز كۈتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ، ئىشىكتىن ئۇقتەك ئېتىلىپ كىرگەن باللىرىنى باغرىغا بېسىپ يىغلىشىپ

كەتتى. باللار ئۇن ـ تۇنسىز هالدا ياش تۆكمەكتە ئىدى. رابىيە قەتئىي يىغلىمايمەن دەپ تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى، ئۇ ئاخىرى ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلاپ يۈرىكىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە باللىرىنى بەزلەشكە مەجبۇر بولدى. رابىيە بىلەن كۆرۈشۈشكە ئوغلى قاهار، ئابدۇلهېكىم، ئالىملار، قىزى روشەنگۈل ۋە كاتىپى ئايشەمگۈللەرگە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى، باللار ساپادا ئولتۇردى، رابىيە ئۇدۇلىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. هەر ئىككى تەرەپكە، نېمە قىلىش كېرەك، نېمە قىلماسلىق، نېمە دېيىش، نېمە دېمەسلىك كېرەكلىكى هەققىدە ئۇزۇن دەرس ئۆتۈلگەچكە، هېچكىم ئالدىراپ بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. باللار هەممىسى ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى ۋە يەنە بولۇقلاپ يىغلاپ كېتەتتى. رابىيە بولسا:

_ يىغلىماڭلار باللىرىم، جاسارەتلىك بولۇڭلار، بالاسى _ قازا دېگەن مانا مۇشۇنداق كۆرۈنمەيلا كېلىدىكەن، ـ دېدى ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئۇھ تارتىۋېتىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ باللىرىم مېنىڭ كۆزۈمدىن، تۈرمىدە ياتقانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، خەلقىمگە قىلىپ بېرىدىغان ئىشلىرىمنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ياش چىقىۋاتىدۇ.

ئانا مېهرى، ئانا سۆيگۈسى، ئانا مۇهەببىتى دېگەنلەر هىجران ـ ۋىسال پەيتلىرىدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى پارلىتىدىكەن ئەمەسمۇ!؟ باللار ئانىسىدىن ئايرىلغاندا، قانداق يىغا ـ زارە قىلىشقان بولسا، بۈگۈن ئانىسى بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ ئوخشاشلا هېسسىيات، تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىماقتا.

_ ئاه خۇدا، باللىرىمنى بىر كۆرۈۋالسام نېمە ئارمان، ـ رابىيە بۇ سۆزنى تالاي قېتىم ئېغىزىدىن چىقارغان ئىدى، مانا بۈگۈن تىلەكلىرى

ئەجابەت بولۇپ، باللىرى بىلەن دىدارلاشقاندا، قەلبىدىن خۇشاللىق، شادلىق ئەمەس، تېخىمۇ يۈكسەك ئارزۇ ۋە ئارمانلارنىڭ ئۇچقۇنلىرى پارلىماقتا.

_ خەلقىمىنىڭ ئەھۋالى قانداق، خەلقنى يەنە تۇتۇۋاتامدۇ؟ رامىلە ۋە بىللە تۇتۇلغان باللار قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى رابىيە، يىغىسىنى باسالماي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرغان ئايشەمگۈلدىن.

_ ئىككى بالىنى ئەتىسى قويۇۋەتتى، رامىلەنى تۆت كۈندىن كېيىن قويۇۋەتتى، ھەممىسى سالامەت ئىشلەۋاتىدۇ، ـ دېدى ئايشەمگۈل.

_ قاھار بالام سەنچۇ؟

_ ياخشى ئاپا، ئاقسۇدىن ئىجارە ئالغان 70 مو يەرگە ئىشلەۋاتىمەن، ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنا سالماقچى، رېستوران، مېھمانخانا ئاچماقچى، شۇ ئىشلار بىلەن...

_ روشەنگۈل قىزىم سەنچۇ؟

_ ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز ئاپا، ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگەتتىم، قاتناش ئىنستىتۇتىدا مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

_ ئابدۇلھېكىم، ھەممە ئىش ساڭا قالدى بالام، ئىشلىرىڭ قانداق؟

_ يېڭى بىنا پۈتتى، ئىجارىگە بەردىم، چوڭ رېستوراننى ئاچتىم، ھازىر خېرىدارلار شۇنداق كۆپ، ئىشلار ئالدىراش ئاپا.

_ ئوغلۇم ئالىم، سېنىڭ ئوقۇشۇڭ قانداق؟ باشقا ئىشلارچۇ؟

_ ئاپا ئۇنىۋېرسىتېت بۇ يىل پۈتسە، دوختۇر بولىمەن، شىركىتىمىزنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى، ھۆججەتلىرىنى رەتلەۋاتىمەن. ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدىكى قەرزلەرنى بېرىپ

تۇگەتتىم. بىر قانچە جايدا تىز تاماقخانىلارنى ئىچىش ئۈچۈن رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم، ئارقا ـ ئارقىدىن 7 ـ 8 جايدا ئېچىشىمىز مۇمكىن. دۇنيا بويىچە كۆنلۈك كىرىمى ئەڭ ياخشى بولغان تىجارەت تىز تاماقخانىلار، ئاپا.

_ قىقىنوسلاردىن خەۋەر بارمۇ؟ ـ رابىيە ئەمدى ئامېرىكىدىكى باللىرىنى سوراشقا باشلىدى. ئابدۇلھېكىم ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى:

_ سىدىقھاجى دادام، باللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئوكلاخوما دېگەن بىر شتاتقا كۆچۈپ كېتىپتۇ، مەنزىرىسى چىرايلىق، ئۇرۇمچىدەك قۇرغاق، يېمەك ـ ئىچمەك ئەرزان باياشات بىر يەر ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ بىر يۇرتلۇقلىرى بار ئىكەن. راھىلە يولدىشى بىلەن بىللە، بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن ئىشلەۋېتىپتۇ. ئوغلى ئىليار باغچە مەكتىپىدە ئىكەن. ئەقىدە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىق كەسپىدە، خانزۆھرە تەبىئىي پەندە، مۇستاپا ئوتتۇرا مەكتەپتە، قىقىنوس باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بىرىپلا ئۆي سېتىۋالغان ئىكەن، ھازىر يەنە بىر ئۆي سېتىۋېلىپ ئىجارىگە بېرىپ قويغان ئوخشايدۇ. ھەممىسى بەك ياخشى، داۋاملىق تېلېفونلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز، ئاپا.

_ ئائىلە ئىچىدىن ھالقىغان پاراڭلارنى قىلماڭلار! ـ جىددىي ئەمما ئاستىراق ئاۋازدا ئەسكەرتتى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ساقچى ئۇلارغا.

_ تۇرسۇن ئاكاڭلاردىن خەۋەر بارمۇ؟

_ تۇرسۇن ئاكام، شۇ كەتكەنچە كەلمىدى ئاپا، ئاۋستىرالىيىدە تۇرۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ. ئۆتكەندە تېلېفون ئېچىپتىكەن.

_ ئامېرىكىنىڭ گېپىنى توختاتقۇزسام، ئەمدى ئاۋستىرالىيىگە

كېتىۋاتىسلەرغۇ، دىققەت قىلىڭلار! ـ ساقچى يەنە گەپنى بۆلدى.

_ بالىلىرىم بىلىسىلەر، بۇ بىر تاسادىپىي ئىش بولدى. ئاناڭلار گۇناھسىز، مەن سىلەر خىجالەت بولىدىغان، سىلەر نومۇس قىلىدىغان ئىش قىلمىدىم. مەن پەقەت خەلقىم ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىلا قىلدىم. ھەممە ئىش ئېنىقلىنىپ، ئاقلىنىپ چىقىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. سىلەر چىدامىلىق بولۇڭلار. جاسارەتلىك بولۇڭلار، يەم ـ پاراسەتلىك بولۇڭلار، ھوشيار بولۇڭلار، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇڭلار، گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىڭلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ئادىل بولۇڭلار، «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن گەپ بار، خەلق، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پەخىرلەنگۈدەك ئىش قىلىش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى، مەن مىللىتىمگە، خەلقىمگە، ۋەتىنىمگە ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان ۋە شۇلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىرادىلىك بىر ئۇيغۇر ئانىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقالىغانلىقىم ئۈچۈن سىلەرنى تەبرىكلەيمەن ۋە ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىمەن. مەن ئادەمدەك ياشىيالىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن ئاللاھقا چەكسىز رەھمەت ئېيتىمەن. ھېچكىمنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىمىز يوق، ھېچ نېمىدىن قورقماڭلار، باتۇرانە ياشاڭلار! ـ رابىيە بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك، شەخسى ئائىلە ئىشلىرىدىن ھالقىپ، ساقچىلار چەكلىگەن سىزىقتىن ئۆتۈپ سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى، كۆزىتىپ تۇرغان ساقچى يەنە، بولمىدى دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

ياندىكى ئۆيدە، تېلېۋىزور ئېكرانىدىن سۆھبەتنى ئەينەن كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرغان تۆت نەپەر سوراقچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، رابىيە

قادىر بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئۆيگە كىردى. ئارىسىدىن بىرى، بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراقى قاھارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

_ مانا، ئاپاڭلار پارتىيىمىزنىڭ غەمخورلۇقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، قانۇن ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدى. سىلەر ئاپاڭلارغا كۆپرەك سۆزلەپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇشىغا، جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشىغا ياردەم بېرىڭلار. بولمىسا بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشۈڭلار ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى.

_ ھەي قاھار، دېدى يەنە بىر ساقچى ئارقىدىنلا، ـ سەن ئامېرىكا بىلەن تېلېفوندا داۋاملىق سۆزلىشىۋاتىسەنغۇ؟ ئۆگەي داداڭ سىدىقھاجىغا دەپ قوي، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدىكى بىزگە قارشى ھۇجۇم سۆزلىرىنى دەرھال توختاتسۇن. بولمىسا ئاپاڭلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ئەگەر شىركەتتە ياخشى ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دەيدىكەنسىلەر، ئالدى بىلەن ئاپاڭلار ۋە داداڭلار پارتىيىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسۇن، چۈشەندىڭمۇ؟ بولمىسا ھېچكىم باي بولىمەن دەپ خىيال قىلمىسۇن. داداڭغا بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيت.

قېرى سوراقچى خىتاينىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، كۆزەتچى ساقچى سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

_ زىيارەت ۋاقتى توشتى، ئەمدى قايتىڭلار، ـ دەپ ۋارقىرىدى. رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئايشەمگۈل ۋە بالىلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

ساقچى باشلىقىنىڭ «ئاخىرقى قېتىم» دېگەن سۆزى ھەم رابىيەنىڭ قەلبىدە ھەم بالىلارنىڭ قەلبىدە خۇددى مۇزدەك تاشتەك ئورناپ قالغان ئىدى. توختىماس يىغا ـ زارىغىمۇ ئەنە شۇ سۆز سەۋەبچى بولغان ئىدى. رابىيە كەچتە ياتاقتا، خۇشاللىق، شادلىق بىلەن قايغۇ ـ غەم ئارىلاشقان بىر كەيپىياتتا، يا كۈلەلمەي، يا

يىغلىيالماي، خۇددى تاتلىق شىرنىگە لازا قوشۇپ قويغاندەك بىر تۈيغۇدا ئازابلىنىپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى.

## ئۆلۈمدىن قايتقان مەھبۇس

بۈگۈن 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، سولاقتا ياتقىلى يەتتە ئاي بولاي دېگەن كۈنى، رابىيە ئادىتى بويىچە سەھەردە ئويغىنىپ كەتتى. كامىرىنىڭ ئاسمانغا قارىتىپ ئېچىلغان كىچىككىنە تۆشۈكىدىن ئاسماننىڭ سۇس ئاقارغان بىر پارچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بامدات ۋاقتى بوپتۇ، دەپ پەرەز قىلدى رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ نامازنى ئادا قىلدى. ... يېتىپ، ئۇ كىچىچە ئۈچ ـ تۆت قېتىم قارا بېسىپ ئويغاندى. قاپقارا سۇرلۇك بىر ئەجدىھا ئۇنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇپ تىپىرلايتتى، رابىيە ھودۇقۇپ كەينىگە داجىپ چېكىنەتتى.... ئۇ كۆرگەن چۈشىنىڭ داۋامىنى ئەسلىيەلمىدى. تۇيۇقسىز ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ گۈندىپاينىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئارىدا ئاشپەزنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

_ ئەزرائىل كەلدى، خالايىق ئويغىنىڭلار، ـ ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن شەمشىنۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. پۈتۈن كامېرلاردا ئۆرە ـ تۆپە بولۇشقان ھەرىكەتلەر باشلاندى.

_ كىمكەن؟ قايسى كامېر، كۆرگەنلەر ۋارقىراڭلارچۇ؟

_ گۈندىپاي 105 نى ئېچىۋاتىدۇ! ئاللاھ ئۆزۈڭ ساقلا!

ھەر قېتىم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋە ئىجرا قىلىنىدىغان مەھبۇسلارغا سەھەر سائەت 4 ـ 5 لەردە 5 تۇرلۇك تاماق بېرىلەتتى. سائەت 7 ـ 8 لەردە ئۇنى ئېلىپ كېتىشەتتى.

_ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، ھازىر كەلدى، ـ گۈندىپاي خوتۇن

قاپىقىنىمۇ ئاچماي خىتاي تىلىدا شۇنداق دېدى ـ دە، كەينىدىن كىرگەن ئاشپەزگە ئۇستەل ئۈستىنى كۆرسەتتى. ئاشپەز قولىدىكى كەڭ پەتنۇسنى ئۈستەلگە قويدى. پەتنۇستا بىر زىياپەتلىك تاماق تۇراتتى. بىر قاچا پولۇ، بىر قاچا سۇيۇقئاش، بىر تەخسە گۆشلۈك قورۇما، ئىككى تەخسە گۆشسىز قورۇما، دەملەنگەن چاي.........

بۇنىڭ ئاخىرقى تاماق، خوشلىشىش زىياپىتى، ۋېدا يېمىكى ئىكەنلىكىنى رابىيىمۇ ئوبدان بىلەتتى. بۇ پەتنۇسنى گۇندىپايلار ئۆزىمۇ «ئەجەل داستىخىنى» دەپ ئاتايتتى. گۇندىپاي بىلەن ئاشپەز گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ئاشپەز ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كەينىگە قايرىلىپ، رابىيىگە مىسكىن بىر قىياپەتتە قارىدى ـ دە بېشىنى ئىتتىك بۇراپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا رابىيە ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىسىنى كۆرۈپ قالدى. رابىيە ھەممىنى چۈشەندى ـ يۇ، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى، ھەتتا نېمە ئويلاشنىمۇ بىلەلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بۇلۇڭدىكى بىر كامىرىدىن ئاستا ئەمما تىترىگەن ئاۋازدا چىقىۋاتقان مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى رابىيەنى ئېسىگە ئېلىپ كەلدى. ئامىنخان بۈۋىم ياسىن ئوقۇۋاتاتتى!

رابىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزىنى، ئارقىدىن ئىككى رەكەت پەرز نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، سالامدىن كېيىن، ئىككى ئالقىنىنى يېرىم جۈپلەپ، ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆڭلۈككە قاراپ تەلمۈرۈپ دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يېنىك تىترەيتتى. يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئەقلىگە ئىشارەت قىلاتتى، كۆڭلىدە بولسا رازىمەنلىك ھېسسىياتى تېپىچەكلەيتتى. ئۇ ھەممە ئىشنى توغرا قىلىۋاتقاندەك،

پەخىرلەنگۈدەك ئىشەنچ بىلەن ئاللاھقا ئامانىتىنى تاپشۇرۇشقا ھازىرلانغان ئىدى:

_ مىڭ قەتىرە شۈكرى قىلدىم، ئەي خۇدا، مېنى ياۋ ئالدىدا يەرگە قاراتمىدىڭ،

مىڭ قەتىرە شۈكرى قىلدىم، ئەي خۇدا، مېنى ھاياتىمدا مەردانە ياشاتتىڭ،

ۋەتىنىم، مىللىتىم، خەلقىم ئۈچۈن ئىشلەشكە كۈچ بەردىڭ، ئەقىل بەردىڭ، شۈكرى قىلدىم خۇدايىم.

ۋەتىنىم، مىللىتىم، خەلقىمنىڭ دۈشمەنلىرىگە باش ئەگمەس جاسارەت، غەيرەت، شىجائەت بەردىڭ، شۈكرى قىلدىم خۇدايىم. مېنى خائىن قىلمىدىڭ، باتۇر قىلدىڭ، پاكىز ئۆلۈم نېسىپ قىلغايسەن شۈكرى خۇدايىم.

ئەي قېرىنداشلىرىم، ئامىن دەڭلار، مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار، بۇددىستلار.... تۇرمىداش مەھبۇسلار ئامىن دەڭلار! پۈتۈن جانىسىز كائىناتنى، ئادىمىزاتنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھىم، نۇر ئىچىدە پارلىغان مۇبارەك 99 نامىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئامىن!

قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇردەك مۇقەددەس كىتابلىرىڭنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئامىن!

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ھەزرىتى ئادەم. ھاۋا ئانا، جەبرائىل، ئىبراھىم، ئىيسانىڭ، ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئامىن!

سەن ياراتقان ئىككى دۇنيا، جەننەتنىڭ ھۆرمىتى ۋە دوزاخنىڭ كارامىتى ئۈچۈن ساڭا يالۋۇرۇپ نىدا قىلىمەن، ئەي تەڭداشسىز ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، مېنى ياتلار ئالدىدا يەرگە قاراتما! روھۇمنى

پەرىشتىلەر ئالەمگە، ئىگىز كۆك ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكىن، شېھىتلىك شەربىتىنى ئىنئام قىلغىن، ئامىن!

خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا يانجىلىپ، ئۇ دۇنيانىڭ زۇلۇمىنى بۇ دۇنيادا تارتىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۇچۇن نىيەت قىلدىم. ماڭا كۈچ بەر، قۇدرەت ئاتا قىل، نۇسرەت ئاتا قىل، ئامىن!

ماڭا ھايات كېرەك، ماڭا ئازادلىق كېرەك، ماڭا ھۆرلۈك كېرەك، مېنى ۋە خەلقىمنى مۇرادى _ مەقسىتىگە يەتكۈزگىن ئىلاھىم، ئامىن! ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستاننى نىجىس خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىپ، خەلقىمنى مۇستەقىل دۆلىتىگە ئىگە قىلغىن، ئامىن!

ـ ئامىن...... ئامىن...... ئامىن.....

سەھەردە تۈرمە كامېرلىرىدىن ياڭرىغان ئامىن سادالىرى، خۇددى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ۋە سۈرلۈك مۇزىكا ئاۋازىدەك، بىردە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەس چۈشۈپ يۈرەكلەرنى ئەزمەكتە ئىدى. رابىيە قادىر ئاسمانغا قاراپ مۇراجىئەت قىلماقتا، يۈرەك، باغرىنى تىلغاپ يىغلىماقتا، پەرياد چەكمەكتە، ئاھ ئۇرماقتا، زارلىماقتا.... ئامىن!

رابىيە قادىر مەغرۇر قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

_ بۇ ئۆلۈم ئەڭ بەختلىك ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، خەلقىم ئۈچۈن نىجات تىلەپ قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىمنى قىلالمىدىم، بۇ يولدا ئۆزۈمنى 30 يىل يېتىشتۈردۈم، ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ، تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىڭنى ئورۇنلىشىم ئۈچۈن ماڭا كۈچ، ئەقىل، جاسارەت ۋە پۇرسەت بەرگەيسەن، ئامىن!

_ ئەلۋىدا رابىيە ئانا، ئىزىڭىزدا بىز دائىم تەييار.

_ خەير ـ خوش رابىيە ئانا رازى بولۇڭ.

_ رابىيە خېنىم، خاتىرجەم بولۇڭ، ۋەتەننى مۇستەقىل قىلمىغۇچە كۈرەشنى توختاتمايمىز.... ئامىن!

پۈتۈن تۈرمىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ »ئىز «ناخشىسى ياڭرىدى. رابىيە دۇئادىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، راستىنلا پەرىشتىلەردەك يېنىكلەپ قالغانلىقنى ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىرىماي ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇزۇن ۋە ئاپئاق قاردەك سۈپسۈزۈك بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپ ئۇچىسىغا كىيدى. قاپقارا تىك ياقىلىق تار پەلتوسنى ئۈستىگە كىيدى، قارا قونجىلىق ئۆتۈكنى پۇتىغا كىيدى، ئاپئاق ماممۇقتەك كەمچەت تۇمىقنى بېشىغا كىيدى، ئۇنىڭ ئۆرۈلمىگەن يېرىم بۇدرە قاپقارا چاچلىرى تىزىدىن بىر غېرىچ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. رابىيە ئاستا دەسسەپ تۆمۈر رىشاتكىلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېدى، پۈتۈن كامېرىدىكى ئاچا ـ سىڭىللىرى:

_ ئاھ، گۈزەل رابىيە ئانا، پەرىشتىدەك گۈزەل قىزغا ئوخشاپ قاپسىز! ـ دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

رابىيەنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدا بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، پۈتۈن كامېردىكىلەر بىلەن ۋىدالاشماقتا، خوشلاشماقتا، ئۇلاردىن رازىلىق ئالماقتا ئىدى.

_ خىتاي زۇلۇمىنىڭ ئېغىرلىقىدىن روھى سۇنغان، قەلبى قىرىلغان، يۈرىكى مۇجۇلغان، جىسمى قورۇلغان، كۆزلىرى يۇمۇلغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، چىرايى سارغايغان، بىچارە مەھبۇس ئۇيغۇر

قىزلىرى، ئۇيغۇر چوكانلىرى، ئۇيغۇر ئانىلىرى رابىيىگە ھەۋەس بىلەن باقماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئاق تۇلپارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۈمۈش ساپلىق مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، تۈمەنمىڭ چەۋەندازلارنى يېتەكلەپ، سېپىللارنى ئۆرۈپ كېلىۋاتقان تۇمارىس پەيدا بولدى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، سەئىدىيە دىيارىنى مەرىپەت نۇرىغا چۆمدۈرگەن، ھەيۋەتلىك سارايلاردا مۇقام سازىنى ياڭراتقان ئامانىنساخان نامايان بولدى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، خىتاي خانلىرىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى يەكسان قىلىپ، ئۇيغۇر خوتۇنلىرىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ھاياتىنى پىدا قىلىپ قوغدىغان ئىپارخان قەد كۆتۈردى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، مۇستەملىكىچى مەنچىڭ ئەمەلدارىنىڭ قارا يۈرىكىگە قىساس خەنجىرىنى ئۇرغان باتۇر نۇزۇگۇم چاقناپ ئۆتتى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئازادلىق جەڭچىسىنى قوغداش يولىدا ئەزىز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان رىزۋانگۈل جۇلالاندى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، خەلقىنى ھۆرلۈك، ئازادلىق ئۈچۈن پىداكارانە جەڭگە يېتەكلىگەن قەھرىمان قوماندان خەدىچىخان قايتا بۈيرۈق بېرىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

رابىيەنىڭ جەسۇرانە قىياپىتىگە، كېلىشكەن ھۆسنى ـ جامالىغا ھەيران قالغان سوراقچى، ساقچى، گۇندىپايلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۇنى كۆرۈپ كەتتى. ئەلپازى بۇزۇلغان خىتاي ساقچىلىرى رابىيىگە قاراپ خام كۈلەتتى، ئۇيغۇر ساقچى، گۇندىپايلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ خوشلاشتى.

ـ باشلىق رابىيەنىڭ قولىغا تاقاق سالامدۇق؟ ـ باشلىقى جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال رابىيە ئېغىز ئاچتى:

_ سىلىڭلار، ئالتۇن بىلەزۈكلەر يالتىرىغان بىلەكلىرىمگە تۆمۈر تاقاق يارىشىدۇ.

_ باشلىق، رابىيەنىڭ پۈتىغا كىشەن سالامدۇق؟ ـ يەنە رابىيە جاۋاب بەردى:

_ سىلىڭلار، كىشەن زەنجىرلىرىنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى گويا ماتەم مۇزىكىسىدەك ئاڭلىنىپ تۇرسۇن.

رابىيەنىڭ ئالدىدا، كەينىدە ۋە ئىككى يېنىدا ئىككىدىن ئاپتوماتلىق ئەسكەرلەر ئۇنى قورشاپ زىنداندىن ئېلىپ چىقتى.

_ خەير ـ خوش قېرىنداشلىرىم، رازى بولۇڭلار! ـ رابىيە ھەممە كامىرىدىكى قىز، چوكانلارغا ئۇنلۇك توۋلىدى، ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، يىغا ـ زارە بىلەن ۋارقىرىشىپ خوشلاشتى، دۇئا قىلىشتى.

رابىيە تەمكىن قەدەم تاشلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈلۈمسىرەپ مېڭىشقا باشلىغاندا، بارغانسېرى روھلىنىپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە باشلىدى. ئۆلۈم ئۇنىڭغا تويدەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر خىل مەردانە كۈلكە، غالىبىيەت شادلىقى ئۇرغۇپ تەنتەنە قىلاتتى. تالاغا چىققاندا رابىيە ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇنى ئېلىپ ماڭىدىغان يۈزلەرچە ئاپتوموبىلدا قوراللىق ئەسكەرلەر جىددىي ھالەتتە تۇراتتى، ئالدىدا نۇرلۇق رەڭدار چىراغلىرى بار، چىرقىراق ئاپتوموبىللار يول باشلىدى. ئاسماندا تىك ئۇچار ئايروپىلاندا ئەسكەرلەر نازارەت قىلىپ ماڭدى. رابىيەنى خۇددى بىرسى يەردىن تۇيۇقسىز ئۇنۇپ چىقىپ ياكى ئاسماندا تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، ئۇچۇپ چۇشۇپ ئېلىپ قاچىدىغاندەك قوغداپ ماڭغان ئاپتوموبىل ئەترىتى، ئۇرۇمچىگە كىرىپ جەنۇبىي قوۋۇق ـ رەستىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ رايونلۇق ئوتتۇرا سوتنىڭ بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ـ بۇگۈن رابىيەنى سوت قىلىپ ئاتىدىكەن، ـ دېگەن خەۋەر شەھەرگە تارقالغان ئىدى. ئاھالىلەر كوچىلارغا تولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار يىغلاپ تۇرۇپ، قول ئىشارىتى قىلىپ خوشلىشاتتى. رابىيەنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن باشلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. خېلى كۆپ ساندىكى خىتايلارمۇ، رابىيەنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تەسىرلىنىشتىمۇ ياكى خەلقنىڭ رايىدىن تەسىرلەندىمۇ ۋە ياكى ئۆز ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئاڭلىق ـ ئاڭسىز رەۋىشتە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئوتتۇرا سوتنىڭ بىناسى ئالدىغا 5 ـ 6 مىڭ كىشى توپلانغان ئىدى. رابىيە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ خەلققە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ سوت بىناسى ئىچىگە قاراپ ماڭدى. بىنانىڭ ئىچى قاپقارا كىيىملىك، قارا كۆزەينەكلىك سۈرلۈك چىراي خىتايلار بىلەن تولغان ئىدى. بىر زالدا ئاپئاق خالات كىيگەن دوختۇرلار ئوپۇر ـ دۈپۈر بولۇشۇپ ئالدىرىشىپ يۈرەتتى. «ئاتىدىغان ئادەمنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ ساتىدۇ» دېيىشىۋاتاتتى، دېمەك راست ئىكەن ـ دە، بۇلارمۇ ئاق ئاپتوموبىللىرى بىلەن تەييار بولۇشۇپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى رابىيە دوختۇرلارغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن.

دېگەندەك، ئالاھىدە تەييارلانغان دوختۇرلار رابىيەنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى سىنچىلاپ قاراپ، قولىدىكى ئاپپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ تەكشۈرۈپ چىقتى، قولىدىكى سوتنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە «نورمال، ساق، ياخشى» دېگەندەك خەتلەرنى يېزىشتى.

رابىيە سوت مەيدانىغا كىرىپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇدۇلىدا بىر ئۇيغۇر، ئىككى خىتاي ئۈچ سوتچى ئولتۇراتتى. يان تەرەپتە بىر كاتىپ، ئىككى نەپەر ئەيىبلىگۈچى، سولدا ئىككى نەپەر ئاقلىغۇچى،

ئۈدۈلدا بولسا بىر بوش ئورۇندۇق ـ رابىيەنىڭ ئورنى بار ئىدى. سوت زالىدا باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدىكى، سوت بىناسى ئالدىدىكى مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە سوت زالى بوش ۋە جىمجىت ئىدى.

بەلكىم، بېيجىڭدىن كەلگەن پىچەتلىك كونۋېرتنى تېخى ھېچكىم ئاچمىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخپىيەتلىكتىن ھەممە خىتاي ئەمەلدارلىرى خەۋەرسىزدەك «رابىيە قادىر چوقۇم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دېگەن تەخمىنلەر بىلەن ھەرىكەت قىلىشماقتا ئىدى.

ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇر سوتچى، ئەيىبلىگۈچى، ئاقلىغۇچى دېگەن ساقچىلار، ئالدىن مەشىق قىلىنىۋالغان دىئالوگ سوت خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى قەغەزدىكى ھۆكۈمنامىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

_ رابىيە قادىر..... دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چەت ئەلگە ئاشكارىلاش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ياردەم بېرىش جىنايىتى بىلەن...... ئەيىبلىنىپ 8 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

سوت بىناسى ئىچىدىكىلەر ئالدىراپ ئۆزلىرىنى تالاغا ئاتتى:

_ خۇشخەۋەر، رابىيە قادىر ئېتىلمىدى، 8 يىللىق كېسىلدى!

دۇنيادا يەنە مۇنداقمۇ ھەقىقەت بار ئىكەن، ئادەمنىڭ بېشىغا مۇسىبەت يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭدىن يېنىكرەكى يەنىلا ئامەتتەك تۇيۇلىدىكەن. بىرسىنىڭ بالىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە جەستى تېپىلماي، ھازىدارلار بالىسىنىڭ مېيىتىغا بولسىمۇ ئېرىشىشنى ئاللاھتىن تىلىگەن ئىكەن، شۇ كۈنى باللار «خۇشخەۋەر،

جەسەت تېپىلدى! «دەپ تىۋۋلاپ كىرگەندە ھەممە سۆيۈنگەن ئىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، رابىيەنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلمىغانلىقى، ھەتتا 8 يىل كېسىلگەنلىكىمۇ كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بولۇپ تۇيۇلدى.

رابىيە قادىر يەنە شۇنداق ھەيۋە بىلەن ليۇداۋان تۈرمىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. كىشىلەر يول بويى تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. تۈرمىدىكىلەر رابىيە كامىرىغا كىرمەي تۇرۇپلا، ناخشا ئېيتىپ تىۋۋلىشىپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. ئۇيغۇر ساقچىلارمۇ سۆيۈندى. ئەمما، رابىيە نېمىشقىدۇر خۇشال ئەمەس ئىدى، ئۇ خۇددى مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقتەك كۆڭلى يېرىم قىياپەتتە يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئۆزىگە پىچىرلىدى:

_ شۈكرى خۇدايىم، دېمەك ۋەتەننى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپە ماڭا يۈكلەندى.

## ئاچكۆز غالجىر ئىتلار

ليۇداۋان تۈرمىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا پىنھان كەتكەن ئۆلۈم ھادىسىلىرى ھېسابسىز بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن «7 ـ كامىرىدىكى قانلىق پاجىئە» ئەڭ دەھشەتلىك ۋەقە بولۇپ خاتىرىلەندى.

1993 ـ يىلى يازدا خىتاي كوممۇنىستلىرى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋە ئۈرۈمچىلەردىن بىر كېچىدىلا، ئابدۇلھېكىم مەخسۇمنىڭ تالىپلىرى نامىدا 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچى ليۇداۋان تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئوبۇلقاسىم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ليۇداۋان تۈرمىسىنىڭ 1 ـ كورپۇس 7 ـ كامىرىغا

سولاندى، مەھبۇسلار دەھشەتلىك ئېغىر جازالارغا باش ئەگمەي، تەشكىلىي مەخپىيەتلىكنى پاش قىلماي، مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ تۇردى. 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە تۈرمە گۈندىپايلىرى قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جەسىتىنى سورىقتا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن 7 ـ كامېرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئوبۇلقاسىمنىڭ سەپداشلىرى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇقلارنى پاش قىلىپ ۋارقىراپ، ئوبۇلقاسىمنى چىقىرىپ بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇلار ھەيۋە قىلىپ كىرمەكچى بولغان قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسىدى. دەل شۇ پەيتتە، 20 ياشلار ئەتراپىدىكى خىتاي ئەسكىرى قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئاپتوماتىنى بەتلەپ 7ـ كامېرىنىڭ ئىچىگە قارىتىپ بىر دىسكا ئاپتومات ئوقىنى سېرىۋەتتى! كامېر ئىچىدىن «يوقالسۇن خىتاي ئىستىبداتلىرى»، «ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى» دېگەن شوئارلار جاراڭلىدى. ئارقىدىنلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پۈتۈن كامېرلارنىڭ ئىشىك تۆشۈكلىرىدىن قاراپ تۇرغان نەچچە يۈز مەھبۇس 7 ـ كامېرىنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنىڭ ئاستىدىن يېيىلىپ ئېقىپ چىققان قىزىل قاننى كۆردى ۋە بۇ دەھشەتلىك ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇپ، ئاستا ئاۋازدا كەلىمە شاھادەت ئوقۇدى. خىتاي گۈندىپايلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ساقچىلار بۇ ۋەقەنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە سۆزلىگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى داۋراڭ سېلىپ بىر ئايغىچە يىغىن ئاچتى. ئۇلار «ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق كىشى ئېتىپ تاشلىنىدۇ» دەپ پوپوزا قىلدى.

لېۋداۋان ئاياللار تۈرمىسىدىكى 30 ـ 40 كامېرىغا سولانغان ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇر بولغان مەھبۇسلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي

جىنايەتچىلەر دەپ ئىككى تۈرگە، كېسەلگەن، كېسەلمىگەن جىنايەتچىلەر دەپ ئىككى خىلغا، ئىقرار قىلغانلار، قىلمىغانلار دەپ ئىككى بۆلەككە، پۇلى بارلار ۋە پۇلى يوقلار دەپ يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. بۇ تۈرمىدە ھەر كۈنى ئۈچ گۈندىپاي خوتۇن نۆۋەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۈچىسىغا ساقچى كىيىمى كىيگەن، يېنىغا توك كالتىكى ئېسىۋالغان بۇ گۈندىپايلارنىڭ كۆزى، ئېغزى ۋە قولى مەھبۇسلارنى بوزەك قىلىشتا پەقەتلا توختىمىغاچقا، مەھبۇسلار ئۇلارنى ئاچكۆز غالجىر ئىتلار دەپ ئاتىشىدۇ.

بىچارە مەھبۇسلار ئالدى بىلەن كامىرىدا زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. بىر ئېغىز كامېر رابىيە قادىر ئۇچۇنلا مەخسۇس ئاجرىتىپ بېرىلگىنى بىلەن، ئادەتتە كۆپ بولسا 7ـ 8كىشى ئاران سىغىدىغان كامىرىنىڭ سېمونت سۇپىسىدا 20نەچچە ئايال سىقىلىشىپ ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ مىدىر قىلغۇدەك ئارىلىقى بولمىغاچقا، كېچىچە قىيا ـ چىيا، ئۇرۇش ـ جېدەل دەستىدىن ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىپ 40 گرادۇسلارغا چىققان كۈنلىرى كامىرىنىڭ ئىچى بەئەينى تونۇرغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. مەھبۇسلار بولسا ئىسسىق ئۆتۈپ، ئاغرىپ يېتىپ قالسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس، بەزىدە ئۇلارنىڭ پۇتىغا كىشەن، قولىغا تاقاق سېلىپ، پۇت، قولىنى قوشۇپ تاقاپ قويىدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز، ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ. ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئىشىكتىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن تاشلاپ بېرىدۇ. ئەتىگەندە سۇ بىلەن بىر تال ھورنان، چۈشتە ياغسىز قاينىتىلغان كۆكتات بىلەن بىر تال ھورنان، كەچتە سۇيۇقئاش ياكى كۆكتات شورپىسى بېرىلىدۇ. پۇلى بارلار بۇيرۇتقىنى بويىچە پولۇ، لەڭمەن دېگەندەك تاماقلارنى سېتىۋېلىپ يېيەلەيدۇ. ساقچى ـ گۈندىپايلارنىڭ

ئاچكۆزلۈكى مانا مۇشۇ تاماقتىن باشلىنىدۇ. جىنايەتچى سانى قانچە كۆپ بولسا، بۇلار شۇنچە خۇش بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا ئاجرىتىلغان تاماق پۇلى شۇنچە كۆپىيىدۇ. لېكىن تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتقىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. ئەكسىچە مەھبۇسلار ھالسىزلىنىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، قانسىراپ ۋە ئۇزۇقلۇق يېتىشمەي ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتسە، پەقەتلا تۈرمە دوختۇرىنىڭ «كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلدى» دېگەن ھۆكۈمى بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ. ئىشقىلىپ گۇندىپايلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتىدىن بىر ئاماللارنى قىلىپ مەھبۇسلارنى ھەم روھىي جەھەتتىن، ھەم جىسمانىي جەھەتتىن خورلاپ ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرى باشلىقىنىڭ پىلانلىشى بىلەن، ئەڭ ئەرزان باھادىكى سۈپەتسىز ئۇن، گۈرۈچلەرنى تېپىپ سېتىۋالىدۇ، كۆكتاتلار بولسا تاشلىۋېتىش ئالدىدىكى كېرەكتىن چىققان، بۇزۇلغان كۆكتات يوپۇرماقلىرى، ھايۋانلارمۇ يېمەيدىغان كۆكتات شۆپۈكلىرى، توپ مال بازىرىدىكى باھاسى چۈشكەن ئەڭ ئەرزان كۆكتاتلار بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن 100 كىشىلىك تاماق تەييارلاپ، ئۈستىگە تۆت چېلەك سۇنى ئارتۇق قۇيۇۋېتىپ، 600 كىشىگە بۆلۈپ بېرىۋېرىدۇ. بۇنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمەيدۇ، مەھبۇسنىڭ قورسىقى تويامدۇ، تويمامدۇ، كارى بولمايدۇ. پىكىر قىلغىنى تاياق يەيدۇ. مەھبۇسلارنىڭ كۈندىلىك تامىقى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا قالىدۇ.

يەنە بىر ئۇچاقتا، پۇلى بارلار ئۈچۈن ياخشىراق تائاملارنى تەييارلاپ قويىدۇ. بازاردا بىر تەخسىسى 3 ـ 5 سوم بولغان لەڭمەن بۇ يەردە 15 ـ 20 سومدىن، 8 ـ 10 سوملۇق پولۇ 30 سومدىن سېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار جازانىخورلۇق بىلەن نۇرغۇن پايدا

ئالدۇ. يەنە كېلىپ تېخى بۇ «جىنايەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇڭايلىق يارىتىپ بېرىش» دەپ مەدھىيىلىنىدۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى چەكلىنىدۇ، ئەمما تۈرمە بانكىسىغا پۇل ئامانەت قويۇشى، پوچتىدىن پۇل ئەۋەتىشى رەسمىيەت جەھەتتە شۇنداق ئاسانلاشتۇرۇلغان. كىمنىڭ تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەر بانكىسىدا پۇلى كۆپ بولسا، گۇندىپايلار شۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بەزى ئىشلاردا يول قويىدۇ. بەزى پۇلدار جىنايەتچىلەر قەستەن زومىگەرلىك قىلالايدۇ. چۈنكى گۇندىپايلار پەقەت مۇشۇ پۇلدارلار ئارقىلىقلا كۆپ تاپاۋەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئايدا ئالىدىغان مائاشى، ئايلىق مۇكاپاتى ھەمدە «كىچىك خەزىنە» دىن ھۆكۈمەت ھېسابىغا يېزىلماي ئالىدىغان پايدىسى، سىرتتىكى ھەر قانداق دۆلەت خادىملىرىنىڭكىدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا تۈرمە باشلىقى ئۆز ئالدىغا پادىشاھتەك ياشايدۇ.

بىر قېتىم رامزان يېتىپ كېلىشى بىلەن، گۇندىپايلار باشلىقى رابىيىدىن قەستەن مۇلايىم قىياپەتتە :

_ رابىيە، سەن مىليونېر، تۈرمە ھېسابىڭدا نۇرغۇن پۇل بار، ئۆزۈڭ ساۋاپ ئىش قىلىشقا ئامراق، بىز توخۇ پىشۇرۇپ ساتماقچى، ساڭا قانچىلىك ئالساڭ ئېتىبار بېرىمىز، سېتىۋالامسەن؟ - دەپ سورىدى.

_ ئالىمەن، - دېدى رابىيە دەرھاللا ئىككىلەنمەستىن، - مۇشۇ ئاياللار كامېرىدىكى ھەممە مەھبۇسقا بىردىن توخۇ تارقىتىمەن، شەرتىم توخۇ قىپقىزىل قىزارتىپ ياخشى پىشۇرۇلۇشى، دورا - دەرمانلىرى تەڭشىلىشى كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، گۇندىپاي ساقچىلار بازاردىن دانىسى **15** سومدىن

سېتىۋالغان 600 دەك توخۇنى رابىيە قادىرغا دانىسىنى 60 سومدىن ساتتى. ئۇلار بىر ئاخشامدىلا 30 مىڭ سوم پايدا ئېلىپ، ھەر بىرى بىرەر مىڭ سومدىن كىرىم قىلىشتى، دېمەك بىر ئاخشامدا ھەر بىرى بىر ئايلىق مائاشىغا يېقىن پۇل بۆلۈشۈپ ئېلىشتى.

يەنە بىر قېتىم، قۇربان ھېيت ھارپىسى، گۇندىپايلار مەسلىھەتلىشىپ، رابىيە قادىرغا، بارلىق جىنايەتچىلەرگە يەتكۈدەك پولۇ پىشۇرۇپ سېتىپ، نۇرغۇن پۇل كىرىم قىلىشتى.

تۈرمىدىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلگەن زىيارەتچىلەرگە گۇندىپايلارنىڭ ئورتاق بىر جاۋابى بار:

_ خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ يەردە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، تاماكا ئالمايمىز، كېسەل مىكروبى يۇقۇملىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىمىز. شۇڭا قانچە پۇل بولسا ئېلىۋېرىمىز.

600 بىلەن 800 ئارىلىقىدا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان ئايال مەھبۇسلارنىڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم رۇخسەت قىلىنغان يوقلاپ كېلىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تۇغقانلىرى، يېقىنلىرى ئېلىپ كېلىدىغان سوۋغاتلارنى ھېسابلاش ئاسان ئەمەس. سوۋغاتلار مەھبۇسنىڭ قولىغا بىۋاستە بېرىلمەيدۇ، ساقچىلار بۇ خىزمەتكە «ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ «مەخسۇس خادىملارنى ئاجراتقان. كىيىم ـ كېچەك، سوپۇن، تاماكا قاتارلىق ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېرىمى، بەزىدە ھەممىسى جىملا يوقاپ كېتىدۇ. مەھبۇسلار بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان. ئۇلار:

_ ھەر نېمە بولسا يېرىمى ئولجىغا كېتىپ، يېرىمى بولسىمۇ قولۇمغا تەگدى، ـ دەپ خۇش بولىدۇ.

ئاياللار تۈرمىسىدىكى ساقچى، گۇندىپايلار ھەر كۈنى كەچتە ياكى

ئەتىگەندە نۆۋەتتى تۇشۇپ، ئىشتىن قايتقۇچە، ئېغىر سومكىلاردىكى ئولجىلارنى كۆتۈرۈشۇپ، يانچۇقلىرىنى تۇشقۇزۇپ، ئۆيىگە خۇشال كەتكىنى بىلەن، ئىشقا چۈشكەن مەزگىلىدە ئىشىكتىن كىرىپلا غالجىرلىقى باشلىنىدۇ. گۈندىپايلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە «ئادەم تىللىمىسا، ئۇرمىسا بېشى ئاغرىيدىغان» پسىخىك كېسەلگە گىرىپتار ئىكەنلىكىنى مەھبۇسلار ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ. ھەر كۈنى 3 ـ 4 مەھبۇسنى ئۇرۇپ، تىللىۋالمىغان گۈندىپاي ئۆيىگە چوقۇم خاپا قايتىدۇ ياكى شۇ كۈنى ئۇيقۇسى قاچىدۇ. جىنايەتچىنى ئۇرۇپ، تىللاشتىن باشقا ھېچقانداق ۋەزىپىسى بولمىغان گۈندىپايلار ھە دېگەندە بىرەر باھانە ئىزدەپ، چاشقاندەك تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. بەزىدە تېخى، «بىز كەتتۇق» دەپ ۋارقىراپ قويۇپلا، پۈتىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ، كامىرىنىڭ تۆشۈكىدىن ماراپ، بىرەرسىنى نەق پاكىت بىلەن تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، ھەممىسىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، تازا ئۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ باھانىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاددىيلىرى «مېنى زاڭلىق قىلدىڭ»، «تۆشۈكتىن مارىدىڭ»، «يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىدىڭ»، «كۈلدۈڭ» دېگەندەك ئەرزىمەس سۆز ۋە ھەرىكەتلەرگىچە داۋام قىلىدۇ. ئادەتتە، كىرىپ ـ چىقىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ قۇلىقىنى تارتىش، چېچىنى يۇلۇش، چىمدىۋېلىش، شاپىلاق ئۇرۇش، كۆتىگە تېپىش، قولىنى قايرىپ ئىتتىرىش، پۇتىنى چاپۇتلاپ يىقىتىش، تۇكۇرۇش.... دېگەندەكلەر نورمال جازا ھېسابلىنىدۇ. ئىچى پۇشۇپ قالغان ئايال گۈندىپايلار چىرايلىقراق بىرەر ئۇيغۇر چوكاننىڭ چىرايىنىمۇ ھەسەت قىلىپ «ئۆزۈڭنى ياسىدىڭ» دەپ زالغا ئېلىپ چىقىپ، توك توقمىقى بىلەن ئۇرۇپ قوغلايدۇ، ئۇ قورقۇپ چىرقىراپ قاچسا، كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرىدۇ، قالغانلىرى تاماشا كۆرۈپ، قاتتىق ئۇرالمىسا زاڭلىق

قىلىپ، ئۇرۇۋالسا پەخىرلىنىپ قاھ ـ قاھلىشىپ كۈلۈشۈپ زالنى بىر ئالىدۇ. يەنە تېخى «ئەرگە تېگىدىغانلەك ياسىنۇالغىنىنى قاراڭلار بۇ ئىنجىقنىڭ» دەپ تىللاپ قويىدۇ. مۇنداق كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ھەمدە بەزىدە سائەتلەرچە داۋام قىلىپ، جىنايەتچى ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغاندا ياكى قان كۆپ ئېقىپ كەتكەندىلا ئاندىن توختايدۇ.

بىر كۈنى گۇندىپاي ما دېگەن خوتۇن، بانكىدا خىيانەت قىلدى دەپ تۇتۇپ سولاپ قويغان زۆھرە ئىسىملىك ئۇيغۇر چوكاننى «مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدۈڭ» دەپ تۇتۇپ چىقىپ ئۇرۇپ، قېلىن قەغەزلىك 52 دانە قارتنى مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭغا يېگۈزۈۋەتكەن. ئۇ ھەر قېتىم گېلىدىن قەغەز ئۆتمەي توختاپ قالغىنىدا، گۇندىپاي ما قولىدىكى توك توقمىقى بىلەن ئۇرۇپ قارت تۈگىگىچە يېگۈزگەن.

ساقچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمىتى ۋەزىپىنى ئورۇنلاش بولۇپ، مەنسەپ ئۆستۈرۈش، مائاش كۆپەيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ۋەزىپە ئورۇنلاشتىكى سان ـ سىفىرلارغا باغلىق بولغاچقا، ساقچىلار ئەر ـ ئايال دېمەستىن ئادەم تۇتۇپ سولاۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ بىر باھانە تاپسىلا كۇپايە، راست ـ يالغىنىنى ئۇلار ئايرىمايدۇ، ئۇلار پەقەت تۇتۇپ سولاپ ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىۋالسىلا بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش، روھىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئادەم تۇتۇش ـ ۋەزىپە ئورۇنلاش ئۇچۇن كوچىغا چىققان خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكىتى بولۇپ قالغان.

ئاياللار تۈرمىسىگە كىرىپ قالغان بىر مۇنچە ئايال يىللاپ سوراقسىز ياتسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا سورىيالماي ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئادەتتە يېڭى كىرگەنلەر بىلەن شۇنداق تونۇشىدۇ:

_ ھە، نېمە قىلىپ كىرىپ قالدىڭىز؟
_ خروئىن دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى ساقچى.
_ ھە، ئاق تاماكا ساتقانمۇ ياكى چەككەنمۇ؟
_ ھە؟ ئاق تاماكا دېگەن نېمە ئۇ؟ مەن تاماكا چېكىشنى بىلمەيمەن.

## بىر تەخسە لەڭمەن يەۋالسام...

_ ۋايجان، ۋايجان، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، بىر تەخسە لەڭمەن يەۋالغان بولسام، ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى بولاتتىم، بىگۇناھ كېتىدىغان بولدۇم، ۋاي مەيدەم، - ھەر كۈنى ھەممىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، يىغا ئارىلاش ئىڭرىغان بۇ نالە - پەرياد ئاۋازى بۇلۇڭدىكى كامىرىدىن چىقاتتى. بۇ ئاۋاز تۈرمىگە نېمە گۇناھ قىلىپ كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئامىنىخاننىڭ زارى ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭ ئاشقازىنى، ئۈچىيى جاراھەت بولغان دېيىشەتتى، گۇندىپايلار بولسا، ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك بوزەك قىلاتتى، سىرتتا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك بىرسى، گۇندىپايلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئامىنىخانغا قاراپ قويغىن، دەپ ئارقا ئىشىك قىلىدىغان يېقىنىمۇ يوق ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ كىچىك بالىلىرى، قوشنىسىدىن 50 سوم قەرز ئېلىپ، ئۇ پۇلغا ئاپىسىغا يېگۈدەك مېۋە، يەل - يېمىش ئەكەلگەن بولسىمۇ، گۇندىپايلار گۇناھىنى ئىقرار قىلمىغان جاھىل ئامىنەنىڭ ھېچنەرسىسىنى ئالمايمىز دەپ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئامىنە يېڭى كەلگەندە ئاچ قالدى، ئاچلىققىمۇ چىدىغىلى بولاتتى، خورلۇق ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ دەسلەپ، ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر تۇڭگان خوتۇن زومىگەرلىك

قىلىۋاتقان بىر كامىرىغا سولانغان ئىدى. كامىرىغا كىرگەن كۈنى ئۇ ئاشۇ تۇڭگان خوتۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، مۇسادىرە قىلىش جازاسىغا ئۇچرىدى، 7ـ 8مەھبۇس ئايال ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ كىرگەن بوپىسىدىكى بارلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، يۇز ماي، چىش چوتكىلىرىنى، سوپۇن، لۆڭگىلىرىنى بۆلۈشۈۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالدى. ئۇچىسىدا بىر تامبال بىلەن لىپتىكىلا قالدى، بىر چاغدا قېرى بىر خوتۇن ھىجىيىپ كېلىپ، بۇنىڭ لىپتىكى مېنىڭ كۆينىكىم بىلەن بىر پارە ئىكەن دەپ لىپتىكىنىمۇ تارتىۋالدى. تۇڭگان خوتۇن بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئامىنەنى ۋارقىراپ توختاتتى ھەمدە كىرلىشىپ رەڭگى قارىداپ كەتكەن بىر ئاق مايكىنى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بەردى ئۇ ئامىنەگە:

_ ھە، ئەمدى بىزگە ئوخشىدىڭ، بۇ يەردە ھەممە ئىش باشتىن باشلىنىدۇ، بىلىسەنغۇ ئالدى بىلەن يەر ئىسلاھاتى بولدى، ئەمدى بايلارنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن دىكتاتورىنىڭ تەمىنى تېتىيسەن، قېنى ئەدەپ ـ قائىدىنى باشلاڭلار، ـ دېدى ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە. ئۇلار ئولىشىپ كېلىپ ئامىنەنى ئۇرۇشقا، چىمدىشقا، تاتىلاشقا باشلىدى.«ئەدەپ ئۆگىتىش جازاسى« باشلىنىشى بىلەن، زومىگەر خوتۇن يەنە سۆزلىدى:

_ سەن ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدىڭ، بىر ئائىلىدە ھەممە نەرسىنى سېنىڭ ـ مېنىڭ دېمەي ئىشلىتىمىز، شۇڭا بايا ئاچا ـ سىڭىللىرىڭ ئارتۇق نەرسىلىرىڭنى بۆلۈشۈۋالدى، ئەمدى ئائىلە دېگەندە ئانچە ـ مۇنچە جېدەل ـ ماجىرالارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. گەپ ئاڭلىمىغانلارنى ئەدەپلەپ تۇرىدىغان گەپ، ـ دېدى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، ـ قېنى باشلاڭلار، قاراپ تۇرماي، ـ دەپ ۋارقىرىدى.

كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەن رەھىمسىز خوتۇنلار يوپۇرۇلۇپ ئۇنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى، بىرى ئۇنىڭ ئىككى تال ئۆرۈلگەن چېچىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، بىرى ھېچكىمگە قارىماي ئىككى ئالقىنى بىلەن ئۇنى كاچاتلىغىلى تۇردى، يەنە نەچچىسى ئۇنىڭ بىقىنلىرىنى چىمدىپ ئۇزۇۋېتەي دېدى، بىچارە ئامىنە جان ئاچچىقىدا چىرقىراپ يىغلاپ، تېپچەكلەپ تولغىنىپ كەتتى، خوتۇنلار ئۇنى ئۇراتتى، مەسخىرە قىلىشىپ كۈلەتتى، بىرلىرى ھەتتا ئەرلەردەك قىلىقلار بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى مىجىقلاشقا، ساغرىسىنى سىلاشقا باشلىدى، بۇ جازا تاكى ئامىنە ھوشىدىن كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. بۇ كامىرىدا داۋاملىشىۋاتقان ئامىنەنى قارشى ئېلىش پائالىيىتىنى نۆۋەتچى گۇندىپايلار تاماشا قىلىپ كۆزىتىپ تۇراتتى. ئامىنە ھوشىغا كەلگەندە بېشىدا ئۆرە تۇرغان تۇڭگان خوتۇن:

_ تۇر ئورنۇڭدىن، ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىسەن. بۇ كامىرىنىڭ سۇلتانى مەن بولىمەن، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلمىساڭ، ساقچى، گۇندىپايلارغا چېقىمچىلىق قىلساڭ، ئەرز قىلساڭ، بۇگۇنكىدەك ھەر كۈنى تاياق يەيسەن. بۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۆلۈكۈڭنى ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى لالما ئىتلارغا تاشلاپ بېرىدۇ. ساقچىغا ئەرز قىلساڭ، بىز ھەمكارلىشىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاپ قويدۇق دەيمىز، ھەممىمىزنىڭ گېپى ئوخشاش چىقىدۇ، ئۆزۈڭ گۇناھكار بولىسەن، بىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ، ئۇنىڭ بېشىغا پۇتى بىلەن تەپتى ۋە ئارقىدىنلا، ـ قېنى ئاۋۇ قاچىدىكى سۇنى ئېلىپ كېلىپ پۇتلىرىمنى پاكىز يۇغىن! ـ دەپ ۋارقىرىدى.

_ خوپدە، چاپسان بول، تېز ئىجرا قىل، ـ قالغانلار تەڭ چۇرقىراشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئامىنە كامىرىدىكى 7 ـ 8 خوتۇننىڭ غالچىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ كۈندىلىك ئۈچ ۋاق تامىقىنىڭ يېرىمى مەجبۇرىي هالدا تۇغۇلغان خوتۇنغا بېرىلىشى شەرت ئىدى. بەزى كۈنى ئەتىگەندە زومىگەر خوتۇن ئۇنىڭ قولىدىكى بىر تال مۇشتۇمدەك هور ناننى تارتىۋېلىپ ئىككى چىشلەپ يۇتۇۋېتەتتى ـ دە، ئامىنەگە قاراپ:

_ بۈگۈن روزا تۇتقىن، ساۋا ساۋابىنى ئۆتۈنۈۋېتەي، ـ دەپ كۈلەتتى. شۇنداق قىلىپ هېچ گۇناهسىز تۈرمىگە كىرگەن ئامىنە بەزى ئاچ، بەزى توق ئاچچىق زەرداب يېتىپ، بالىلىرىنىڭ دەردىدە قان قۇسۇپ يىغلاپ يۈرۈپ ئالتە ئاي ئىچىدە ئاشقازان، ئۈچەي جاراهىتى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى.

رابىيە، ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولغان، يېقىندا ئۆلۈشى مۇمكىن دەپ دىئاگنوز قويۇلغان، كامېردىكىلەر كېسىلى يۇقۇپ قالىدۇ دەپ، قورقۇپ قېچىپ يۈرگەن ئامىنەگە كۆپ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ لەۋمەنگە بەك ئامراقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭغا لەۋمەن ئەۋەتىپ بەردى.

بىر كۈنى ئامىنە بۇلۇڭدىكى كامىرىدىن:

_ رابىيە ئاچا رەهمەت، مەن لەۋمەن يېدىم، خالايىق مەن لەۋمەن يېدىم، ـ دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئىچى قاتتىق سۈرۈپ تۈرمە دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدى، گۇندىپايلار ئامىنەنى رابىيە قادىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلسۇن دېدىمۇ، ياكى كېسىلى ئۇنىڭغا يۇقسۇن دېدىمۇ، شۇ كۈنلا ئۇنى رابىيەنىڭ كامىرىغا يۆتكەپ قويدى. رابىيە ئۇنىڭ يېرىم جان بولۇپ قالغان بەدىنىگە، كۆزلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئاشقازان، ئۈچەيلىرىنىڭ مايسىراپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، تومۇرلىرىنىڭ قانسىراپ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى،

ھەممە كېسلىنىڭ ماغدۇرسىزلىقتىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ، ئامىنەنى خۇددى سېسترالاردەك ئۆزى باقتى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە كىيىمنى يەڭگۈشلەپ، تازىلىق قىلىپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزدى، مۇڭدىشىپ روھىنى كۆتۈردى، ئاستا ـ ئاستا ئاق ماي، سارماي، گۆش، شورپا دېگەندەك قۇۋۋەتلىك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا باشلىدى. دېگەندەك ئايلار ئۆتۈپ، ئامىنە بىر ـ ئىككى تەخسە لەڭمەننى پاك ـ پاكىز يېيەلەيدىغان دەرمانغا كەلدى. ئۇ رابىيىگە خۇددى ئۆز ئاچىسىدەك مېھرىنى باغلاپ، دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى.

ئامىنەنىڭ ئېرىنى ھۆكۈمەت 3 ـ 4 ئاغىنىسى بىلەن بىللە تۇتۇپ كەتكەن، ئامىنە ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئېرىنى «خىروئىن ئېلىپ ـ ساتقان» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئېتىۋەتكەن. ئىككى بالىسى بىلەن يالغۇز قالغان ئامىنە، ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىكى تونۇشلارنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇۋاتقان ئېرىنىڭ ئۆمرىدە خىروئىن تۇتۇپ ئوقۇمىغانلىقىنى، ئالدىنىپ قالغانلىقىنى دەلىللەپ، ئېرىنىڭ جەسىتىنى دوختۇرخانىدا قايتا تەكشۈرتۈش توغرىسىدا ئەرز سۇنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار يېرىم كېچىدە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاختۇرۇپ، »مانا پاكىت «دەپ بىر بولاق ئاق پاراشوكنى كۆرسىتىپ، ئامىنەنى تۇتۇپ كەتكەن. ھەتتا بالىلىرىمنى قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياي دەپ يالۋۇرۇپ يىغلىغىنىغىمۇ يول قويماي ئۇنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەن. ساقچىلار ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى سوراق قىلىپ، ئۇنى قىيىنغان، قورقۇتقان، ئۇرغان. ساقچىلار سوراق جەريانىدا پەقەت «ئېرىم خىروئىن ساتاتتى، ئۆيگە بىر بولاق خىروئىن يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن، مەن پۇل يوق ئۇنى

ئەپچىقىپ ساتتىم «دەپ قول قويۇپ بەرسىلا، دەرھال قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

رابىيە ئۈنىڭغا ئىچ ئاغرىپ ياخشى بىر ئادۋوكات ئۇقۇشۇپ بەردى. ئەقىل ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ، نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمەي ئۈچ يېرىم يىل تۈرمىدە ياتقان ئامىنە سەللىمازا ساقىيىپ، پات ـ پات سوراقتا چىقىدىغان بولدى ھەمدە كۆپ ئۆتمەستىن، بىگۇناھ قامالغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، سوتتىكىلەرنى قان زەرداب ئاچچىقى بىلەن تىللىۋېتىپ، ئاقلىنىپ چىقىپ كەتتى.

## ياغلىق چەككەن گۇناھمۇ؟

1990 ـ يىللاردىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش» نامىدا بىر قاتار يېڭى سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى، يېنىدا پۇقرالىق قارتى بار ھەر قانداق خىتاي ئۇيغۇر ئېلىگە خالىغانچە كېلەلەيدىغان بولدى ۋە پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرىدىن «جياڭنەندىن ئېسىل جاي»، «جەننەت ماكان»، «پۇل تاپماق ئاسان جاي»، «ئەمەلدار بولاي دېسەڭ شىنجاڭغا چىق» دېگەندەك تەشۋىقاتلار بىلەن، پىلانلىق، پىلانسىز كۆچمەن ئېقىنىنى پەيدا قىلغان خىتايلار كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر، بىڭتۈەنگە يۆتكىلىپ كېلىۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئەمەلدارلار، ئەمەلدارلىقتا تەيىنلەنگەن ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققان ياشلار، ئىش ئىزدەپ كەلگەن ئاققۇنلار، ئورنى يۆتكەلگەن جىنايەتچىلەر، تۈرمىدىن قاچقان خىيانەتچىلەر، قاتىللار...... ئومۇمەن ھەر خىل نام ۋە

قالپاقلار بىلەن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە كېلىپ يەرلەشكەن خىتايلار ئۆزلىرى بىلەن بىر مۇنچە يامان ئادەت، ناچار ئەخلاق، پەسكەش قىلىقلارنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر شەھەر ـ يېزىلىرىدا تارقىتىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكلىرى هاراقكەشلىك، خىروئىن چېكىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق، پاھىشىۋازلىق قاتارلىقلار بولۇپ، بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىلى تۇردى. ئاتا ـ ئانىلار، زىيالىيلار، ئۆلىمالار، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا يامراۋاتقان بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئىزدەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇيغۇر شەھەر، يېزىلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق قىلىپ تەربىيىلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر خەلقى مىللىي ئويغىنىش بورىنىنىڭ تۈرتكىسىدە پاك ئىمان، ساپ ۋىجدان ئۆلچىمى بىلەن قوراللىنىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئەخلاقسىز بۇزۇقچىلىقلىرىغا قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ خىل ھەرىكەتلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تېرروررچىلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك دېگەندەك چوڭ قالپاقلار بىلەن ئەيىبلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «ئەجەبا، ھۆكۈمەت بىزنى مەجبۇرىي بۇزۇش، يوق قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىۋاتامدۇ نېمە؟» دېگەن ۋەھىملەرنى پەيدا قىلدى. خىتايلار ئۆز ئاساسىي قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلىرىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئومۇمەن دىنىي پائالىيەت قىلغان ھەر قانداق كىشىنى تۇتۇپ سولاشقا، ھەتتا ئېتىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلدى. نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى

خوتەندە، غۇلجىدا باستۇرغاندەك قانلىق باستۇرۇپ داۋاملىق تۇتقۇن قىلدى. ئەقەللىيسى قوشنا مەھەللىدە ناماز ئوقۇغان، ساقال قويغان، ياغلىق چەككەن ۋە روزا تۇتقانلارنىمۇ بىرەر باھانە بىلەن گۇناھكار ھېسابلاپ جازالىدى.

رابىيە يېتىۋاتقان 105 ـ كامېرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كامېرىدا يېتىۋاتقان ياش ئۇيغۇر قىزى شەمشىنۇر 1998 ـ يىلى ئەتىيازدا ياغلىق چەككەن گۇناھى ئۈچۈن ئۈنىۋېرسىتېتتىن قوغلانغان 14 نەپەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بىرى.

شەمشىنۇر ئەقىللىق، زېرەك ۋە كېلىشكەن قىز بولۇپ، ئۇ قەشقەر بەشكېرەمدىن ئۈرۈمچى ئۈنىۋېرستېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى، داۋاملىق ياغلىق چەككەنلىكى، يوشۇرۇن روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلانغان. شەمشىنۇر ئوقۇشسىز قالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىكى بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن غەزەپلىنىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان 9 نەپەر قىز، ئوغۇل دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنى يامان يولدىن توسۇش، تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار ھەممە يەردە توختىماي سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىلارغا ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇلار رېستورانلارغا كىرىپ، يېرىم يالىڭاچ ئىشلەپ يۈرگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى، خىروئىن چەككەن بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇردى.

1998 ـ يىلى قىشتا شەمشىنۇر، ئاكا، ئۇكىلىرى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دوستلىرى بىلەن بىللە، ئۇيغۇر ياشلىرىنى قەستەن ھاراق، تاماكا، خىروئىنغا ئۆگىتىۋاتقان خىتايلاردىن ئۆچ ئېلىش خىيالىغا كەلدى. ئۇلار بىر ئامالالار قىلىپ ئۆزلىرى ياسىغان

پارتلاتقۇچ بومبىنى، ئۈرۈمچىدىكى بىر خىتاينىڭ هاراق ساتىدىغان دۇكىنى ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ قاچتى، بومبا پارتلاپ دۇكاننىڭ دېرىزىلىرىنى چېقىۋەتتى، باشقا هېچقانداق چوڭ زىيان كۆرۈلمىدى. خىتايلار شۇ كېچىسى پۈتۈن ئۈرۈمچىدە جىددىي ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، جاسۇس، پايلاقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇرۇن تىزىملىغان بىر نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياشلىرىنى بىراقلا تۇتقۇن قىلدى.

خىتاي ساقچىلىرى يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى تاڭ ئاتقىچە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ سوراق قىلىپ، پارتلىتىشقا قاتناشقان ياكى مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، شەمشىنۇر باشلىق 9 نەپەر ئۇيغۇر قىز، يىگىتنى رەسمىي قولغا ئالدى. مەجبۇرىي ئىقرارنامە ۋە يالغان ئىسپاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ 9»كىشىلىك تېررورچىلىق تەشكىلاتى» نىڭ «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش» يولىدىكى هاراق دۇكىنىنى پارتلىتىش جىنايىتى ئۈچۈن، 7 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى كېچىكتۈرمەي ئېتىپ تاشلىدى، بىرسىنى مۇددەتسىز قاماققا ئالدى، شەمشىنۇرنى ھېچ گۇناھسىز بولۇشىغا ۋە هېچنېمىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىغا قارىماي 7 يىللىق قاماققا هۆكۈم قىلىپ بۇ تۈرمىگە سولىدى.

شەمشىنۇر ليۇداۋان ئاياللار تۈرمىسىنىڭ قاراڭغۇ كامىرىدا قولغا تاقاق، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان هالەتتە ئۇزۇن مەزگىل ياتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاقاق پۇتىدىكى كىشەنگە زەنجىرلەنگەن بولغاچقا، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ماڭالمايتتى، تۈز ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمەيتتى، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتى، توغرىسى ئۇنىڭغا ئۇخلاش پۇرسىتىمۇ ئاز ئىدى. كۈندۈزى سوراقچىلار، كەچتە گۇندىپايلار شەمشىنۇرنى ئىقرار قىلدۇرۇش، بەزىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ۋە ھەتتا بەزىدە ئادەم ئۇرۇش خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، سوراق

قىلاتتى، ئۇرۇپ دۇمبالايتتى، تېپىپ دۈشكەللەيتتى.

شەمشىنۇر ھەر قېتىم مەردانىلىك بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ، ساقچىنىڭ تۆھمەتلىرىنى پاش قىلاتتى. خىتاي ساقچىلىرى بەزىدە، شەمشىنۇرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا خىتاينىڭ، دۇنيانىڭ، ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تارىخلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنلىكىنى بىلگەچكە، قەستەن تارىخىي تېمىلاردا ئۇنىڭ ئېغزىنى كوچىلايتتى.

- ئۇيغۇرلار تارىخىدا دۆلەت قۇرۇپ، شەھەر سوراپ باققانمۇ؟ - دەپ سورايتتى ساقچى.

_ خەت ئوقۇشنى بىلسەڭ، خەننامەڭنى، يېڭى - كونا تاڭنامەڭنى ئوقۇپ باق، ئوغۇزخان ئىمپېرىيىسى، ھون ئىمپېرىيىسى، كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى، قاراخان ئىمپېرىيىسى، ئىدىقۇت ئىمپېرىيىسى دېگەنلەر كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ بوۋىلىرىم قۇرغان. تېخى تۇنۇگۇنلا بۇ يەردە سەئىدىيە، قەشقەرىيە، ئىلى سۇلتانلىقى، خوتەن ئەمىرلىكى، لۈكچۈن پادىشاھلىقى دېگەندەك بىر مۇنچە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى بار ئىدى. سەنلەر كېلىشتىن ئاۋۋال، قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ئىدى، سەنلەر كەلگەندىمۇ ماناسنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلىرى ئىدى، سەنلەرچۇ، تارىخىڭلاردا بىرەر دۆلەت قۇرۇپ باققانمۇ؟ ھونلار، ئۇيغۇرلار، توبۇتلار، موڭغۇللار، مانجۇلار قۇرغان دۆلەتلەردە مۇستەملىكە بولۇپ ياشىغان شەجەرىدىن باشقا نېمەڭلار بار؟

_ تارىخىڭنى قوي، مانا ھازىر بىزنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنىمىزنىڭ نەلەرگىچە سوزۇلغانلىقىنى خەرىتىدىن ئوبدان كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟

_ بېسىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ھېسابلانمايدۇ.
_ پاكىتىڭ بارمۇ؟
_ بار، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆزىلا، مانا مەن خىتاينىڭ ئەڭ كېڭەيگەن، كۈچەيگەن چاغدا ياسىۋالغان چېگراسى دەپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرمامدۇ؟
تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ساقچى گېپىنى توختىتىپ، يەنە ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى.
رابىيە تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، شەمشىنۇر بىلەن ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كامېرلاردا يېتىپ «تەنلىرىم ياپراق» نى بىللە ئېيتىشتى، رابىيە يەنە شەمشىنۇرنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلىرىنىڭ توپلىمىنى يوشۇرۇپ ساقلاپ قويىدى.

## روشەنگۈلنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش

لىۋداۋان تۈرمىسىدىكى ئاخىرقى كۈنلەردە رابىيەنىڭ زېتىغا تېگىدىغان يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. تۇتۇلغان ئايال گۇندىپاي ما، يوقلاڭ باھانە بىلەن روشەنگۈل ئىسىملىك قىزنى «ماڭا ئالايدىڭ» دەپ كىشەن سېلىپ جازالاپ، كىشەننى 15 كۈنگىچە ئېلىۋەتمىدى. بىچارە قىز 10 كىلولۇق كىشەننى كۆتۈرەلمەي شۇنچە زارلىسىمۇ، قاراپ قويمىدى.
روشەنگۈل 15 يېشىدا بۇ تۈرمىگە كىرگەن كىچىك قىز ئىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە، دوستلىرى بىلەن بىللە ئوينىغىلى بارماقچى بولۇپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ھاماچىسىنىڭ ئالتۇن ھالقا، بۇلاپكىلىرىنى تاقاپ، ئېسىپ چىقىپ، يوگۇرۇشۇپ يۈرۈپ يوقىتىپ قويىدى. دوستلىرى بىلەن ھەممە يەرنى

ئىزدەپ زادىلا تاپالمىدى. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تولىمۇ خىجالەتتە ئەھۋالنى ھاماچىسىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ھاماچىسى ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق يوقالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتقاندا، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قوشنىسى دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. شۇ كۈنى ئادەم تۇتۇش ۋەزىپىسىنى توشقۇزالماي جىلە بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى ساقچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان يېتىپ كېلىپ، «ئۆيىدىن ئالتۇن جابدۇق ئوغرىلىغان ئوغرى» دەپ روشەنگۈلنى تۇتۇپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ ھاماچىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي، ئەرز سۇنۇپ، تەستىقلىتىپ، ئۇنى ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، لىۋداۋان تۈرمىسىنىڭ ئاياللار كامىرىغا سولاپ قويدى.

شۇندىن ئېتىبارەن بىچارە قىز گۈندىپايلارنىڭ ئەڭ كىچىك غالچىسىغا ئايلاندى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىگە شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ ئويناپ، كۆڭلىنى ئاچىدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى گۈندىپاي ما ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، رابىيە يۈتىنى ئالماپ قويۇپ، ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋەردى. مانىڭ ئىختىيارى بويىچە بولغاندا، رابىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، بېشىنى ئېگىپ، »خوپ «دەپ يول بوشىتىشى كېرەك ئىدى. رابىيە بولسا، بۇ باغرى تاش، رەھىمسىز گۈندىپايدىن روشەنگۈلنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپ، ئىستاكاندىكى قايناقسۇنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردى. رابىيەنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن گۈندىپاي ما غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، رابىيەنىڭ يۈتىغا تەپتى.

_ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ـ دېدى رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپلا قولىدىكى ئىستاكاننى قايناقسۇ بىلەن قوشۇپلا ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى، ـ نېمىشقا

پۈتۈمغا تېپسەن؟ مەن سېنىڭ بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان كىچىك بالاڭ ئەمەس.

مانىڭ رەڭگى ئۆڭدى، ئۇ سەت ۋارقىرىغىنىچە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ رابىيەگە ئېسىلدى، رابىيەمۇ ئۇنىڭ چاچلىرىدىن چاڭگاللاپ تۇرۇپ تۆۋەنگە تارتتى. قىيا ـ چىيا ئىچىدە بىر مەيدان جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ما ھەدەپ رابىيەنى ئۇراتتى، رابىيەمۇ ئۇنىڭ قولىغا چىققان يېرىنى تارتىپ، تاتىلاپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ يىرتىۋەتتى، رابىيە بېشى تۆۋەن بولۇپ قالغان بىر چاغدا، ئۆزىمۇ سەزمەي، مانىڭ كۆكسىنى ئۇزۇۋالغۇدەك قاتتىق چىشلىۋالدى. گۇندىپاي چىرقىراپ كەتتى. شۇ پەيتتە، باشقا گۇندىپايلار ۋە خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىلەر كېلىپ رابىيەنى ئىككى قولىدىن قايرىپ تۇتۇۋالدى. بىرسى كەينىدىن چېچىنى چاڭگاللاپ ئارقىسىغا تارتتى. ما بولسا يۈگۈرۈپ كېلىپ رابىيەنىڭ قورسىقىغا بىر مۇشت ئۇردى. رابىيە غەزەپ كۈچىنى يىغىپ، ئۇنىڭ چاترىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتى. گۇندىپايلار بۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى، ما ھەدەپ ۋارقىرايتتى:

ـ نېمە ھەددىڭدىن ئاشىسەن، مەن ساڭا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويمىسام، قاراپ تۇر، رابىيە ئۇنىڭغا بوي بەرمەي تەڭلا ۋارقىرىدى:

ـ مەن كىم بىلەمسەن؟ ئالدىرىما، زومىگەرلىكىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، ھەممە كىشىنى ناھەق بوزەك قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلما.

ـ ھوشۇڭنى تاپ رابىيە، ئاز كۈندە كۆرىسەن جاجاڭنى قانداق بېرىدىغىنىمىزنى.

ـ كىم، كىمنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغىنىنى سەنمۇ كۆرىسەن ئالدىرىما.

گۆندىپايلار رابىيەنى كامىرىغا سولىۋەتتى. رابىيە ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

_ سوجاڭ، بېيجىڭلىق ئادۋوكاتىمنى چاقىرىپ بېرىڭلار، ئەرز قىلىمەن!

ئەتىسى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرلىرى يېتىپ كەلدى، گۆندىپاينىڭ يولسىز جېدەل چىقارغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كىشىلىرىگە يان بېسىپ، مەسىلىنى ئىككىلا تەرەپكە ئارتىپ بولدى قىلىشتى. شۇندىن كېيىن گۆندىپاي ما پۇرسەت تاپسىلا رابىيەنى بوزەك قىلىشقا ئۆرۈندىغان، يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن چىشىغا تېگىدىغان بولۇۋالدى. رابىيىمۇ پەيت تاپسىلا ئۇنى تىللاپ، ئۇرۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى.

شۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ چوڭ سوتى بولۇپ، 8يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى، رابىيە دەرىجە ئاتلاپ ئەرز سۇنۇپ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدا، كامىرىنىڭ تاماق ئالىدىغان تۆشۈكى ئېچىلىپ، گۆندىپاي مانىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ سەت ھىجىيىپ تۇرۇپ:

_ مانا كۆردۈڭمۇ؟ 8 يىل، چاقچاق گەپ ئەمەس نەق 8 يىل. ئەسلىدىغۇ ئېتىۋېتىش كېرەكتى سېنى. ئەمدى سېنى خالىساق، ھەر كۈنى ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىغان كۆمۈر كانىغا سولايمىز، خالىساق، گەنسۇدىكى ئاچ قالغانلارنىڭ تۈرمىسىگە يۆتكەيمىز، ئىش قىلىپ بۇ يەردىن سېنىڭ سۆڭەكلىرىڭ شاراقلاپ چىقىدۇ، ئۆزۈڭ تۈرمىدە چىرىپ تۈگەيسەن، سەن دېگەن سىياسىي جىنايەتچى، چەت ئەلگە دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى يەتكۈزگەن ئىشپىيون، ھەر باھانە بىلەن يىلىڭنى ئۇزارتىۋېرىمىز، ئامېرىكىدىكى ئەكسىيەتچى ماقالە يازىدىغان ئېرىڭ قۇتۇلدۇرالامدۇ سېنى... ھا ھا.... ھا ھا... ۋاي بىچارە...

ما گۇندىپاي، مەغرۇرلىنىپ كۈلۈشكە باشلىدى، رابىيە ئورنىدىن قوزغالماقچى بولۇۋېدى، ئىككى يېنىدىكى پايلاقچى جىنايەتچىلەر ئۇنىڭ بىلىكىگە قول ئۇزاتتى. رابىيە پەيت كۈتۈپ، مانى گەپكە تۇتتى:

_ مېنىڭ ئېرىم يازسا، كەچلىك گېزىتتە سەنلەرنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىروئىن ئەكېلىپ ئۇيغۇر ياشلىرىنى زەھەرلەۋاتقانلىقىڭلارنى يازدى. سەندەكلەرنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىگەن قانۇنلىرىنىمۇ ئاياق ئاستى قىلىشىۋاتقانلىرىڭنى يازدى، ئالدىراپ كۈلمە، ما دېگەن، ـ رابىيە شۇنداق دېدى ـ دە، ئىككى پايلاقچىدىن شارت قىلىپ يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئوقتەك تېز ئېتىلىپ بېرىپ، كامىرىنىڭ تۆشۈكىدىن زەردە بىلەن بىر مۇشت ئاتتى.

_ ۋايجان، دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، كۆزلىرى كۆكەرگەن، بۇرنى قانىغان ما يەردە دومىلاپ نالە قىلىشقا باشلىدى، ـ مەن ئەرز قىلىمەن، قانۇن كادىرىنى ئۇرغان جىنايىتىڭ ئۈچۈن يەنە ئۈچ يىل قوشۇپ كېسىلىسەن. قاراپ تۇر.

_ قولۇڭدىن كەلسە ئېتىۋەت، لېكىن ھەقىقەت بىر كۈنى ئاقلىنىدۇ. جاجاڭنى شۇ كۈنى بېرىمەن سېنىڭ، بىلىپ قوي، قانجۇق ئىت غالچىسى، ـ رابىيە ئەمدى غالىبلارچە كۈلۈمسىرىدى.

ماجىرا راستىنىلا چىڭىغا چىقىپ كەتتى، رابىيىمۇ ئادۋوكاتى ئارقىلىق ئەرز سۇندى، گۇندىپاي مامۇ ئەرز قىلدى، تەپتىش مەھكىمىسى رابىيەنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ «قانۇن ئورگانلىرىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ ھالدا، جىنايەتچىلەرگە بولۇپمۇ جىنايىتى تېخى ئايدىڭلاشمىغان گۇماندارلارغا تەن جازاسى ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بەرگەنلىكى» ھەققىدىكى پاكىتلىرىنى رەت قىلالمىدى.

گۆندىپاي ما جازالانمىغان بولسىمۇ، تەشكىلى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدلەندى. ئۇ قېيداپ خىزمەتتىن چېكىنىش ھەققىدە دوق قىلغان ئىدى، يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق ئۇنىڭغا:

_ يولداش ما، ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، «چاقچاق قىلماڭ ئەرباب بىلەن، جۆندەپ قويار ھەر باب بىلەن» دېگەن گەپ بار، سىز ئادەتتىكى ئادەمگە قىلغانلىرىڭىزنى رابىيەگە قىلالمايسىز، مەركەزدىن قاتتىق يوليورۇق بار، بۇ خەلقئارا مەسىلە، بىزنىمۇ بالاغا تىقىۋاتىسىز! ـ دېدى.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە، ما رابىيەنىڭ كامىرى ئەتراپىدىن ئۆتەلمەيدىغان بولدى. رابىيە تىللايتتى، تۈكۈرەتتى، قولىغا چىققان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئاتاتتى.

رابىيە رەسمىي كېسىم ئېلان قىلىنىپ تۈرمىگە يۆتكىلىدىغان كۈنى، گۆندىپاي ما ئەڭ ئېغىر جىنايەتچىلەرگە تاقىلىدىغان 15 كىلوگراملىق ئېغىر كىشەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، رابىيەنىڭ ئالدىغا شاراقشىتىپ تاشلىدى، رابىيەنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنى بۇ ئېغىر كىشەننى كۆتۈرەلمەيتتى، تۈرمىدىن يۆتكەش باھانىسىدە ئۆچىنى ئېلىۋالماقچى بولغان ما يەڭلىرىنى تۈرۈپ، كىشەننى سالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، يېنىدا قاراپ تۇرغان تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا:

_ بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، 10 كىلو گراملىقىغا ئالماشتۇرۇپ چىقىڭلار، ـ دېدى ئاستا ئاۋازدا. ما نارازى بولغان قىياپەتتە بىر ئاز دومسىيىپ قويۇپ، يەنە بىر كىشەننى ئالدىراپ ئېلىپ چىقىپ شاراقلىتىپ يەرگە تاشلىدى.

بۇ چاغدا يان تەرەپتە قاراپ تۇرغان ئۇيغۇر ساقچى شېرىنگۈل چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ يېقىنلىشىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ كىشەننى قولىغا ئالدى ـ دە پىرقىرىتىپ يىراققا تاشلىۋەتتى، كىشەن

زەنجىرلىرى قاتتىق شاراقشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە چۈشتى، ئۇ قىز خىتاي تىلىدا راۋان سۆزلەشكە باشلىدى:

_ هازىرغىچە جىنايىتى بېكىتىلىپ يۈتكەلگەن قايسى جىنايەتچىگە كىشەن سېلىپ باقتۇق؟ نېمە ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزىمىز بىلىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلمايمىز؟ بىزنىڭ رابىيە قادىرنى جازالاش ھەققىمىز يوققۇ؟ كىشەن سېلىشقا بولمايدۇ! ـ نېمىشقىدۇر بۇ قىزنىڭ مەردانە سۆزلىرى تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ قانۇن ساھەسىدىكى ھوقۇقىدىن قورقۇشتىمۇ، ئىشقىلىپ تۇرمە باشلىقى ۋە ما ئىككىلىسى تەڭ چىشلىرىنى يوشۇرۇن غۇچۇرلىتىپ كەينىگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇيغۇر ساقچى قىز رابىيەنىڭ قولىغا يېنىك بىر شەكىلدە تاقاقنى بوش سالدى ۋە ئۇنى يۆتكەش ئاپتوموبىلىغا چىقىرىۋېتىپ:

_ بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز جىنايەتچى ھېسابلىنىسىز، بىزنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ ھەتتا تۇرمە ساقچىلىرىنىڭمۇ سىزنى ئۇرۇش، تىللاش ھوقۇقى يوق. ئەگەر ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلسە، ماڭا خەۋەر قىلىڭ. مەن دۆلەت قانۇنىنى قوغدايمەن! ـ دېدى.

رابىيەنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياش ئەگىدى، چۈنكى ئۇ تۇرمىگە سولانغاندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن، ئۆزىنىڭ جىنسىدىن قىسمەن بولسىمۇ ھېسداشلىق ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

_ رەھمەت سىڭلىم، شۇ سۆزلىرىڭىز ئۈچۈن مەن رازى، ـ دېيەلىدى رابىيە.

## قاراڭغۇ كامىرىدىكى شېرىن خىياللار

بۈگۈن 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، رابىيە قولغا ئېلىنىپ نەق 15 ئاي ئۆتكەن كۈن، ئۈنتۈلماس ئاچچىق خاتىرىلىرى بىلەن مەڭگۈ ئەستىن چىقماس يادنامىلەرنى قالدۇرغان، ئەلەملىك كۈنلەر ۋە ھەسرەتلىك تۈنلەرنىڭ شاھىتى بولغان ليۇداۋان تۈرمىسىدىن ئايرىلىپ يولغا چىققان كۈن. سايمۇ ـ ساق 15 ئاي ئىلگىرى، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى رابىيەنى ليۇداۋانغا قانداق ئېلىپ كەلگەن بولسا، بۈگۈن خۇددى شۇنداق ھەيۋە ۋە قورقۇنچ بىلەن باجاڭخۇ تۈرمىسىگە ئېلىپ كەلدى.

ساقچىلار رابىيەنى تۈرمىنىڭ چوڭ قارا دەرۋازىسى يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە سولاپ قويۇپ، تاپشۇرۇپ بېرىش ـ تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. باجاڭخۇ ساقچىلىرى ئۇنى بېشىدىن ئايىغىچە ئاختۇرۇپ قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئالاقىدار قەغەزلىرىگە ئىمزا قويدى. شۇ ئارىدا ئالدى بىلەن بۇ تۈرمىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قوغداشقا مەسئۇل ھەربىيلەر، ئارقىدىن ساقچىلار، خىزمەتچىلەر، گۈندىپايلار ھەتتا سېپىل تېشىدا ئىشلەش ـ تۈرمە خوجايىنلىرىنىڭ ئائىلە خىزمىتىنى، تازىلىق، كۆكتات تېرىش، ئۆي سېلىشتەك شەخسىي مۇلازىمەتلىرىنى قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن خورىكى بار جىنايەتچىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ رابىيەنى كۆرۈپ كەتتى.

رابىيەنى باجاڭخۇ تۈرمىسىنىڭ قارا دەرۋازىدىن ئېلىپ كىرىشكىنىدە، خۇددى ليۇداۋان تۈرمىسىدە يۈز بەرگەندەك ھادىسە قايتىلاندى. بىر قېرى ساقچى خوتۇن «باۋگاۋ» دېمىدىڭ دەپ ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ، دېۋەيلەپ كەلدى ۋە ئاسمانغا ئوق چىقاردى. ئۇ

رابىيىگە ئېسىلماقچى بولغان ئىدى، رابىيەنى باشلاپ كىرگەن ئەر ساقچى ئۇنى توسۇۋالدى، ساقچىلار ئاق يولى بار كۆك رەڭلىك چاپان كىيگەن جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇپ، تىللاپ، ئالدىرىتىپ يۆگۈرتۈپ، ئىشقا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. قىيا - چىيا ئاۋازلار، گۇندىپايلارنىڭ ۋارقىرىغان، تىللىغان سەت چىرقىراشلىرى، جىنايەتچىلەرنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياق تىۋىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سۈرلۈك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ساقچى خوتۇن، قولىدا يوتقان، كۆرپە، بوپىلىرىنى ۋە سومكىلىرىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان رابىيەنىمۇ چاپسان مېڭىشقا زورلاپ ئالدىرىتىپ ۋارقىرىدى. قېرىشقاندەك رابىيەنىڭ سومكىسى ياكى بوپىسى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى - دە، ئۇنى ئالغۇچە بىر نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كېتەتتى، بۇ چاغدا ساقچى خوتۇن جېنى چىققۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ رابىيەنى ئالدىرىتاتتى. رابىيە بۇ يەرنىڭ ساقچىلىرىنىڭمۇ تومۇرىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، سومكىسىنى قەستەن يەرگە تاشلىۋەتتى، ئۇنى ئالغان بولۇپ، ئېڭىشىپ يەنە بىر سومكىسىنى تاشلىدى - دە، جايىدا توختاپ تۇردى. ساقچى خوتۇن توك كالتىكىنى كۆتۈرگىنىچە، ئالىيىپ ۋە ۋارقىراپ يېقىن كەلدى:

_ چاپسان ماڭ، تۇرما، توختىما، كۆتەر بوپىلىرىڭنى، ھېلى بىكار، مېنى تونۇۋاتامسەن؟

_ جاللاتتەك ۋارقىراۋاتىسەن، لۈكچەكتەك تىللاۋاتىسەن، چىچاڭلاپ ھالىڭدىن كېتىۋاتىسەن، سېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگۈدەك كۈچۈم بارلىقىنى تونۇۋاتىمەن. ماڭمايمەن قانداق قىلىسەن؟ - رابىيە ئۆشنىسىدىكى بوپىسىنىمۇ يەرگە تاشلاپ ساقچى خوتۇننىڭ ئالدىغا ماڭدى. ساقچى خوتۇن توك كالتىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېدى، يېنىدا قاراپ تۇرغان باشلىقى ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ يەنە ۋارقىراپ كەتتى:

_ سىلەر بۇنى يامان ئۆگىتىپ قويۇۋاتىسىلەر، باشقىلارغا ئوخشاش قىيناپ جازالاش كېرەك بۇنى.

_ ئالدىرىما، باشلىقلاردىن سورايلى، بىكار بالاغا قالدىغان ئىشنى مەن قىلمايمەن، - دېدى باشلىقى ۋە ئىككى جىنايەتچىنى چاقىرىپ رابىيەنىڭ سومكا، بوپىلىرىنى كۆتۈرتۈپ جىنايەتچىلەر دوختۇرخانا ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

_ رابىيە دېگەن سەنمىدىڭ، تەكشۈرىمىز، - دېدى باياتىن بېرى بولغان جېدەلنى كۆرۈپ تۇرغان دوختۇر خىتاي.

_ خورىكىڭنى پەس قىل، ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىدىغان يەر بۇ، - دېدى كۆك كۆز سېرىق دوختۇر.

_ ئانامنى ئاغزىڭغا ئالغاندا، ئۆزۈڭنىڭ ئاناڭ كۆز ئالدىڭغا كەلمەمدۇ؟ دوختۇر بولساڭ كەسپىي ئەخلاقىڭغا چۈشلۇق گەپ قىل، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ساقچى بىلەن جىنايەتچى ئەمەس، دوختۇر بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىساڭ يوقىلىش كۆزۈمدىن! - رابىيەمۇ بوش كەلمەي ۋارقىرىدى. ئىككى دوختۇر دەككىسىنى يەپ، رابىيىگە قول تەگكۈزەلمەي، ئاچچىقىدا يامانلاپ تەكشۈرۈشنى رەت قىلدى. باشقا بىر دوختۇر كېلىپ:

_ هە، نېمە دەردىڭ بار سۆزلە، - دېدى رابىيىگە قوپاللىق بىلەن.

_ ۋەتەن، مىللەت، خەلقىم دەيدىغان دەرد بار ئىچىمدە، يېزىپ قوي دەپتىرىڭگە؟ - رابىيەمۇ دوق قىلىپ جاۋاب بەردى.

_ هە، توغرا دېدىڭ، شۇ كېسىلىڭنى دەزماللاش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەكەلدۇق سېنى، - دېدى دوختۇر خىتاي يالغان هجىيىپ، ساقچىلارغا قاراپ، ئەپچىقىپ كېتىڭلار، دېگەندەك قولىنى سىلكىپ ئىشارەت

قىلدى. گۈندىپاي خوتۇن رابىيەنى باشلاپ، 200 دەك ئايال مەھبۇسلار بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان چوڭ سېخنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئىشلەۋاتقان مەھبۇسلارنىڭ بەرسىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. گۈندىپاي خوتۇن ئولتۇرغان بىر خىتاي جىنايەتچىنى چاقىرىپ:

_ قايچاڭنى ئېلىپ كېلىپ بۇنىڭ چېچىنى كەس، ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. رابىيە چۈچۈپ كەتتى، ئۇ پەقەت:

_ چېچىمنى خىتايغا كەسكۈزمەيمەن، ئۆيگە كەلسۇن، بولمىسا قايچىنى قارنىمغا تىقىۋالىمەن! ـ دەپ توۋلىدى. ساقچى باشلىقى يەنە كۆندى ۋە:

_ ئادالەت، كەل، ـ دەپ يىراقتا ئىشلەۋاتقان ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن ئۇيغۇر قىزنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا، ـ بۇنىڭ چېچىنى تۇۋىدىن كەس! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئادالەت يېقىن كېلىپ رابىيەگە تەلمۈرۈپ قارىدى، ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنى يېنىك سىلاپ پىچىرلىدى:

_ رابىيە ھەدە رازى بولۇڭ، جېلىلىۋزىدىن كەلدىم، ئاكام، ھەدەم غۇلجا ۋەقەسىدە سىياسىي جىنايەتچى بولدى، ئائىلىمىزدىن دادام، ئاپام باشلىق ئون بىرىمىز تۈرمىدە، بىزنى خىرۇئىن ساتتى دەپ سولاپ قويدى، ـ ئادالەت رابىيەنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېچىنى ئۈچلۈك قويۇپ تەكشى كېسىپ چىقتى. ئادالەتنىڭ رابىيەنىڭ چېچىنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۈندىپاي خوتۇن ۋارقىراپ، چىرقىراپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قايچىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ھەيدىۋەتتى. گۈندىپاي رابىيەنىڭ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېچىنى، خۇددى يوغان قارا بېلىقنى تاشلىغاندەك ئالدىغا تاشلاپ قويدى، رابىيە چېچىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

_ چىچەمنى ئۆزۈمگە بېرىڭلار، ھېچ بولمىسا ئادەمزاتسىز بىر يەرگە كۆمۈپ قويۇڭلار، ـ ساقچى خوتۇن رابىيەنىڭ يالۋۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنى باشلاپ تاھارەتخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، چىچىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ نىجاسەت ئۇستىگە تاشلىۋەتتى. بۇ باغرى تاش ساقچىنىڭ رەھىمسىز قىلىقى رابىيەنى ھوشيارلاشتۇردى، رابىيە بېشىنى قەتئىي سىلكىدى ـ دە، خەلقىم ئىسسىق قېنىنى تۆكۈۋاتىدۇ، مېنىڭ چىچىمنى تاشلىسا نېمە بوپتۇ، غەيرەت قىلاي، دەپ ئويلىدى ۋە:

_ قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىۋېلىش، لېكىن ئالدىراشما، بىر كۈن كېلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان، ـ دېدى ساقچىغا سوغۇق كۈلۈپ. شۇ ئەسنادا ئىككىلگەن پاختىلىق ئاياغلارنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر مەھبۇس قىز يىراقتىن رابىيىگە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى ۋە كۆزىنى قىسىپ قويدى، رابىيە دىققەت بىلەن قاراپ، ليۇداۋان تۈرمىسىدىن يۆتكەپ كەتكەن قەدىناس تۈرمىدىشى شەمشىنۇرنى تونىدى. ئەمما ئارتۇق دىدارلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ رابىيە بىر تونۇشىنى كۆرگەندەك بىر پەس شادلىققا چۆمۈلدى.

ساقچىلار رابىيەنى دەرۋازا قېشىدىكى بىر كامىرىغا، ئىككى نەپەر ئايال خىتاي جىنايەتچى بىلەن بىللە سولاپ قويدى. ئىككى خىتاي خوتۇنى بىردەم ۋارقىراپ، بىردەم قاچا ـ قۇچىلىرىنى تاراقشىتىپ، بىر دەم كارىۋىتىنى سىلكىپ غىچىرلىتىپ، تاپشۇرۇق بويىچە رابىيەنى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇخلاتمىدى.

سەھەردە ساقچىلار رابىيەنى كامىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇڭۇپ كەتكەن كۆك رەڭلىك ئەسكى پاختىلىق چاپاننى ۋە پاختىسى تىتىلىپ كەتكەن يوغان ئىشتاننى ئۇنىڭغا زورلاپ كىيگۈزدى ـ دە، پۇت، قولىغا

كىشەن، تاقاقنى سىلىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى ۋە مەسخىرە ئارىلاش:

_ ئەپتىڭنى ئوبدان كۆرۈۋال، بۇ گۈزەل جامالىڭنى، ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن كۆپچىلىككە سازايى قىلىمىز، ـ دېدى. «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى»دېگەن راست گەپ ئىدى، رابىيە چۈۋۈلغان قىسقا چېچىنى، چاپاننىڭ ياقىسىغا كىرىپ كەتكەن بېشىنى ۋە ئۈچىسىدىكى كۆلاھ جەندىدەك كونىراپ كەتكەن ئاق يولى بار كۆك ئىشتان، چاپاننى كۆرۈپ، ئۆزىنى تونۇيالماي قالدى. كىيىم ئۇنى شۇنداق سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدىكى، رابىيە بۇ تۈرقى بىلەن كۆرگىلى تەشنا بولغان مەھبۇسلارنىڭ ئالدىغا بېرىشتىنمۇ نومۇس ھېس قىلدى. ساقچىلار ئۇنى مەجبۇرىي ھەيدەپ ماڭدى.

تۈرمە ئىچىدىكى كەڭ مەيدانغا ئىككى مىڭدەك جىنايەتچى قاتار ـ قاتار قىلىپ تىزىلدۇرۇپ، ھەربىيلەردەك رەتلىك ئولتۇرغۇزۇلغان ئىدى، بىر تەرىپىدە ساقچىلار، گۇندىپايلار ئۈچۈن مەخسۇس سەھنە ھازىرلانغان ئىدى. رابىيە ئىككى قولىنى جۈپلەپ بىلىكىدىكى تاقاقنى كۆتۈرگىنىچە، پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى شاراقلىتىپ سۆرەپ، ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ مەيدانغا كىردى.

_ كەلدى، رابىيە خانىم كەلدى! ـ جىنايەتچىلەر ئارىسىدىن بىرسى ئۈنلۈك توۋلىدى، ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈن ئۇيغۇر جىنايەتچىلەر گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا خىتاي جىنايەتچىلەرمۇ قوپتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان سەھنىدىكى ساقچىلارمۇ ئۆزلۈكىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇيغۇر مەھبۇسلار، ھاياجان بىلەن ئالدىغا ئىنتىلەتتى، كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتىشەتتى، تۇيۇقسىزلا، بىرسىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ھەممە جىنايەتچىلەر چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ساقچىلار

جىددىيلىشىپ، تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا يۈگۈردى، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار، باش ئۈستىدە پىرقىراۋاتقان توك كالتەكلىرى كارغا كەلمىدى، ساقچىلار ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئەمما مەھبۇسلارنىڭ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھاياجان بىلەن تەلمۈرۈشلىرىنى توسۇيالمىدى، بۇ چاغدا رابىيە ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ كۆپچىلىككە سالام بەرگەچ ئالدىغا قاراپ ماڭدى ۋە سەھنىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاقاقتا جۈپلەنگەن قولى بىلەن توختاڭلار دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئەتراپ بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەر خىل پوپوزىلىرى بىلەن جىمىقتۇرالمىغان جىنايەتچىلەرنىڭ بۇ تىمتاسلىقىغا ھەيران بولغان ساقچىلار ئاستا رابىيىگە قاراپ جىم تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ يەردىكى قاتتىق تۈزۈم، كالتەك ئاستىدىكى ئىنتىزام، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان ئىرادە بۈگۈن بۇزۇلغان ئىدى. بىگۇناھ مەھبۇسلارلا ئەمەس، قاتىل، ئوغرى، يانچۇقچى ھەتتا خىروئىنچى جىنايەتچىلەرمۇ ھېچ نېمىدىن قورقماي، رابىيەنى قارشى ئالماقتا ئىدى.

_ ئەڭ ئاۋۋال ۋارقىرىغان كىم؟ ـ تۈرمە باشلىقى ھاسىراپ كەتكەن تىنىقىنى تېخىچە توختىتالمىغان ھالدا توۋلىدى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، ئورۇق ئۇيغۇر ئايال قولىدىكى ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

_ مەن ۋارقىرىدىم، مەن رابىيە خانىمنىڭ سايىسىدە دۇكان ئېچىپ بالىلىرىمنى باققان ئىدىم، خانىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئىش يوق، بالىلىرىمنى باقالماي ئىلاجسىز خروئىن ساتتىم، ـ ئايال يىغلاپ تاشلىدى. ساقچىلار دەرھال ئۇنىڭ قولىغا تاقاق سالدى، تۈرمە باشلىقى يەنە ۋارقىرىدى:

_ مەھكۇم بىر ئاي قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىدۇ، بىر ئايغىچە بىر ۋاق تاماق بېرىلىدۇ، 15 نومۇرى تارتىلىدۇ.

_ رەھمەت خانىم، قورقمىسىلا بۇلاردىن، سىلىمۇ بىزنى دەپ كىردىلا، ئوبدان بىلىمىز، ـ ساقچىلار ۋارقىراۋاتقان ئايالنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تۈرمە باشلىقى ئەمدى مەيداندىكى پاكار ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغان جىنايەتچىلەرگە سۆزلەشكە باشلىدى:

_ باياتىن بېرى، ئۇقۇشماي تۇرۇپ كەتتىڭلار، مانا بۇ رابىيە، 8 يىل كېسىلگەن جىنايەتچى، ئۇ ئامېرىكىغا مەخپىي ماتېرىيال ئەۋەتكەن جاسۇس، چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۇچلەرنىڭ چاپارمىنى، بۇندىن كېيىن كىم ئۇنىڭغا قارىسا، كۇلسە، سۆزلىسە، قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىدۇ، تاماق بېرىلمەيدۇ، ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ، كەچۈرۈم نومۇرى تارتىلىدۇ.

ساقچىلار رابىيەنى شۇ مەيداندىن ئۇدۇل قارا تۈرمە دەپ ئاتالغان قاراڭغۇ كامىرىغا ئەكىرىپ سولىۋەتتى. جىنايەتچىلەر دوزاخقا ئوخشىتىدىغان بۇ قارا تۈرمە ئۈستىدە كىچىككىنە تۆڭلۈكى بار، قاپقاراڭغۇ كامېر بولۇپ، رابىيىگە بەكلا ئەلەم قىلغىنى، كامىرىدا ئۇنىڭ مېڭىشىغا، يېتىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى، پەقەت بەلگىلەنگەن جايدا جىم ئولتۇرۇشى كېرەك، مىدىرلاپلا قويسا كۆزىتىش ئاپپاراتىدا كۆرۈنۈپ قالىدۇ، جاللات خوتۇن شۇ ھامان كانايدا ۋارقىرايدۇ، ھەر كۈنى ئىككى مەھبۇس ئۇنىڭ تامىقىنى ئەكىرىپ بېرىپ يەپ بولغۇچە لام ـ جىم دېمەي قاراپ تۇرۇپ، قاچىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. رابىيە پەقەت يالغاندىن تاھارەت ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ ئانچە ـ مۇنچە مىدىرلىۋالىدۇ.

رابىيە شۇ ياتقىنىچە 45 كۈندىن كېيىن بىر قېتىم ئاپتاپقا چىقتى،

3 ئاي بولغاندا بىر قېتىم بالىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ساقچىلار ئۆنىڭغا بالىلىرى ئېلىپ كەلگەن يوتقان، كۆرپىلەرنى بەرمەي، ئەسكى پالاسنى تاشلاپ بەردى، رابىيە قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا بالىلىرى ئەكەلگەن تەييار چۆپنى 5تالدىن ئىككى قېتىم بەردى، رابىيە بۇ چۆپلەرنى پارچىلاپ بۆلۈپ 4ئايغىچە يېدى.

كونىلار «ئەل بىلەن بولغان ئۆلۈم بەجايىكى توي» دەپ بىكار ئېيتمىغان، دۇنيادا ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر جازا يالغۇزلۇق، ئەتراپىڭدا مىڭلارچە ئادەم، لېكىن ھېچكىم ساڭا قارىيالمايدۇ، ھېچكىم ساڭا گەپ قىلالمايدۇ، تاڭ ئاتماس كېچىلەر، كۈن پاتماس كۈندۈزلەر تۈگىمەيدۇ، ئاخىرى ئۈزۈلمەس خىياللار، شېرىن ئەسلىمىلەر، تاتلىق ئويلار، ئۈنتۇلماس خاتىرىلەر، تۈگىمەس كەچمىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتىدا ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان بىر مۇنچە ئىشلار بۇ زېرىكىشلىك يالغۇزلۇقتا ئاجايىپ سېھىرلىك ۋەقەلەردەك تۇيۇلىدۇ. رابىيەنىڭ دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شېرىن خىياللىرى ئىچىدە ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى ئالاھىدە ۋاقىت ئالىدۇ. بۈگۈن ئۇ يەنە ئاتا - ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

رابىيە ئىككىنچى قىزى روشەنگۈلنى تۇغقان چاغدا، ئاپىسى ئاشقازان يارىسى بىلەن ئاغرىپ ساقىيالماي كۈچادا ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئېرىنى، بالىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ۋەسىيەت قىلدى:

_ بالىلىرىم، ھاياتىمىز بويى ۋەتەنسىز، يۇرتسىز سەرگەردان بولۇپ ئۆتتۇق، بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا كىم دەپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىگەن ئادەم، ئەۋلادلىرىغىمۇ، خەلقىگىمۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ، - دەپ سورىدى. ھەممىسى جىمجىت زۇۋان سۈرمەي تۇردى، رابىيە ئاپىسىغا:

_ خىتايىنىڭ زۇلۇمىدىن شۇ كۇنلەرگە قالدۇق ئاپا، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاپىسى مەمنۇن بولۇپ:

_ مەندىن كېيىن ئۇكىلىرىغا رابىيە قارىسۇن، داداڭلار بىر يىلدىن كېيىن، يېشى توختىغان، ۋاپادار بىرسى بىلەن ئۆيلەنسۇن، ئەمما توي كۈنى مېنىڭ تۇپراق بېشىمغا چىقىپ بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتسۇن، بولمىسا ئىچىمگە ئوت كېتىدۇ، ـ دېدى ـ دە كۆزىنى يۇمۇپ ۋىدالاشتى. رابىيە دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن يىغا ـ زارە ئىچىدە ئاپىسىنى كۈچا دۆڭمازاردىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلدى.

رابىيەنىڭ دادىسى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، كۈچالىق ياۋاش بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىپ ئۈچ باللىق بولدى. ئۇ ئۆزى تەقسىم قىلىنغان كوپىراتىپتا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغاندا ساتىراشلىقنى ئۆگىنىۋېلىپ، شۇ ھۈنەر بىلەن كىچىك باللىرىنى باقتى.

ئۆمۈر بويى رابىيەدىن ئەنسىرەپ ئۆتكەن قادىر ئاخۇن ياشانغاندا، رابىيەنى كۆرەلمەي، قىزىمنى تېپىپ بېرىڭلار دەپ باللىرىغا يالۋۇردى. باللار رابىيەنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بوۋايغا بىلدۈرمىگەن ئىدى. رابىيەنىڭ ئاچىسى بىر نەچچە قېتىم، مەن رابىيە دادا، مەن ھازىر ئامېرىكىدا دەپ يالغاندىن تېلېفون ئاچقان بولسىمۇ، بوۋاي، يالغان، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىسا بۇ چاققىچە يېنىمغا نەچچە كېلەتتى، دەپ زادىلا ئىشەنمىدى. كېيىن ئۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن رابىيەنىڭ تۈرمىگە سولانغانلىقىنى تۇيۇپ، رابىيە بالام، رابىيە بالام، دەپ كوچىلارغا چىقىپ يىغلاپ يۈرۈپ مېڭىسىگە قان چۈشتى. ئاخىرىدا قىزىمنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، باللىرى ئۇنى زەمبىلگە ياتقۇزۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، باجاڭخۇ تۈرمىسىنىڭ باغرى تاش ساقچىلىرى ئۇنى

رابىيە بىلەن كۆرۈشتۇرمىدى.

رابىيەنىڭ ئاچىلىرى زۆھرەخان، ھەجەرخان ۋە سىڭلىسى ئارزۇگۈللەر خىزمەتلىرىدىن دەم ئېلىشقا چىقىپ ھازىر ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتىدۇ. كىچىك سىڭلىسى خەلچەم، چىرىيىدە ئۆي تۇتۇپ ئۈچ بالىسى بىلەن بىللە، ھازىر ئىلچىدە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. رابىيەنىڭ ئۇكىسى يالغۇز ئوغۇل مۇھەممەد، كىچىكىدىنلا تۇرمىنىڭ تەمىنى تېتىغان ئىدى.

1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاقسۇ بازىرىدا غەرق مەست بولغان 5 خىتاي ساقچىسى كوچىدا كېتىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر بالىنى تۇتۇپ ياتىقىغا ئەكىرىپ، ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدى، ئۇنىڭ بىرسى رابىيەنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى بىلەن، ئاقسۇدىكى بىختۇەن تۇرمىسىگە يۆتكىگەندە 6 ئاي بىللە ياتقان يولۋاس ئىسىملىك بالا بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى ئاغزىغا پاسكىنا لاي لاتىنى تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ كوچىغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى پۈتۈنلەي پىچاق بىلەن تىلىپ تاشلانغان ئىدى. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن رابىيە، سىدىقھاجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر نەچچە ياش بالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يولۋاسنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلمىز دەپ ئىلىۋالدى، ئەتىسى مەسچىتكە ناماز چۈشۈرۈشكە كەلگەن خەلقنى قوزغاپ، ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى ياشلارنى تەشكىللەپ، تاۋۇتقا لوزۇنكا ئېسىپ جەسەت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىۋەتتى. رابىيە بىلەن سىدىقھاجى ئەتىسى شائخەيگە كەتتى. ھۆكۈمەت نامايىشنى باستۇرۇپ، رابىيەنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد بىلەن ئاغىنىسى ئەركىننى بۇ ۋەقەنى قوزغىدى دەپ گۇمان قىلىپ تۇتۇپ 6ئاي سولاپ قويىدى.

ـ ھەي، پۈتۈن ئائىلەمدە مېنىڭ دەردىمنى تارتمىغان بەرسىمۇ

قالمىدى، ـ دەپ ئېغىر خورسىندى رابىيە خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.
رابىيە قادىر قاراڭغۇ كامېردا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن نەق ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى.

## 96 ياشلىق سىياسىي مەھبۇس

خەيرىنىساخان ئانا باجاڭخۇ ئائىللار تۈرمىسىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئۇيغۇر سىياسىي جىنايەتچى. ئۇ مۇددەتسىز قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغان، جىنايىتى ئوغلىنى ئۆيىدە يوشۇرۇن ساقلىغانلىقى، موماي گۇناھىنى ھېچقاچان بويىنىغا ئالمىغان. ئۇنىڭ ھەقىقەتتى ناھايىتى ئاددىي ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق:
_ ئوغلۇمنى ئۆيدە ساقلاش ھەققىم يوقمىكەن! ئانا ئۆز بالىسىنى ـ يۈرەك پارىسىنى ئۆيىدە ياتقۇزماي، سېنىڭ سېسىق ھەپسخاناڭغا تاشلاپ بەرسە بولامتىمۇ؟
تۈرمىدىكى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن تەزكىرىلەردە ئېيتىلىشچە، كۆپ يىللار ئىلگىرى، خەيرىنىساخان ئانىنىڭ ئېرى ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن تەۋەسىدە يۈرگۈزۈۋاتقان يولسىز زوراۋانلىقلىرى ھەمدە دىنىي سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىر تەشكىلات قۇرغان ئىكەن، ئۇلار ئاۋۋال يۇرتىنى، ئاندىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرماقچى بولۇپ، ئىككى قېتىم يىغىن ئاچقان ئىكەن ھەمدە بۇ جىنايىتى ئۈچۈن خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى خەيرىنىساخان ئانىنىڭ ئېرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلىغان. شۇ ئىشتىن كېيىن، خەيرىنىساخان ئانىنىڭ ئوغلى ئېھتىيات قىلىپ قېچىپ كەتكەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن،

خەيرىنىساخان ئانا قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى ئۆيىدە يوشۇرۇن ساقلىغان. خىتاي ساقچىلىرى سىزىپ قىلىپ، خەيرىنىساخان ئانىنى ئوغلى بىلەن بىللە قولغا ئالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغلىنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلىغان. ئېرىدىن ۋە ئوغلىدىن ئايرىلىپ جىنىدىن جاق تويغان خەيرىنىساخان ئانا تۈرمىدە ۋە سوتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ ئەيىبلىگەن. ھەر قانداق سوراق ياكى سوتتا ئۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىر ئېغىزلا سۆز بولغان:

_ ئېرىمنى ئاتتىڭ، ئوغلۇمنى ئاتتىڭ، قېنى ئەمدى مېنىمۇ ئېتىۋەت! بىر پاي ئوقۇڭنىڭ پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن!

خوتەن تەۋەسىدە خەيرىنىساخان ئانىنى سۇرۇشتۇرىدىغان كىشى كۆپ بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ تەسىرىدە بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يالغۇز ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ باجاڭخۇ ئاياللار تۈرمىسىگە سولىغان ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ قىلچە بوشاشمىدى. گۇندىپايلار دەسلەپكى كۈنلەردىلا ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ، سىلكىشلەپ، دۆشكەلەپ بوزەك قىلماقچى بولدى، خەيرىنىساخان ئانا مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ:

_ ئاتامىسەن قېنى، قولۇڭدىن كەلسە ئۆلتۈرۈۋەت. قاتىلىمنى ئوبدان تونۇۋالاي، ـ دەپ ۋارقىراپ بوزەك بولمىدى.

گۇندىپايلار ئىچى پۇشقاندا يەنە ئۇنى گەپكە تۇتۇپ سوراق قىلاتتى:

_ ھەي قېرى ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇ يېشىڭدا نوچىلىق قىلغىچە مەھەللەڭدە خاتىرجەم ياشىساڭ بولماتتى؟

_ ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتكەن ئەمەسمۇ، مەھەللىمىز بۇ

يەردىن بەتتەر بولۇپ كەتتى.

_ قىرىغاندا نىمىنى تالىشىسەن، ھەممە يەر ھۆكۈمەتنىڭ تۇرسا؟

_ ھۆكۈمەت ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئەپكەپتۇمۇ، ھەممە يەر بىزنىڭ تۇرسا، نىمىشقا تاقاشمىغۇدەكمىز.

_ شىنجاڭ كىمنىڭ دەپ باقە؟

_ كىمنىڭ بولاتتى مېنىڭ.

_ چوڭ سۆزلىمە قېرى، ئەتە ـ ئۆگۈنلا ئۆلۈپ قالىسەن.

_ مەن ئۆلسەممۇ ئۆزۈمنىڭ يېرىدە ـ ۋەتىنىمدە ياتىمەن. سەنچۇ؟ بىلىپ قوي، سەن بۇ يەردە ياتساڭ، يەرمۇ سېنى يەكلەپ چاقىدۇ ياكى ئۆلۈكۈڭگە ئوت كېتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەككىسىنى يېگەن گۈندىپاي ختاي كۆزىنى يۇمۇپ بىر مەھەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كېتىپ قالاتتى.

بىر كۈنى خەيرىنىساخان ئانا ياتقان كامىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال:

_ ھەي، چوڭ ئانا، قېرىغاندا بۇ دەرتلەرنى تارتقۇچە، جىم يېتىپ سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭچۇ، سەن نېمە قىلالايتتىڭ، خوتەنلىكلىرىڭ نېمە قىلالايتتى؟ ـ دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى. خەيرىنىساخان ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كامىرىدا ياتقان 20 دەك ئايالغا ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

_ ھەي باللىرىم، خوتەنلىكلەرنى سەل چاغلىمىسىلا جۇمۇ، ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر، ھەممىمىز مۇسۇلمان، يۇرتىنى ختايلار بېسىۋالسا، قاراپ ياتقان مۇناپىق بولىدۇ. ۋەتىنىنى سۆيگەن كىشى ئىمانلىق بولىدۇ، مېنىڭ ھاياتىمدا، خوتەن شەھىرى دىيارىدا

ئاجايىپ ـ ئاجايىپ قەھرىمانلار، مۆتىۋەر ئاقساقاللار ئۆتتى، 70 يىل ئاۋۋال مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم ئىككى ئىنىسى بىلەن بىللە ئون نەچچە مىڭ خوتەن ياشلىرىنى باشلاپ غازات قىلغان ئىدى، 2 ـ 3 ئايدا خوتەننى پەتھ قىلىپ ئازاد بولدۇق، قەشقەردە سابىت داموللام جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ، خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىدىغان بولغاندا، ئورۇسلار كېلىپ خىتاي بىلەن بىرلىشىپ خوتەننى يەنە بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا بۇ كەمنومۇسلار كېلىپ قىلمىغىنى قالمىدى. 1955 ـ يىلى كۇزدە ئابدۇلھېمىت داموللام بىلەن پەتىھدىدىن مەخسۇم ئون مىڭدەك خوتەن دېھقانلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئاتچۇي كەنتىدە قوزغىلاڭغا تەييارلانغاندا، خىتايلار قورشاپ كېلىپ، نۇرغۇن ياشلار شېھىت بولدى. بۇ كەمنومۇس دېگەنلەر 1958 ـ يىلى پەتىھدىدىن مەخسۇمنى، بىر يىلدىن كېيىن ئابدۇلھېمىت داموللامنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتتى. شۇ يىللاردا يەنە، قارىقاشتا باقي داموللام، مۇھەممەد داموللامىلار، لوپتا ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلارمۇ نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ، خىتايلارنىڭ قولىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. 1962 ـ يىلى تۇرسۇن ھاپىز قارىقاشتا ياشلارنى تەشكىللەپ »شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى« تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، قورال ـ ئوق، دورا يىغىپ، قوزغىلاڭغا تەييارلانغاندا پاش بولۇپ قىلىپ، نۇرغۇن ياشلار ئۆلدى، تۈرمىلەرگە كىرىپ ياتتى، ھەي.... تېخى 1981 ـ يىلى قاغىلىق، پەيزاۋاتلاردا قوراللىق ئۇرۇش قىلغان ياشلارنى دېمەمسىلەر، 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوزغىلىپ نامايىش قىلىپ، خىتاينىڭ خوتەندىكى مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن ساقچى ئىدارىسىنى بېسىۋېلىپ، قورشاۋ ئىچىدە قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان، تۈرمىلەرگە كىرگەن مىڭلىغان ياشلار بىزنى دەپ ياتتى ئەمەسمۇ؟

ھەي بالىلىرىم، بۇ دەۋا ئۆلمەيدىغان دەۋا، بىلىپ قويۇڭلار،

تارىختىن بۇيان خوتەننىڭ تۆپرىقى باتۇرلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان زېمىن، خوتەن خەلقى قاشتېشىدەك ساپ ۋە سۈزۈك، قاشتېشىدەك مۇستەھكەم ۋە چىڭ.

ئاياللار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى. بەزىلىرى كۆز يېشى قىلدى.

_ ھەي رابىيە خان قىزىم، ـ دېدى خەيرىنىساخان ئانا بىر كۈنى دوختۇرخانىدا ئوكۇل ئۇرغاندىن كېيىن، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنى يېمەك بىلەن يوقلاپ تۇرغان رابىيىگە قاراپ ئېغىر ھاسىراپ تۇرۇپ، ـ سېلى مىللەت ئۈچۈن ھېسابى يوق ساۋاب ئىشلارنى قىلدىلا، «مىڭ ئانا شىركىتى» نى قۇرۇپ، ئۇيغۇر خوتۇنلىرىنىڭ باشلامچىسى بولدىلا، مانا ئەمدى مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، بۇ يەردە ياتىدىلا، ھەي، سىلىنىڭ بىر يەرلىرى بىزنىڭ خوتەننىڭ چوكانلىرىغا ئوخشاپلا تۇرىدۇ، قانلىرى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاشمىكىن دەيمەن.

_ شۇنداق ئانا، مېنىڭ دادا بوۋام خوتەن قاراقاشلىق بولىدۇ، ـ دېدى رابىيە خەيرىنىساخان ئانىغا كۈلۈمسىرەپ.

_ شۇ، كۆزۈم تۆندى، يەنمۇ ئىچكىرىلەپ سوراپ باقاي، 1957 ـ يىلى خىتاي كەمنومۇسلىرى بىزنىڭ يۇرتلاردا مىللەتچى، ئوڭچى، زومىگەر دەپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگىلى تۇرغاندا، خان ئېرىق يېزىسىدىكى خەدىچىخان يۇرتتىكى ئاقساقاللارغا مەسلىھەت سېلىپ، ياشلارنى قوزغاپ، قوزغىلاڭ قىلغان ئىدى. ئون نەچچە كۈن ئىچىدە، قولىغا ئوۋ مىلتىقى، كەتمەن، بولقا ـ پالتا كۆتۈرگەن ئون نەچچە مىڭ دېھقان خەدىچىخانغا ئەگەشتى، ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ساقچىلار ئۆلۈكلىرىنى ئېلىپ ئاران قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. ھۆكۈمەت، خوتەن ۋىلايەتلىك

سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ناسىر ھاجىنى قوزغىلاڭچىلارنى ئالداشقا ئەۋەتكەن ئىدى، خەلق ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى..... ھەي، خىتايلار نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئەتراپنى قورشىۋالدى، نۇرغۇن كەنتلەردە خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇرۇش بولدى. خەدىچىخان باتۇر شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە شېھىتلىك شەربىتى ئىچتى.

ئۇرۇشتىن كېيىن خەدىچىخاننىڭ قەبرىسى گۈل - چېچەككە پۈركۈلۈپ كەتتى، خائىن ناسىر ھاجىنىڭ قەبرىسى بولسا گەندىگە تولۇپ كەتتى، ھەي، قىزىق ئىش قارىسىلا، ئۆتكەن - كەچكەن ھارۋىلىقلارنىڭ ئېشەكمۇ ناسىر ھاجىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كەلگەندە تېزەكلەپ قويارمىش، ھا... ھا.... ھا.....

ھەي رابىيە قىزىم، سىلىنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدە، ساخاۋەت چاقناپ تۇرغان چېھرىلىرىدە ئەنە شۇ باتۇر قوماندان خەدىچىخاننىڭ روھىنى كۆرگەندەكلا قىلىمەن.

_ رەھمەت ئانا، رەھمەت، ئىنشائاللا ھەممىمىزگە ئاشۇ قەھرىمانلىرىمىزنىڭ جاسارىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى نېسىپ قىلسۇن، - دېدى رابىيە خەيرىنىساخان ئانىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان مەردانە سۆزلەردىن مەمنۇن بولۇپ.

_ ئامىن قىزىم، ئاللاھ نېسىپ قىلار، - موماي ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى رابىيىدىن ئۈزمەي بىر ھازا قاراپ تۇردى.

_ ھەي رابىيە قادىر، سەنمۇ تاپقان - تەرگىنىڭنى بۇ قېرىغا بەرگىلى تۇردۇڭ، پۇلى جىق بۇ قېرىنىڭ، توققۇزى تەل بۇ يەردە. بۇ خەق بەك يۇرت سۆيەر ئۆم خەقكەن، پۈتۈن خوتەندىكى تونۇغان - تونۇمىغان ھەممە ئادەم دېگۈدەك بۇ قېرىغا خالتا، پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇمچىگە كەلگەن خوتەنلىكنىڭ بۇ قېرىنى يوقلىماي كېتىدىغىنى ئاز،- دەپ پىچىرلىدى بىر گۇندىپاي رابىيىگە.

شۇ ئەسنادا دوختۇرخانىغا كىرگەن تۇرمە باشلىقى ۋارقىرىدى:

ـ ھەي رابىيە قادىر، دوختۇرخانىغا دورا ئالمەن دەپ كىرىپ، سەنمۇ بۇ قېرى ئۆلمەيدىغانغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتتىڭمۇ؟ دەرھال ئىشىڭنى قىلىپ يولۇڭغا ماڭ. كۆردۈڭمۇ بۇ قېرىنىڭ جاھىللىقىنى، بىر ئەمەس ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلاي دەپ تۇرسىمۇ، يەنە «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرىمىز» دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرگىنىنى.

رابىيە ئورنىدىن تۇردى. خەيرىنىساخان موما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا راستىنلا خەدىچىخان باتۇردەك، نۇزۇگۇمدەك، ئىپارخاندەك، تۇمارىستەك ئۇلۇغۋار بىر قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

## گۈلنىسانىڭ گۇناھى

تۇرمە باشقا بىر دۇنيا. سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ، ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەمدە گۇندىپايلارنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ھېكايە ـ چۆچەكلىرى، شۇنىڭدەك خىيالىي توقۇلمىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر رومان. 50 يىلدىن بۇيان، بۇ تۈرمىگە كىرىپ ـ چىقىپ كەتكەنلەر، ھېلىغىچە يېتىۋاتقانلار ۋە غەمدىن خالاس بولغانلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ تۇرمە تەزكىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باتۇر ئۇيغۇر ئوغلانى شىر ئېلىنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» دىكى ياشلار خوتەندىن باشلاپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە غالچىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. 1994 ـ يىلى شىر ئېلى

سەپداشلىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ خىتاي تۈرمىسىدە ياتتى، كېيىن ئۇلار تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇردى. شىر ئېلى سەپداشلىرىدىن بىر قىسمىنى قۇتقۇلدۇرۇپ نېپالغا ئېلىپ چىقتى. 2002 ـ يىلى نېپال ھۆكۈمىتى ئۇنى دوستلىرى بىلەن بىللە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. خىتايلار شىر ئېلىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇنداق قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا، بورتالا، تۇرپان، قۇمۇل دېگەندەك جايلاردىن، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قانلىق ۋەقەلەرگە، سىياسىي جىنايەتلەرگە گۇۋاھ بولغان بىر مۇنچە ئۇيغۇر قىز، چوكانلار ھەتتا قېرى مومايلارمۇ تۈرمىلەرگە سولاندى. كېيىنچە، ھېچقانداق بىر قانۇن، بەلگىلىمە، ھۆججەتلەردىمۇ تەكشۈرۈلمىگەن ئاجايىپ كۈلكىلىك «جىنايەت» لەر بىلەن تۈرمىگە كىرىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئەنە شۇنداقلارنىڭ قاتارىدا، باجاڭخۇ ئاياللار تۈرمىسىگە كىرگەن قىز، چوكانلارنىڭ بىرى گۈلنىسا ئىدى. گۈلنىسا ئاقسۇ شاياردىن بولۇپ، دېھقاننىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ تېخى توي قىلمىغان يىگىتى دوستلىرى بىلەن بىللە دىنىي تەلىمات ئۆگەندى ھەمدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ھاراق ئېچىش، قىمار ئويناش قاتارلىق ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنى دىنىي ئەخلاق ئارقىلىق توسۇش، ياشلارنى ئىناق، كۆيۈمچان، ئەدەپلىك بولۇشقا يېتەكلەش نىيىتىدە باش قوشۇپ، جانلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. شايار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى بىر كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى قولغا ئالدى ھەمدە «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان، دىنىي

كىتابلارنى ساقلىغان ھەم تارقاتقان» دېگەن ئەيىبلەش بىلەن ئېتىۋەتتى. گۈلنىسانى بولسا «ئەكسىيەتچى دىنىي ئۇنسۇرغا تەگمەكچى بولغان» گۇناھى ئۈچۈن 7 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئۈرۈمچىدىكى باجاڭخۇ تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.

_ جىنايىتىڭ نېمە؟

_ شاياردىكى ساقچىلار، شەرقىي تۈركىستانچى ئەرگە تەگمەكچى بولغان دېگەن ئىدى، باشقا گۇناھىم يوق، ـ گۈلنىسانىڭ ھەم سوراققا ھەم سوئالغا بېرىدىغان بىرلا جاۋابى بار ئىدى. گۈلنىسا ياتقان كامىرىغا ئۇنىڭدىن كېيىن 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن روزىنىسا دېگەن قىز، سۆيگىنى بەرگەن دىنىي كىتابلارنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق خوتەنگە كىرگەن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئىككى يىل كېسىلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە، 20 ياشلىق خەلچەنى كۇچادىن تۇتۇپ كېلىپ سولىدى. خەلچەمۇ دىنىي تەشۋىقات قىلغان ئېرىنى ئۆيىدە قوندۇرغانلىقى، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ5 يىل كېسىلگەن ئىدى. ئەرلىرى ۋە سۆيگىنى ئېتىپ تاشلانغان بۇ ئۈچ نەپەر تەقدىرداش قىزلار تۈرمىدە جان دوست بولۇشتى.

روزىنىسانىڭ كېسىم ۋاقتى توشۇش ئالدىدا ئۇلار ئۇزاق مۇڭدىشىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قۇللۇق ـ مۇنقەرزلىك ئىچىدە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇق يوللارغا كېتىۋاتقانلىقىنى، يوقسۇزلۇق، ئاچلىق ئىچىدە جىنايەت يولىنى تاللىغانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇلارنى توغرا يولغا باشلاش كېرەكلىكىنى تەھلىل قىلىشتى ھەمدە تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، داۋاملىق ئىزدىشىدىغان، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان دوست بولۇشقا قەسەم ئىچىشتى ھەمدە بۇندىن

كېيىنكى ھاياتىدا نادان خەلققە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىلىقلاتقان زۇلۇمىنى تونۇتۇش، ئۇيغۇر خەلقىنى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە يېتەكلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ۋەدىلەشتى. روزىنىسا تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خەلىچەنىڭ تۈرمە مۇددىتى توشۇشقا ئاز قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ياتقان يەنە بىر ئۇيغۇر مەھبۇس قىزغا ئۈچ دوستىنىڭ ئەھدىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ، ئۇنىڭمۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بىللە كۈرەش قىلىشنى سورىدى. ئۇ قىزمۇ ئۇلارغا قوشۇلماقچى بولدى. ئەمما ئۇيغۇرچە سۆز بىلىدىغانلىقىنى يوشۇرۇپ، بۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ھەپتىدىن بېرى ئاڭلاپ ياتقان بىر نەپەر تۇڭگان خوتۇن، خىزمەت كۆرسىتىپ، كېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى پاش قىلىپ قويىدى.

قاتتىق سوراق، دەھشەتلىك قىيناشلاردىن كېيىن، تۈرمە ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستانچىلار تەشكىلاتى» قۇرغان گۈلنىسالار گۇرۇھى پاش قىلىندى.

گۈلنىسانىڭ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىنى مەھكەم چاڭگاللاپ، قاتتىق سىلكىشلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىغان سوراقچى خىتاي ساقچىسى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكىنىگە قارىماي، گۈلنىسانىڭ پۇتىغا بىرنى تېپىپ، ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ بېشىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى:

_ جىنايىتىڭگە ئىقرار بولۇپ، قول قويامسەن. ئۆلۈم يولىنى تاللامسەن؟

_ مەن بىر پاك ئۇيغۇر قىزى، سەندەك ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئادەم ئۇرغانلار جىنايەتچى بولىدۇ، - ھالسىزلانغان گۈلنىسا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى.

_ سېنىڭ يىگىتىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى، سەنمۇ

جىنايەتچى!

_ مېنىڭ سۆيگىنىم پاك نىيەتلىك، ساپ ۋىجدانلىق، ئىمان ـ ئەخلاقلىق ئۇيغۇر يىگىتى، ھالال مېھنەت بىلەن ئائىلىسىنى قوغدىغان دېھقان ئىدى. رەھمەتلىك ئاتىسىغا ئەگىشىپ كەتمەننى دولىسىغا ئېلىپ يىل بويى ئىشلەيمۇ يا ئاتا ـ ئانىسىنى، يا ئائىلىسىنى باقالمىدى. ئەتىيازدا تېرىلغۇ پەسلىدە، خىتاي كەلگۈندىلىرى ئۈچۈن يېڭىدىن بوز يەر ئېچىش ھاشار ئەمگىكىگە ھەيدەلدى، يازدا ھوسۇل يىغىدىغان پەيتتە، باج، سېلىق، ئالۋان ئالىدىغان كادىرلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قورۇق تاغارنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. باشقا مەھەللىدىكى مەسچىتتە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، جەرىمانە تۆلەپ نەچچە يۈز سوم قەرزگە بوغۇلدى. ئاكاڭ ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن بىر يىل بۇرۇن بالا تېپىۋالدى دەپ موزايلىق كالىنى تارتىۋالدى، يېنىمىزدىكى ئەڭ مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك يەرگە ئورۇنلىشىۋالغان بىڭتۇەنلىكلەر يىلدا نەچچە مىڭ سوم كىرىم قىلىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىم باج ئالمايدۇ، ئۇلار ھاشارغا بارمايدۇ، ئۇلار كۈندە يىغىن ئاچمايدۇ. ئەسىرلەردىن بېرى تېرىقچىلىق قىلىپ باياشات ياشاۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەمدى پەقەتلا ھۆكۈمەتكە ئاشلىق، پاختا تېرىپ بېرىپ ئۈلگۈرتەلمەي نەچچە مىڭ سوم قەرزدار بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ يىگىتىم شۇ ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگەن يىگىت، ئۇنىڭ جىنايىتى يوق.

_ سەن ئۇنى ئاقلاپ ئاۋارە بولما، سېنىڭمۇ ئاقىۋىتىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ياخشىسى ئەقلىڭنى تاپ، چاپسان ئىمزا قوي.

_ نېمە، سەنلەر سۆيگىنىمنى ناھەق ئۆلتۈردۈڭلار، مەن ئۇنى مەڭگۈ ئاقلايمەن. قېنى، مېنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار، ئەگەر يىگىتىگە

ساداقەتمەن بولۇش جىنايەت بولسا، مەرھەمەت، ھەممىگە جاكارلاپ مېنىمۇ ئېتىۋېتىڭلار، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش شېھىتلىك شارابىنى ئىچىپ، جەننەتكە كىرىشكە رازىمەنكى، قۇللۇق زۇلۇمى ئاستىدا بىر كۈنمۇ ياشىمايمەن!

كۆزلىرى قىزارغان گۈندىپاي گۈلنىسانىڭ كۆينىكىنى كۆكسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى، ئۆزىنى جازا ئۇستىلىگە ياتقۇزۇپ، پۇت، قولىنى، بېشىنى تاقاقلار بىلەن تاقاپ قويىدى، ئاندىن سىم ئۇلاغلىق قىسقاچنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆكسىنىڭ توپچىسىنى قىسىپ قويۇپ، توك كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى. گۈلنىسا قاتتىق بىر سىلكىندى، كۆزلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەندەك، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ نەپىسى توختاپ قالدى، ئۆزى بولسا ئۇنىلۈك چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى، گۈندىپاي خوتۇن توكنى توختىتىپ قويۇپ، چەتتە قاراپ تۇرغان ھەمراھىغا قاراپ قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ساقچىلار، ئەمدىلا قارىقاشقا يېتىپ بارغان روزىنىسا قىزنى تۇتۇپ كەلدى. قاتتىق قىيناشلاردىن كېيىن دېلو تۇرغۇزۇلدى، قەغەزگە ھوشسىزلانغان قىزلارنىڭ بارمىقى بېسىلدى. سوتچى، ئەيىبلىگۈچى ساقچىنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى، گۈلنىساغا 4 يىل، روزىنىساغا 3 يىل، خەلچەمگە 5 يىل قوشۇپ قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## تۈرمىدىكى «ھايۋاناتلار باغچىسى»

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش شوئارى ئاستىدا، ھەدەپ كۆچمەن يۆتكەپ شەھەرلەرنى خىتايلاشتۇرۇش

ئارقىلىق، بىر قاتار سانائەت بازىلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىللە، شەھەر، يېزىلاردا سودا، سانائەتنى كېڭەيتىپ، بازارلارنى جانلاندۇرۇشقا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن باي بولۇشىغا رۇخسەت قىلغاندىن باشلاپ، بۇ «غەربىي يۇرت» قا ساياھەتكە، ئېكسكۇرسىيىگە كېلىدىغانلار كۆپەيدى. باشقىچە گۈزەل مەنزىرە، ئوخشىمىغان شەھەر قۇرۇلۇشى، غەيرىي دىن ۋە يات مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ تارىختا بېشىنى كۆپ ئاغرىتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر، يېزىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى خىتايلارغا خۇددى چەت ئەلگە چىققاندەك تۇيغۇ بەرگەچكە، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ھېسابىغا يەپ ـ ئىچىش، بۇزۇپ ـ چېچىش، پۇل تەقسىم قىلىۋېلىشلار ئاسان بولغاچقا، مەركەزدىكى مىنىستىرلىقلاردىن تارتىپ ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئورگانلىرى يىللىق، پەسىللىك يىغىنلىرىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇراتتى. ئىلگىرى دۆلەت بويىچە بىرىنچى ئايال باي دەپ نام ئالغان رابىيەنىڭ سودا بىناسىنى زىيارەت قىلىدىغان خىتاي ئۆمەكلىرى ئەمدى، ئۇنى تۇرمىدە زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ خىل ئېكسكۇرسىيىنى ئەڭ ئاۋۋال، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا كەلگەن مىنىستىر خىتايلار باشلاپ بەردى، يىغىندا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەققىدە سۆز بولسىلا، رابىيە قادىر سودا سارىيىنى مىسالغا ئېلىپ تونۇشتۇرۇپ سۆزلەيدىغانلار ئەمدىلىكتە، خەۋپسىزلىك خىزمىتىدە ئەڭ تىپىك مىساللار قاتارىدا يەنە رابىيەنىڭ دېلوسىنى سۆزلەيدىغان بولۇشتى. بۇنى ئاڭلىغان خىتاي ئەمەلدارلىرىدا، دۇنيانى پىرقىراپ يۈرگەن، ئائىلىسىنى ئامېرىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، ئۆيىدە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بايۋەچچىسى بىل گەيتىسنى مېھمان قىلغان، مەملىكەتلىك سىياسىي

كېڭەش يىغىنىدا پۈتۈن زالدىكىلەرنى يىغلىتىۋېتىپ، جاڭ زېمىننى ئېغىز ئاچقۇزمىغان بۇ ئۇيغۇر ئايالنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى پەيدا بولاتتى.

يەپ ـ ئىچىپ ئىچى پۇشقان ئەمەلدارلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن غالچىلىرى پاي پېتەك بولۇشۇپ، ئۇلارنى رابىيە ياتقان تۈرمە كامىرىغا باشلاپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېكسكۇرسىيىگە، ئۆگىنىشكە، يىغىنغا، ساياھەتكە كەلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ زىيارەت قىلىدىغان مۇزېيى، 8 ـ ئارمىيە ئىش باشقارمىسى، لىن زەيشۈينىڭ ھەيكىلى دېگەندەك جايلارنىڭ قاتارىغا ھايۋاناتلار باغچىسى ھېسابىدا رابىيەنىڭ كامېرامۇ قوشۇلۇپ قالدى. خىتاي ئۆمەكلىرىنىڭ تولىسى تۇيۇقسىز كېلەتتى. ئۇلار خۇددى قەپەستىكى يولۋاستىن ئۈركۈگەندەك، ئاستا مېڭىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ رابىيەنى كۆرەتتى، ئۇلار ئوچۇق كۆرەلمىدۇق دەپ شىكايەت قىلغاچقا، تۈرمىدىكىلەر رابىيەنىڭ كامىرىنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنى ئېلىۋېتىپ، تۆمۈر رىشاتكا ئورنىتىپ قويغان ئىدى.

بىر قېتىم ساقچى مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ساقچى كادىرلىرى رابىيەنىڭ قەپىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كېلىشتى. ئۇلار مايمۇننى تاماشا قىلغاندەك، ۋارقىرىشىپ، كۈلۈشۈپ، ئۆز ئارا تالىشىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋەتتى. باشلاپ كەلگەنلەر ئۇلارنى رەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرغۇزۇپ، قاتار ـ قاتار بولۇپ كۆرۈشكە تەشكىللىدى. يەنە كۆرەلمىدۇق دەپ ۋارقىراشقانلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن، گۇندىپايلار رابىيە قادىرنى تۆمۈر رىشاتكا ئالدىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. رابىيە قادىر بولسا ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ، تاماشىبىنلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەن

يولۋاسلىرىدەك كۆنۈپ قالغان ئىدى، ئۇ كەلگەنلەرگە پەرۋامۇ قىلمايتتى، ئەمما ھېچ بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىنى، ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرىنى ۋە جاسارىتىنى توختىماي تەشۋىق قىلىۋالاتتى. شۇ ئەسنادا ئالدىدىكىلىرى «توختاپ تۇر كۆرۈپ بولالمىدىم «دېسە، كەينىدىكىلىرى «سۆزلىمەيدىغۇ؟» دېيىشىپ دۈۋىلىشىپ قىلىشتى، رابىيە قادىر بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ كېلىپ، ئىككى قولىدا تۆمۈر رىشاتكىنى مەھكەم سىقىملاپ تۇرۇپ ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

_ كۆرۈشە، مانا مەن مىليونېر رابىيە دېگەن شۇ، جاڭ زېمىننى يىغلاتقان رابىيە دېگەن مانا مەن. ئۇبدان كۆرۈۋال، مانا كۆزۈم، مانا ئاغزىم، مانا بېشىم، مانا قولۇم، مانا پۇتۇم، كۆردۈڭلارمۇ؟ سىلەرگە ئوخشامدىكەنمەن؟ ھەممە يېرىم ئوخشاش، لېكىن، سىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى مېنىڭ يۈرىكىم، يولۋاستەك يۈرىكىم، ئۇنى سىلەر كۆرەلمەيسىلەر، ئەگەر سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بولسا، ئىنسانغا خاس ئادالەت تۇيغۇسى بولسا، ھەي ئۇيغۇر ساقچىلار، سىلەردە مىللىي روھ، مىللىي ھېسسىيات، توغرىسى تومۇرۇڭلاردا ئۇيغۇر قېنى بولسا، كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ بېقىڭلار، مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆرەلەيسىلەر. مېنىڭ يۈرىكىم 20 مىليون خەلقىمنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە چىدىماي لەختە ـ لەختە بولۇپ، قان يىغلىغان مىسكىن يۈرەك، مېنىڭ يۈرىكىم مىللىي كەمسىتىش، مىللىي مۇستەملىكىچىلىك، مىللىي قىرغىنچىلىقلارغا قارشى ۋولقاندەك پارتلىغان ئاتەش يۈرەك.

_ رابىيە توختا، سۆزلىمە!

_ ۋاي خالايىق ئۇ گەپ قىلدى، گەپ قىلالايدىكەن.

_ تىوۋا كۆڭلۈم بىر قىسىم بولۇپ قالدىيا؟!

_ 45 مىنۇت يەتمىدى، يەنە ئۆزلىرىنى بەرسەڭلار.

_ يوقال، ماڭ چاپسان، بىز سىلەرگە سەلبىي دەرس بەرگىلى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق، بۇ ۋەتەن خائىنى، بۆلگۈنچىنىڭ گېپىگە تەسىرلىنىپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ كەتكىنىنى قارا بۇلارنىڭ... ـ دېدى باشلاپ كەلگەن ئەمەلدارلار.

مەركەزنىڭ يوغان قورساق ئەمەلدارلىرى، بىخەتەرلىك، خەۋپسىزلىك، ئەدلىيە مىنىستىرلىقلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك باشلىقلىرى ھەر قېتىم كېلىشكەنلىرىدە رابىيە قادىرنى گەپكە سالاتتى، سوئاللار سورىشاتتى ھەمدە دەككىسىنى يەپ غىڭ قىلالماي كېتىپ قالاتتى.

_ ھەي رابىيە بۇياققا قارىغىنا، تۇنۇگۈن سودا سارىيىڭنى كۆرگەن ئىدىم، بۇگۈن بۇ يەردە ئۆزۈڭنى بىر كۆرۈۋالاي.

_ ھە، ئوبدان كۆرۈۋالغىن، تالادا بولسام مېنى كۆرۈشكە سالاھىيىتىڭ توشمايتتى، يەنە كېلىپ پۇت ـ قولۇمدا كىشەن، تۆمۈر تۇسۇقلار ئىچىدە قەھرىمان ۋاقتىمدا كۆرۈۋالدىڭ، مەڭگۈ ئۇنتۇلمىغۇدەك كۆرۈۋال. ھەر قېتىم ئېسىمگە كەلگىنىمدە، «يېقىندا رابىيەنىڭ ئورنىغا مەن كىرىپ ياتىمەن» دېگەن سۆزنى قىلىشنى ئۇنتۇما! بۇ دۇنيانىڭ ھېسابى بار.

* * * * *

_ ھەي جىنايەتچى رابىيە، تۇر ئورنۇڭدىن سۆزۈمگە جاۋاب بەر!

_ نېمە؟ سەن ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتىسەن. مەن ئەمەس سەن ئۆزۈڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇما. ئاز كۈندە ئورنىمىز ئالمىشىدۇ. جاۋابنى ـ ھېسابنى مەن ئەمەس سەن بېرىسەن.

* * * * *

_ چوڭ سۆزلىمە، قولۇڭدىن ھېچنېمە كەلمىگەن ھەم كەلمەيدۇ.

_ بىلەمسەن مېنىڭ ئەجدادىم دۆلەت قۇرغان، ھاكىمىيەت سورىغان، دۆلىتىنى باشقۇرالمىغانلارنىڭ شەھىرىگە ئەسكەر تارتىپ كىرىپ، دۆلەت باشقۇرۇشنى ئۆگىتىپ، قىزىنى ئېلىپ قايتقان. سەنلەردەك يېتىۋالمىغان. يۇرىكىڭنى سىلاپ باق، تۆمۇر تومۇقلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ يۇرەكلىرىڭ تىترەپ كېتىۋاتىدۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىدىغانلىقىنى تارىخىڭنى ۋاراقلاپ باققىن، ئوبدان بىلىسەن.

* * * * *

_ بۇ خوتۇن ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار، چاقىرساقمۇ قارىماي.

_ سەن ئۆزۈڭ ساراڭ، ساراڭ بولمىساڭ 5 مىڭ كىلومېتىر يەردىن مېنى كۆرگىلى كېلەمسەن.

* * * * *

_ پەرۋا قىلماڭلار، پىسەنت قىلماڭلار.

_ پەرۋا قىلغاچقا، پىسەنت قىلغاچقا 20 مىليون ئۇيغۇرنىڭ كۆچى مۇجەسسەملەنگەن جاسارىتىمنى بىلگەچكە قورقۇپ كۆرگىلى كەلگەنسەن.

رابىيە قادىرنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان، سوئاللىرىنىڭ تېگىشلىك جاۋابىنى ئاڭلىغان، دەككىسىنى يېگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى بېيجىڭدا، شاڭخەيدە، گۇاڭجۇدا، خىتاينىڭ ھەممە يېرىدە ئۇيغۇرلار ئېلىنى كۆرگەن تەسىراتى ھەققىدە گەپ چىقسىلا، رابىيە قادىر ھەققىدىكى ھېكايە، چۆچەكلىرىنى ھەۋەس قىلىشىپ ياكى بىر ـ بىرىنى مەسخىرە قىلىشىپ سۆزلەپ كېتىشەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا

ھەممىسى بىردەك:

_ ھەقىقەتەن نوچىكەن، ئالاھىدە ئىقتىدارلىقكەن، شۇڭلاشقا مىليونېر بولالىغان، ھېچكىمگە بوزەك بولمىغان، ـ دەپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشەتتى.

بۇ خىل ئېكسكۇرسىيە ۋەقەلىرى ئاخىرى رابىيە قادىرنىڭ «كۆرۈۋال» ناملىق كۆپ كۇپلېتلىق شېئىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئۆمەكلەر كېلىشى بىلەن تەڭ، كامېرلاردىكى قىزلار ۋارقىرىشاتتى:

كۆرۈۋال.......

## چاغان ھارپىسىدىكى ئۆچ ئېلىش

ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىپ كېلىدىغان چاغان ـ خىتاي مىللىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مىللىي بايرىمى بولۇپ، بۇ كۈنى ئۇلار چوڭ ئائىلىسىگە جەم بولۇشۇپ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، تويغىچە يەپ، ئىچىدۇ. بىر يىللىق ئائىلە كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنى قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ شادلىققا چۆمۈپ، خۇشال ـ خورام بايرام قىلىدىغان ۋاقىتلىرى كەلمەسكە كەتتى. ئون نەچچە يىلدىن بېرى، چاغان ھارپىسىدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋەقەلىرى، بولۇپمۇ 1997 ـ يىلى چاغان ھارپىسىدا غۇلجىدىكى نامايىشنى قانلىق باستۇرغان قىرغىنچىلىق پاجىئەسى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى، ھەربىي، ساقچىلارنى ھەمدە خىتاي پۇقرالىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ئىدى. بىر تالاي خىتايلار چاغان بايرىمىنى

خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى يۇرتلىرىغا كېتىشىدىغان بولدى، قالغانلىرى بولسا، ئۇيغۇرلارغا ئالدىنئالا قاتتىق زەربە بېرىش، قانلىق باستۇرۇش، تۇتۇش، سولاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چاغاننى ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈۋېلىش كويىدا بولاتتى.

بۇ قېتىم، باجاڭخۇ تۇرمىسىنىڭ ئاياللار كورپۇسىدا خىتاي ساقچى، گۇندىپايلار ئۆيلىرىگە كېتىپ، ئۇيغۇر، تۇڭگان گۇندىپايلار نۆۋەتچى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ گۇندىپايلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدىغان فەن زىداۋ دەيدىغان ھەربىيدىن كەلگەن خىتاي باشلىق ئۆزىمۇ كەتمەي بىللە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. رابىيىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇش ئۈچۈن بەلگىلەپ قويغان ئىككى قارانچۇق خىتاي خوتۇنى بانكا ۋە باج ئورۇنلىرىدا نۇرغۇن پۇلنى خىيانەت قىلىپ يەپ كەتكەنلەر بولۇپ، يۆلەنچۈكلىرىنىڭ پارا بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈپ ياتقانلاردىن ئىدى. چاغان ھارپىسى كەچكى تاماق ۋاقتىدا فەن زىداۋ دېگەن كومىسسار ئۇلارغا ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ئىككى توخۇنى چوغدا قىزارتىپ پىشۇرۇپ ئەكىرىپ بەردى، باشقا خىتاي جىنايەتچىلەرگىمۇ شۇنداق قىلدى.

فەن زىداۋ دېگەن كومىسسار بىر چاغدا، رابىيە بىلەن بىللە يېتىۋاتقان بۇ ئىككى خىتاي خوتۇنىغا پوخورلۇق قىلىپ، كامىرىغا ھال سوراپ كىردى، قىپقىزىل پىشقان مەززىلىك توخۇ گۆشىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان خىتاي خوتۇنلىرى ھىجىيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. رابىيە بولسا كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتاتتى. فەن زىداۋ توخۇ پاچىقىدىن بىرنى ئېلىپ رابىيىگە تەڭلىدى، رابىيە قاراپمۇ قويمىدى.

ـ رابىيە قادىر، مەن ساڭا توخۇ بېرىۋاتىمەن، ـ رابىيەنىڭ جاۋابىمۇ

بەرمەي تەتۈر قاراپ ئولتۇرغىنىدىن خاپا بولغان فەن زىداۋ يەنە ۋارقىرىدى، ـ ئەتە نېمە بايرام بىلەمسەن؟

_ بىلمەيمەن.

_ بىلمەيمەن، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمىنىمۇ بىلمەمسەن؟

_ بىلمەيمەن.

_ ئەگەر دەپ بەرسەڭ، ساڭىمۇ بىر كىشىلىك توخۇ پىشۇرۇپ بېرىمەن.

_ يېمەيمەن.

_ سېنىڭ ئىچىڭدىن مىللىي ئۆچمەنلىك قايناپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىمۇ خالىمايۋاتىسەن.

_ جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېدىڭما؟ سېنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېگىنىڭ مۇشۇ ئىككى خىتاي تەتەي ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر ھەممە خەلقنىڭ بايرىمى بولسا، نېمىشقا باشقىلارغا، نەچچە يۈزلىگەن ئاچ ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىغىمۇ توخۇ پىشۇرۇپ بەرمەيسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ بايرىمىدىغۇ بەرمە ماقۇلە، بىزنىڭ قۇربان، روزى ھېيتلىرىمىزدا، نورۇز بايرىمىمىزدىمۇ شۇنداق مەززىلىك تاماقلارنى بەرمەيسەنغۇ؟ قېنى كىمنىڭ ئىچىدىن مىللىي ئۆچمەنلىك قايناپ تۇرىدىكەن؟

_ يالغان سۆزلىمە، ئۆتكەن يىل قۇربان ھېيتىڭلاردا نۇرغۇن پولۇ پىشۇرۇپ بەردۇققۇ؟ رامزاندا ساڭىمۇ توخۇ پىشۇرۇپ بەردۇققۇ، ئۇنتۇپ قاپسەن ـ دە.

_ نېمە دېدىڭ؟ ـ رابىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، ـ سەن تېخى بىزگە تاماق قىلىپ بەردىم دەمسەن، سەنلەر بىزنى بوزەك ئېتىپ،

قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئالغان پايداڭلارنى ئاز دەپ، بازاردىكى ئەرزان يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ، بىزگە ھەسسىلەپ قىممەت سېتىپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىڭلارنى تېخى بىزگە بېرىلگەن بايراملىق تاماق دەپ ئاتاۋاتامسىلەر؟

چاغانلىق تامىقى بىلەن بىللە، نەچچە رومكا ئاق ھاراقنى قىزىتىپ ئىچىۋالغان فەن زىداۋ پوكانلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ رابىيەنىڭ گېپىدىن ھودۇقۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىر ھازا تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن غودۇڭشىغىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە:

ـ بۈگۈن ھەممە ئادەم خۇشاللىقتا چۆمگەن كۈن، رابىيە سەندىن باشقا.... ھا ھا ھا، ـ دەپ كۈلگىنىچە كامىرىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى.

ـ بۈگۈن سېنىڭلا خۇشاللىق كۈنۈڭ، سەن ھەممە ئادەمنى قاقشىتىپ، بوزەك قىلىپ، قۇل ئورنىدا خورلاپ خۇشال بولىدىغان ئادەم، ـ رابىيە ئۇنىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، ـ كۆردۈڭمۇ، بۇ يەردە ياتقان مىڭلىغان بىگۇناھ مەھبۇسلارنى، سەنلەر ھەر يىلى ئۇيغۇر خەلقىنى قانلىق باستۇرغاننى ئاز دەپ، چاغان بايرىمىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ قامايسىلەر، بەشتىن ـ ئوندىن گۇرۇپپا ھالدا ئەپچىقىپ ئاتىسىلەر، يەنە تېخى تەپتارتماستىن گېزىت، ژۇرناللاردا، تېلېۋىزورلاردا خەلقنىڭ خاتىرجەم چاغان ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىسىلەر، بىلىپ قويغىن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بايرىمىمىز بار، سېنىڭ بىلەن قېنىمىز، جېنىمىز قوشۇلمىغىنىدەك، بايراملىرىمىزمۇ پەقەتلا قوشۇلمايدۇ.

ـ ھەي رابىيە ئۆزۈڭنىڭ جازايىڭنى ئۆزۈڭ تېپىۋالدىڭ، بۇندىن

كېيىن ساڭا قەتئىي گۆشلۈك تاماق بېرىلمەيدۇ. قاچان بىزنىڭ چاغىنىمىزنى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بايرىمى دەپ ئېتىراپ قىلساڭ، شۇ چاغدا ئاندىن ساڭا مۇشۇنداق مەززىلىك توخۇ پاچىقى تەقدىم قىلىمەن، ئىقرار قىلغان كۈنۈڭ خەۋەر قىلغىن، ـ فەن زىداۋ كەينىگە قارىماستىن ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رابىيە كامىر ئىشكى ئالدىغا كېلىپ، تۆمۈر رىشاتكىدىن سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى:

ـ ھەي فەن زىداۋ دېگەن جاللات، پاچىقىڭنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان ئاچا ـ سىڭىللىرىڭغا ئاپىرىپ بەر...... ـ پۈتۈن كامېرلاردىن كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى.

ـ ياشاپ كەت رابىيە ئاچا، ـ دەپ ۋارقىراشتى كامېرلاردىن قوللىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ تۇرغان قىز، چوكانلار.

## يوروق دۇنيادىكى ئۈمىد نۇرى

**2002** ـ يىلى كۈزدە دوزاختەك قاراڭغۇلۇقتىكى يالغۇزلۇق ئاخىرلاشتى، تۈرمە ئەمەلدارلىرى تۇيۇقسىز رابىيەنى يوروق دۇنياغا ئەمگەككە ئاچىقتى. رابىيە ئادەملەرنى كۆردى، ئاسماننى كۆردى، يەر ـ زېمىننى كۆردى. ئۇ گويا ئازاد بولغاندەك، جەننەتكە كىرگەندەك خۇرسەن بولدى، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. گۇندىپايلار ھەر بىرىدە **20** ـ **30** دىن مەھبۇس ياتىدىغان قاتار ـ قاتار كەتكەن كامېرلارنىڭ بىرىگە رابىيەنى يالغۇز ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئايال خىتاي جىنايەتچىنى ئەكىرىپ قويدى. رابىيە ئىككى خىتاي جىنايەتچىنىڭ «ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بوش بېيجىڭغا كەپتۇ، ساقچىلار، رابىيەنىڭ گېپى بولغان ئوخشايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ» دەپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

كامىر يورۇق، پاكىز ۋە ئاددىي ئىدى. گۈندىپاي رابىيەنى ئىش ئورنىغا ئېلىپ ماڭدى، ئۇنى، يۇزلىگەن جىنايەتچىلەر بېشىنى كۆتۈرمەستىن پوپايكا توقۇۋاتقان چوڭ زالدىن باشلاپ ئۆتۈپ، ياندىكى يېڭىدىن هازىرلانغان كىچىك بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. 10 نەچچە ئايال ئىشلەيدىغان بۇ سېخقا كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى قويۇلغان بولۇپ، رابىيىگە پەردىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان دېرىزە يېنىغا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويۇپ بەردى. ساقچىلار ئارىسىدىن بىرى ئاستا «رابىيىگە سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، ئاۋۇ تەرەپتە ئۆلتۈرسۇن» دەپ پىچىرلىدى. دېمىسىمۇ رابىيە ئىككى يىلدىن بۇيان قاراڭغۇ زىنداندا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا چاي قاچىسى بەردى، كىيىم تىكىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە تاپىلاپ، يوتقان، كۆرپە، ياستۇق هەتتا ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدىغان كۆرپىچەك تىككۈزۈپ بەردى، ئاياللار خۇشاللىقىدا، تىقىپ قويغان ئېسىل ئەتلەسلىرىنى، ئاق خەسلىرىنى، يۇمشاق يۇڭ، ئاپئاق پاختىلىرىنى چىقىرىپ قېلىن ۋە چىرايلىق يوتقان، كۆرپىلەرنى تەييارلىدى. رابىيەنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالاهىدە تەييارلانغان بۇ سېخ، ئۆز نۆۋىتىدە گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ئۈچۈن شۇنىڭدەك ئۇياق - بوياقتىن كەلگەن تەكشۈرگۈچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس زىيارەت ئىشخانىسى ئىدى. هەتتا رابىيەنىڭ ئازادە ئىشخانىدا ئىختىيارى ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى فىلىمگە ئېلىپ نەلەرگىدۇر ئەۋەتىشتى. ساقچىلار رابىيىگە هەر هەپتىدە بىر قېتىم 45 مىنۇت مۇنچىدا يۇيۇنۇشقا بولىدىغانلىقىنى، ئايدا بىر قېتىم باللىرى بىلەن كۆرۈشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رابىيەنىڭ ئۈچ ۋاق تاماقنى، كېچىسى نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ئالاهىدە ئىمتىيازلىق جىنايەتچىلەر بىلەن بىللە يەيدىغانلىقىنى

ئۇقتۇردى.

بىرىنچى قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا جېدەل چىقتى. رابىيە چېلەكتىكى كۆكتات قايناتمىسىنى ئۇسسۇپ بېرىشنى ساقلاپ، چۆمۈش تۇتقان قېرى خىتاي خوتۇنغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئون نەچچە خوتۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، شۇلارنىڭ قاتارىدا قاچىسىنى تەڭلىدى.

_ پاسكىنا قاچاڭنى قويۇپ، نېرى تۇر، ـ دەپ ۋارقىرىدى قېرى خوتۇن قولىدىكى چۆمۈشنى رابىيەنىڭ تۇمشۇقىغىچە تەڭلەپ. رابىيە قاچىسىنى چېلەكنىڭ قېشىغا قويدى ـ يۇ، پىغانى ئۆرلەپ، بىرەر باھانە تېپىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن قاراپ تۇردى. تاماق تەقسىم قىلىدىغان ھوقۇقى بىلەن كېرىلىپ يۈرىدىغان، تۈرمە باشلىقىنىڭ يۈرتدىشى بولغان كېلەڭسىز خوتۇن چۆمۈشنى چېلەككە بوش سېلىپ، چىققان كۆكتات سۈيىنى رابىيەنىڭ قاچىسىغا سىلكىشلەپ تۆكتى، چۆمۈشتىكى ئازغىنە كۆكتات شۆپۈكلىرى قاچىنىڭ سىرتىغا ساڭگىلاپ قالدى، بىر قىسمى يەرگە چۈشتى، كېلەڭسىز خوتۇن بىر قولىدا چۆمۈشنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا يەردىكى كۆكتاتنى ئېلىپ رابىيەنىڭ قاچىسىغا تاشلىدى. رابىيە سېكۇنت كېچىكمەي قاچىسىنى ئېلىپ، ئۇ خوتۇننىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى. ئارقىدىنلا ئۇنى تىللاپ، ئۇرماقچى بولۇپ ئېتىلىپ كەلدى، يىللاردىن بېرى ئىنتائەتمەن قۇللارنىڭ ئارىسىدا بەگدەك كېرىلىپ ياشاۋاتقان بۇ چۆمۈش باشلىقى، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بۇ زەربىدىن ھودۇقۇپ كەينىگە داجىدى ـ يۇ، دەرھال ۋارقىراپ، قىيا ـ چىيا قىلىپ، ئۇرۇشقىلى ئېتىلدى. قورقۇپ كەتكەن، ئەمما خۇش بولۇپ كەتكەن باشقا خوتۇنلار ئارىغا كىردى، گۇندىپاي، ساقچىلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

_ سەن مېنى ھايۋاندەك كۆرۈۋاتامسەن، ھۇي پاسكىنا، قارا

تېخى، يەردىكى ئەخلەتنى قاچامغا تاشلاۋاتقىنىنى، سېنىڭدەك چوشقا يەيدۇ يەردىكى تاماقنى، ئۆزۈڭ يە! ـ رابىيە ئاچچىقىنى باسالماي تېخىچە ئۇنى تىللاۋاتاتتى. رابىيەنىڭ مېڭىسىدە بۇ بىر مەيدان تۇنجى كۆرەشنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى، بۇ جەڭدە غەلىبە قىلسا، بۇندىن كېيىن بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدىغانلىقى چاقماق تېزلىكىدە چاقناپ ئۆتتى. چېلەكتىكى يېگۈدەك نەرسىنى ئۆزىگە ۋە يېقىنلىرىغا ئۇسۇۋېلىپ، باشقىلارغا سۇيۇق كۆك شورپىسىنى بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان بىشەم خوتۇن يۇرتلۇقىغا ئىشىنىپ، كۆرەڭلەپ يەنە ۋارقىرىغان ئىدى. ساقچى باشلىقىنىڭ ھۆكۈمى ئۇنى مات قىلىپ قويدى.

_ بۇندىن كېيىن رابىيە تامىقىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئۇسۇپ ئالىدۇ، ئۇ سىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ دېلوسى مەركەزگە، چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك، مەركەزنىڭ يوليورۇقى بار، ـ ساقچى باشلىقى ئالدىراپ بىر مۇنچە دېمەيدىغان گەپلىرىنىمۇ دەۋەتتى. رابىيە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەلەپ قويدى:

_ مېنىڭ تامىقىمنى، ھور نېنىمنى خىتاي تۇتسا يېمەيمەن، ليۇداۋاندا 9 كۈن تاماق يېمەي چىدىغان رابىيەمەن. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساقچى باشلىقىمۇ چۆچۈپ كەتتى، رابىيە بۇ يەردە ۋە بۇ كۈنلەردە ئاچلىق ئېلان قىلىپ قالسا، بالاغا باشقۇرغۇچىلار قالاتتى. شۇ قېتىملىق جېدەلدىن كېيىن، رابىيە ئالدىرىماي قاچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چېلەكتىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئازراقلا كۆكتات ئۇسۇپ ئالىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ھور نېنىنىمۇ ئۇيغۇر ئاياللار ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى.

رابىيە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سېختىكىلەر، چوڭ زالدىكىلەر توقۇغان پوپايكىلارغا گۈل تىكىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايتتى. باشقىلار كۈندە

بەش پوپايكىغا گۈل تىكسە، رابىيە كۆندە ئىككى پوپايكىغا گۈل تىكىپ چىقاتتى، بەزىدە پوپايكىلارنىڭ ئالدىغا مارجان قادايتتى. نەچچە يۈزلىگەن مەھبۇسلار مەجبۇري ئەمگەك بىلەن ھەقسىز توقۇپ چىققان پوپايكىلار بازارلاردا قىممەت باھادا سېتىلاتتى، رابىيەنىڭ ئالدىغا ھەتتا، چەت ئەللەر بىلەن شېرىك چوڭ فابرىكىلار توقۇۋاتقان«تيانشان»، «تيەنبەي» دېگەندەك ماركىلىق پوپايكىلارغا گۈل تىكىش ئىشلىرىمۇ كەلدى. تۈرمىدىكىلەرنىڭ پۇل تېپىش يولىدىكى خورىكى شۇنداق يوغىناپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇلار چەت ئەلگە چىقىرىدىغان بىر مۇنچە ماللارنى زاكاز قىلىۋېرەتتى، تېخى داڭلىق ماركىلىق ماللارنى ئوغرىلىقچە ياساپ، چەت ئەللەرگىمۇ سېتىۋېرەتتى.

بىر قېتىم مال زاكاز قىلغۇچى خوجايىن ئايال، رەڭلىك سۈنئىي يىپتا ئەدىيال، ساپا ياپقۇچ ۋە ياستۇق قېپى ئۆستىگە نەققاشلىق گۈل لايىھىلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، تۈرمە باشلىقى تەجرىبىلىك ئۇستا جىنايەتچىلەرنى كەشپىيات يارىتىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. رابىيە كىچىكىدىن تارتىپ ئاپىسىدىن رېشىلىيە ئىشلەش، ياستۇق قېپى، قولياغلىقلارغا گۈل ئىشلەش، توقۇش ۋە نەقىش ئىشلەشلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى، ئاقسۇدىكى چېغىدا مەھەللە ئاياللىرىغىمۇ ئۆگەتكەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن رابىيە رەڭلىك سۈنئىي يىپلارنى ئالغۇزۇپ، ئالدى بىلەن زەنجىر گۈل توقۇپ، ئۇنى يۆمەپ ئالماشتۇرۇپ، يوغان بىر دانە قىپقىزىل ئەتىرگۈل توقۇپ چىقتى، ئاستىدىكى ئاق رەڭنىڭ ئۈستىدىن ئىسسىق يېشىل رەڭدە يوپيۇرماق توقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە، **10** دانە ئىسسىق يېشىل رەڭلىك، ئەتىرگۈللۈك ياستۇق قېپى ۋە **260** گۈللۈك، لەپىلمە چۇچىلىق

ئەدىيال ياساپ چىقتى. رابىيەنىڭ ياسىغان ياستۇق قېپى بىلەن ئەدىيىلىغا ئىشلەۋاتقانلار، باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. شۇنداق نەپىس، شۇنداق سىپتا ۋە كۆركەم، رەڭلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئەۋرىشكە، مال بۇيرۇتقۇچى خىتاي خوتۇنىنىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ ساقچىدىن يوشۇرۇن ھالدا رابىيەگە تەزىم قىلىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ رەھمەت ئېيتىپ كەتتى.

مانا بۇ مېھنەت، كەشپىيات، مانا بۇ تاۋار ئىجادىيىتى، مانا بۇ داڭلىق ماركا ئۈچۈن ئىنتىلىش ئىدى. ئەپسۇسكى،

«ھالۋا بەرسەڭ ھايۋانغا، سامانچە كۆرمەس لەزىز.

سۇ ئەكەلگەن خارۇ ـ زار، كوزا چاققان ئەزىز.»

دېگەندەك، رابىيە ئېشىپ قالغان پارچە يىپلاردىن كىچىككىنە بىر ياستۇق قېپى توقۇپ، تۇغۇلغان كۈنىدە قىزىغا ھەدىيە قىلماقچى بولغان، ئىدى ساقچىلار تارتىۋالدى.

رابىيە كېيىن سىرتتىكىلەردىن، ئەتىرگۈل ماركىلىق ساپا ياپقۇچنىڭ باشقا بىر خىتايلارنىڭ نامىدا داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ بازار تاپقانلىقىنى، تۈرمىلەردىكى سانسىز بىگۇناھ مەھبۇسلار ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ھەقسىز ياسىلىۋاتقان ھېسابسىز مەھسۇلاتلارنىڭ، ئەمەلدار خىتايلارنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

بىر كۈنى بالىلىرى رابىيەنى يوقلاپ كەلگەندە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كۈچادا چوڭ دادىسى قادىر ئاخۇننىڭ قىزىنى كۆرەلمەي ئارمانلار ئىچىدە ۋاپاسىز ئالەمدىن كۆز يۇمغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دادىسى سىدىقھاجىنىڭ ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلىرىنى، يېقىندا ئامېرىكىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بېيجىڭغا ۋە

ئۈرۈمچىگە كېلىپ كەتكەنلىكىنى، رابىيەنىڭ خەلقئارادىكى داڭلىق رافتو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

_ ئاھ ئاللاھ، شۈكرى ساڭا، ـ دېدى رابىيە كۆككە قاراپ تەلمۈرۈپ، ـ ماڭا ئەركىنلىك بەرگەيسەن، مىللىتىم، خەلقىمنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىقى ئۈچۈن ماڭا ئەقىل، كۈچ ۋە ئىرادە ئاتا قىلغايسەن!

# خاتىمە

2005 ـ 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەر، ۋاشىنگتون.

ئۇھ، يۈرىكىم ئەمدى 100% جايىغا چۈشتى، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە 12 سائەتتىن كېيىن، ئايروپىلان ۋاشىنگتون رېگان خەلقئارا ئايرودرومىغا قونىدۇ. 8 يىلدىن بۇيان كېچە ـ كۈندۈز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن رەپىقەم رابىيە بىلەن دىدارلىشىمەن.

توۋا، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك كارامەت ئىش بولدى. سەككىز يىل كېسىلىپ خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدىن بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى باجاڭخۇ تۈرمىسىدە ياتقان، ئون بىر پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولغان، ئۇيغۇر ئايال رابىيە بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى دېسە، كىممۇ ئىشىنەلەيدۇ؟! مانا، ئامېرىكىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈڭ، ـ سىدىقھاجى قولىدىكى مارلبورو تاماكا قۇتىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، قېپىنى چەتكە تاشلىۋېتىپ، تاماكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن شوراپ، ئىسىنى چىقارماي بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يېنىك پۈۋلەپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن ھەم تاماكىنىڭ ئىسى ھەم ئۇھ تارتقاندىكى ھاۋا نەپىسگە سىقىلىپ دېگۈدەك چىقىۋاتاتتى.

ھىجران، جۇدالىق، ئايرىلىش ـ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ئەلەم قىلىدىغان، ئەڭ كۆپ ھەسرەت چەكتۈرىدىغان، ئەڭ چوڭقۇر سېغىندۇرىدىغان، ئەڭ ئۇزۇن خىيال سۈردۈرىدىغان ئاچچىق پاجىئەلىك قىسمەت. مانا، نەۋقىران ياشلىقىنىڭ سېزىمىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان سىدىقھاجى رەپىقىسى قولغا ئېلىنغان ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، خېلىلا ھالسىراپ قالدى. ئۇنىڭ قاپقارا قويۇق

چاچلىرىغا تەڭ دېگۈدەك ئاق كىردى، پېشانىسىگە قورۇق ئولاشتى، چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى خىرەلەشتى، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن يۈرىكى پۇچىلاندى، مىجەزى ئىتتىكلىدى، ئۇيقۇسى قېچىپ، خىياللار ئىلكىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى.

سىدىقهاجى تەقەززالىق ئىچىدە، تامدىكى سائەتنىڭ سېكۇنت ئىسترېلكىسىغا تىكىلگىنىچە، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىنچىكە ھېساباتقا قىزىقىپ ئويغا پاتتى، سائىتىگە 720 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان مىنۇتىغا قانچە ۋە سېكۇنتىغا قانچە كىلومېتىر يېقىنلاۋاتقاندۇ؟!

ـ رابىيە هازىر سېكۇنتىغا 200 مېتىر تېزلىكتە ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ـ ئۇ سائەتنىڭ سېكۇنت ئىسترېلكىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا يەنە غەرق بولدى.

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سىدىقهاجى ئامېرىكا كونگرېسىدە تۇنجى قېتىم گۇۋاهلىق بېرىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلغاندىن باشلاپ، ئامېرىكا رابىيە بىلەن رەسمىي تونۇشۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ يەنە، كونگرېس ئەزاسىنىڭ ياردەمچىسى جوزېف ئەپەندىگە 15 بەتلىك 7 ماددىلىق ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلاتىنى سۇنغان ئىدى.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېس كۇتۇپخانىسىنىڭ ئاسىيا بۆلۈمى تەتقىقاتچىسى كەررى دومباخ خانىمدىن سىدىقهاجىغا تېلېفون كەلدى. ئۇ يېقىندا ئامېرىكا كونگرېس ئەزالىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رابىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى. سىدىقهاجىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، هازىر

رابىيە قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتاتتى، رابىيە ئەگەر كونگرېس ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشسە بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى، كۆرۈشمىسە، بۇ يەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەننىڭ ھېچ قىممىتى بولمايتتى، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە باغلىق ھەل قىلغۇچ بىر مەسىلىدە پىداكارلىق ھەر زاماندىكىگە ئوخشاشلا ئالدىنقى ئورۇنغا چىقتى. ئۇلار رابىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. سىدىقھاجى ئارىلىقتا رابىيىگە تېلېفون ئېچىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى ھەمدە كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى سۆزلەش توغرىسىدا خەت يېزىپ فاكس يوللىدى، رابىيە بولسا ئالدىراشلىق بىلەن ماتېرىيال تەييارلىدى. قولىدىكى ماتېرىياللار بىلەن خىتاينىڭ قولىغا چۈشتى.

**1999** ـ يىلى **8** ـ ئاينىڭ **11** ـ كۈنى خىتايلار رابىيەنى ئالاھىدە پىلانلاپ قولغا ئالدى، رابىيەنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ئوغلى ئالىمغا بىر ئۇيغۇر موزدۇز كېلىپ يەتكۈزدى، ئالىم ئامېرىكىغا تېلېفون قىلىپ، شۇ كېچىسى تۇتۇپ كېتىلدى. ئوغلى ئابدۇلھېكىم ئىشخانىدىن تۇتۇپ كېتىلدى، بۇ خەۋەرلەرنى سىدىقھاجىغا ئوغلى قاھار يەتكۈزدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان سىدىقھاجى نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپلا قالدى. ئىككى سائەتكىچە قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلاندى.

سىدىقھاجى شۇ كۈنى تېلېۋىزوردىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر فىلىمنى كۆرگەن ئىدى، ئۇنىڭدا دۈشمەن تۈرمىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەر ـ ئايال ئاۋستىرالىيىلىكنىڭ ئېرى شۋېتسىيىگە قېچىپ كېتىپ، ئايالىنى دۈشمەنلەر تۈرمە قورۇسىدا ئېتىپ تاشلىغان ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئىدى. خۇددى خۇدا بېشارەت بەرگەندەك، بۇ خىل كۈتۈلمىگەن پەيتتە توغرا كەلگەن تەقدىر ئوخشاشلىقى سىدىقھاجىنىڭ روھىي بىئاراملىقىنى تېخىمۇ

ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ كېچىچە قاتتىق ئويلاندى، بىر ئاي ئىلگىرى ئۇ، ئامېرىكا كونگىرىسىگە يوللىغان دوكلاتىنىڭ 7 ـ ماددىسىدا يالتا يىغىنىنىڭ، موسكۋا يىغىنىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، ئەجەبا بۇ سۆزۈم خاتا بولۇپ قالدىمۇ، دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدىمۇ ـ يە، دېگەن ئوي ئەندىشىلەر ئۇنى چۇچۇتتى.

سىدىقھاجى ئەتىسى ئەتىگەندە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا قارىتىپ بۇ ھەقتە خەت يازدى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئارلېت لەيدىۋي خانىم 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لوندوندىن ئوكلاخوماغا كېلىپ، رابىيە قادىر ۋە سىدىقھاجىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەتكەن ئىدى، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لوندوندىن رابىيەنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا ھۆججەت تارقاتتى. بۇ چاغدا سىدىقھاجىنىڭ كۆڭلى 50% جايىغا چۈشتى.

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سىدىقھاجى ئوكلاخومادىن كىچىك قىزى قىنىنۇسنى ئېلىپ، ئاپتوبۇس بىلەن ۋاشىنگتونغا كەلدى، ئۇنى رىشات ئابباس كۈتۈۋېلىپ، ھازىرقى ئامېرىكا كونگىرىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ باشلىقى كىرىستوفىر سېمىتنىڭ ياردەمچىسى جوزېف ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. جوزېف ئەپەندى بۇ ئىشقا ئۆزۈن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، سىدىقھاجى قەتئىي نىيەتكە كەلدى، كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ پەلەمپەيلىرىدە توختىماي ئۆمىلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس

قىلدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رىشات ئابباس ئۇنى ئامېرىكا كونگرېسىگە باشلاپ كىردى. كونگرېس ئەزاسى تام لەنتوسىنىڭ ئىشخانىسىدا، سىدىقھاجىنى ئىشخانا مۇدىرى خانىس ئەپەندى قوبۇل قىلدى. كاتىپ خانىم ئۇيغۇرلار ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ تۇردى. خانىس ئەپەندى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

_ بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، ئامېرىكا كونگرېسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن، ئامېرىكا رادىئوسىدا سۆزلەۋاتقان بىرسىنىڭ ئايالىنى قولغا ئېلىشىغا قاراپ تۇرمايمىز، ئايالىڭىزنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمىز، _ دېدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رىشات ئابباس يەنە ئۇنى باشلاپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ت. كۇمار ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. سىدىقھاجى ئۇنىڭدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەگەر رابىيە قادىرغا قاماق جازاسى كېسىمى ئېلان قىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا ت. كومار ئوچۇق قىلىپ:

_ ئەگەر كېسىم ئېلان قىلسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، بىز ئۇچۇن يەنىمۇ قۇلاي شارائىتلار ھازىرلىنىدۇ. ئۇلار رابىيەنى مەيلى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرسۇن، مەيلى كېسىم ئېلان قىلىپ سولىۋەتسۇن، بىز ئۈچۈن بەرىبىر، بىز رابىيەنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققۇچە ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز، _ دېدى.

2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىر ھەققىدە ئىشلىگەن بەش مىنۇتلۇق ھۆججەتلىك فىلىم ب

ب س تېلېۋىزىيە قانىلىدا تۇنجى قېتىم كۆرسىتىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن سىدىقھاجىنىڭ كۆڭلى 70% جايىغا چۈشتى.

2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىدە خىتاي مەسىلىلىرى بويىچە گۇۋاھلىق يىغىنى چاقىرىلدى، سىدىقھاجى بىر ھەپتە بۇرۇن كېلىپ، تەييارلىغان ماتېرىيالىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى، رابىيە قادىر ئۈچۈن ئاجرىتىلغان 15 مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە قىزى ئەقىدەگە ئوقۇتتى. گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىنى ئامېرىكا كونگرېسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى باشلىقى كرىستوفىر سېمىت باشقۇرغان بولۇپ، 15كە يېقىن پارلامېنت ۋە كونگرېس ئەزاسى قاتناشتى. يىغىنغا ئۇيغۇرلاردىن رىشات ئابباس ۋە دولقۇن قەمبىرى قاتناشقان بولۇپ، كونگرېس ئەزاسى جېمىس لوگىر سۆزىدە، بىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گۇۋاھلىق يىغىنى ئېچىۋاتىمىز، ئامېرىكىدا ئاران ئىككى ئۇيغۇر بارمۇ؟ دەپ سورىدى. يىغىندىن كېيىن كرىستوفىر سېمىت سىدىقھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئالاھىدە ئەھۋال سورىدى، ئۇ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىشخانىسىدا سىدىقھاجى ۋە رابىيە بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، كېيىن باللارنى ئەپچىقىش ئىشىغا ماخشانلىقىنى، رىشات ئابباسنىڭ تەرجىمانلىقى ئارقىلىق سۆزلەپ كېلىپ، شۇ چاغدا «مەن كەلگۈسىدە ئۆزۈمچىگە ئالاھىدە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرىمەن» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ 11 ـ ئاۋغۇستتا ۋەكىللەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە سىدىقھاجىغا، ئاخشام ئالبېرت خانىم بىلەن ئۆيىدە كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار دېگىنىڭىز نېمە ئۇ، يەيدىغان نەرسىمۇ، كىيىدىغان نەرسىمۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. سىدىقھاجى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى

بولغان ئالبېرت خانىمنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلمەسلىكى، 21 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ھەقىقەتەن ئېغىر پاجىئە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتتۈپ، 9ـ مارت كۈنى ئۇرۇمچىدىن ئوغلى قاھار تېلېفون ئېچىپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، رابىيىگە 8 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى سىدىقھاجىغا ئۇقتۇردى، تېلېفوندا روشەنگۈلنىڭ قاتتىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سىدىقھاجىنىڭ يۈرىكى بىر پەس توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

_ ئالدىرىما بالام... ـ دېيەلىدى سىدىقھاجى «كىم يامانكەن كۆرۈپ باقىمىز «دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بۇ سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

رابىيىگە كېسىم ئېلان قىلىنىپ ئەتىسى 9 ـ مارت كۈنى كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى روبېرت ئەپەندى، دۇنياغا تونۇجى قېتىم رابىيە قادىرنى، ئابلىكىمنى ۋە كاتىپ قەھرىماننى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. ئەمدى سىدىقھاجىنىڭ كۆڭلى 90% ئورنىغا چۈشتى.

16 ـ مارت كۈنى ئوكلاخوما كۈندىلىك گېزىتىنىڭ مۇخبىرى سىدىقھاجىنىڭ سۆھبىتىنى ئېلان قىلدى، سىدىقھاجىنىڭ سۆھبىتىدە، ئامېرىكا بولمىغان بولسا دۇنيادا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بوزەك مىللەتلەرنىڭ باشقىلارغا يەم بولۇپ تۈگەپ كېتىدىغانلىقى، ئامېرىكىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە ستالىنغا يول قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قۇل بولۇپ قىلىشىدا ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقى، ئەمدى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كلىنتون ھۆكۈمىتى دەۋرىدە،

ئامېرىكا كونگرېسى كېڭەش پالاتاسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا قانۇن ماقۇللاندى. 14 ـ كۈنى ئاۋام پالاتاسىدا قانۇن لايىھىسى ئېلان قىلىندى، 28 ـ كۈنى ئىككى پالاتا بىرلىكتە، بىرلەشمە قانۇن لايىھىسىنى تەستىقلىدى. خىتاي تۈنجى قېتىم زۇۋان سۈرۈپ، قارشى بايانات ئېلان قىلدى.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئارقا ـ ئارقىدىن رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى.

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى باجاڭخۇ تۈرمىسىگە يۆتكىگەن كۈنى، ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى سىدىقھاجىنى نيۇيوركقا تەكلىپ قىلدى. مەزكۇر تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان بۇ ئىئانە توپلاش يىغىن سەھنىسىگە ئىئوردانىيىدىن ئايشە خانىم، ھىندىستاندىن مارتىن ئەپەندى، چېچەنىستاندىن ھەسەنوف ئەپەندى، سىرانىيوندىن ئابدۇللاھ تىجەن ئەپەندى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن سىدىقھاجى روزىلار نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ۋە ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن 850 كىشى قاتناشقان يىغىندا، سىدىقھاجى روزى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تونۇتىدىغان ماقالىسىنى تۇردى خوجىنىڭ تەرجىمانلىق ۋاستىسى بىلەن ئوقۇدى، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆزلىرى تۇنجى قېتىم تونۇشقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنى ھاياجان ئىچىدە دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئايشە خانىم:

_ ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزى نېمىدېگەن مۇزىكىلىق، ئاھاڭدار گۈزەل تىل،ـ دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. يىغىن 3 ـ كۈنى كالىفورنىيەنىڭ لوس ئانجىلىس شەھرىدە، ئاتاقلىق

سىياسىيونلار ۋە هوللىۋۇتنىڭ داڭلىق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىشتىراكىدا داۋام قىلدى. سىدىقهاجىنىڭ تەسىرلىك سۆزىنى ئاتاقلىق بىر ئارتىس ئوقۇدى. زالدىكىلەر ھەممىسى سىدىقهاجىغا ئەگىشىپ يىغلىدى، ئارتىسلار قاتتىق تەسىرلەندى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىغىن ئاخىرىدا ئەركىنلىك ناخشىسىنى ئورۇنلىدى. پۈتۈن لوس ئانجىلىس ئوقۇغۇچىلىرى رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋە خىتايغا خەت يېزىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى.

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ چاغدا سىدىقهاجىنىڭ پەرىشان كۆڭلى 99% جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

سىدىقهاجى قولىدىكى ئىككىنچى مارلبورو قېپىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى تۈتاشتۇرۇپ، تاماكا ئىسىنى ئېغىزىدىن چەمبەر چىقىرىپ ئاسمانغا پۈۋلىدى ۋە يەنە كۆزىنى سائەت ئىستىرېلكىسىدىن ئۈزمەي، تاتلىق خىياللار ئىلكىگە غەرق بولدى.

2001 ـ يىلى ماي ئېيىنى سىدىقهاجى ۋاشىنگتوندا ھۆكۈمەت، پارلامېنت، كونگرېس بىنالىرىدا ئۆتكۈزدى، 8 ـ ماي كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايكېل ئەپەندى ئۇنى قوبۇل قىلدى. سۇزان خانىم ۋە ياردەمچىلىرى بىرگە بولدى. سىدىقهاجى ئۇلارغا رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى يېڭى ماتېرىياللارنى، ھۆججەتلەرنى تاپشۇردى. 9 ـ ماي كۈنى ئۇ يەنە، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سېناتورى ۋىلسون بىلەن ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈپ دوكلات قىلدى، بىللە رەسىمگە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ سىدىقهاجى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە،

ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقىنى، دۇنيانىڭ ئىستىقبالىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان 4 بىنانىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاستى - ئۈستىدە تاپىنى تېشىلگۈچە چېپىپ يۈرۈپ، 90قېتىمدىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزاسى، سېناتور ۋە ئۇلارنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىرى ياكى ياردەمچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىنى، ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى، بەختسىز كەچمىشلىرىنى ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سۆزلىدى، دادلىدى، قاقشىدى، يىغلىدى، يالۋۇردى، ۋارقىرىدى، رابىيە قادىرنى قۇتقۇزۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بۇ جەرياندا ۋاشىنگتوندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ دوستى يەھۇدىي قىزى كەتىي كۆپ ياردەملەرنى قىلدى، نۇرغۇن ئىشخانىلارغا كەتىي قىز ئۆزى ماتېرىيال ھازىرلاپ باشلاپ كىرىپ تونۇشتۇردى، ئەپسۇسكى بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىنى كەتىيدىن قىزغىنىپ، ئۇنى پاتقۇزمىدى.

بىر قېتىم بىر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى سىدىقھاجىغا:

_ سەن سىياسىي پائالىيەتلىرىڭنى توختىتىپ، جىم تۇرۇپ رابىيەنى قۇتقۇزساڭ بولمامدۇ؟ - دېدى. سىدىقھاجى بولسا مەردانىلىك بىلەن:

_ ئەپەندىم، مەن كىشىلىك ھوقۇق كۈرىشىنىمۇ قىلىمەن، سىياسىي كۈرەشنىمۇ توختاتمايمەن، رابىيەنىمۇ قۇتقۇزىمەن، ۋەتەننىمۇ قۇتقۇزىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

29 - ماي كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى گېزىتتە ھۆججەت خاراكتېرلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنىڭ ياۋروپادىن ئاسىياغا يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇ كۈنى سىدىقھاجى بۇ ماقالىنى

ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، ئەمدى بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدىغان كۈنلەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۈمىدكە تولغان ئىدى.

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېررورچىلار ئامېرىكىنىڭ نيۇيوركتىكى قوشماق بىناسىغا ۋە ۋاشىنگتوندىكى پېنتاگون بىناسىغا ھۇجۇم قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جون پومپىرىت سىدىقھاجىنى تېلېفوندا زىيارەت قىلىپ، 3 سائەت سۆھبەتلەشتى، ئۇ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودا ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەندە سىدىقھاجى تاشكەنتتە قالغان 600 مىڭ دوللار پۇل توغرىسىدا، ئۈرۈمچىدە تارتىۋالغان 300 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى 9 دانە ئاپتوموبىلنى ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى مۇنىڭ ئوغلىنىڭ ساتقانلىقى قاتارلىق پاكىتلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىدىقھاجى مۇخبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى:

_ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى، ئامېرىكىنىڭ سىلەر ئۇيغۇرلارغا ۋە رابىيە قادىرغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟ـ دەپ سورىغان سوئالىغا:

_ ياق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، مەن ئامېرىكىنىڭ بۈيۈك يەر شارى ئىستراتېگىيىسىگە، ئادىل سىياسىتىگە ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئىشىنىمەن، مېنىڭچە ئامېرىكا بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، رابىيە قادىر مەسىلىسىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

دېگەندەك، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پرېزىدېنت بۇش بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورچىلىققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

4 كۈن ئىلگىرى سىدىقهاجىنىڭ بۇشقا يازغان خېتى ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۇش بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۈرۈمچىدە رابىيە قادىر ئىككى يىلدىن بېرى يېتىۋاتقان قاراڭغۇ ئۆيدىن ئازاد قىلىنىپ، ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى بىر بەتتە بۇش ۋە جاڭ زېمىننىڭ مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى خەۋىرىنى، يەنە بىر بەتتە كونگىرىستا گۇۋاھلىق بەرگەن رابىيەنىڭ تۆت بالىسىنىڭ رەسىملىك خەۋىرىنى باستى. شۇ چاغدا 72 نەپەر كونگرىس ئەزاسى رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئىمزالىق خەت يېزىپ بۇشقا يوللىغان ئىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندە، 28 ـ ماي كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئەلچىسى ئۈرۈمچىگە باردى، يىل ئاخىرىدا 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لورىن كىرەينېر ئۈرۈمچىگە باردى ھەمدە بوشنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى تەكرارلىدى. بىر مۇنچە سۆھبەتلەر مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى، شۇ كۈنى بۇش موسكۋادا پېتىربورگ شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 300 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا، خۇ جىنتاۋ ئۇنىڭغا رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، گېپىدە تۇرمىدى. ئەتىسى كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خىتاينىڭ ئاق تاشلىق كىتابىنى رەت قىلىپ باياناتى ئېلان قىلدى.

2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سىدىقهاجى يەنە ئوكلاخومادىن ئالدىراپ ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ، رابىيە بىلەن

تۇرمىدە بىللە ياتقان بىر ئايالنىڭ رابىيەنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ، 8 ـ ئىيۇن كۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا كەلدى، ئۇنى سۇزەن خانىم، ياردەمچىلىرى شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى بىرلىكتە كۇتۇۋالدى. باش ئەلچىسى سىدىقھاجىغا:

ـ مېنىڭ بېيجىڭدىكى پائالىيەتلىرىم ئىچىدە، رابىيە قادىر مەسىلىسى بىرىنچى مۇھىم ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى.

2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۇنى سىدىقھاجى ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ خىتاي كومىتېتىدىكى 9 كىشى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنى بۇ يەرگە كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى قىز باشلاپ كىردى، ئەقىدە تەرجىمانلىق قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۇنى ئامېرىكا كونگىرىسى سېناتور جوزېف بايدىن باشچىلىقىدا 3 ـ قېتىم رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا قانۇن لايىھىسى ماقۇللاپ، ھۆكۈمەتكە ۋە بېيجىڭغا ئەۋەتتى، پرېزىدېنت ئىمزا قويسىلا ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ قارار گەرچە رەسمىيەت بويىچە كونگرىسقا قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پرېزىدېنت ئىشخانىسىدا دېلو بولۇپ خاتىرىلەندى. ئارىدىن تۆت كۇن ئۆتۈپلا، خىتاي ھۆكۈمىتى سىدىقھاجىنىڭ ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى ۋىن جياباۋ ۋاشىنگتونغا كەلگەندە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئۇيغۇر، تىبەت تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ، رابىيەنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە نەچچە مىڭ كىشىلىك نارازىلىق نامايىشى ئۇيۇشتۇردى، نامايىشقا ئەقىدە ئوكلاخومادىن كېلىپ قاتناشتى.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنى خەلقئارا كەچۈرۈم

تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت كومار سىدىقھاجىغا تېلېفون ئېچىپ، بۇ يىل جەنۋەدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى يىغىنىدا، خىتايىنى ئەيىبلەش دوكلاتى سۇنۇش ـ سۇنماسلىق خىتايىنىڭ رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشكە باغلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئابدۇلھېكىم تېلېفون ئېچىپ، نەنمىڭ ساقچىخانىسى ساقچىلىرىنىڭ ئۇنى چاقىرىپ، رابىيەنى قويۇپ بېرىمىز، ئامېرىكىغا، ھېچكىمگە خەۋەر قىلمايسەن دېگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئەگەر سىدىقھاجى بۇ خەۋەرنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرسا، تۆت كۈندىن كېيىنكى جەنۋە يىغىنىدا خىتاي ئەيىبلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. سىدىقھاجى ئۈنچىقمىدى. نەتىجىدە، خىتاي رابىيەنى قويۇپ بەرمىدى، ئامېرىكا ئەيىبلەش دوكلاتىنى سۇندى. بۇ دوكلات گەرچە، رۇسىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋاز كېچىشى بىلەن، توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن، ئامېرىكا بۇ قېتىم خىتاينىڭ ئەڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋالدى، چۈنكى دوكلاتتا ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بەش بەت ئاجرىتىلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە 11 مىليون كۆچمەن يۆتكىگەنلىكى، 1949 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە 300 مىڭ خىتاي بارلىقى، 80% ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقى، ھازىر 80% خىتاي كۆچمەنلىرى بارلىقى ھەمدە رابىيە قادىر مەسىلىسى قاتارلىقلارمۇ سۆزلەنگەن ئىدى.

2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا، سىدىقھاجى باللىرى بىلەن ئىلگىرى، كېيىن بولۇپ ئوكلاخومادىن ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلدى. 23 ـ سېنتەبىر كۈنى رابىيە قادىرغا رافتو مۇكاپاتى بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار شادلىققا چۆمدى. بايرام تەنتەنىسى قىلدى. سىدىقھاجى بىلەن قىزى ئەقىدە 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان

بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەردىن پاسپورت رەسمىيەتلىرى ئۆلگۈرمەي نورۋېگىيىنىڭ بەرگىن شەھىرىگە بارالمىدى. سىدىققاجى بالىلىرى بىلەن بىللە ۋاشىنگتوندا ئائىلىسىدە تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق سىرتتىن قاتناشتى. سىدىققاجىنىڭ تەلىپى بويىچە، رابىيەنىڭ مۇكاپاتى ۋاشىنگتوندا بېرىلىدىغان بولدى. شۇ كۈنى نورۋېگىيىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە بەرگىن شەھەر ئاھالىسى كېچىچە مەشئەل كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى ۋە رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى يەنە، نورۋېگىيىنىڭ گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىدىن 5 كىشى سىدىققاجىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى ۋە بالىلىرىنى زىيارەت قىلدى. سىدىققاجى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مۇخبىرلار:

_ يۇرتۇڭلاردىن نېفىت چىقامدۇ؟

_ نېمىشقا خىتايلارغا مۇستەملىكە بولدۇڭلار؟

_ تارىختىكى ئەجدادلىرىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېگەندەك سوئاللارنىمۇ سورىدى. سىدىققاجى ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا، يالتا يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىدى. بىر مۇخبىر ئۇنىڭغا:

_ سىلەر ئەينى زاماندا ياۋروپانى تىترەتكەن ئاتىللانىڭ، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى، بىز بىلىمىز، ـ دېدى.

2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا رابىيەنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلار كۆپىيىشكە باشلىدى. 10 ـ مارت كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن سىدىققاجىغا تېلېفون كەلدى، ئۇلار رابىيەنىڭ يېقىن كۈنلەردە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئايروپىلان قوزغالمىغىچە ھېچكىمگە تىنماسلىقىنى ئۇقتۇردى.

17 ـ مارت ـ مانا بۈگۈن سەھەر سائەت بەشتە، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى سىدىقھاجىغا تېلېفوندا ئايروپىلانىنىڭ قوزغالغانلىقىنى بىلدۈردى.

_ ئاھ، يۈرىكىم ئەمدى 100% ئورنىغا چۈشتى! ـ سىدىقھاجى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېلىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ۋە سائەتكە قارىدى.

20 مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپە، بەش بالا بىلەن رابىيە ئۇياقتا، بەش بالا بىلەن مەن بۇياقتا. سەككىز يىللىق ھىجران، سەككىز يىللىق يالغۇزلۇق، سەككىز يىللىق سېغىنىش، سەككىز يىللىق كۈرەش!

بىر مىليارد 300 مىليونلۇق نوپۇسى بىلەن، نەچچە مىڭ دانە ئاتوم بومبىسى بىلەن ۋە 60 مىليون كوممۇنىستلىرى بىلەن دۇنياغا كۆرەڭلەپ كەتكەن خىتاينىڭ، 50 ياشتىن ئاشقان بىر ئۇيغۇر ئانىسىدىن قانچىلىك قورققانلىقىغا قاراڭ! ئامېرىكىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرغىنىغا قاراڭ!

مانا بۇ سېھرىي مۆجىزە، تەڭداشسىز كۈچ ۋە ئادالەت غەلىبىسى ـ ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسى ئاللانىڭ قۇدرىتىدۇر. ئاھ، ئاللاھىم، مىڭ قەترە شۈكرى ساڭا!

سىدىقھاجى سائەتكە قارىغانسېرى تاقىتى تاق بولدى ـ دە، ئىككى قولىغا ئىككى بايراقنى ـ ئامېرىكىنىڭ ئەللىك يۇلتۇزلۇق بايرىقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئايرودرومغا قاراپ يۈگۈردى.

رابىيە قادىرنى ئېلىپ بېيجىڭدىن ۋاشىنگتونغا قاراپ ئۇچقان مەخسۇس ئايروپىلان شۇ كۈنى كەچ سائەت 11 دە رىگان خەلقئارا

**ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى. ئامېرىكىنىڭ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلدارلىرى، گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ۋە بايراق، گۈلدەستىلەرنى كۆتۈرۈۋالغان يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرىنى تۆككەن هالدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. سىدىقهاجى بىلەن، بالىلىرى بىلەن قانغىچە قۇچاقلىشىپ دىدارلاشقان رابىيە قادىر تەلمۈرۈپ تۇرغان كىشىلەرگە ۋە مۇخبىرلارغا قاراپ خىتاب قىلدى:**

**_ قېرىنداشلىرىم، مەن قانخور زالىملارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتىم، لېكىن ۋەتىنىمىزدە ماڭا ئوخشاش نەچچە ئون مىڭ سىياسىي مەهبۇس يەنىلا ئازاب ئىچىدە ئىڭراۋاتىدۇ، 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىدە جان تالىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي هەق ـ هوقۇقى ئۈچۈن، هۆر ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش ئالدىمىزدا!**

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى